ONLY ONO HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ONLY ONO HOTAN IN THE WORLD

* مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

* بوستانلىق ۋە

---


تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

BY

ABDULLA SULAYMAN



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

天下只有一个和田. 2,文物古迹、绿洲与生态/阿布都拉·苏莱满编著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.8
ISBN 7-228-08242-7

Ⅰ.天… Ⅱ.阿… Ⅲ.①和田地区—概况—维吾尔语(中国少数民族语言)②名胜古迹—简介—和田地区—维吾尔语(中国少数民族语言)③历史文物—简介—和田地区—维吾尔语(中国少数民族语言)④生态环境—环境保护—概况—和田地区—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K924.52

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 073808 号

责任编辑:古丽娜尔·巴拉提
责任校对:阿依古丽,沙比提
封面设计:艾克拜尔·沙力

天下只有一个和田
——文物故迹、绿洲与生态

阿布都拉·苏莱满 编著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号邮编 830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷
880×1230 毫米 大 32 开本 12.3125 印张 插页 2
2003 年 8 月第 1 版 2003 年 8 月第 1 次印刷
印数:0001—3800 册

ISBN 7-228-08242-7
(民文)总定价(共六册):98.50 元

## مۇھتەرەم ئوقۇرمەن

# خوتەننى بىلگىڭىز بارمۇ؟

*خوتەن مۇلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،*
*سەۋادى ئۇزرە جەننەت جان فىشاندۇر.*
*(نەۋائىي)*

«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» — بۇ چىن پىششىغ گەپ. چۈنكى خوتەنلىكلەر «بىرنى بىر» دەيدۇ.

خوتەن — ئۆز دىيار، تارىخى ئۇزۇن دىيار؛ خوتەن — تارىختا ئىچكىرىكى چىن ئۇچۇن غەربكە كۆزنەك دىيار؛ شۇڭا، نۇرغۇن سالنامىلەر، سەيياھلارغا دىڭىزدەك كەڭ سۆزلەك دىيار.

خوتەنلىكلەرنىڭ ئاتا - ئاغۇنلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدە، گازۇن - چىرىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، بارخانلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى كەتمەن بىلەن توسقان ۋە قورام تاشلارنى دومىلاتقۇدەك دەھشەتلىك قاش ئۆكۈز ئېقىنلىرىنى بويسۇندۇرغان، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئەقىل- ھۈنەر بىلەن ئېچىپ، تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ قانۇنى بىلەن ئىگىلىگەن ھەم ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتنى جەمئىيەتنىڭ نىزامى بىلەن يۇكسەلدۇرگەن. شۇنداق قىلىپ، جەننەت مەسەل خوتەن بوستانلىقىنى ئەھياغا كەلتۈرگەن. بۇ ھەققەت توغرىسىدا، ئالتە جىلدلىق ئەمەس، ئاتمىش جىلدلىق قامۇس تۈزۈپمۇ بايانىغا يەتكىلى بولماس.

تالانتلىق شائىر، ئىجتىھاتلىق پروفېسسور ئابدۇللا سۇلايمان قەلىمىگە مەنسۇپ بۇ يۈرۈشلۈك كىتابلار خوتەننى ھەر جەھەتتىن بىلگۈسى كەلگەن ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئۈچۈن قىممەتلىك دەستۇردۇر. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى- تەھرىرلىشىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇ دەستۇر، ئاساسەن، ئۆز ئانا يۇرتىدا تۇغۇلغان ۋە ئۆز ماكانىنىڭ ئۆتمۈشى ھەم ھازىرىنى ئوبدان ئۆگەنگەن، پىششىق بىلگەن قەلەمكەشلەرنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ شىلدىر - شىكەر مېۋىسىدۇر. بۇ كىتابنىڭ ئالتە جىلدى بىر - بىرىگە ئۆزۋى باغلانغان ھەم ھەر بىر جىلدى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئەسەردۇر. ھەر جىلدنى ۋاراقلىغىنىڭىزدا، رىۋايەتتىن

تاكى ئەمەلىيەتكىچە، ئىجادىيەتتىن تاكى رېئاللىققىچە بولغان كارامەتلەر تەسۋىرى كۆز ئالدىڭىزدىن خۇددى كارتىنىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتىدۇ؛ سىزنى نەچچە مىڭ يىللىق تىلسىماتنىڭ قاپقىسىنى ئېچىپ، ئاجايىپ رەڭگارەڭ ۋە ئىنسانىيەتكە ھەمىشەھەك خەزىنىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلىدۇ؛ سىزنى ھېكايەت باياۋانىنى كەزدۈرۈپ، ھاياتلىق خىيابانىغا يەتكۈزۈپ، خوتەن توغرىسىدىكى بىلىم تەشنالىقىڭىزنى شېرىن تىل بۇلاقلىرىدىن قاندۇرىدۇ.

ئىگىلىك تەمىر قىلىشتا تۆھپىكار، مەدەنىيەت - مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈشتە كەشپكار، مەنىۋى ئۇزۇقلۇق يارىتىشتا سەنئەتكار، يۇرت - ماكانىنى قوغداشتا پىداكار خوتەنلىكلەرنىڭ مۇلايىم چېھرىسى كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاراقۇرۇمدەك چىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئالەمشۇمۇل ئەمگەك مېۋىسىگە قايىل بولىسىز ۋە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇيسىز.

نۇرغۇن - نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە كۆرمىك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن خوتەنلىكلەرنىڭ ھازىرقى بوغۇنلىرى يېرىم ئەسىردىن بۇيان قەدىمكى ئوغۇش- ئاغۇنلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئانا يۇرتىنى ئەقىل - پاراستى ۋە ئەمگەك تەرى بىلەن تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش يولىدا جان پىدالىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە. قەدىمكى خوتەننىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان يېڭى خوتەن پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەت ئەسرى بولغان 21 - ئەسىرگە يېڭىچە قىياپەت بىلەن گىگانت قەدەم باستى.

قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم — «يۇرت ئاتىسى نېمىگە مايىل بولسا يۇرت ئەھلى شۇنىڭغا ياندىشىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى ۋە «يادلاپ ئالغان كېتىدۇ، يېزىپ قويغان قالىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ياخشى چۈشەنگەن خوتەن رەھبەرلىرىدىن ئۆمەر ئابدۇللا، جۈملىدىن يالقۇن قادىر ھەم مۇھەممەت چاۋار ئەپەندىلەرنىڭ قەلەمكەشلەرنى قوللىشى بىلەن بۇ دەستۇر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. بۇ ئەپەندىلەرنىڭ ھىممىتىگە ۋە قەلەمكەشلەرنىڭ غەيرىتىگە كەڭ جامائەتچىلىك بارىكاللا دەيدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەر جامائەسى ئالقىش بىلدۈرىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

ئېھتىرام بىلەن: ئىمىن تۇرسۇن

2003 - يىل، ئىيۇن

## مۇندەرىجە

خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ..........
ئابدۇقادىر تۇرسۇن، ئىزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن ............ 1
مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى
ئورۇنلىرى ............................ 1
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت
يادىكارلىقى ئورۇنلىرى ............................ 17
ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى
ئورۇنلىرى ............................ 31

بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخي
قىسمىتى............ ئەسئەت سۇلايمان 101

خوتەن بوستانلىقى ۋە ئېكولوگىيىسى ..........
........... ئىزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن 119
مۇقەددىمە ............................ 119
«بوستانلىق» ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى ............ 124
خوتەندىن ھىدلىنىۋاتقانلار سەمىگە ............ 133
خارابىلەردىن خوتەن بوستانلىقىغا نەزەر ............ 137
خارابىلەردىن تۇغۇلغان ئويلار ............ 145
چۆللىشىشنىڭ خوتەنگە كەلتۈرگەن ئاپەتلىرى ............ 149
ئورمان بولمىسا، ھاياتلىق بولماس ............ 154
قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى ............ 168

بوستانلىق قاراۋۇلى — توغراق ......................... 181
بېغى بارنىڭ تېغى بار ................................... 185
سۇ يەرنىڭ قېنىدۇر...................................... 195
ئاتاڭمۇ يەر، ئاناڭمۇ يەر................................. 235
قۇملۇق قالپىقى ............................................ 245
ياۋايى هايۋانلار، سىلەر نەدە؟ ............................. 250
خوتەندىكى دەريالار .......................................... 259
خاتىمە ............................................................. 268

خوتەن ئېكولوگىيىسىنىڭ بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى ........
ئۆمەر رەجەپ ............................................. 273
خوتەن ئېكولوگىيىسىنى ياخشىلاش يولىدىكى ئىزدىنىشلەر ...... 273
ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قوغدىلىشىنىڭ هازىرقى ئەھۋالى ۋە
مەسىلىلەر........................................................ 279
ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قوغدىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.................. 283
ئېكولوگىيە قوغدىلىشىنىڭ كەلگۈسى .......................... 285

خوتەننىڭ بىر قىسىم ماددىي بايلىقلىرى ............. 295
بىپايان مۇنبەت زېمىننىڭ كۆركى — قومۇش ............... 295
كان مەھسۇلاتلىرى ............................................. 296
ئاساسلىق ئاشلىق سورتلىرى ................................ 303
ياۋايى دەرەخلەر ۋە تىكىپ ئۆستۈرۈلىدىغان دەرەخلەر............ 311
مېۋە - چىۋە ماكانى — خوتەن ................................ 315
تاۋۇز سورتلىرى ................................................. 324
قۇملۇقتىكى «مېھرىگىياھ» — توشقان زەدىكى .................. 327
دورا ۋە تەبىئىي تەم تەڭشىگۈچ — خوتەن زىرىسى ............ 330
خۇشپۇراقلىق خوتەن دورا چېيى ............................. 332

تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تەبىئىي بوستانـ
لىق — دەريا بويى يېزىسى ... ئابدۇرىشات مۇساجان 335
مەن ئاڭلىغان دەريا بويى ........................ 336
مەن تۇنجى كۆرگەن دەريا بويى ........................ 340
مەن تۇنجى تەكشۈرگەن دەريا بويى ........................ 342
مەن ئىككىنچى قېتىم تەكشۈرگەن دەريا بويى........................ 352
ئارزۇيۇمدىكى دەريا بويى ........................ 369

قارا قۇرۇم تەبىئىي سۇ ئامبىرى — ئىبراھىمكۆل......
........................ ئابدۇقادىر تۇرسۇن 373

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر ماكانى — خوتەن .........
........................ ليۇ جىڭخۇا 379

# 目 录

和田文物故迹 …… 阿不都卡得尔·吐尔逊、艾孜则·阿塔吾拉 1
国家级重点保护文物单位 …… 1
自治区级重点保护文物单位 …… 17
县级重点保护文物单位 …… 31
绿洲文化及其当今历史遭遇 …… 艾塞提·苏莱满 101
和田绿洲及其生态 …… 艾孜则·阿塔吾拉 119
序言 …… 119
“绿洲”之概念 …… 124
和田生息者须知 …… 133
从故遗迹看绿洲 …… 137
故遗迹引起的连想 …… 145
沙漠化带给和田的危害 …… 149
无林便无生命 …… 154
鸟类是人类之朋友 …… 168
绿洲卫士——胡杨 …… 181
果园便是金山 …… 185
水是土地的生命 …… 195
土地是生命的根基 …… 235
沙漠的“头盔” …… 245
野生动物,你们在那里? …… 250
和田的河流 …… 259
后记 …… 268

和田的生态现状与前景 …………………… 吾买尔·日介甫 273
改善和田生态状况的探索 ………………………………… 273
生态环境建设现状和问题 ………………………………… 279
生态环境建设的必要性 …………………………………… 283
生态建设的前境 …………………………………………… 285
和田部分物产资源 ………………………………………… 295
头号大地植被——芦苇资源 ……………………………… 295
矿产资源 …………………………………………………… 296
主要粮食作物品种 ………………………………………… 303
野生树种和栽培树种 ……………………………………… 311
瓜果之乡——和田 ………………………………………… 315
瓜类品种 …………………………………………………… 324
沙漠中的人参——大芸 …………………………………… 327
自然调料和药材——和田小茴香 ………………………… 330
浓味芳香的和田药茶 ……………………………………… 332
塔克拉玛干沙漠腹地的自然绿洲——达里雅博依乡 …
…………………………………… 阿不都热夏提·木沙江 335
我所听说的达里雅博依 …………………………………… 336
我所初到的达里雅博依 …………………………………… 340
我所初考的达里雅博依 …………………………………… 342
我所再考的达里雅博依 …………………………………… 352
我所期望的达里雅博依 …………………………………… 369
喀拉昆仑山上的自然水库——依布拉音库勒 ……………
…………………………………… 阿不都卡得尔·吐尔逊 373
和田百岁老人多 ……………………………………… 刘景华 379

ئابدۇقادىر تۇرسۇن
ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

# خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

خوتەن ــ ئۇزاق تارىخقا ئىگە، شەرق - غەرب مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەشكەن، ئۆز قوينىدا نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلانغان قەدىمي يۇرت بولۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا 150 تىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى بايقالدى. بۇلاردىن بەشى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى، 16 سى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، 90 نى ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. تۆۋەندە بىز بۇلارنى قوغدىلىش دەرىجىسى بويىچە بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ چىقىمىز.

## مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى

### 1. نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى بۈگۈنكى نىيە ناھىيىسى بازىرىنى تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندا 100 كىلومېتىر (يول بويىچە ھېسابلىغاندا 120 كىلومېتىر) شىمالىغا، يەنى قۇم دېڭىزىنىڭ قوينىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ قەدىمكى شەھەر ئۆز زامانىسىدا نىيە دەرياسىنى ياقىلاپ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان تار ۋە ئۇزۇنچاق شەكىلنى ھاسىل قىلغان. مەزكۇر خارابىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۇددا مۇنارىسىنىڭ ئورنىنى سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يەر شارىدىكى ئورنىنى بېكىتىش ئۇسكۇنىسى «S P G» بىلەن ئۆلچىگەندە، ئۇ مۇنارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل ″37° 43′ 32. 9 ،

تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئاخىرى خوتەنگە كېلىپ قېزىش ئېلىپ بېرىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردۇ ۋە كالكوتتىدىكى نوپۇزلۇق ئەرباب، دوكتور رولۇپ ھورنىل ھەم ھىندىستاندا نوپۇزلۇق كىشى ھېسابلىنىدىغان گوبېر ناتۇر كۆسېن قاتارلىقلارنىڭ قىزغىن قوللاپ مەدەت بېرىشى، ھېسداشلىق قىلىشى نەتىجىسىدە تارىم ۋادىسىغا بولغان ئېكىسپېدىتسىيىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلاپ، 1900 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەشمىردىكى سىرناگەردىن يولغا چىقىپ، سەككىز ھەپتىلىك جاپالىق سەپەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن خوتەنگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، يەرلىك ئىشلەمچىلەرنى كۆپلەپ يالليۋېلىپ، قېزىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، تەكلىماكان قويىنىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى تىنچ ئۇيقۇدا ياتقان «دەندان ئۆيلۈك خارابىسى» قاتارلىق بىر قانچە مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش پائالىيىتىنىڭ يۇكسەك چوققىسىنى يارىتىدۇ. ئۇ «دەندان ئۆيلۈك خارابىسى» دىكى قېزىشنى تاماملاپ، 1901 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18- كۈنى نىيىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە قەدىمكى زاماندىكى بوستانلىقلارنىڭ بىرى بولغان نىيىدە باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىن بۇ يەرنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 70 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا بىر قەدىمي شەھەر خارابىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭ ئەترىتىدىكى بىر ئادەم ئۆزى ساقلاپ كېلىۋاتقان، ئۇستىگە خەت ئويۇلغان ئىككى پارچە تارشا پۈتۈكنى ئاشۇ قەدىمىي شەھەردىن تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە ھېلىقى ئادەم كېيىنكى يىلى ئۇ يەردە گۆھەر قازىمەن دەپ ئۆرۈلۈپ كەتكەن بىر ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئىچىدىن مۇنداق تارشا پۈتۈكتىن بىر قانچىنى تېپىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەزىلىرى، جۈملىدىن ستەيننىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا بەرگەن ئىككى پارچىسىنىمۇ تاشلىۋەتكەنلىكىنى، كېيىن ئۇنىڭ بىر قانچىسىنى يەنە قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، قالغانلىرىنى بالىلىرىغا ئويۇنچۇق قىلىپ بېرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ستەين تاشلىۋېتىلگەن بۇ ئىككى پارچە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى يول بويىدىن قايتا ئىزدەپ تېپىپ كەلگەن ھېلىقى كىشىگە ناھايىتى كۆپ ھەق بېرىدۇ. بۇ نەرسىنى ھەممىدىن بۇرۇن تېپىۋالغان ئىبراھىم ئىسىملىك بۇ ئادەم بۇنچىۋالا كۆپ ئىنئامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ھەسرەتلىنىدۇ. ئەمما، ستەين ئۇنى يول باشلىغۇچى قىلماقچى بولىدۇ ھەمدە ئەگەر

شەرقىي مېرىدىئان 82° 43′ 14.4″ قا توغرا كېلىدۇ. بۇ خارابىنىڭ دائىرىسى — جەنۇبىي ئۇچىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 37° 50′ 36″، شەرقىي مېرىدىئان 82° 43′ 57″ بولغان ئورۇندىن، شىمالىي ئۇچىدىكى ئورنى شىمالىي پاراللېل 38° 02′ 30″، شەرقىي مېرىدىئان 82° 43′ 10″ غا يېقىن جايغىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن جەنۇبتىن شىمالغا 30 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن شەرقتىن غەربكە 8 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەزكۇر خارابە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە قۇرۇلغان «نىيە بەگلىكى» نىڭ قەدىمكى ئورنى بولۇپ، بۇ بەگلىك ھەققىدە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «نىيە شەھىرى بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8820 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 480 تۈتۈن، 3360 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 500 نەپەر، بىر نەپەر نىيە كاھبېگى، ئوڭ - سول سەركەردە، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2723 چاقىرىم بولۇپ، جەنۇبتىن رۇڭلو بەگلىكىگە تۆت كۈنلۈك يول. ئۇنىڭ غەربىدىن ئۇزۇنتات بەگلىكىگە 460 چاقىرىم كېلىدۇ» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. ئۆز زامانىسىدا يىپەك يولىدىكى ئاۋات بوستانلىق ھېسابلانغان بۇ قەدىمكى شەھەر ئاساسلىقى سۇ مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېلىشى سەۋەبىدىن خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن.

نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ھەم ئېكسپېدىتسىيىچى سىر ئاۋرېل ستەيىن (1862 — 1943) نىڭ تۇنجى قېتىم قېزىش ئېلىپ بېرىشى بىلەن پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە نامايان بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ نامى نىيە خارابىسى نامى بىلەن بىرگە مەشھۇر. قەدىمكى دىيار خوتەندە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىشقا ئوتتەك ئىشتىياق باغلىغان ئاۋرېل ستەيىن ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە ئارقا - ئارقىدىن ئىلتىماس سۇنۇپ: «تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا ھازىرقى خوتەننىڭ تەۋەسى قەدىمكى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بوپتىكەن... ئەگەر بىرەر ياۋروپالىق ئارخېئولوگ يىپەك يولىدا سىستېمىلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدىغانلا بولسا، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى چوقۇم تېپىپ چىقالايدۇ»[1] دەپ

① پېتېر خوپكىرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990-يىل نەشرى، 104 - بەتكە قاراڭ.

يۇڭ ئارىلاشتۇرۇلغان سىغىز لاي سۇۋالغان. ئاندىن لاينىڭ ئۈستىگە تامغا بېسىلغان. تامغا 4 چاسا بولۇپ، تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. پېچەتنىڭ بىرىدىكى شەكىل گۈل بەرگىگە، يەنە بىرىنىڭ 3 بۇرجەك شەكىلگە ئوخشايدۇ. تارشا پۈتۈكنىڭ ئارقا يۈزىگىمۇ ئىككى لاي تامغا بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىدە قولىنى كۆتۈرۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان يوغان باش، قاڭشارلىق، ئورۇق، يالىڭاچ ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشى بار؛ تارشا پۈتۈكلەرگە بېسىلغان تامغىلار ئادەتتە خەتنى باشقىلارنىڭ ئوقۇۋېلىشىدىن، مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشتا ئۇنۇملۇك رول ئوينىغاچقا، بۇ خىل ئۇسۇل كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان. بۇلار بىزنىڭ خوتەننىڭ قەدىمكى پوچتا - ئالاقە تارىخى ۋە قەدىمكى تامغا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى مۇھىم مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ستەيىن مەزكۇر خارابىدىن ئىنتىكاپلىق قىلىپ ياسالغان بىر ياغاچ جاۋەن قېزىۋالغان بولۇپ، بۇ جاۋەن بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېلىھەم ئىشلىتىلىۋاتقان جاۋەنگە ئۈز ئەينى ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇنلا تۇرمۇش بويۇملىرى ياساشتا يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان.

نىيە خارابىسى بايقىلىپ بۈگۈنگىچە ئېلىپ بېرىلغان 10 قېتىمدىن ئارتۇق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - تەكشۈرۈش جەريانىدا ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بالدۇرقى ياغاچ ئورۇندۇق ھېسابلانغان يۆلەنچۈكلۈك نەقىشلىك ئورۇندۇق، بۆرە ئوبرازى، پىل ئوبرازى، ئادەم ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن ياغاچ ئويما رەسىم، ھەر خىل توقۇش سايمانلىرى، ئۇرچۇق، يىپ ئىگىرىش چاقىنىڭ قولىقى، يۇڭ، پىلە غوزىسى، ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلار، يىپەك توقۇلمىلار، پاختا توقۇلما بويۇملىرى، رەڭلىك گىلەم، 1000 پارچىدىن ئارتۇق كاروشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك قېلىپى، تامغا، برونزا ئوق ئۇچى، تۆمۈر قوراللار، ئەينەك، قولۇلە قېپى، مارجان، ئۈزۈك، ئالتۇن سىرغا، تارغاق - سۈزگۈچ، ياغاچتىن ياسالغان تۇرمۇش بويۇملىرى، برونزا قوڭغۇراق، شور بىلەن ياسالغان تونۇر، ياغاچ ئارا، كەمەر، ئوقدان ۋە ئوقيا، پىچاق، ياغاچتىن ياسالغان سۈركەپ ئوت ھاسىل قىلىش ئەسۋابى، برونزا يىڭنە، ئۇيا - ئەڭلىك قاچىلانغان سىپتا توقۇلغان سېۋەت، قەغەز پارچىلىرى، 100 گە يېقىن ئۆي ۋە مەھەللە خارابىسى ... قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق بويۇملىرى قېزىۋېلىنغان. بۇ يەردىن تېپىلغان Ⅲ، Ⅶ ئەسىرلەرگە ئائىت

ئۇلارنى ئۇ ئىلگىرى ياغاچ تېپىلغان جايغا باشلاپ بارالىسا، ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن مۇكاپات بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ستەينگە يول باشلىغۇچى بولۇپ، نىيە خارابىسىگە قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇلار مۇز تۇتقان نىيە دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ بەش كۈن ماڭغاندىن كېيىن، بىز تىلغا ئېلىۋاتقان مەشھۇر قەدىمكى شەھەر خارابىسىگە يېتىپ كېلىدۇ. ستەين ئىبراھىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن نىيە خارابىسىگە كېلىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىنى مۇنداق جۈملىلەرگە يىغىنچاقلايدۇ: «مەن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تارشا پۈتۈكنىڭ قىممىتىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ... كېيىنچە ئۇ شۇ جايدا ئاشۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ھەممىسىنى قېزىپ چىقىرىپ ئېلىپ كەتمىگىنىگە ئىنتايىن پۇشايمان قىلغاندەك كۆرۈنەتتى» («يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» ناملىق كىتابنىڭ 137 - بېتىگە قارالڭ). شۇنداق قىلىپ، ستەين ئىبراھىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن بۇ خارابىلىككە قەدەم بېسىپ 16 كۈن ھارماي - تالماي قېزىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان مەدەنىي يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ئۆز ۋەتىنىگە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى بۇ يەردە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقىنىغا نەچچە مىڭ يىللار بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىپ چىقىرىدۇ.

نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان ماددىي بۇيۇملار سان ۋە تۈر جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ بولۇپ، پەقەت قاروشتى (Kharoshthi) يېزىقى (بۇ يېزىق تارىم ۋادىسىدا كەم دېگەندە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن IV ئەسىرگىچە تەخمىنەن 700 يىل ئىشلىتىلگەن) دىكى تارشا پۈتۈكلەرنىڭ سانىلا 1000 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ خىل تارشا پۈتۈكلەر سان ۋە سۈپەت جەھەتتە خېلىلا مول بولۇشى بىلەن ھەرقايسى مۇزېيلاردا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل تارشا پۈتۈكلەر يۇقىرى ماھارەت بىلەن ياسالغان ھەم پۇختا پېچەتلەنگەن بولۇپ، ئەينى دەۋر خوتەن خەلقىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ تارشا پۈتۈكلەر مۇۋاپىق كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ تاختايلاردىن ياسالغان. ستەين ئېلىپ كەتكەن ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5.7 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر جۈپ تارشا پۈتۈكنىڭ يۈزى (خەت يېزىلغان تەرەپلىرى) بىر-بىرىگە جۈپلىنىپ، كەندىر يىپ بىلەن ئۈچ يەردىن چىگىلگەن. يىپنىڭ چىگىشى تارشىنىڭ ئويۇلغان يېرىگە كەلتۈرۈلۈپ ئۈستىگە

هازىر «راۋاق» دەپ ئاتالغان مۇنارنى مەركەز قىلغان چاسا شەكىللىك ئىبادەتخانا ھويلىسى پەقەت 50 كۋادرات مېتىر دائىرىسىدىكى خارابىنىلا كۆرسىتىدۇ. بۇ خارابە مۇنار ۋە ھويلا ئىچىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ھويلىنىڭ چاسا ھالەتتىكى جايلىشىشى شەرقىي شىمال، غەربىي جەنۇب قىيپاش ھالەتتە بولۇپ، ھويلا ئىچىدىكى «+» شەكىللىك مۇنار ئۇلىمۇ دەل يۇقىرىقىدەك يۆنىلىشتە ئورۇنلاشقان. ھويلا ئىچىنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى (قۇم ئۈستىدىكى ئېگىزلىكى) ئىككى مېتىر كېلىدۇ. تامنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىر ئەتراپىدا، شەرقىي شىمال ئالدى تام بىلەن، غەربىي جەنۇب ئارقا تام ئارىلىقى 49.5 مېتىر، قالغان ئىككى تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45.5 مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ھالىتى ئۇزۇن چاسا شەكىلدە، ھويلا ئىچى خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. ھەربىر كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 35 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تام ۋە مۇنارغا ئىشلىتىلگەن كېسەكلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولۇپ، كېسەكلەر قېلىپ بىلەن قۇيۇلغان. مۇنارنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئېگىزلىكى (قۇم ئۈستىدىكى ئېگىزلىكى) سەككىز مېتىر بولۇپ، پەقەت سىلىندىر شەكىللىك گەۋدىسىنىڭ ئېگىزلىكى 3.6 مېتىر، مۇنارنىڭ ئومۇمىي دىئامېتىرى 9.6 مېتىر كېلىدۇ. مۇنار سۇپىسىنىڭ تۆۋەن قەۋىتى كرېست شەكىلدە، ئىككىنچى قەۋىتى چاسا شەكىلدە، ئۈچىنچى قەۋىتى سىلىندىر شەكىللىك گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپى ساقلانمىغان.

80 - يىللاردا مۇنار ھويلىسىنىڭ غەربىي شىمال ئىچىنىڭ سىرتىدىن تام رەسىملىرى بايقالغان. ھازىر تامامەن قۇم دۆۋىسىنىڭ ئاستىدا قالغان.

«راۋاق» — ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «قەۋەتلىك سېلىنغان ئىمارەت» ياكى «ئېگىز ئىمارەت» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. راۋاق بۇددا مۇنارى ئىبادەتخانىسى ھەققىدە قەدىمكى يازما مەنبەلەردە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. بىز پەقەت ئاۋرېل ستەيننىڭ خاتىرىلىرىدىنلا راۋاق ھەققىدە ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ تەپسىلىي مەلۇماتلارنى ئالالايمىز.

1901 - يىلى 4 - ئايدا ستەيىن نىيە خارابىسى ۋە قارا دۆڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يول باشلىغۇچىلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن. ئۇدا توققۇز

نەقىشلەنگەن رەڭلىك ئۇستەل پۇتىنىڭ ياسىلىشى ئالاھىدە ھەم كۆركەم بولۇپ، ئۇ يېرىمى ئادەم بېشى، يېرىمى ئات پۇتى ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرگەن قىممەتلىك بۇيۇم بولۇش سۈپىتى بىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ئېتىقادچىلىقىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

نىيە خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا ياپونىيە ئارخېئولوگلىرىنىڭ پائالىيىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلار جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، 1980- يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە جەمئىي 10 قېتىم بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1995 - يىلى 9- ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان جۇڭگو - ياپونىيە نىيە خارابىسىنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ناھايىتى زور بولۇپ، بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە ئارخېئولوگىيىلىك 10 چوڭ بايقاش قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ۋە 1996 - يىلى 11 - ئايدا «مەملىكەتلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى. ياپونىيە ئارخېئولوگلىرى خەنزۇچە - ياپونچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك «جۇڭگو - ياپونىيە بىرلىكتە نىيە خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى» ناملىق كىتابنىڭ 1 -، 2- توملىرىنى نەشر قىلدى.

بۇ خارابىدىن ئىلگىرى - كېيىن ئۇچرىتىلغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرىغا ئاساسەن، بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ، IV ئەسىرلەردىن مىلادى III ، IV ئەسىرلەرگە قەدەر دەپ قارالماقتا.

## 2. راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى*

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى لوپ ناھىيە جىيا يېزىسىنىڭ شىمالىغا ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇقنىڭ ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 80° 09′ 8.27″ ، شىمالىي كەڭلىك 37° 20′ 43″ ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1290 مېتىر كېلىدۇ.

* بۇ خارابە ھەققىدىكى ماتېرىيال «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 6 - سانىدىن ئېلىندى.

رەسىملىرى بار. ئىچكى تام رەشاتكا ۋە كۇنگۇرلەردىن تەركىب تاپقان. سىرتقى تامنىڭ ئۈستىدە ئويۇلچۇقلار بولۇپ، بۇت ھەيكەللىرى ئولتۇرغۇزۇلغان كارىدوردىكى بىر - بىرىگە تۇتاش ھويلا ئىچىدە بۇتقا تېۋىنغىلى بولىدۇ. ھويلىنىڭ شەرقىي جەنۇب تېمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا لەمپىلىك ئىشىك بار. تاملارنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىردىن ئاشىدۇ.

2) مۇنارنىڭ ئۇلى ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنگەن، تۆۋەن قەۋىتى كرېست شەكلىدە، ئىككىنچى قەۋىتى چاسا شەكلىدە، تۆت تەرىپىدە ئۈستىگە چىقىدىغان پەلەمپەي بار، بۇ ئىككى قەۋەت ئۇل سۇپىسىنىڭ ئەتراپى (چۆرىسى) دە كېسەك ياكى ياغاچ بىلەن ياسالغان رىشاتكا (كۇنگۇر) بار، سۇپىنىڭ تۆت تەرىپىدىكى بوش يەرلەرگە بۇت تەكچىسى ئويۇلغان ياكى تام رەسىملىرى سىزىلغان.

3) مۇنارنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە سىلىندىر شەكىللىك قۇرۇلمىلىق مۇنار قوندۇرۇلغان (سىلىندىرنى بويلاپ ياسالغان ياغاچ پەلەمپەي ئارقىلىق مۇنارغا چىققىلى بولىدۇ...). راۋاقنىڭ ئۈستىگە «دۈم كۆمتۈرۈلگەن جام» شەكىللىك لەمپە قوندۇرۇلغان. لەمپىنىڭ ئۈستى كونۇس شەكىللىك قۇرۇلما (مېتال ياكى ياغاچ بىلەن ئۇچلانغان)، كونۇسنىڭ ئۇچىغا «ئۈچ گۆھەر» (بۇت، بۇددا قانۇنى، بۇددا راھىبى) نىڭ بەلگىسى بولغان ئاچا مۇڭگۈزسىمان قۇرۇلما ئورنىتىلغان.

يەنە بىر جەھەتتىن «راۋاق» دېگەن بۇ ئاتالغۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە قەدىمدىنلا ئېگىز ۋە لەمپىلىك (يىراقنى كۆزەتكىلى بولىدىغان) ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىنانى كۆرسىتىپ كەلگەن. مەسىلەن: 1901 - يىلى ستەين بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ بۇ يەر «راۋاق» دەپ ئاتالغان. دېمەك، بۇ «راۋاق» دېگەن ئاتالغۇ مۇشۇ يەردە ئىلگىرىكى زامانلاردا بىر راۋاق بارلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە بۇ يەرنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد «راۋاق» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىز تەسەۋۋۇر قىلغان ئىلمىي يەكۈن — راۋاق بۇددا مۇنارى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەسلى ھالىتى نىسبەتەن ئەمەلىيەتكە ئويغۇن كېلىدۇ. بۇ بۇددا دىنى خوتەنگە كىرگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بۇددىزىم ئىمارەتلىرى، كۆپىنچە ھىندى ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلار تەقلىد قىلىپ ياسالغان. مىلادىيىدىن كېيىنكى I ، II ئەسىرلەرگە كەلگەندە، خوتەندە ھىندى ئۇسلۇبى بىلەن خوتەن يەرلىك ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلگەن بىناكارلىق سەنئەت

كونا قېزىش داۋامىدا، ستەين ۋە ئۇنىڭ ئىشلەمچىلىرى قاتار - قاتار تىزىلغان غايەت چوڭ بۇددا ۋە بودىساتۋا ھەيكەللىرىنى تاپىدۇ. ئۇلار قوم دۆۋىلىرى ئىچىدىن مۇشۇنداق ھەيكەللەردىن 91 نى قېزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە نۇرغۇنلىغان كىچىك بىقىمچى (ساخاۋەتچى) بۇت ھەيكەللىرىنى ھەمدە كىچىك تىپتىكى بەزىبىر تام سۈرەتلىرىنىمۇ قېزىپ چىقىدۇ.

ستەين بۇ زور تېپىلمىلاردىن ئىنتايىن شادلانغان بولسىمۇ، شۇ قەدەر چوڭ بۇت ھەيكەللەرنى يۆتكەپ كېتىشنىڭ ئەپسىزلىكىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىدۇ. 1906 - يىلى ستەين 2 - قېتىم راۋاققا كەلگەندە، بۇ يەردىكى بۇت ھەيكەللىرىنىڭ كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. 1901 - يىلى ستەين تەرىپىدىن سىزىلغان راۋاقنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىدە، ئىبادەتخانا ھويلا تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 164 ئىنگلىز چىسى، كەڭلىكى 143 ئىنگلىز چىسى دەپ خاتىرىلەنگەن. ھويلا تېمىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى چاپلىما بۇت ھەيكەللەرنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 90 نەچچە يىل ئىلگىرى خاتىرىلەنگەن راۋاقنىڭ ھالىتى بىلەن ھازىرقى ھالىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش يوق.

ئىشەنچلىك تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1928 - يىلى گېرمانىيىلىك ھۇنىر خوتەننىڭ ئەينى دەۋردىكى ھاكىمىيىتىگە تۇيدۇرماي، راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىدە مەخپىي قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ئالتە ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كەتكەن. 1929 - يىلى ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى بۇ راۋاققا كەلگەن ھەم راۋاق توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇدۇننىڭ پايتەختى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە: «راۋاق بىر بۇتخانا ئۇلى بولۇپ، مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 10 جاڭ كېلىدۇ. ئوتتۇرىسى كاۋاك، ئۈستى تەرىپى يۇمىلاق، ئاستى تەرىپى چاسا شەكىللىك، شەرقىي ۋە غەربىي تەرىپىدە ئىشىك بار. ئەتراپىدىكى تامنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ چى كېلىدۇ. بۇ يەردە ساقلىنىپ قالغان لاي بۇت ھەيكەللىرىنىڭ پارچىلىرى كۆپ» دەپ يازغان.

1) مۇنارنى مەركەز قىلغان ئىبادەتخانا ھويلا تېمىنىڭ تۆت تەرىپى ئىككى قات ئايلانما كارىدور بولۇپ، كارىدور ئۈستى بېلىق سىرتى شەكلىدە يېپىلغان. كارىدور بۆلۈنمە ھۇجرىلارغا ئايرىلغان. ئەمما، بىر ھۇجرىدىن يەنە بىر ھۇجرىغا كارىدور بويلاپ يۇرۇشكە بولمايدۇ. كارىدور تېمىدا تامغا يۆلەپ ياسالغان بۇت ھەيكەللەر ۋە تام

سول قولىنى ئالدىغا چىقىرىپ، بۇددا دىنىدىكى «Abhayamudra»، يەنى «قوغداشقا تەييار تۇرۇش» قول ئىشارىسىدە ئېچىلغان ئالقىنىنى ئالدىغا قارىتىپ، تەبەسسۇم قىلىپ تۇرىدۇ. چېچى چوققىسىغا تۈرمەكلەنگەن. ھەممىسىنىڭ كەينىدە نۇر چەمبىرىكى بار. كىشىگە بىر خىل سىتېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇت ھەيكەللىرى سېغىز لاي بىلەن ياسالغان. ھەممىسىنىڭ چىرايىنىڭ ئوخشاشلىقىغا قارىغاندا، بېشى بىر خىل قېلىپتا قۇيۇپ چىقىرىلغان بولۇشى مۇمكىن.

1988 - يىلى شەرقىي جەنۇب تامىنىڭ سىرتىدىن لايدىن ياسالغان بىر چوڭ بۇتنىڭ بېشى بايقالدى. بۇ بۇت بېشىنىڭ ئېگىزلىكى 433 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22.5 سانتىمېتىر بولۇپ، گەۋدىسىدىن ئاجراپ كېتىلگەن. باشنىڭ ئۆلچىمىگە قاراپ تۇرۇپ، مەزكۇر بۇتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كەم دېگەندىمۇ 3.5 مېتىر ئېگىزلىكتە ياسالغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ، چاچ شەكلىنىڭ دولقۇنسىمان بولۇشى، قۇلاق شەكلىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ھەم چىرايىدىن يېغىپ تۇرغان مېھرى - شەپقەت ۋە ئىللىقلىق ھالەتلىرىدىن، ئۇنىڭ بۇددىنىڭ ھەيكىلى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ھويلا تاملىرىنىڭ ئىچى - تېشىدىكى مۇۋاپىق جايلارغا ئەينى دەۋردە گۈزەل تام رەسىملىرى سىزىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ھېلىمۇ چوڭ بۇت ھەيكەللەر ئارىلىقىدىكى ھاك بىلەن ئاقارتىلغان بوش يەرلەردە تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. 1985 - يىللىرى ھويلىنىڭ غەربىي شىمال تامىنىڭ سىرتى (مەركىزىي تامنىڭ سىرتقى يۈزى) دىن بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان تام رەسىمى بايقالغان. رەسىمدە ئوڭ قولىدا كۆجىدان كۆتۈرۈپ، سول قولىدا «jnana mudra» نى، يەنى — چۈشىنىش - بىلىش ئىشارىسىنى قىلىۋاتقان بىر ئايال تېۋىنغۇچىنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئايالنىڭ كۆزى يۇملاق، بېشى تۆۋەنگە سەل ئېگىشكەن بولۇپ، «پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مايىل بولۇش، بۇددىغا سېغىنىش» ئىچكى ھېسسىياتى روشەن ئىپادىلەنگەن. تېۋىنغۇچىنىڭ بېشىنىڭ سول تەرىپىگە يوپۇرماقلىق گۈل شېخى سىزىلغان بولۇپ، شاخنىڭ تۆۋەن ئۇچى تېۋىنغۇچىنىڭ كۆكرىكىنىڭ سول تەرىپىگە تۇتاشتۇرۇلغان. دېمەك، بۇ «يۈرەكتىن كۆكلەپ چىققان گۈل» بىر خىل سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، تام رەسىمدە گۈلنىڭ ئۈستى تەرىپى ساقلانمىغاچقا، ئۇنىڭ نېمە گۈل

ئۇسلۇبى مەيدانغا كەلگەن. راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىمۇ دەل مۇشۇ خىلدىكى سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى بۇت ھەيكەللىرىنىڭ كىيىم فورمىلىرى، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان كۆپتۇرمە سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. بەدىنىنىڭ گەۋدىلىك قىسىملىرى تەبىئىي ھالدا ئېسىلىپ ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدۇ. ھەيكەللەرنىڭ ھەرىكىتى ھەم تەبىئىي، ھەم نەپىس، كىيىملەر بەدەنگە يېپىشتۇرۇلۇپ، خوتەننىڭ مەشھۇر «ھۆل كىيىم» ئۇسلۇبى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. زىننەت خاراكتېرىدىكى «U» شەكىللىك كىيىم فورمىلىرى ناھايىتى راۋان ۋە تەرتىپلىك بولۇپ، كىشىگە گويا يۇپقا قۇم ئارىسىدىن بەدەن كۆرۈنگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. يەنە ھەيكەللەرنىڭ يۈزى يۇمىلاق ھەم سالاپەتلىك، كۆزلىرىدىن تەبەسسۇم چاقناپ تۇرىدۇ. قاشلىرى ئېگىز بولۇپ، پېشانىسى بىلەن ئۇدۇللا تۇتىشىدۇ. ئاغزى ئۆلچەملىك ۋە لەۋلىرى قېلىن، مۇرە ئارىلىقى كەڭ، كۆكرەك قىسمى تۈز، بېلى ئىنچىكە، كىيىمى پۈتۈن بەدىنىنى يۆگىگەن قىياپەتتە ياسالغان. ئىبادەتخانا ھويلا تېمىنىڭ (ھازىرقى ساقلىنىپ قالغان مەركىزىي تامنىڭ) ئىچى ـ سىرتىدا تامغا يۆلەپ ياسالغان ئۆرە بۇت ھەيكەللىرىنىڭ (باشسىز گەۋدىسى) ئېگىزلىكى تەخمىنەن 25 مېتىر كېلىدۇ، ئۆرە بۇت ئارىلىقىغا سەل تۆۋەنگىرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان كىچىك بۇت ھەيكەللەر ھېلىھەم ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قۇم ئاستىدا ياتماقتا. چوڭ ئۆرە بۇتلارنىڭ كۆرىكىنىڭ ئۈستى بوزۇۋېتىلگەن بولسىمۇ قالغان ئوتتۇرانچى ۋە كىچىك بۇتلار ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان. بۇت ھەيكەللىرىنىڭ ئارىلىقلىرىغا يەنە كۆپتۇرمە قىلىپ ياسالغان نىلۇپەر گۈلى ئىچىدە ئولتۇرغان بۇتنىڭ كىچىك ھەيكەللىرى چاپلانغان. چوڭ بۇتلارنىڭ ئارىسىدىكى بوش يەرگە تام رەسىمى سىزىلغان. 1901 ـ يىلى ستەين شەرقىي جەنۇب تامنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن 91 دانە چوڭ ـ كىچىك بۇت ھەيكەللىرىنى قازغان. 1987 ـ يىلى خوتەن ئاسارە ـ ئەتىقە ئورنىدىكى رەجەپ يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن بىر بۆلۈك بۇت ھەيكەللىرى تېپىنى بايقىغان. بۇت ھەيكەللەر ئىنتايىن تەرتىپلىك ھالدا خۇددى ئېچىلىپ تۇرغان نىلۇپەر گۈلىگە تەقلىد قىلىنىپ، چوڭ بۇتنى مەركەز قىلىپ ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ «مىڭ بۇت ئارىسىدىكى چوڭ بۇت» نىڭ كۆكرىكىنىڭ ئۈستى بوزۇۋېتىلگەن. قالغان قىسمىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە كىچىك بۇتلار

### 3. يۇمىلاق قۇم قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 280 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 81°34′9.05″، شىمالىي پاراللېل 38°52′23.6″ قا توغرا كېلىدۇ. خارابىلىكنى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزىنىڭ 315 - تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1994 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تۇنجى قېتىم بايقىغان.

مەزكۇر شەھەر خارابىسى يۇمىلاق شەكىلدە بولغاچقا، بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى «يۇمىلاق قۇم» دەپ ئىسىم قويغان. خارابىلىكتە شەرقىي قوۋۇق ۋە جەنۇبىي قوۋۇقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دەرۋازا بار. شەھەر دەرۋازىسى پۈتۈن ھەم يوغان توغراق ياغىچىدىن ياسالغان. ئايلانما قىلىپ سوقۇلغان سېپىلنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان 473 مېتىرچە قىسمىنىڭ ھالىتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سېپىل تېمى توغراق ياغىچىنى خادا قىلىپ يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن توقۇپ، ئاندىن لاي (تېزەك ئارىلاشتۇرۇلغان) بىلەن سۇۋالغان. ئاشكارىلىنىپ قالغان قەبرىلەردىن ئورا كۆز، قاڭشارلىق، قوڭۇر چاچلىقلارنىڭ جەسىتى بايقالغان بولۇپ، ئۇلار ئۈچىگە توم يىپلىق يۇڭ رەختتىن كىيىم كىيگەن، رەخت ئۈستىگە ناھايىتى چىرايلىق گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن. ئۇلار سىرتىغا تېرە كىيىم كىيگەن، چېچىنى ئۆرۈگەن، بەزىلىرى بېشىغا ياسىما چاچ كېيىۋالغان. ھەربىر جەسەتنىڭ يېنىغا 1، 2 دىن مىس ئوق ئۇچى، ھېقىق، ئەينەك بېزەك، رىم، گرېتسىيە، مىسىر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالاردا كەڭ تارقالغان ئۇتقىلىق مىس ئەينەك، قوشۇق، گۆرجەك، نەقىشلىك قوتا، تورلۇك ساپال بۇيۇم، مىس قاداق، كىگىز قالپاق، پەتنۇس شەكىللىك ياغاچ ئەسۋاب، تۆمۈردە ياسالغان دورا ئېرىتىدىغان چۆمۈچ، يۇڭ رەخت كىيىمنىڭ يەڭلىكى، تاش يارغۇنچاق، تاش پىچاق، تاش ئورغاق، بىلەي تاش، سۇرمەل تاش، يۇڭ ئارغامچا، كىگىز خالتا، گىلەم پارچىسى ... قاتارلىقلار قويۇلغان. جەسەتلەر چوڭ توغراق ياغىچىنىڭ ئىچىنى ئويۇپ ياسالغان ساندۇققا سېلىنغان.

ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ (ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بولمىغان گۈللەردە ئوخشىمىغان مەنە ۋە ئارزۇ ئىستەك ئىپادىلىنىدۇ). گاباتىننىڭ قارىشىچە، گۈل يەنە بىر جەھەتتىن بۇددىنىڭ مۇبارەك جامالىغا سىمۋول قىلىنغان. تېۋىنغۇچىنىڭ چاچلىرى تۇرمەكلەنگەن. ئىككى قۇلىقىغا زىننەت لېنتىلىرى ئورنىتىلغان، ئۈستىگە كالتە يەڭلىك يۇپقا كىيىم كىيگەن، جەينىكىنىڭ تۆۋىنىدىن ئالىقىنىغىچە يۇپقا يەڭلىك كىيگەن، بېلىنىڭ ئاستىغا پۇرمىلىك يوپكا كىيگەن ھالەتتە سىزىلغان بولۇپ، كالتە يەڭلىك كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى ۋە كالتە يەڭنىڭ ئۇچى ئايرىم نەقىشلىك كانارىلار بىلەن بېزەلگەن. كۆڭلەك سىرتىدىن بۇ تېۋىنغۇچىنىڭ تولغان كۆكسى ۋە ئىنچىكە بەللىرى ئەينەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پۇرمىلىك يوپكىنىڭ يۇقىرى تەرەپ بەل قىسمى تار بولۇپ، تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى كېڭىيىپ بارغان. پۇرمىنىڭ باشلانمىسى دولقۇنسىمان توغرا سىزىقلار بىلەن، يوپكىنىڭ گارمونىك قاتلاملىرى پاراللېل تۈز سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەزكۇر سۈرەت ھاك بىلەن ئاقارتىلغان ئاق تام ئۈستىگە سۇس قىزىل رەڭ بىلەن سىزىلغان. رەسساملىق ئۇسلۇبى جەھەتتە خوتەننىڭ ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن «ھۆل كىيىم» رەسساملىق ئۇسلۇبى ئاساسىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، تېۋىنغۇچىنىڭ نېپىز يىپەك كىيىملىرى خۇددى ھازىرلا سۇدىن ئالغاندەك بەدىنىگە چاپلىشىپ، بەدەننىڭ گۈزەللىكى — پىكورىسىنى نامايان قىلىپ بەرگەن.

ئۇدۇننىڭ بۇ خىل «ھۆل كىيىم» رەسساملىق ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، 7 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئاتا - بالا رەسساملاردىن ۋېيسارا باجىنا، ۋېيسارا ئىراسانگىلار تەرىپىدىن يارىتىلغان «ئويما - قاپارتما رەسساملىق ئۇسلۇبى»نىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس يارىتىپ بەرگەن. ئىتالىيە ئالىمى، رىم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مارىئو بوساگىلى: «ئوتتۇرا ئاسىيادا پەقەت بىرلا رەسسامچىلىق ئېقىمىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ نەقىش، تام سىزمىلىرى ۋە ياغاچ ئويمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ ئەسەرلىرى بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر، جۇڭگو سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ۋە ئوبزورچىلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن خوتەن رەسسامچىلىق ئېقىمىدۇر...» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن.

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى 2001 - يىلى «دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن» دەپ ئېلان قىلىندى.

باشلىق، ئات بەدەنلىــــك ئوبراز چۈشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىستانلىق 65 ± 2290 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى 2001 - يىــــلى 6 - ئايدا «مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## 5. ئەندىر قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە نىيە ناھىيە ئەندىرە چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ تەخمىنەن 20 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ئەندىرە دەرياسى مەزكۇر خارابىنىڭ ئون كىلومېتىر غەربىــــدە. خارابىــــنىــــڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "16 '49 °83، شىمالىي پاراللېل "32 '47 °37 قا توغرا كېلىدۇ. بۇ خارابىنىڭ دائىرىسى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 5 ـ 6 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. خارابە دائىرىسىدە ئىككى شەھەر ئىزى بار. ئۇ تىم ۋە داۋزىلىق دېيىلىدۇ. بۇ يەرنى يەرلىكلەر «شايانتاق» دەپ ئاتىغاچقا، ئىككى خارابە بىرلەشتۈرۈلۈپ، شايانتاق قەدىمكى شەھىــرى دەپ ئاتالغان. چۈشەندۈرۈشكە قۇلاي بولسۇن ئۈچۈن، ئىككى شەھەرچىنى ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرىمىز.

1) تىم قەدىمكى شەھىرى ئاساسەن چاسا شەكىللىك بولۇپ، ساقلىنىشى ئانچە مۇكەممەل ئەمەس. تەكشۈرۈشىمىزچە، ئۇ شەھەرچە ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ قەلئەدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شەھەرچىنىڭ كۆلىمى سېپىلى كېسەك بىلەن سېغىز لايدىن ياسالغان. ئەڭ ئېگىز يېرى سەككىز مېتىر كېلىدۇ. سېپىل تېمىنىڭ قېلىنلىقىمۇ سەككىز مېتىر كېلىدۇ. قەلئە سېپىلىمۇ كېسەك بىــلەن سېغىــــز لايدا قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى شەھەرچە سېپىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. قېلىنلىقى 3 ـ 5 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. سېپىــل ئىچىدىكى كوچا - يوللارنى، ئۆي - ئىمارەت ئىزلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

خارابە دائىرىسىدىن تۆمۈر ۋە ساپال پارچىلىرى، ياغۇنچاق، توقۇلما پارچىلىرى، ئەينەك پارچىلىرى، تارشا پۈتۈكلەر، تۆمۈردىن ياسالغان يا ئوقى، پىچاق، ئورغاق قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان.

2) داۋزىلىق قەدىمكى شەھەر خــارابىسى، تىــم قەدىمكــى شەھىرىنىڭ 5.1 كىلومېتىر شەرقىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى

بۇ، نۆۋەتتە تارىم ۋادىسىدا بايقالغان ئەڭ قەدىمكى شەھەر بولۇپ، بۇنىڭدىن 50 ± 2135 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. يومىلاق قۇم قەدىمكى شەھىرى خارابىسى 2001 ـ يىلى «دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلدى.

## 4. سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى

سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا، سامپۇل يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىدىن تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ‎"5 '7°80، شىمالىي قۇتۇپ ‎"53 '59 °36 قا توغرا كېلىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىردىن ئارتۇقراق. مەزكۇر خارابىنىڭ يەر ئۈستى پۈتۈنلەي توپا ۋە قۇملۇق بولۇپ، يەر يۈزىدە ھېچقانداق قەبرە بەلگىسى يوق. 1983 ـ يىلى قەبرىستانلىقتىن سۇ بېسىپ ئۆتكەن بىلەن بۇ خارابە ئاشكارىلىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن تۆت قېتىم قېزىش ئېلىپ بېرىلغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1000 پارچىدىن ئارتۇق يادىكارلىق بۇيۇمى قېزىۋېلىنغان. بۇلار ئاساسلىقى، يۇڭ ۋە يىپەك توقۇلمىلاردىن ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەك، كەشتە، گۈل بېسىلغان پاختا رەخت، كىچىك ھەمزەك، پالاس، گىلەم، كىگىز، مارجان، تارغاق، سۇزگۈچ، مىس ئەينەك، تېرە، ئۈزۈك، ھاسا، پەي يەلپۈگۈچ، تۆمۈر ئوق بېشى، ساپال قاچا، ياغاچ قوشۇق ۋە ئاياغ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قەبرىستانلىقتىن يەنە مېيىتلار بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن ئىككى ئاق بوز ئاتنىڭ جەسىتى چىققان بولۇپ، ئاتلارمۇ ئادەملەرنى دەپنە قىلغانغا ئوخشاش لەھەت ئىچىگە قويۇپ ئۈستىدىن شاخ ـ شۇمبا تاشلاپ توپا بىلەن كۆمۈلگەن. ئاتلارنىڭ ساقلىنىشى خېلى ياخشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئات ئىگەر ـ جابدۇق بىلەن توقۇلغان ھالەتتە كۆمۈلگەن. ئات جابدۇقلىرى ئىچىدە تېرە قاپلانغان قوش باشلىق ئىگەر ئۈچ قەۋەت ئاق كىگىزدىن تۆت چاسا قىلىپ تىكىلگەن توقۇم بار. ئىگەر ئۈستىگە 5 .76 × 73 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى رەڭدار ئىگەر گىلىمى يېپىلغان. يەنە بىر قەبرىدىن يۈرمە پۈچقاقلىق رەڭدار يۇڭ توقۇلما ئىشتان تېپىلغان. ئۇنىڭغا ئادەم

ئىنگلىز چىسى 0.304 مېتىر)، ئېگىزلىكى 1.5 ئىنگلىز چىسى؛ ئوتتۇرا قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە ئىنگلىز چىسى. يان تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 25 ئىنگلىز چىسى. بۇ، ئىككى قەۋەت مۇنارنىڭ ئاساسى گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 ئىنگلىز چىسى، يان تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 23 ئىنگلىز چىسى كېلىدۇ. مۇنارنىڭ يۇمىلاق گەۋدىسىنىڭ دىئامېتىرى 16 ئىنگلىز چىسى، قالدۇق ئېگىزلىكى 14 ئىنگلىز چىسى كېلىدۇ؛ مۇنارنىڭ ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتىپ بىر ئىنگلىز چىسى كۋادرات تومۇلۇقتىكى بىر تال ياغاچ تۈۋرۈك 7 ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتا كىرگۈزۈلگەن. داۋزىلىقنىڭ 500 مېتىر جەنۇبىدىن يەنە بىر مۇنار بايقالدى. خام كېسەك، سېغىز لايدىن ياسالغان بۇ مۇنارنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى يۇمىلاق شەكىللىك بولۇپ، دىئامېتىر 2.5 مېتىر، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر مۇنار يېنىدىن سىلىق يۈزىگە قارۇشتى يېزىقى يېزىلغان ئىككى پارچە تەبىئىي سېغىز پارچىسى تېپىلدى.

شايانتاق قەدىمكى شەھىرىنىڭ دەۋرى توغرىسىدا جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ پىكرى ستەيننىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. ئۇلار يىل دەۋرىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ قارىغان. بىرىنچىسى، بۇ خارابە مىلادىيە III ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى IV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشلىۋېتىلگەن، ئومۇمەن نىيە خارابىسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش. شەھەرنىڭ قاچان ئەھيا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق، ئەمما ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ مىلادىيە I ئەسىردىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن. ئىككىنچىسى، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كىشىلەر قىسقا ۋاقىت قايتا بىر قېتىم پائالىيەت ئېلىپ بارغان، دېگەن قاراش.

بۇ خارابە 2001 - يىلى «دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

# ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى

## 1. يوتقان قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىدىن 11 كىلومېتىر كېلىدىغان باغچى بازىرىنىڭ ئەللامە كەنتى تەۋەسىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك

شەرقىي مېرىدىئان ″00 ′50 °83، شىمالىي پاراللېل ″32 ′47 °37 قا توغرا كېلىدۇ. شەھەر سېپىلى ئانچە ئۆلچەملىك بولمىغان يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، دىئامېتىرى 130مېتىر كېلىدۇ. سېپىل تېمى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. سېپىلنىڭ ئىچىدىكى بىر بۇتخانىنىڭ قالدۇق ياغاچ تۈۋرۈكلىرى ئىنتايىن زىچ بولۇپ، ھېلىمۇ كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇب تېمىنىڭ بۇرجىكىدە ئازراق تام رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان. غەرب تەرەپتىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ياغاچ تۈۋرۈكلىرى بەكمۇ رەتلىك. تۈۋرۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى چاسا شەكىلدە. بۇتخانا ئىزىدىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىدىن ئۇنىڭ ئايلانما كارىدورلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ستەين بەرگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇتخانا خارابىسىدىن براھما يېزىقىدا قەغەزگە يېزىلغان بۇددا نوملىرىنىڭ پارچىلىرىمۇ تېپىلغان. ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكىدە ئۆرە تۇرغان سۇرلۇك بۇت - ھەيكەللەرمۇ بار ئىكەن.

خارابە ئىچىدە ساپال، تۆمۈر پارچىلىرى، پاختا، يۇڭ، يىپەك قاتارلىق توقۇلما بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. 1998 - يىلى 10 - ئايدا، بۇ شەھەر خارابىسىدىن نەقىشلىك تۈۋرۈك تېپىلدى. ئۇ، ئىنتايىن چىرايلىق، نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۆي - ئىمارەتچىلىكىدىكى نەقىشلىك تۈۋرۈكلەرگە بەكمۇ ئوخشايدۇ. تۈۋرۈكنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 1.20 مېتىر، دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى 0.10 مېتىرلىق ئورۇندا ساقلىنىپ قالغان ئاق سىغىزلاي يۇقىنى ھېلىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچى تەرىپىدە ئوتتا كۆيگەن ئىز بار.

شايانتاق قەدىمكى شەھىرىنىڭ تىم، داۋزىلىق خارابىلىرىدىن باشقا، يول - كوچىلار، ئېرىق - ئۆستەڭ ئىزلىرى، ئۆلتۇراق ئۆي ئىزلىرى، بۇتخانا ۋە بۇددا مۇنارى بار. خارابە ئەتراپىدىكى بىر نەچچە كىلومېتىرلىق دائىرىدىنمۇ ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەت يالدامىلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇددا مۇنارى تىم خارابىسىنىڭ 500 مېتىر غەربىدە بولۇپ، خام كېسەك ۋە سېغىز لاي بىلەن ياسالغان. مۇنارنىڭ ئۇل قىسمى چاسا شەكىلدە، بۇرجەكلىرى تۆت تەرەپكە توغرىلاپ ياسالغان. مۇنار ئۇل قىسمى ئۈچ قەۋەت بولۇپ، ستەيننىڭ ئۆلچەپ خاتىرىلىگەن سانلىرى مۇنداق: مۇنارنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 27 ئىنگلىز چىسى (بىر

## 2. مەلىكىئاۋات قەدىمكى شەھەر خارابىسى

بۇ خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 25 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79° 50′، شىمالىي كەڭلىك 35° 57′ قا توغرا كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى ئوتتۇرا ھېسابتا 2، 3 كىلومېتىر بولۇپ، تار ۋە ئۇزۇنچاق يەر شەكلىگە ئىگە. جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇب تەرىپىدە تاغ، شىمال تەرىپىنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان جايىدا 30 - يىللاردىن باشلاپ بەرپا بولغان كىچىكرەك بىر كەنت بار؛ شەرق تەرىپى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا تۇتىشىدۇ.

1900 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر ۋە 23 - دېكابىر ستەين ئىككى قېتىم بۇ خارابىغا كېلىپ، بىرقىسىم ساپال پارچىلىرى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - يىللارغا ۋە مىلادىيە 700 - يىللارغا توغرا كېلىدىغان قەدىمكى پۇل، مارجان، تامغا ۋە رىم ئەپسانىلىرىدە ھېكايە قىلىنىغان چىۋىبتىنىڭ ھەيكىلىنى يىغىۋېلىش بىلەن بىرگە، خارابىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بايلىق ئىزدىگۈچىلەر تەرىپىدىن قېزىلغان بۇددا تاغ مۇنارىنى بايقىغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە ئۇچرىتىشلاردا بۇ يەردىن ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بۇت ھەيكىلى، براھما يېزىقى، بەش مىسقاللىق پۇل، گەجدىن ياسالغان بۇت ھەيكىلى، بۇتخانا تام بېزەكلىرى، ساپال قاچا - قۇچا پارچىلىرى ئۇچرىتىلغان. ئىلگىرى - ئاخىرى ئۇچرىتىلغان ماددىي بۇيۇملارغا ئاساسەن بۇ خارابىنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2200 - يىللاردىن 1000 - يىللارغا قەدەر دەپ قارالماقتا.

مەلىكىئاۋات قەدىمكى شەھىرى خارابىسى 1957 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## 3. ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 17 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇقتا جايلاشقان. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئەسلىدە شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 7 - 8 چاقىرىم بولۇپ، قەدىمكى شەھەر سېپىلىنىڭ كۆپ قىسمى قۇم ئاستىدا قالغان. ھازىر

ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79°48′ ، شىمالىي كەڭلىك 37°06′ قا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى شەھەرنىڭ خارابە ئورنى بۇگۈنكى باغچى بازىرىنىڭ ئەللامە كەنتى بىلەن خەلىچە كەنتىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى پاسىلىغا جايلاشقان. خارابىنىڭ هازىرقى ئومۇمىي كۆلىمى ئون كۋادرات كىلومېتىرچە كېلىدۇ. خارابە ئورنى ئۆز ئەتراپىدىكى ئەسلى يەر يۈزىدىن 4، 5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇ سىزىپ تۇرىدىغان ، شال تېرىشقا لايىق ساسلىققا ئايلىنىپ قالغان.

1892 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ دۇترى ۋە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى گلۇننارد يوتقاندىن بىر تۇركۇم ساپال قورچاق، ئەينەك بۇيۇم، ساپال قاچا ۋە ئاق قاشتېشىنى يىغىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن. 1896 ـ يىلى سۋېن هېدىن بۇ خارابىدىن 523 دانە هەر خىل مەدەنىي يادىكارلىقنى يىغىۋالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ساپال قورچاق، كوزا، مىس بۇت هەيكىلى، قەدىمكى خەت ـ چەك، قەدىمكى پۇل، خرىستىئان دىنىغا ئائىت ئالتۇن تەڭگە، كرېست بەلگىسى ۋە بىر ئالتۇن مېدال قاتارلىقلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ستەين 1900 ـ، 1906 ـ يىللىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كۆپلىگەن قەدىمكى پۇل ۋە هەر خىل ساپال، ئالتۇن هۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىۋالغان. 1929 ـ يىلى جۇڭگو ئارخېئولوگلىرىغا مەزكۇر خارابىدىكى بىر بۇلاقتىن ئالتۇندا ياسالغان ئۆردەك هەيكىلى ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇ هازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. بۇ جايدىن ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ، جىنسىي تېۋىنىش مەزمۇنىدىكى ساپال هەيكەل، نەقىشلىك ساپال پارچىلىرى، كىچىك ساپال ئاپتۇۋا، ساپالدىن ياسالغان ئادەم هەيكىلى، ساپالدىن ياسالغان ئات، تۆگە، قۇش ۋە هەر خىل هايۋانلار ئوبرازى، چالغۇ ئەسۋاب تۇتقان ئادەم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ساپال بۇيۇم پارچىلىرى، قاشتېشى، مېتال بۇيۇم پارچىلىرى ئۇچرىتىلغان.

ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ خارابىلىك قەدىمكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ پايتەخت شەھىرى ئورنى بولۇپ، دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 200 ـ يىللاردىن مىلادىيە 400 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدىكەن.

يوتقان قەدىمكى شەھىرى خارابىسى 1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

## 4. باغداد قەدىمكى قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دول يېزىسىنىڭ سىرتىق كەنتىگە جايلاشقان. خارابە مەسچىت ۋە قەبرىستانلىقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن. مەسچىتنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 1.6 مو كېلىدۇ، ئالدى-ئارقا تەرىپىدە ئىشىكى، 12 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئەزانخانىسى بار؛ قورۇلۇش كۆلىمى 334 كۋادرات كىلومېتىر. مەسچىت ئۆزگىچە بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە بولۇپ، تەتقىق قىلىپ پايدىلىنىش قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى. ھازىرقى مەسچىت 1939 - يىلى قايتا ياسالغان. قەبرىستانلىق كۆلىمى 300 مو كېلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئايلانما چاسا تام بار. ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكى ئۈستىدە يەنە ئېگىزلىكى بىر مېتىردەك تۆت دانە قۇببە بار بولۇپ، قەبرىستانلىقتا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

باغداد قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، كونا قەبرىلەر ناھايىتى زىچ ھەم قاتمۇ قات بولۇپ كەتكەن. مۇتلەق كۆپ قىسمى يېقىنقى زاماندىكى قەبرىلەر بولۇپ، ئۇزۇنلۇق ۋە چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا كولىنىپ، ئەتراپى ۋە ئۈستى كېسەك بىلەن ئېتىلىپ، مېيىتنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ئېغىزى كېسەك ۋە توپا بىلەن ئېتىۋېتىلگەن. مېيىتلارنىڭ باش - ئايىغى خالىغانچە قويۇلغان.

بۇ يەردىن بىر دانە ئوقيانىڭ ياسى (ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر)، بەش تال ئوقيا، ئاياغ قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار ئۇچرىتىلغان. باغداد قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، خوتەنگە ئىسلام دىنى دەسلەپ كىرگەن مىلادىيە 11-ئەسىرلەرنىڭ باش قىسمىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن دەپ قارالماقتا.

بۇ خارابە 1957 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 5. سانجۇ قىياتاش رەسمى

سانجۇ قىياتاش رەسمى گۇما ناھىيىسى سانجۇ بازىرىنىڭ غەربىي- جەنۇبىدىن 26 كىلومېتىر كېلىدىغان سانجۇ دەريا جىلغىسىغا جايلاشقان. قىيا تاش رەسىملىرى بار جاينىڭ ئىسمى ئولاچى بولۇپ،

بۇنىڭ 93.6 مېتىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. سېپىلنىڭ ئاستى كەڭلىكى 2.5 مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى 1.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 5 مېتىر بولۇپ، سېپىل ئۈستىدە يوشۇرۇنۇش ئورنى بار. سېپىل ئەتراپىدىكى ئون نەچچە كىلومېتىر دائىرىدە ئېرىق - ئۆستەڭ، ئېتىز ئىزناسى بار. سېپىل چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان چوڭ تىپتىكى خىشتىن قوپۇرۇلغان. خىشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 ـ 40 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئون سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. قەدىمكى شەھەرنىڭ يەر ئۈستىنى ئۇرغۇن يىللاردىن بېرى شامال يالاپ كەتكەن بولغاچقا، سېپىل تام ئاستى ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىن 4 ـ 5 مېتىرچە تۆۋەنلەپ كەتكەن، ئىمارەت خارابىسى قالمىغان. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەسلىدە نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. شەھەرنىڭ سېپىلى ئاق سېغىزدىن قۇيۇلغان خىشتىن قوپۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن «ئاقسېپىل» دەپ ئاتالغانىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ كېيىنكىلەر قويغان ئىسىم بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خارابىلىكتىن بەش مىسقاللىق مىس پۇل، چىشلىق چاق شەكلىدىكى پۇل، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە خاس مىس پۇل، ئات سۈرەتلىك ئۇدۇن مىس پۇلى، تاق قۇلاقلىق قىزىل ساپال كوزا، ساپال پىل، ساپالدىن ياسالغان ئات بېشى پارچىسى، خەنزۇچە - كارۇشتىچە يېزىقتىكى پۇل. بەش دانە ساپال مايمۇن، تۆت دانە ساپال بۇت پارچىسى، تۆت قۇلاقلىق بىر دانە كوزا، ئادەم سۈرەتلىك بىر دانە كوزا قاپقىقى پارچىسى، ئالتە دانە ساپال ئۇرچۇق غالتىكى، سەككىز دانە ئەينەك پارچىسى، بىر قاپ مۇنچاق، كىدان يېزىقىدىكى بىر مىس مۆھۈر... قاتارلىقلار تېپىلغان.

سېپىل تېمىغا ئىشلىتىلگەن كېسەكنىڭ بىر يۈزىدە يېزىق بولۇپ، ئاجراپ كەتكەن خىشلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان 17 ھەرپ بارلىقى، ئۇنىڭ 15 ى قەدىمكى قارۇشتى يېزىقى، ئىككىسى قەدىمكى براھما يېزىقى ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسپاتلاپ چىقىلدى. سېپىل تېمىدىكى يېزىقلارغا قارىغاندا، بۇ شەھەر خارابىسى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2300 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

شەھىرى» دەپ ئاتالغان، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، سۇنىڭ كېمىيىپ كېتىشى بىلەن تاشلىنىپ قېلىپ، خارابىلىككە ئايلانغانلىقى مەلۇم.

بۇ خارابە 1957 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## 7. شاخلىق قورۇسى

شاخلىق قورۇسى قاراقاش ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن 19 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى زاۋا يېزا شاخلىق كەنتى تەۋەسىگە جايلاشقان. ئۇ، خوجىلارنىڭ شاخلىق كەنتىدىكى ئاخىرقى ۋەكىلى مۇھەممەت تۇرسۇنخان ھاجىنىڭ قورۇ جايى بولۇپ، 1925 - يىلى سېلىنغان. ئەسلىدە بۇ قورۇ 20 نەچچە ئېغىز ئۆي، ئۈچ كۆل، 20 مودىن ئارتۇق باغدىن تەركىب تاپقان. باغدا خوتەن رايونىدا بار ھەر خىل مېۋىلەردىن باشقا، چىنار، سوپۇن دەرىخى، سەندەل دەرىخى، سېدە، سېرىنگول، ئارچا قاتارلىق مەنزىرە دەرەخلىرىمۇ ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، شۇ زاماندىن ھازىرغىچە ناھىيە تەۋەسىدە ئاز ئۇچرايدىغان ئالاھىدە باغ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەشەمەتلىك ئايۋان - سارايلار 1949 - يىلىغا قەدەر مۇھەممەد تۇرسۇنخان ھاجىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان. كېيىن مۇھەممەد تۇرسۇنخان ھاجىنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشى بىلەن، كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقى ۋە ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىقىدا باشقۇرۇپ كېلىنگەن.

شاھلىق قورۇسىنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 30 موغا يېقىن كېلىدۇ. ئەتراپى مۇستەھكەم ئېتىلىپ، مەخسۇس قوغداش خادىمى قويۇلۇپ، دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىش تۈزۈمى بېكىتىلدى. بۇ يەردىكى مېۋىلىك باغمۇ ئالاھىدە پەرۋىش قىلىنىپ، ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا مېۋىلەرنىڭ سورتى ياخشىلىنىپ، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈلۈپ ياخشى قوغدالماقتا.

شاخلىق قورۇسى 1962 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

بۇ جايدىكى ئىككى قىرغاقتا خەتەرلىك تىك يار چوقچىيىپ تۇرىدۇ. جىلغىدا ياپپېشىل ئوت - چۆپلۈككە ياندىشىپ، سۈپسۈزۈك سۇ شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدۇ. دېھقانچىلىقىمۇ، چارۋىچىلىقىمۇ باب كېلىدىغان بۇ جاي تارىختا شىنزاڭغا ۋە كەشمىرگە بارىدىغان چىغىر يول ئىدى.

رەسىم ئويۇلغان قىيا تاشنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىرچە، كەڭلىكى تۆت مېتىرچە كېلىدۇ. رەسىم ئويۇلغان دائىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.3 مېتىر، كەڭلىكى (ياكى ئېگىزلىكى) 1.3 مېتىر بولۇپ، رەسىملەرنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 27 ـ 30 سانتىمېتىر، كىچىكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى بەش سانتىمېتىرلا كېلىدۇ.

رەسىمدە ساداق تارتىپ ئوق ئۈزۈش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئادەم، ئاتقا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئارقارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئادەم رەسىمىنىڭ ئېگىزلىكى 27 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، ھايۋان رەسىملىرىنىڭ ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 23 سانتىمېتىر كېلىدۇ. رەسىمنىڭ سول تەرىپىدە يېزىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بەلگىلەر بار. بۇلار قاتتىق نەرسىلەر بىلەن تاشنىڭ يۈزىگە جىجاپ چىقىرىلغان. ئەتراپتىكى جىلغىلاردا ھېچقانداق قەدىمىي يادىكارلىق يوق. بۇ قىياتاش رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بىراق ئۇنىڭ مىلادىيىدىن تولىمۇ ئىلگىرى ئىكەنلىكى روشەن.

سانجۇ قىياتاش رەسىمى 1962 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 6. ئۈجمىلىك قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە گۇما ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن 42 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاراتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، مەزكۇر خارابىلىقتا ھازىر قەدىمكى زامان ئۆي قالدۇقلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭ ئىزلىرى ... قاتارلىقلار ساقلانماقتا. يەر ئۈستىدە بۇت ھەيكىلى سۇنۇقلىرى، ساپال پارچىلىرى ئاندا - ساندا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسلىدە بۇنىڭدىن 2200 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتتىكى تۆت ئەترابى ئۈجمە دەرىخى بىلەن ئورالغان شەھەر بولۇپ، پىلە - ئۈجمىچىلىك تازا روناق تاپقان بولغاچقا، «ئۈجمىلىك

سىرتقى تۆت يان يۈزىگە ئەجدىھا، يولۋاس، تاشپاقا، سېرىق قۇشقاچنىڭ رەسىملىرى رەڭلىك سىزىلغان. جەسەتكە نەپىس كىيىم-كېچەك (ئاخىرەتلىك كىيىم)، پۇتىغا بادام گۈللۈك، ئۇچى ئۇچلۇق لاتا ئاياغ كىيدۈرۈلگەن. جەسەت يېنىدىن يەنە ئوت يالقۇنى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك يىپەك توقۇلما تومار (بايراقچە) تېپىلغان بولۇپ، كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا بىر - بىرىنىڭ سىرتىغا تەبىئىي ئورۇنلاشقان ئالتە دانە چەمبىرەك شەكلى چۈشۈرۈلگەن. چەمبىرەكلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا سېرىق، ئاق، ھاۋارەڭ، سۆسۈن قاتارلىق تۆت خىل رەڭدە بولغان. سېرىق رەڭ بىلەن ئاق رەڭ ئىككى قېتىم تەكرارلانغان، ئۇنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئوت يالقۇنى ۋە ئۇنىڭدىكى رەڭلەر ئوت، كۈن، ئاي، ھاۋا، زېمىننى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ يەردىن تېپىلغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن قارىغاندا تاۋۇتقا سېلىنغان بۇ جەسەت بۇددا دىنى قائىدىسى بويىچە دەپنە قىلىنغان دەپ قارالسىمۇ، جەسەت يېنىدىن تېپىلغان كىچىك تومار (بايراقچە) نىڭ سىمۋوللۇق مەزمۇنى ۋە جەسەتنىڭ ئېڭىكىنى تېڭىش، پۇتىنى چېتىش ئۇسۇللىرى، جۈملىدىن جەسەت يۈزىگە يېپىلغان يوپۇققا چۈشۈرۈلگەن نامەلۇم يېزىقتىكى خەت بىزىنى، خوتەندىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىيەدىن خېلىلا بۇرۇنقى يىللار (بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى) دىكى ئاتەشپەرەسلىك، ئاي، كۈن، ئاسمان - زېمىننى ئۇلۇغلاش ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

بۇ قەبرىستانلىق 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

## 10. مازار تاغ قورغان خارابىسى

مەزكۇر خارابە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 150 كىلومېتىر شىمالىدىكى خوتەن دەريا ساھىلىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 80°45′، شىمالىي كەڭلىك 38°31′ قا توغرا كېلىدۇ. قورغان تېمىغا قىزىل چوقا تاش ئىشلىتىلگەن. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 29 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 29 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 841 كۋادرات مېتىر. قورغاننىڭ غەربىدە

## 8. خوتەن چوڭ جامەسى

بۇ جامە شەھەر رايونى جامە يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنى 1875 ـ يىلى خوتەننىڭ ھاكىمبېگى نىياز ھاكىمبەگ باشچىلىق قىلىپ سالدۇرغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە قىسمەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، كېيىن دۆلەت مەبلەغ سېلىپ رېمونت قىلدۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن. جامەدە نامازخانا، دەرىسخانا، دەرۋازا مۇنارى قاتارلىقلار بار. ئومۇمىي كۆلىمى 5002 كۋادرات مېتىر، قورۇلۇش كۆلىمى 976 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىردىن كىچىك مۇنارىسى بار. تامنىڭ قېلىنلىقى 1.10 مېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر كېلىدۇ. نامازخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر بولۇپ، 1000 دىن ئارتۇق كىشى سىغىدۇ. تورۇسىغا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي تۈستىكى رەڭدار گۈللەر ئويۇلغان، ئۇنى گۈل نەقىشلىك 40 تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

خوتەن چوڭ جامەسى 1990 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

## 9. ئىمام مۇسا كازىم قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدىن 18 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇزاق يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇتاش كەتكەن كەڭ سايلىقتا بولۇپ، بۇ سايىنىڭ شىمال تەرىپى كۆجۈم بوستانلىقىغا تۇتىشىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ ئورنى مانا مۇشۇ سايىنىڭ بۇزاق يېزىسىغا تۇتاشقان شىمالىي قىسمىغا، شەرقىي مېرىدىئان ′48°79، شىمالىي پاراللېل ′20°38قا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقىمۇ تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، جەنۇبتىن ـ شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن يېرىم كىلومېتىر كېلىدۇ.

1958 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە بۇ جايدىن ياغاچتىن ياسالغان جەسەت ساندۇقىغا سېلىنغان، كىيىم ـ كېچەك كىيدۈرۈلگەن ۋە بەزى ئاخىرەتلىك بۇيۇملار قوشۇپ دەپنە قىلىنغان جەسەتلەر ۋە جەسەت كۆلى سېلىنغان ساپال قۇتا ئۇچرىتىلغان ۋە يىغىۋېلىنغان. 1984 ـ يىلدىكى قېزىۋېلىشتا بىر جەسەت ساندۇقى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ

## 11. تۇردى هاجى قورۇسى

بۇ قورۇ گۇما ناهىيىسى قاراتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىدە بولۇپ، 1929 ـ يىلى ياسالغان. ئۇ، ياغاچ ـ يۇلغۇن قوشام قۇرۇلمىلىق، قەسىر شەكلىدىكى ھەشەمەتلىك، كەڭ ـ كۇشادە ئىمارەت بولۇپ، ھويلىنىڭ ئىچىدە ئىككى ئايۋان، ئىككى مېھمانخانا، تۆت ئېغىز مەخسۇس ياتاق ئۆي، دەھلىز، ئاشخانا، قازناق قاتارلىق 14 ئېغىز ئۆي بار؛ كۆلىمى ئون مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئىمارەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى توپا، ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تاملىرى يۇلغۇن قوشامدىن ياسالغان بولۇپ، سىرتى سېغىز بىلەن، ئۆي ئىچى گەج ۋە تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن سۇۋالغان. تام، تەكچە، مورا بېشى قاتارلىق جايلارغا ھەر خىل نەقىشلەر چېكىلىپ، چىرايلىق زىننەتلەنگەن. ئالدى مېھمانخانا تاملىرىغا ئايەتلەر يېزىلغان. ئوتتۇرا ئايۋاننىڭ تۆت تېمى رەڭدار نەقىشلەر بىلەن تولغان. ئوڭ تەرەپ غەربىي ھوجرىسىنىڭ جەنۇبىي تېمىغا تۇردى ھاجىم قورۇسىنىڭ پىلان خەرىتىسى سىزىلغان بولۇپ، ھازىرمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. غەرب تەرەپتە يەنە بىر ھوجرا بولۇپ، ئۇچ تېمىدا نەقىش ۋە رەڭ بېرىلگەن ھەر خىل گۈل ـ گىياھ تەشتەكلىك، گۈل رەسىملىرى، ھۆسنخەتلەر، ئايەت قاتارلىقلار بار. ئۆينىڭ توساق پەنجىرىلىرى ياغاچتىن نەقىش ـ گۈل چىقىرىش، قىرىپ رەندىلەپ تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق بەكمۇ چىرايلىق ياسالغان. ھازىر بۇ ھويلىدىكى توققۇز ئېغىز ئۆي ساقلىنىپ قالغان. بەش ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. خېلى ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئادەم ئولتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن قىسمەن سۇۋاق ۋە تام نەقىشلىرى سويۇلۇپ چۈشكەن. لېكىن، بۇ قۇرۇلۇش ھەقىقەتەن ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بەدىئىي نامايەندىسى بولۇپ، كەم تېپىلىدىغان يادىكارلىقتىن ئىبارەت.

تۇردى ھاجى قورۇسى 1999 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 12. دەندان ئۆيلۈك خارابىسى

بۇ خارابىنىڭ ئورنى بۇگۇنكى چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبى بۇگۇنكى چىرا ناھىيىسى دامكۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا تۈز سىزىق بويىچە 91

ئېگىزلىكى ئون مېتىر، ئۇزۇنلۇقى توققۇز مېتىر، كەڭلىكى يەتتە مېتىر كېلىدىغان بىر پوتەي (زەمبىرەك سۇپىسى) بار. تامنىڭ قېلىنلىقى 1.5 مېتىر. قەلئەنىڭ تېگىدە لەخمە بولۇپ، ئامبار بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. قەلئە تۆت چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي قۇرۇلۇشىنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى، ئىككىنچى بۆلىكى تاغ ئۈستىگە جايلاشقان، غەربتىن شەرققە بىر - بىرىگە تۇتىشىدۇ. ئۈچىنچى بۆلىكى بىرىنچى، ئىككىنچى بۆلەكلەرنىڭ يېنىغىلا سېلىنغان بولۇپ، بۇ ئىككى بۆلەكنىڭ قوشۇمچىسى ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچى بۆلەكنىڭ جەنۇب، شىمال تەرىپىدە ئىككى ئۆي بولۇپ، تاملىرى قېلىن، مەزمۇت ياسالغان. بۇ، قەلئەنىڭ ئاساسىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى بۆلىكى بىرىنچى بۆلەكنىڭ شەرقىدە بولۇپ، لەشكەرگاھ بولۇشى مۇمكىن. ئۈچىنچى بۆلەك بىرىنچى، ئىككىنچى بۆلەككە تۇتاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن 6 – 7 مېتىر تۆۋەندىكى تاغ باغرىغا ياسالغان. شەرق تەرىپىدە ئىشىك بار، ئىشىكنىڭ سىرتى چارۋا مال باققان يەر بولۇپ، قىغ، ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن. قەلئەنىڭ غەربىدىن 50 مېتىر يىراقلىقتا بىر خەۋەرلىشىش سۇپىسى بار، ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 20 مېتىر كېلىدىغان تاغ باغرىدا بۇددا ئىبادەتخانىسى بار.

1908 -، 1913 - يىللىرى ستەين بۇ جايغا ئىككى قېتىم كېلىپ، زور تۈركۈمدىكى ئاسارە - ئەتىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە تاشپاقا شەكىللىك قىزىل ساپال تەخسە، قىزىل چوققىدىن ياسالغان بۇت قېلىپى، ياغاچ بۇيۇملار، مېتال بۇيۇملار، يۇڭ، كۆن - خۇرۇم بۇيۇملىرى، تۇبۇت يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك، ھەر خىل يېزىقلاردىكى ماتېرىياللار بار. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يەردىن يەنە ئىچكى - تاشقى كانارىسى بار يۇملاق، تۆشۈكى تۆت چاسا كۇسەن مىس پۇلى، مىس تۈگمە، تۆت قىرلىق ئوقيا بېشى، تۆمۈر قوشۇق سۇنۇقى، ياغاچ تارغاق پارچىسى ۋە ئاز ساندا ساپال پارچىسى تېپىلغان. يىغىۋېلىنغان ماددىي بۇيۇملارغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر خارابە بۇنىڭدىن 1500 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

مازارتاغ قورغان خارابىسى 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

قېتىم رېمونت قىلىنغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان. 1980 - يىلدىن كېيىن بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان.

بۇ جامە 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، مۇھاپىزەت قىلىنماقتا.

## 14. قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى

بۇ خارابە كېرىيە ناھىيىسىدىن (تۈز سىزىق بويىچە) 190 كىلومېتىر يىراقلىقتا، يەنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″0. 2′ 50° 81، شىمالىي پاراللېل ″25 ′29 °38 قا توغرا كېلىدۇ. شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن 1896 - يىلى كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا مېڭىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شايار ناھىيىسىگە بېرىش سەپىرىدە، بۇ خارابىنى بايقىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ستەين، خۇاڭ ۋېنبى قاتارلىقلارمۇ بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1993 -، 1994 - يىللىرى جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ خارابىدە تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مول ماتېرىياللارغا ئىگە بولغان. قارا دۆڭ قەلئەسى چاسا شەكىلدە بولۇپ، ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 75 مېتىر كېلىدۇ. خارابە ئىچىدە ئۆي - ئىمارەت ئىزلىرى بار. ساپال پارچىلىرى، تۆمۈر پارچىلىرى، مېتال بۇيۇملىرى، كىگىز ۋە تۇرلۇك توقۇلما پارچىلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەزكۇر خارابىنىڭ ئىچى - سىرتىدىن بۇغداي، شال، پۇرچاق ئۇرۇقلىرى، شاخ - پاخاللار، قۇرۇق قىزىل ئۈزۈم، دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىلتىزى قاتارلىقلار تېپىلغان. تۇۋرۈك، لىم، خا، سىنجا قاتارلىق ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ چولڭ ۋە نەپىسلىكىگە، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىگە قاراپ، ئۇنى ئۆز زامانىسىنىڭ ھەشەمەتلىك، چولڭ قۇرۇلۇشلىرىدىن ھېسابلاش مۇمكىن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق قارا دۆڭ قەلئەسىنىڭ ئەتراپىدىن 60 نەچچە ئۆي ئىزى تېپىلغان. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرى بولۇپ، ئۇ چاغلاردا ئىشلەتكەن ئوچاق، مورا، سۇپا ۋە باشقىلار خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. خارابە دائىرىسىدىكى سۇغىرىش ئېرىقلىرىنىڭ ئىزىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. يەنە ياغۇنچاق ۋە

كىلومېتىر، غەربىي خوتەن دەرياسىنىڭ يېنىدىكى لوپ ناھىـ تەۋەككۇل كەنتىگە تۇز سىزىق بويىچە 60 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي كەڭلىك "04 '46 °37، شەرقـ ئۇزۇنلۇق "06 '03 °81 غا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قۇم ئۈستىدىن بەزى ئۆ ئىزلىرىنى كۆرگىلى، بەزىلىرىنى خېلى ئېنىق پەرق ئەتكىلـ بولىدۇ. ئۆيلەرمۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، تاملىـــرى يۇلغۇ شاخلىرى بىلەن قوشام قىلىنىپ، ئاندىن لاي بىلەن سۇۋالغان.

دەندان ئۆيلۈك خارابىسىنى 1896 - يىلى سۋېن ھېدىن بايقىغان 1900 - يىلىدىن 1901 - يىلىغىچە ستەين قېزىش ئېلىپ بارغان 1927 -، 1928 - يىللىرى گېرمانىيىلىك ترىنكلېر باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ بىئولوگىيە ئالىمى بوسخارد يەنە بۇ خارابىنى تەكشۈرگەن. 1996 - يىلغا كەلگەندە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بۇدد دىنىغا ئائىت تام رەسىملىرى، برونزا، ساپال بۇيۇملىرى، بۇدد ھەيكىلى، قەدىمكى قولىيازما، رەسىملىــك ياغاچ تاختاي، ئۇدۇن تىلىدىكى ھۆججەت پارچىلىرى، ساپال قاچا پارچىسى، ياغاچ پەنجە سۇنۇقى، ئەينەكتىن ياسالغان تېگى يېشىل، سېرىق رەڭلىك گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن مارجان ... قاتارلىـــق ماددىي بۇيۇملار يىغىۋېلىنغان. «خەننامە» دىكى قىسمەن بايانلار ۋە تېپىـــلغان بۇيۇملارغا ئاساسلانغاندا، بۇ خارابىلىكنىـــى ئاز دېگەندىمۇ 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

دەندان ئۆيلۈك خارابىسى 1999 - يىلـــى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 13. كېرىيە جامەسى

بۇ جامە كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ھېيتگاھ كوچىسىدا بولۇپ، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى بىلەن قارشىم تۇرىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 6666.7 كۋادرات مېتىر، جەنۇب ۋ شىمال تەرىپىدە ئىككى دەرۋازىسى بار. ئالدى دەرۋازىسى شىمال تەرەپكە ئېچىلىدۇ. ئۇ، ئالدى ئىشىك بىلەن ئىچكى ئىشىكتىـ تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ھازىرلىغان. جامە 1200 - يىلى ياسالغان، كۆپ

يالغۇز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، چىرا دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا تۇتىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەلئە بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرى ياسالغان. ئۇنىڭ قورغاندا كۆزىتىش سۇپىسى بار.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مىلادىنىڭ 1010 - يىلى قاراخانىيلار خانى سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىنىڭ ئىشەنچىلىك ئادىمى مۇسا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈپ قادىر قاراخاننى يەكەن، خوتەنگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا ئەۋەتكەن. خوتەننى قورال كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۇرۇشى ئۇزاققا سوزۇلغان. خوتەن خانى خال خالۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ئەمما، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى نەپەر ئەسكەر باشلىقى (چوقتىرىشت، نۇقتىرىشت ئاكا - ئۇكا) بۇ دىنغا كىرىشنى رەت قىلىپ، ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ، بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن چېكىنىپ، چىرا دەرياسىنى بويلاپ ھاسا ۋە ھاشىدىكى (يۇقىرىقى خارابە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىككى خارابە بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ - ئا) ئىككى تاغنىڭ چوققىسىغا ئورۇنلاشقان. بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى تىك، خەتەرلىك بولۇپ، ئۇلار ئىككى تاغ چوققىسىغا ئىككى مۇداپىئە سېپىلى سوققان. ھاساغا سېلىنغىنى ھاسا چوقتىرىشت قورغىنى، ھاشىغا سېلىنغىنى ھاشى نۇقتىـــرىشت قورغىنى (قەلئەسى) دەپ ئاتالغان. ئۇلار سېپىل سوقۇپ، ئاكوپ كولاپ، سېپىلنىڭ ئىچىگە مىس تۇرۇبا ئارقىلىق سۇ باشلاپ كىرىپ، مۇداپىئەنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي مىس تۇرۇبىنى ئىسلام ئەسكەرلىرى سېزىپ قېلىپ، سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەغلۇپ بولغان. شۇنىڭدىن تارتىپ خوتەندە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش تارىخى ئاخىرلاشقان. بۇ قەلئە (ھاشى قەلئەسىمۇ شۇنداق - ئا) شۇنىڭدىن بۇيان قەدىمكى ئۇرۇشنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بۇ قەلئە خارابىسى 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

## ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى

تۆۋەندە خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەرگە جايلاشقان

باشقا تۇرلۇك زىننەت بۇيۇملىرى (مىس، تۇچ ئۈزۈك، ها
قاتارلىقلار) بۇت قېلىپى ئۇچرايدۇ.
تەكشۈرۈش ئەترىتى 1993 ـ، 1994 ـ يىللىرى ئارخېئولوگ
يىلىك قېزىش داۋامىدا، خارابە دائىرىسىدىكى ئىككى بۇتخانا ئىزىنى
تازىلىدى. بۇتخانا 回 شەكىللىك بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بۇت سۇپى
بار. سۇپا ئەتراپى كارىدور بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى تاملار
رەڭدار رەسىملەر بار. رەسىملەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، مەزمۇنى
ئۇسلۇبى قاتارلىقلار ئافغانىستاننىڭ بامىياندىكى رەسىملەرگە
ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بەزى بېزەكلەردە ھىندىستان بۇددىز
سەنئىتىنىڭ پۇراقلىرىمۇ بار.
قارادۆڭ قەلئەسى خارابىسىنىڭ دەۋرى ئەڭ كېيىن دېگەندە
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى مەزگىللەرگە توغرا
كېلىدۇ. ئۇ، مىلادىيە 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردە تاشلىنىپ قالغان
بولۇشى مۇمكىن.
بۇ خارابە 1999 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق
قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 15. ھاشى قەلئە خارابىسى

بۇ خارابە چىرا ناھىيە چاقار يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق
جاينىڭ غەربىي قىسمىدىن 21.7 كىلومېتىر كېلىدىغان ھاشى كەنتى
تەۋەسىگە جايلاشقان. ئۇ، تاش قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا
پايدىلىق بولۇش سەۋەبى بىلەن بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇن خوتەن
ئۇيغۇرلىرى (بۇددىستلىرى) ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار بىلەن
ئېلىپ بارغان نەچچە ئون يىللىق ئۇرۇشتا مۇستەھكەم قورغان
بولغان. ئۇنىڭغا ھەر خىل مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بەرپا قىلىنغان
بولۇپ، ئۇلار ھازىرمۇ بار. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 200 مېتىر
كېلىدۇ.
بۇ خارابە 1999 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق
قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى

## 16. ھاسا قەلئە خارابىسى

بۇ خارابە چىرا ناھىيە چاقار يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق
جاينىڭ غەربىدىن 11.4 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھاسا كەنتىدىكى

## 1. كىيىكتۇزدىكى قىياتاش رەسىمى

بۇ قىياتاش رەسىمى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي - جەنۇبىغا 37 كىلومېتىر كېلىدىغان قوشتاغ يېزىسىدىن شەرقىي - جەنۇبىغا قاراپ 11.2 كىلومېتىر ماڭغاندا يېتىپ كېلىدىغان سۇلىغاز كەنتىنىڭ كىيىكتۇز دېگەن يېرىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″30 ′07 °78، شىمالىي پاراللېل ″51 ′04 °37 غا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەر ئەسلى بىر جىلغا بولۇپ، يەر نامى ئىسكەنجى؛ چوڭ دائىرىلىك يەر نامى كىيىكتۇز. قىياتاش رەسىمى جىلغىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى چوڭ ھەم پارقىراق ئىككى قىيا تاشقا چېكىلگەن. بىر تاشقا چېكىلگەن رەسىم دائىرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 34 مېتىر، كەڭلىكى (ئېگىزلىكى) بىر مېتىردىن ئاشىدۇ، يەنە بىر تاشقا چېكىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى (ئېگىزلىكى) بىر مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ئىككى قىيا تاشنىڭ ئارىلىقى 4 ـ 5 مېتىر كېلىدۇ. رەسىم چېكىلگەن ھەر ئىككىلا قىيا تاش 60 گرادۇسلۇق يانتۇ تەكشىلىككە جايلاشقان.

بۇ قىيا تاشلارغا چېكىلگەن رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئادەم ۋە ھايۋانلار ئوبرازىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوۋچىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھايۋانات ئوبرازلىرىنىڭ ئەڭ چوڭلىرى 20×20 سانتىمېتىر، ئادەتتىكىلىرىنىڭ 10×5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. رەسىملەرنىڭ سىزىقلىرى توم ھەم جانلىق، يۈزى تەكشى، قورۇلمىسى مۇۋاپىق بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدا قار - يامغۇر ۋە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ھازىر 40 پارچىدىن باشقىلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەپىس بەدىئىي ئوبرازلارنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ.

چارۋىچىلىق ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ رەسىملەردە ئوقيا، نەيزە كۆتۈرۈۋالغان ئاتلىق ئادەملەرنىڭ چارۋا - ماللارنى ھەيدەپ ماڭغانلىقى؛ بىر قولىدا ھاسا - تاياق تۇتۇپ، يەنە بىرقولىدا ئىت يېتىلەپ ماڭغان پادىچىنىڭ ئوتلاۋاتقان چارۋا - ماللارغا قاراۋاتقانلىقى؛ توپ - توپ يۈرگەن چارۋا - ماللارنىڭ سۇ ئىچىۋاتقان، قوتانلارغا كىرىپ - چىقىۋاتقان ھەر خىل ھەرىكەت ھالىتى ناھايىتى ئوخشىتىپ چېكىلگەن، ھەم تەقلىدىي ئوبرازلار كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىل سىزىپ چىقىلغان. مەسىلەن، ئۇزۇن ئەگرى مۈڭگۈزلۈك ئارقار ۋە

مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرىم
ھەمدە ئالدىن ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ ھازىرقى جۇغراپىيىلىك
مەمۇرىي ئەھۋالىدىن قىسقىلا ئۇچۇر بېرىمىز.

## گۇما ناھىيىسى

گۇما ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي
جەنۇبىغا، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ
يەر شەكلى جەھەتتە جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس. شەرقىي تەرىپ
قاراقاش، خوتەن ناھىيىلىرى بىلەن، غەربىي تەرىپى قاغىلى
ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى قاراقۇرۇم تېغى ئارقىل
ھىندىستان، پاكىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالدا مەكىت
مارالبېشى ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقىي مېرىدىئان 7°31′
بىلەن 79°38′ ، شىمالىي پاراللېل 35°22′ بىلەن 39°01′06″ ئارىلىق
تۇرىدۇ. ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 41 مىڭ 167 كۋادرا
كىلومېتىر (61 مىليون 7.50 مىڭ مو) بۇنىڭدىن قۇملۇق
39.5%نى، تۈزلەڭلىك 22.6%نى، تاغلىق 37.9%ن
ئىگىلەيدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە گۇما بازىرى، دۇۋا بازىرى قاتارلىق
ئىككى بازار؛ قوشتاغ يېزىسى، كۆكتېرەك يېزىسى، سانجۇ يېزىسى
مۇجى يېزىسى، موكۇيلا يېزىسى، زاڭگۇي يېزىسى، پىشنا يېزىسى
چودا يېزىسى، پىيالما يېزىسى، باشلەڭگەر يېزىسى، نەۋئابات تاجىك
مىللىي يېزىسى، كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى قاتارلىق 12 يېز
بار. بۇ ناھىيە خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن 000
يىللار ئىلگىرىلا بۇيەردە «گۇما بەگلىكى» قۇرۇلغان. «خەننامە»
بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. يېڭى جۇڭگ
قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا،
جايدىن كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقىلىپ، قوغدىلىش
دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

ئوخشاش قاشالانغان جايلار، شادلىق قوتانلار، قورۇق تاملار، ئىشىكلەر چاتما شەكىلدە بىر - بىرىگە ياندىشتۇرۇپ چېكىلگەن. ئۇنىڭغا خېلى يۇقىرى بەدىئىي، هۈنەر - سەنئەت سىڭدۈرۈلگەن. يەنە بىر جايدا هارۋا رەسىمى ناهايىتى ئوخشىتىپ چېكىلگەن. ئۇنىڭ ساندۇقى، بىر چاقى، شوتىسى بار. ئەپسۇسكى، بۇ رەسىم يېقىنقى يىللاردىلا بۇزۇۋېتىلگەن. يەنە بىر رەسىمدە هاسا تۇتقان پادىچى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا توپ - توپ ئوتلاۋاتقان چارۋا - ماللارنىڭ هالەتلىرى يۇقىرى سەنئەت ماهارىتى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قىياتاش سۈرىتىدىكى چارۋا - مال قوتانلىرى ۋە قورۇق تاملار، تارىم ۋادىسىدىن بايقالغان باشقا قىياتاش رەسىملىرىدىن ئالاهىدە پەرقلىق بولۇپ، مەزمۇن ئېتىبارى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

باش كېڭەز قىياتاش رەسىمىنىڭ دەۋرى مىلادىيىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، هازىر «ناهىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلدى.

## 3. ئارىش ئۆڭكۈرى قىياتاش رەسىمى

بۇ قىياتاش ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي - جەنۇب تەرىپىگە 68.7 كىلومېتىر كېلىدىغان نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدىكى بىر ئۆڭكۈرگە جايلاشقان بولۇپ، چېچەك ئۆڭكۈر قىياتاش رەسىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدى تەرىپىدە پەلەمپەي شەكىللىك چىغىر يول ۋە سۇ ئاقىدىغان جىلغا، يان تەرىپىدە تۈپتۈز كەتكەن ئوت - چۆپلۈك بولغاچقا، كىشىلەر بۇ يەرنى «ئايرىش ئۆڭكۈرى» دەپ ئاتىغان. كېيىنچە بۇ سۆز «ئارىش ئۆڭكۈرى» بولۇپ قالغان.

ئۆڭكۈرنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى هەم ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر كېلىدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ تاملىرىغا سۇس قىزىل، ساغۇچ، ئاق، قارا رەڭلىك تەبىئىي مىنېراللار بىلەن هەر خىل رەڭلىك رەسىملەر ئىپتىدائىي ئۇسلۇب بويىچە كۆركەم سىزىلغان. ئۆڭكۈرنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدە تاشتىن قوپۇرۇلغان، دائىرىسى 50 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ئىپتىدائىي مال قوتىنى بار. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكىلەر ئىشلەتكەن تاش، ياغاچ ۋە سۆڭەك قوراللارنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان هەمدە «ئارىش ئۆڭكۈر» نىڭ ئاز تېپىلىدىغان

تاغ تېكىلىرىنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، ھەيۋەتلىك مۈڭگۈزلىرى، ئال
ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بوشلۇقتا تاقلاۋاتقانلىقى، جەرە
كېيىك ۋە ھەر تەرەپكە شاخلاپ كەتكەن مۈڭگۈزى بار بۇغىلارنى
بېشىنى تىك تۇتۇپ ئەتراپنى كۆزىتىۋاتقانلىقى، توپ - توپ بول
ئۈركۈپ قېچىۋاتقانلىقى ... قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر ناھايىتى جانلىق
سىپتا چېكىلگەن بولۇپ، كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. بۇلارد
باشقا نەچچە ئون كىشىنىڭ خىلمۇ خىل ھەرىكەت ئۇستىدىك
ھالەتلىرى، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلەر، تامغا - بەلگىلەر
يېقىنقى زامانلاردا كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇيغۇرچە (كونا
يېڭى يېزىقلاردا) ئادەم ئىسىملىرى، ئەرەب رەقەملىرى، ئاد
رەسىملىرى بار.

مەزكۇر قىياتاش رەسىمىنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە ئېنىق بە
قاراش تېخىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى يوق. بەزىلەر ئۇنى برونزا دەۋرىگ
تەۋە دېگەن قاراشتا بولۇۋاتىدۇ. رەسىملەرنىڭ مەزمۇنىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، تېخىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن.
بۇ ئورۇن 1981 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان
مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ قوغداش كۈچەيتىلدى.

## 2. باش كېڭەز قىياتاش رەسىمى

بۇ قىياتاش رەسىمى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق
جاينىڭ شەرقىي - جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 60 كىلومېتىر
كېلىدىغان كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ باش كېڭەز كەنتى
دائىرىسىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان
78° 18′ 12″، شىمالىي پاراللېل 37° 02′ 22″ غا توغرا كېلىدۇ.
قىياتاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، ئېگىزلىكى 3 - 4 مېتىر. بىر
قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان رەسىملەرنىڭ ئېگىزلىكى 10 - 23
سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 - 8 سانتىمېتىر، رەسىملەردىكى
ئادەملەرنىڭ مال بېقىۋاتقان، ئوقيا - نەيزىلەر بىلەن ئوۋ ئوۋلاۋاتقان،
ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنىڭ قىسمەن جايلىرى
بۇزۇلغان. رەسىمدە ھايۋانلاردىن ئاساسەن ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك ئارقار
ۋە تاغ تېكىسى بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قېچىپ كېتىۋاتقان، بەزىلىرى
بېشىنى تىك تۇتۇپ ئەتراپنى كۆزىتىۋاتقان، يەنە بەزىلىرى بوشلۇقتا
سەكرەۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىملەر ئىچىدە يەنە قوتانغ

يىللىرى ياقۇپ بەگ زامانىسىدا چوڭ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغاندا، گۇمىدىكى ئاتاقلىق دىنىي زات ئىبراھىم ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن جامەنىڭ دائىرىسى قايتا كېڭەيتىپ سېلىنغان. 1981 - يىلى يەنە قايتىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇلغان. بۇ جامە ھازىر ئەلنىڭ چوڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولۇپ، «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» ھېسابلىنىدۇ.

## 5. ئىرىغىل قەدىمكى قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شەرقىي - جەنۇبىغا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان سانجۇ يېزىسى ئىرىغىل كەنتى دائىرىسىگە تەۋە، كونا بازار مەھەللىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىدىكى قاراقىر تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ تەرىپى يارلىق ۋە سەل ئاقىدىغان جىلغا. جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدە يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى بار.

بۇ كەنتتىكى تۇردى ئاخۇن دېگەن كىشى 1973 - يىلى دادىسىنىڭ جەسىتىنى يەرلىكتە قويۇش ئۈچۈن توپا قاتلىمى ياخشى بولغان بىر جايىنى تاللاپ، كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە يەرلىك كولىغاندا، بۇ جايدىن بىر دانە ساندۇق چىققان. ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئىككى ئادەمنىڭ جەسىتى بولۇپ، جەسەتنىڭ بېشىغا كوزا قويۇلغان. بۇ ئەسلىدە قوش كىشىلىك تاۋۇت بولۇپ، بۇنى بايقىغانلار قورقۇپ كېتىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلمىغان. كېيىن ئۇلار دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسارە - ئەتىقە ئورۇنلىرىنى قوغداش توغرىسىدىكى سىياسىتىنىڭ تۇرتكىسى بىلەن، بۇ ئەھۋالنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىگە مەلۇم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەبرىستانلىق رەسمىي بايقىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. نەتىجىدە، بۇ جايدىن ئۈچ قەبرە بايقالغان.

1- نومۇرلۇق قەبرە: بۇ قەبرىدىن چىققان جەسەت دەرەخ غولىدىن ياسالغان نو ئىچىگە سېلىنغان بولۇپ، جەسەتنىڭ بېشى غەرب تەرەپكە قارىتىلىپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا تاقاق سېلىنغان، يوچۇقلىرى گەج بىلەن ئېتىلگەن. بۇ نونىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، دىئامېتىرى 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. جەسەت پۈتۈنلەي چىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، باش، پۇت - قول سۆڭەكلىرى ھېچنېمە بولمىغان. جەسەتنىڭ بېشىغا سېپتا ئىشلەنگەن ياغاچ ئاياغ

مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. جاي ھازىر «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى قاتارىدا قوغدىلىۋاتىدۇ.

## 4. گۇما چوڭ جامەسى

بۇ جامە گۇما بازار ئىچىدە بولۇپ، ئىگىلىگەن ئورنى 819 كۋادرات مېتىر، جامە ئىچىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2560 كۋادرا مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 67 مېتىر، كەڭلىكى 57 مېتىر كېلىدۇ. جامە نامازخانا، ئىچكى - تاشقى ھويلىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1216 كۋادرات مېتىر ئىچكى ھويلا نامازخانىغا تۇتاش بولۇپ، پىششىق خىشلىق قور تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 178 مېتىر، پولات چىۋىقلىق سېمونت دەرۋاز راۋىقى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئېگىزلىكى 17 مېتىر، راۋاقنىڭ چوققىسىدىكى بوغۇم - بوغۇم شەكىللىك زىننەت قۇرۇلۇشىدا پولات چىۋىق تىرەپ تۇرىدىغان ئاي - يۇلتۇز بەلگىسى بار، ئۇنى كىچىك رەڭدار چىراغلار ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇستۇنكى قەۋىتى يۇملاق تورۇسلۇق ئەزانخانا بولۇپ، نامازغا ئەزان توۋلىنىدۇ. ئىچكى - تاشقى ھويلىلارنىڭ دەرۋازا بىناسى بار. سىرتقى ھويلا دەرۋازىسىنىڭ ئۈستى تەرەپ ئوتتۇرىسىغا سائەت ئورنىتىلغان ۋە قوغۇن، ئۈزۈم، گۈللەر قاپارتما قىلىپ نەقىش قىلىنغان. دەرۋازا تورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىغ ئاسما چىراغ بېكىتىلىپ، ئەتراپىغا سېمونتتىن ياسالغان قوغۇن، ئۈزۈم ۋە گۈللەر ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، رەڭگى ئوچۇق، شەكلى ئەينەن، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە.

ئىچكى ھويلىدا خىشلىق سۇپا، نامازخانا، تونەكخانا ۋە ئىسھاق ۋەلىنىڭ خاتىرە ئۆيى بار. بەش تۇپ قامەتلىك سېدە دەرىخى نامازخانىنىڭ ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە بىردىن يان ئىشىك ۋە توققۇز ئېغىزدىن ھۇجرا بار. قىرلىق كىچىك تۈۋرۈكلەر بىلەن تىرىلىپ، پېشايۋان ھاسىل قىلىنغان. جامەدە بىرلا ۋاقىتتا بەش مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ناما ئوقۇيالايدۇ.

ئۇنىڭ دەسلەپكى ئۇلى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 12 ئەسىرلەردە سېلىنغان بولۇپ، 1550 - يىللىرى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا دېگەن كىشى تەرىپىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان. 1860

ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يىل دەۋرى كېيىنكى قەبرىستانلىقى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ قەبرىستانلىق ھازىر «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلدى.

## 7. غاز خوجام مازىرى خارابىسى

بۇ خارابە گۇما بازىرى ئارىش كەنتىدە بولۇپ، شەرقىي مېرىدىئان ″00 ′20 °78 ، شىمالىي پاراللېل ″06 ′34 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى ئۈچ كۋادرات كىلومېتىر. بۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان تاش قورال ۋە ساپال پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قىزىل ساپال ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. كۆل رەڭ، قارا ساپال پارچىلىرىمۇ بار، نەقىشلىكلىرى ئاز، بەزىلىرىدە جىجىلغان سىزىقلار بار، غەربىي شىمال بۇرجەكتە كېيىنكى ئىسلام قەبرىستانلىقى ھەم كېيىنكى دەۋرنىڭ ساپال، فارفور پارچىلىرى بار.

بۇ يەر ئەسلىدە قۇملۇق بولۇپ، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئافغانىستانلىق بۇبا سۇرھەي دېگەن كىشى ۋە ئوغلى خوجا پەقىر مۇھەممەد بىلەن بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ سېۋەت توقۇپ تىرىكچىلىك قىلغان، كېيىن ئۇلار شەيخ ھىجاز قېشىغا زىيارەت قىلىپ بارغاندا غازغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ بارغان، ئۆلگەندىن كېيىن بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانمىش. كىشىلەر ئۇ زاتنى «غاز ئالىم خوجا» دەپ، بۇ مازارنى بولسا «غاز ئالىم خوجا مازىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

مازار ھازىر «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى» قاتارىدا قوغدىلىۋاتىدۇ.

## 8. بۇتلۇق خارابىسى

بۇ خارابە زاڭگۇي يېزا يېڭىئاۋات كەنتىنىڭ بىر كىلومېتىر شىمالىدا بولۇپ، شەرقىي مېرىدىئان″44 ′46°78 ، شىمالىي پاراللېل ″20 ′23 °37 قا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن - غەربكە كەڭلىكى بىر كىلومېتىر، جەنۇبتىن - شىمالغا كەڭلىكىمۇ بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. خارابىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە دېھقانچىلىق مەيدانى، شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە قۇملۇق بار. خارابە قۇم توپىلىق بوزلۇقتا جايلاشقان. بۇ جايدا بۇتخانا خارابىسى بار بولغاچقا، «بۇتلۇق» دەپ

(ئاش ئىچىدىغان) كىيگۈزۈلگەن. سول مۈرىسىنىڭ ئۈستىگ ئەينەك، ئەينەك ئۈستىگە بىر دانە سۆزگۈچ ۋە يىپەك رەخت قويۇلغان. تەكشۈرگۈچى خادىملار بۇ قەبرىستانلىقتىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ ۋاقتىنى لوپ سامپۇل قەبرىستانلىقى بىلەن ئوخشاش دەپ جەزملەشتۈرگەن.

2 - نومۇرلۇق قەبرە: بۇ قەبرىنىڭ يۆنىلىشى 1 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ئادەم بېشى، بىر قولاقلىق كومزەك تېپىلغان. بۇ 30 ـ 40 ياش ئەتراپىدىكى ئايالنىڭ بېشى بولۇپ، ئۇنىڭ چىشلىرى ھېچنېمە بولمىغان.

3 - نومۇرلۇق قەبرە: بۇ قەبرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىر بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1.8 مېتىر، كەڭلىكى 38 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپى ياغاچ تاختاي بىلەن ئېتىلگەن. جەسەت چىرىپ كەتكەن.

ئېرىغىل قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ماددىي بۇيۇملار ۋە جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرىستانلىق بۇنىڭدىن ئاز دېگەندىمۇ 2000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ جاي ھازىر «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 6. دۆلدۆلئوقۇر قەدىمكى قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق قوشتاغ يېزىسىدىكى دۆلدۆلئوقۇر دېگەن يەرگە جايلاشقان بولۇپ، جاڭگال سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى داۋامىدا بايقالغان. قەبرىستانلىقتىن نو ئىچىگە سېلىنىپ دەپنە قىلىنغان ئۈچ جەسەت (جەسەتلەرنىڭ ھەر بىرى بىردىن ياغاچ نو ئىچىگە سېلىنغان) تېپىلغان. نونىڭ ياغىچى سەل پورلاشقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2.20 مېتىر، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر، نونىڭ ئىككى تەرىپى يۇمىلاق ياغاچ تاختاي بىلەن مەھكەم ئېتىلگەن، جەسەت سېسىپ، بېشىدىكى ئۇزۇن ساغۇچ چېچى ئاجراپ كەتكەن. سۆڭەكلىرى سارغىيىپ قالغان. لېكىن، چىشلىرى تولۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ 35 ـ 40 ياشلار ئەتراپىدا ۋاپات بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. جەسەت قويۇلغان ياغاچ نو ئىچىدىن كىگىز پارچىلىرى، جەسەتنىڭ ئۈچىسىغا كىيدۈرۈلگەن سېرىق زەر توتۇلغان كالۋۇتۇن رەخت پارچىسى بىللە قېزىۋېلىنغان. قەبرىستانلىقنىڭ مەدەنىيەت

كېلىدىغان جايدا قۇدۇق بېشى كەنتى بار. شىمالىي تەرىپى يۇلغۇنلۇق، شەرقىي تەرىپى قۇملۇق، جەنۇبىي تەرىپى شېغىللىق ساي، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″28 ′52°78 ، شىمالىي پاراللېل ″47 ′21 °37 قا توغرا كېلىدۇ.

بۇ پوتەيمۇ چىلڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي قاراۋۇلخانا خارابىسى بولۇپ، خىشلىرى چاڭ باستۇرۇپ تۇز قوپۇرۇلغان پىرامىدا شەكىللىك توپا سەھنىدىن ئىبارەت. ئېگىزلىكى 3.6 مېتىر، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 5.3 مېتىر، ئۇستى قىسمىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 2.3 مېتىر، شەرقتىن - غەربكە ئۇزۇنلۇقى 2.95 مېتىر. غەربىي تام بۇزۇلغان، غەربىي تام بىلەن شىمالىي تام تۇتىشىدىغان يەردە ئىشىك بولۇپ، ھازىر بوش جاي بار. بۇ جايدىن شىمالىي تامنى بويلاپ پەلەمپەي چىقىرىلغان بولۇپ، قاراۋۇلخانا ئۇستىگە چىققىلى بولىدۇ، لېكىن پەلەمپەيلەر ھازىر بۇزۇلۇپ كەتكەن. پەلەمپەينىڭ كەڭلىكى 60 سانتىمېتىر، تامنىڭ قېلىنلىقى 45 سانتىمېتىر، كېسەكلەرگە سامان ئارىلاشتۇرۇلغان. خىش ئارىسىدىكى لاينىڭ قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر، تامنىڭ سىرتى ئەسلىدە لاي بىلەن سۇۋالغان بولسىمۇ، ھازىر كۆپىنچىسى سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن.

بۇ پوتەي ھازىر «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## 11. جەينەك خارابىسى

بۇ خارابە ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىدىن 29.7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چودا يېزىسى جەينەك كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″24 ′34 °78 ، شىمالىي پاراللېل ″30 ′27 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر. مەزكۇر خارابىنىڭ جەنۇب ۋە شەرق تەرەپلىرى سايلىق، شىمال تەرىپى جەينەك ۋە باشلاق بوستانلىقى تۇتاشقان بەلباغ. يەر ئۇستىدە يارداڭ دۆڭلۈكلەر بار. دۆڭلۈكنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2 ـ 4 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. خارابىنىڭ يەر يۈزىدە ئاندا - ساندا ساپال پارچىلىرى، تاش قوراللار بار.

بۇ خارابە ھازىر «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» ھېسابلىنىدۇ.

ئاتالغان. مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 20 سانتىمېتىر، يە-يۇزىگە گەجدىن ياسالغان بۇت ۋە نەقىش پارچىلىرى تولۇپ كەتكەن ساپال پارچىلىرىمۇ بەك كۆپ بولۇپ، قىزىل رەڭلىك ساپاللار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ يەردە يەنە بۇزۇلغان خۇمدان ئىزىمۇ بار. جۇڭگو ئارخېئولوگىي خۇاڭ ۋېنبى بۇ جايدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇلار ئاساسلىقى، ساپال پۇچۇقلىرى، بەش مىسقاللىق پۇل... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

خارابىنىڭ جەنۇبىدا ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى قەبرىلەر بار بولۇپ، تىك گۆرلەرنىڭ ئاغزى شال ياكى قومۇش بىلەن يېپىلغان. شىمال تەرەپتە تۆت ئورۇندا خۇمدان ئىزى تېخىچە ساقلىنىپ قالغان. خۇاڭ ۋېنبى «تارىم ئارخېئولوگىيىسى خاتىرىسى» ناملىق ئەسرىدە بۇ يەرنىڭ نامىنى «شەھىدلىك» دەپ ئاتىغان.

خارابىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇنىڭدىن 1500 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ جاي «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## 9. ئاق پوتەي (A)

بۇ پوتەي زاڭگۇي يېزا باشبۇلاق كەنتىنىڭ جەنۇبىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي مېرىدىئان "20 '40°78، شىمالىي پاراللېل "42 '25°37 قا توغرا كېلىدۇ. ئۇ، ئەسلىدە چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي قاراۋۇلخانا خارابىسى بولۇپ، قۇرۇلۇش ئاللىقاچان بۇزۇۋېتىلگەن. پەقەت تامنىڭ ئۇلى ۋە يىقىلغان توپىسى قالغان. تام ئۇلىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 5.6 مېتىر، شەرقتىن - غەربكە ئۇزۇنلۇقى 6.8 مېتىر.

بۇ جاي ھازىر «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## 10. ئاق پوتەي (B)

بۇ پوتەي زاڭگۇي يېزا قۇدۇقبېشى كەنتى تەۋەسىدە بولۇپ، يەر يۈزىدە (ئەتراپىدا) كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەكىللەنگەن تەكشى قۇم بارخانلىرى، ناھايىتى ئاز قىزىل يۇلغۇن بار. غەربكە ئۈچ كىلومېتىر

بىلەن ياسالغان. ساپال پارچىلىرىنىڭ قېلىنلىقى 0.2 ـ 4 سانتىمېتىردىن ئاشمايدۇ. بۇ خارابە ھازىر ناھىيە تەرىپىدىن «نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## 14. چارباغ زاراتگاھلىقى

بۇ زاراتگاھلىق چودا يېزا چارباغ كەنتىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″20 ′32 °78 ، شىمالىي پاراللېل ″19 ′28 °37 قا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 700 مېتىر، جەنۇبتىن ـ شىمالغا كەڭلىكىمۇ 700 مېتىر كېلىدۇ. مەزكۇر زاراتگاھلىق بۈگۈنكى كۈندە تاشلىنىۋېتىلگەن بولۇپ، يەر يۈزىدە كۆپ مىقداردا ساپال پارچىسى بار.

## 15. سولغاز يار بويى خارابىسى

مەزكۇر خارابە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شەرقىدىن 10.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى موكۇيلا يېزىسىنىڭ يېڭىئېرىق كەنتى تەۋەسىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″40 ′24 °72 ، شىمالىي پاراللېل ″05 ′31 °37 قا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر، جەنۇبتىن ـ شىمالغا ئۇزۇنلىقى 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

خارابە يەر يۈزىدە زىچ ھەم رەڭگارەڭ ساپال پارچىلىرى تولۇپ ياتىدۇ. ساپال پارچىلىرىدىكى نەقىشلەر ناھايىتى مول، دولقۇن شەكىللىك، خىش شەكىللىك، نېلۇپەر يوپۇرمىقى شەكىللىك، سانجىپ چىقىرىلغان چېكىت نەقىش، چاپلىما ئۈزۈم نەقىش، ئېرىقچە ئويۇلغان نەقىش، كۆپتۈرمە نەقىش، تامغا بىلەن چۈشۈرۈلگەن نەقىش، ھەر خىل نەرسىلەر بىلەن بېسىپ (جىجىپ) چىقىرىلغان نەقىشلەر بار. ئايرىملىرىدا بەلگە ئۇچرايدۇ. ساپال پارچىلىرىنىڭ رەڭگى قىزىل، كۈل رەڭ، قارا بولۇپ، ئايرىملىرىدا يېشىل سىر بار، قىزىل رەڭلىكلىرىنىڭ تېگىدە جىگەر رەڭمۇ بار. ساپال ئارىسىدا قۇم ئارىلاش ساپال كۆپرەك، بۇلاردىكى قۇم دانىچىلىرىنىڭ چوڭلىرىنىڭ دىئامېتىرى 0.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. خارابىلىكتىن ساپال بۇيۇملاردىن باشقا يەنە، چۈرىسى كېسىلگەن بەش مىسقاللىق مىس پۇل، كۇسەن كىچىك پۇلى، مىس ئوق بېشى، مىس ۋە تۆمۈر

## 12. يار بويى خارابىسى

بۇ خارابە موكۇيلا يېزا قاقشال كەنتىنىڭ غەربىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "20 '20 °78 ، شىمالىي پاراللېل "48 '32 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر، غەربىي تەرىپىدە سايلىق جىلغا، جەنۇبىي تەرىپىدە خوتەن - قەشقەر تاشيولى بار. خارابىلىكنىڭ يەر يۈزىدە ساپال پارچىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، قىزىل ساپال ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. كۈل رەڭ ساپال، قارا ساپاللارمۇ ئاندا - ساندا بار. كۆپىنچىسى قۇم ئارىلاش ساپاللاردۇر. بۇ جايدىن يەنە ئەينەك، مىس بۇيۇم پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئەينەكلەرنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇپ، سۈزۈكلۈك دەرىجىسى يۇقىرى ئەمەس. ساپال پارچىلىرى ئىچىدە سىرلانغانلىرىمۇ بار. نەقىشلىرى ئىچىدە تامغا بېسىپ چىقىرىلغان خەتلىك نەقىش ھەم ئويۇپ، جىجىپ چىقىرىلغان دولقۇنسىمان نەقىش قاتارلىقلار بار. يەنە سۇندۇرۇۋېتىلگەن كىچىك ياغىچاق تەخسىسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

يار بويى خارابىسى «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى» دۇر.

## 13. چوققىلىق خارابىسى

بۇ خارابىمۇ موكۇيلا يېزا قاقشال كەنتى تەۋەسىدە بولۇپ، كەنتنىڭ غەربىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شامال يالاپ كەتكەن توپا دۆڭلۈككە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "02 '19 °78 ، شىمالىي پاراللېل "39 '32 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 250 مىڭ كۋادرات مېتىر.

بۇ جاي قەدىمكى ئاھالىلەر ئولتۇراق خارابىسى بولۇپ، يەر يۈزىدە گەج پارچىلىرى، خومدان ئىزى ھەم داشقاللار بار. ساپال پارچىلىرى ئىنتايىن كۆپ، قىزىل ساپال ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، ھەم ئاز مىقداردا كۈل رەڭ، قارا ساپاللارمۇ بار. كۆپىنچىسى قۇم ئارىلاش ساپاللاردۇر. ساپال پارچىلىرى، تۈز ئېغىزلىق، يۇمىلاق گىرۋەكلىك بۇيۇم؛ ئىنچىكە بويۇنلۇق كىچىك ئېغىزلىق شىشە؛ قەرىمە ئېغىز، ئەگمە گىرۋەكلىك بۇيۇم؛ تۈز ئېغىزلىق ئەگمە گىرۋەكلىك بۇيۇم؛ كاۋاك ھالقا تەگلىك، ئېگىز ھالقا تەگلىك، تۈز تەگلىك بۇيۇم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆپىنچىسى چاق

ئومۇمىي كۆلىمى 1.5 كۋادرات كىلومېتىر.

مەزكۇر خارابىلىكنى ئاۋرېل ستەين، سۇېن ھېدىنلار دەسلەپ بايقىغان بولۇپ، ستەين ئۆزىنىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «مەن تۈگۈجايدىن يەنە بىر داڭلىق قەدىمىي خارابىلىك - ھاساغا ئاتلىق يېتىپ كەلدىم. ئۇ، مۇجىنىڭ شىمالىغا 1.5 مىل كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ئاللىقاچان دوكتور سۇېن ھېدىننىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. بۇ ئېھتىمال بىر ئىسلام دىنى مۇرىتىنىڭ مەقبىرىسى بولسا كېرەك. لېكىن، يىل دەۋرى توغرۇلۇق ئېنىق بىر بەلگە يوق ئىدى. بىر كىچىك قەبرە ئۈستىدە باش سۆڭەك ۋە ئۇستىخانلار چىقىپ قالغانىدى. مەن ياغاچ بىلەن يېپىلغان نۇرغۇن قەبرىلەر ئىچىدىن بىرىنى ئېچىپ، بىر كىچىك بالىنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆردۇم. ئۇ پاختا رەخت بىلەن كېپەنلەنگەن، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە، قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزۇلغانىدى...»

خارابىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ياردائلىق بولۇپ، يەر يۈزىدە ساپال پارچىلىرى بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ئەمەس. بەزى يەرلەر ئاللىقاچان تېرىلغۇ ئېتىزلىرىغا ئايلانغان. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىلگىرى بۇ يەردىن ئىككى دانە ساپال كوزا يىغىۋالغان. بۇنىڭ بىرى چاڭ كېتىپ بۇزۇلغان؛ يەنە بىرى تاق قۇلاقلىق، ئىنچىكە بويۇنلۇق دۇمباق قورساق ساپال ئۆرۈق بولۇپ، قىزىل ساپالدا نەپىس ياسالغان. ئۇنىڭدىن باشقا بىر تىزىق مارجان ۋە ئىككى دانە مىس جىڭ تېشى تېپىۋېلىنغان.

بۇ خارابىلىك ناھىيە تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى.

## 18. قوشكۆل خارابىسى

بۇ خارابە زاڭگۈي يېزىسى يېڭىئاۋات كەنتىنىڭ شىمالىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″32 ′46 °78 ، شىمالىي پاراللېل ″43 ′38 °371 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر. خارابىنىڭ يەر يۈزىدە ساپال پارچىلىرى ناھايىتى زىچ بولۇپ، قىزىل رەڭلىك ساپاللار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. خەن، تاڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

بۇيۇم پارچىلىرى ھەمدە ئەينەك پارچىلىرى قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان.

بۇ خارابە ھازىر «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلدى.

## 16. تۇغگان ئۆلگەن بىنام خارابىسى

مەزكۇر خارابە چودا يېزىسىنىڭ غەربىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇقتا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″10 ′27 °78 ، شىمالىي پاراللېل ″54 ′28 °37 قا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىر. خارابىلىكنىڭ جەنۇب تەرىپى قۇملۇق (خوتەن - قەشقەر تاشيولىغا تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ)، شەرقىي تەرىپى چودا بوستانلىقىغا يىراق ئەمەس. غەربىي - شىمالىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا موكۇيلا يېزىسى بار.

خارابىلىكتىكى مەدەنىي مىراسلار بار يەرنىڭ دائىرىسى، شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا بىركىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ دائىرىنىڭ ئىچىدە 2 ـ 3 كىچىك دائىرە (100×50 مېتىر) لىك مەدەنىيەت بەلۋېغى بار بولۇپ، يەر يۈزىدە تاش قورال (ياغنچاق) ۋە ساپال پارچىلىرى بار. قىزىل رەڭلىك ساپاللار بەك كۆپ. بۇيۇملارنىڭ شەكلى چودا، موكۇيلا يېزىلىرىغا جايلاشقان باشقا خارابىلەردىكى ساپال پارچىلىرى بىلەن ئوخشاش. مىس پۇل پارچىلىرىمۇ بار. خارابىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا بىر توپا دۆڭ ئۈستىدە بۇزۇۋېتىلگەن ئىمارەت دۆۋىسى بولۇپ، سېغىز لاي، خىش ئىشلىتىلگەن. خارابىنىڭ تەخمىنەن ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، دىئامېتىرى بەش مېتىر. ئەتراپىدا ساپال، گەج پارچىلىرى بار. بۇ دۆڭ ئەسلىدە تۇر ياكى بۇددا مۇنارى بولۇشى مۇمكىن. كەم بولغاندىمۇ 1000 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ جاي ھازىر «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## 17. ھاسا خارابىسى

مەزكۇر خارابە مۇجى يېزا ھاسا كەنتىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″44 ′35 °78 ، شىمالىي پاراللېل ″03 ′28 °37 قا توغرا كېلىدۇ.

بۆلۈۋەتكەن. غەربىي تەرىپىدە چوڭ يول بار. گۈچ تەرىپى يېزا - كەنت، ئېگىزلىك ئۈستىدە ئىسلام قەبرىستانلىقى بار.

خارابىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″24 ′34 °78 ، شىمالىي پاراللېل ″25 ′27 °37 قا توغرا كېلىدۇ. جەنۇبتىن - شىمالغا ئۇزۇنلۇقى (كەڭلىكى) تەخمىنەن 150 مېتىر، شەرقتىن - غەربكە ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، يەر ئۈستىدە ساپال، خىش پارچىلىرى بولۇپ، پىشۇرۇلۇشى ياخشى. قىزىل ساپال پارچىلىرى كۆپ مىقدارنى ئىگىلەيدۇ. كۈل رەڭلىرى ئاز ساندا ئۇچرايدۇ. كۆپىنچىسى قوم ئارىلاش ساپاللاردۇر. نەقىشلىك بۇيۇملارنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا ئېغىزلاردىن: قەيرىمە گىرۋەكلىك ئېغىز، يىغما ئېغىز، ئەگمە گىرۋەك تۈز ئېغىز، تۈز گىرۋەك قاتارلىقلار بار. ئاستى قىسمىدىن: تۈز تەگ، ئىچى كاۋاك ھالقا تەگ، پۇتۇك ھالقا شەكىللىك تەگ قاتارلىقلار بار. نەقىشلەر ئاساسەن تامغىدا بېسىپ چىقىرىلغان ۋە دولقۇنسىمان نەقىشلەردىن ئىبارەت.

بۇ خارابىلىكتىمۇ ئاۋرېل ستەيىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «...خارابىلىك كەنتىنىڭ شىمالىغا بىر مىل كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، تۆگە جاي دەپ ئاتىلىدىكەن. مەن ئۇ يەردىن ئالدىنقى كۈنى كۆرگەنگە ئوخشاش، ئۇپراش دەرىجىسى ئانچە چوڭ بولمىغان، ئۈستىدە ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان نۇرغۇن سېرىق توپا تۆپىلىكلىرىنى بايقىدىم. ھازىر قۇرۇپ قالغان جىلغا يازنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى كەلكۈننىڭ يالىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، قەدىمىي پۇللار ئەنە شۇ يەردىن تېپىلغانىدى. يەرلىك بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەنتتىكى كۆپلىگەن كىشىلەر كېلىپ ماڭا ياردەملەشتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار سىرى ناھايىتى ئوچۇق ۋە رەڭدار گۈل نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن ساپال پارچىلىرىنى تېپىپ كېلىشتى. يەنە بەزىلىرى ئورەكلەردىن قەدىمىي پۇل ئىزدىشىۋاتاتتى. ئۇلار كۆز ئالدىمدىلا ئازگال ئىچىدىن ئالتە دانە مېتال پۇل كولاپ ئالدى. شۈبھىسىزكى، بۇ پۇللار ئەڭ دەسلەپكى ساپال پارچىلىرى قاتلىمى ئىچىدىن يۇيۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ يىل دەۋرىگە ئائىت يىپ ئۇچىغىمۇ ئىگە بولدۇم. بۇنىڭ باشقا خارابىلىكنى قازغاندا ياردىمى بولاتتى. ساپال بۇيۇملاردىن سىرت، يەنە نۇرغۇن ئەينەك پارچىلىرى ۋە كىچىك قاشتېشى پارچىلىرى تېپىلدى. مەن ئەينەك پارچىلىرىنىڭ پارقىراپ تۇرغان

مەزكۇر خارابە ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

## 19. شورلۇق خارابىسى

بۇ خارابە كۆكتېرەك يېزا كۆكيار كەنتىنىڭ غەربىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″48 ′14 °78 ، شىمالىي پاراللېل ″43 ′38 °37 قا توغرا كېلىدۇ. كەڭلىكى 100 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1500 مېتىر.

خارابە يۈزىنى بوران يالاپ كەتكەن. يادىكارلىق بۇيۇمى بار جاي شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا سوزۇلغان. بۇ خارابىدىن تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە قىزىل ساپال پارچىسى، داشقال، داتلاشقان تۆمۈر پارچىسى، مىس پۇل پارچىلىرى قاتارلىقلار بار. يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس.

مەزكۇر خارابە ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى.

## 20. ئۇتتۇرا قۇدۇق خارابىسى

بۇ خارابە پىشنا يېزا ناۋۇت كەنتىنىڭ غەربىگە ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان ئېدىرلىقتا جايلاشقان بولۇپ، قومۇش قاپلاپ كەتكەن. شەرقى پىشنا جىلغىسىدىكى ناۋۇت كەنتى، جەنۇبى تاغ ئالدىدىكى شېغىللىق ساي، غەربى قۇم بارخانلىرى، شىمالى ئېدىرلىق چۆل بولۇپ، شەرقىدە «باش قۇدۇق»، غەربىدە «ئاياغ قۇدۇق» دېگەن يەرلەر بار. بۇ قۇدۇقلار ئاللىقاچان تاشلىنىپ كەتكەن. ھازىر بار ئوتتۇرا قۇدۇقنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″28 ′59 °77 ، شىمالىي پاراللېل ″12 ′29 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر. خارابىلىكتە تاش، ساپال پارچىلىرى بار. ساپال پارچىلىرى بەك ئاز بولۇپ، قىزىل ساپال (قۇم ئارىلاش) ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ساپاللارنىڭ پىشۇرۇلۇش دەرىجىسى يۇقىرى ئەمەس.

## 21. تۆگە جاي مازار خارابىسى

بۇ خارابە چودا يېزا سېرىق چاقا كەنتىنىڭ جەنۇبىدىن مۆجى بازىرىغا بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىككى يار جىلغا بۇ يەرنى ئۈچكە

سانتىمېتىر، ئىككىنچى قەۋەت پەلەمپەينىڭ كەڭلىكى 46 سانتىمېتىر، ئۈچىنچىسىنىڭ 35 سانتىمېتىر، تۆتىنچىسىنىڭ 35 سانتىمېتىر، ئىشىك ئاغزىدا ئەسلىدە پەلەمپەي بار بولسىمۇ، ھازىر ئاللىقاچان يوقالغان. ئىشلىتىلگەن خىشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 ـ 35 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 ـ 18 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالتە سانتىمېتىر، خىش ئارىلىقىدىكى لاي قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 2.5 سانتىمېتىر. تام كاكىل بىلەن سۇۋالغان.

بۇ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاراۋۇلخانا خارابىسى بولۇپ، ھازىر ناھىيە تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتىدۇ.

## 24. ماشلىق لەڭگەر پوتەي خارابىسى

بۇ خارابە گوما بازىرى قىشلاق ئايلا كەنتىنىڭ جەنۇبىدىن 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چوڭ يول بويىغا جايلاشقان، ئەتراپى سايلىق. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″08 ′17 °78 ، شىمالىي پاراللېل ″24 ′34 °37 قا توغرا كېلىدۇ. دائىرىسى 2500 كۋادرات مېتىر.

بۇ خارابە ئاللىقاچان كولاپ بۇزۇۋېتىلگەن بولۇپ، قالدۇق دۆۋىسىنىڭ دىئامېتىرى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى بىر مېتىر، يەر يۈزىدە ياغاچ پارچىلىرى ۋە تاشلار بار. ئۇ ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاراۋۇلخانا بولۇپ، ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى.

## 25. كۆۋرۈك بېشى لەڭگەر پوتەي خارابىسى

بۇ خارابە موكۇيلا يېزا يېڭىئېرىق كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″44 ′23 °78 ، شىمالىي پاراللېل ″22 ′18 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 2500 كۋادرات مېتىر.

بۇمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاراۋۇلخانا بولۇپ، ئاللىقاچان بۇزۇۋېتىلگەن. قالدۇقنىڭ دىئامېتىرى 13.8 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر. بۇ جاي ھازىر ناھىيە تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتىدۇ.

## 26. سالاسۇن پوتەي خارابىسى

بۇ خارابە پىيالما يېزىسىنىڭ غەربىي ـ شىمالىدىن ئۈچ

رەڭگارەڭ نۇرىغا دىققەت قىلدىم. بۇ خىل ئەھۋال غەربنىڭ قەدىمىي ئەينەكلىرىدە دائىم كۆرۈلەتتى. جۇڭگو تۈركىستانىدا بولسا ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى ئۇزۇن مەزگىل ئۇنتۇلۇپ قېلىنغانىدى ...»

مەزكۇر خارابە ھازىر «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلدى.

## 22. كەتمىلىك خارابىسى

بۇ خارابە سانجۇ يېزا كەتمىلىك كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″16 ′33 °78 ، شىمالىي پاراللېل ″09 ′17°37 قا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى شەرقتىن غەربكە تۆت كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئىككى كىلومېتىر.

مەزكۇر خارابىلىكمۇ باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن يادىكارلىق نۇقتىلىرىدەك قۇم ئارىلاش ساپال پارچىلىرى كۆپ تارقالغان ئورۇن بولۇپ، نەقىشلىرى ئاز بولغان ساپاللاردىن تەركىب تاپقان. ئۇ، ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى قاتارىدا مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ.

## 23. قاراقىر پوتەي خارابىسى

بۇ خارابە پىيالما يېزىسىنىڭ غەربىي - شىمالىدىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چۆللۈككە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″57 ′04°78 ، شىمالىي پاراللېل ″33 ′19°37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 33.47 كۋادرات مېتىر.

مەزكۇر پوتەي توپا خىشتىن قوپۇرۇلغان كېسىك پىرامىدا شەكىللىك بولۇپ، ئېگىزلىكى 10.4 مېتىر، ئاستى تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 4.3 مېتىر، ئۈستى تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 9.1 مېتىر، تامىنىڭ قېلىنلىقى 75 سانتىمېتىر، ئۈستى تەرەپ كەڭلىكى 45 سانتىمېتىر كېلىدۇ. غەربىي تامىنىڭ ئىچى تەرىپىدە شەرققە قارىتىلغان بىر كالتە تام بار. شىمالىي تامىنىڭ سول تەرىپىدە بىر ئىشىك بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.9 مېتىر، كەڭلىكى 75 سانتىمېتىر بولۇپ، تېخىچە مۇكەممەل تۇرغان. قاراۋۇلخانىنىڭ ئىچى بوش، شىمالىي تامدا تۆت قەۋەتلىك پەلەمپەي بولۇپ، بۇنىڭدىن شەرقىي تامغا چىققىلى بولىدۇ. بىرىنچى قەۋەت پەلەمپەينىڭ ئۇزۇنلۇقى (كەڭلىكى) 26

بولىدۇ. پەلەمپەيىنىڭ كەڭلىكى 90 سانتىمېتىر، پەلەمپەي سانىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئىشلىتىلگەن خىش ئىككى خىل: بىرى ئادەملەر قۇيغان خىش، يەنە بىرى سىغىز پارچىسى. خىشنىڭ ئۆلچىمى 37 × 20 × 7 سانتىمېتىر؛ ئارىسىغا سامان ئارىلاشتۇرۇلغان. سىغىز پارچىلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن كېسىپ چاسىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۆلچىمى 40 × 25 × 10 سانتىمېتىر. خىش ئارىلىقىدىكى لايىنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر، تامنىڭ سىرتىدىكى سۇۋاقنىڭ قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر.

بۇ خارابە «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## 28. قاراقىر تىم خارابىسى

بۇ خارابە پىيالما يېزىسىنىڭ غەربىي - شىمالىدىكى قۇملۇق ئىچىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "57 '04 °79، شىمالىي پاراللېل "43 '20 °37 قا توغرا كېلىدۇ. تامنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 485.9 كۋادرات مېتىر.

خارابە بىر ئېگىز دۆمبەلدىن ئىبارەت بولۇپ، خام خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. قالدۇقىنىڭ ئېگىزلىكى 6.3 مېتىر، ئەتراپى كولىنۇۋېتىلگەن. ھازىرقى ھالىتى يېڭى چىققان ئاي شەكلىدە. شەرقتىن شىمالغىچە ئەڭ كەڭ يېرى 5.8 مېتىر، جەنۇبتىن - شىمالغا ئەڭ ئۇزۇن يېرى 13.3 مېتىر. خىشلارنىڭ ئۆلچىمى 50 × 32 × 8 سانتىمېتىر. بۇ، ئېھتىمال تاڭ دەۋرىدىكى تۇر خارابىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ جاي ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى.

## 29. قىزىل دۆۋە خارابىسى

بۇ خارابە دۆۋا بازىرى قىزىل دۆۋە كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قىزىل تاشلىق قىياتاغ ئېگىزلىكىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "12 '00 °79، شىمالىي پاراللېل "30 '10 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر.

خارابە تاغ ئۈستىدىكى خىش تام بولۇپ، خىشلىرىنىڭ چوڭلۇقى 45 × 35 × 11 سانتىمېتىر. بۇنىڭدىن كىچىكلىرىمۇ بار. خىشقا

كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″20 ′07 °78 ، شىمالىي پاراللېل ″22 ′18 °37 قا توغرا كېلىدۇ.

خارابە ئەسلىدە خام خىش بىلەن قوپۇرۇلغان كېسىك پىرامىدا شەكىللىك كۆزىتىش سۇپىسى بولۇپ، ئاستى: شىمالىي تام ئۇزۇنلۇقى 6.3 مېتىر، شەرقىي تامنىڭ 8.4 مېتىر، جەنۇبىي تامنىڭ 3.5 مېتىر، غەربىي تامنىڭ 6.3 مېتىر؛ ئۈستى: شىمالىي تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9.2 مېتىر، شەرقىي تامنىڭ 3.6 مېتىر، جەنۇبىي تامنىڭ 6.3 مېتىر، غەربىي تامنىڭ 9.2 مېتىر، تام ئىچكى تاشقى ئىككى قات. ئىچكى تامنىڭ قېلىنلىقى 50 سانتىمېتىر، تاشقى تامنىڭ 40 سانتىمېتىر. خىشنىڭ ئۆلچىمى 36×16×6 سانتىمېتىر، خىش بىلەن خىش ئارىلىقىدىكى لايىنىڭ قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر. سۇپىنىڭ ئىچى پوتەي بولۇپ، سېغىز لاي بىلەن توشقۇزۇلغان. غەربىي شىمال بۇرجىكىدە بىر ئىشىك بولۇپ، كەڭلىكى 95 سانتىمېتىر، ئىشىكنىڭ ئۈستى تەرىپى ئاللىقاچان بۇزۇۋېتىلگەن. ئىشىكتىن شەرققە قاراپ ئۈچ قەۋەت پەلەمپەي بار. خىشلارنىڭ ئىچىدە ئادەملەر ئۆزى قويغانلىرىمۇ، تەييار سېغىز پارچىلىرىمۇ بار. خىشلار چاك باستۇرۇپ تىزىلغان. كاكىل بىلەن سۇۋالغان. بۇ، چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاراۋۇلخانا بولۇپ، ھازىر ناھىيە تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتىدۇ.

## 27. شانگەن پوتەي خارابىسى

بۇ خارابە پىيالما يېزىسىنىڭ غەربىي - شىمالىدىكى قۇملۇقتا بولۇپ (كونا يولدا)، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″16 ′02 °79 ، شىمالىي پاراللېل ″24 ′34 °37 قا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئەسلىدە چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاراۋۇلخانا سۇپىسى بولۇپ، خام خىش بىلەن قوپۇرۇلغان كىچىك پىرامىدا شەكىللىك قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر، ئۈستى تەرەپ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 3.4 مېتىر، شەرقتىن - غەربكە ئۇزۇنلۇقى 4.4 مېتىر، ئېگىزلىكى 4 مېتىر. شىمالىي تام بىلەن غەربىي تام تۇتاشقان بۇرجەكتە بىر ئىشىك بولۇپ بۇزۇۋېتىلگەن. قاراۋۇلخانىنىڭ ئىچى پوتەي بولۇپ، ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن پەلەمپەي بويلاپ شەرققە ماڭغاندا ئۈستىگە چىققىلى

## 32. تەجەللىي ھەزرىتىم ئۆيى

بۇ ئۆي ئەسلىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ھۆسەيىنخان ئەكبەر تەجەللىي (1856 ـ 1925) ھەزرەتلىرىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئولتۇرغان ئۆيى بولۇپ، ئورنى گۇما ناھىيە باش لەڭگەر يېزا كۆھتام كەنتىدە.

ئۆي 1967 ـ يىلىدىكى «تۆت كونا» نى يوقىتىش پەيتلىرىدە كوللېكتىپنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ساقلاش ئامبىرى قىلىنىۋېلىنغان ئىككى ئېغىز بولۇپ، ھەر بىرى 42 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۆينىڭ ئۈستى ۋاسا بىلەن گۈل چىقىرىلىپ بېزەلگەن، تاملىرى گەج بىلەن نەقىشلەنگەن. ئۆي شىمالغا قارىتىپ سېلىنغان بولۇپ، شەرقىي يان تەرىپىدە بىر نەچچە تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار. 1979 ـ يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇ ئۆينىڭ تارىخىنى قايتا بېكىتتى. مەخسۇس خادىملارنى قويدى. 1988 ـ يىلى گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش، مائارىپ ئىدارىسى بۇ ئۆينىڭ تارىخى ئۈستىدە قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يېڭىۋاشتىن ناھىيە تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتتى.

## 33. ياغاچ ئۆيلۈك قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە گۇما ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا 140 كىلومېتىر كېلىدىغان تەكلىماكان چۆل قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان، ئومۇمىي كۆلىمى 80 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىلگىرى ـ كېيىنكى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، خارابە بەش قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا بىر تۈز سىزىق ھاسىل قىلغان.

بىرىنچىسى، «باش بازار» قىسمى بولۇپ، تۆت چاسا شەكلىدە، دائىرىسى بەش كىلومېتىر. بۇ دائىرىدە كېسىشمە كوچا، كونا سېپىل قالدۇقلىرى بار. ئۇزۇن ـ ئۇزۇن تاملار، قەبرىلەر ئۆز پېتىچە ساقلانغان. قورۇق جەسەتلەر ۋە ساپال پارچىلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچىسى، «بۇلاقكۆل» قىسمى بولۇپ، «باش بازار» غا ئون كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ قىسىمدا بىر قورۇق كۆل بولۇپ، ئەتراپىدا قەدىمىي ئۆي ـ ئىمارەت قالدۇقلىرى ۋە تاشلاندۇق ئېرىق ـ ئۆستەڭ، ئېتىز قالدۇقلىرى بار. يەر ئۈستىدە ساپال پارچىلىرى، قەدىمىي

سامان ئارىلاشتۇرۇلغان. تام قالدۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىر، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر. شەرقىي - جەنۇب تەرىپىدە گەج نەقىش پارچىلىرى بار. بىر دانە بۇزۇلغان گەج نەقىش قېلىپى يىغىۋېلىندى. مەدەنىيەت توپلانمىسىنىڭ قېلىنلىقى تېخى تەكشۈرۈلمىدى.

بۇ ئېھتىمال بۇددا دىنى خارابىسى بولسا كېرەك. ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى.

## 30. شىشىلىك خارابىسى

بۇ خارابە گۇما بازىرى ئارىيا كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "28 '20 °78، شىمالىي پاراللېل "28 '34 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى ئىككى كۋادرات كىلومېتىر.

خارابىنىڭ شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر يۈزىدە ساپال پارچىلىرى ۋە تاش قوراللارنى ئۇچرىتقىلى بولىدۇ. ساپال پارچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىزىل رەڭلىك بولۇپ، قوم ئارىلاش ساپاللار كۆپرەك. ساپال پارچىلىرىنىڭ ئەڭ قېلىنلىرى 2.2 سانتىمېتىر، ئەڭ ئىنچىكىلىرى 0.2 سانتىمېتىر. تاش قوراللار ئىچىدە پەرق ئەتكىلى بولىدىغانلىرى ئاساسەن سوقۇش قوراللىرىدۇر.

## 31. سولغاز يار تىم خارابىسى

بۇ خارابە موكۇيلا يېزا يېڭىئېرىق كەنتىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدا بولۇپ، كۆلىمى بەش كۋادرات كىلومېتىر، قالدۇق خارابىدە توپا دۆۋىسى، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن خىشلار بار. ھازىرقى قالدۇق تۇرنىڭ (تېمىنىڭ) دىئامېتىرى 17.70 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.1 مېتىر، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەش كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە زور مىقداردىكى ساپال پارچىلىرى، ياغىچاق قاتارلىق يادىكارلىق بۇيۇملار چېچىلىپ ياتىدۇ.

مەزكۇر خارابە ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

رەسىمى» دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق. تەكشۈرۈشىمىزچە، قىياتاش رەسىملىرى جايلاشقان جاينى يىراقتىن كۆزەتسەك خۇددى چېچەكلىكتەك كۆرۈنىدۇ. قىياتاش رەسىملىرى دەريانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى كۆكۈش تاغ جىنىسلىق كىچىك بىر تاغقا چېكىلگەن. بۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىرچە، كەڭلىكى30 مېتىرچە كېلىدىغان ئىككى پارچە بۆلەكتىكى تۈز (تەكشى) بولغان قىيالىق يۈزىگە چېكىلگەن. ئەڭ چوڭ رەسىم چېكىلگەن دائىرىنىڭ ئېگىزلىكى 1.40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئەڭ كىچىك بىر پارچە رەسىم چېكىلگەن دائىرىنىڭ ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. رەسىملەرنىڭ بۇزۇلۇشى ئېغىر، بەزى رەسىملەردىكى ئوبرازلار ئاللىقاچان ئۆچۈپ كەتكەن، هازىر ئىككى بۆلەك رەسىم يۈزىدىن پەقەت ئون نەچچە قالدۇق ئوبرازلارنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئېنىقسىز بولۇپ قالغان. قىياتاش رەسىملەر بار جاي پەستىرەك بولۇپ، هازىرمۇ كىشىلەرنىڭ قولى يەتكۈدەك بولۇپ قالغان. قىياتاش رەسىملىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئوبرازلىرىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 سانتىمېتىر، ئەڭ كىچىكلىرىمۇ 6.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. چوڭ بىر پارچە تاشتىكى بۆلەك رەسىم يۈزىنىڭ سول تەرىپىدە بىر دانە ئارقار رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بەدىنى سايە تاشلىغان هالەتتە ئېنىق ئويۇپ چىقىرىلغان. ئۇنىڭ ئاستىدا بىرنەچچە كىچىك ئارقار رەسىمى بار، ئەمما ئۇ دېگەندەك ئېنىق ئەمەس، رەسىم يۈزىنىڭ مەركىزىدە ئۇدۇل سىزىق بىلەن ئويۇپ سىزىلغان بىر ئىشىك شەكلىدىكى رامكا بار. يەنە تارغاق شەكىلدىكى غارال (قوتان) بار. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سول تەرەپتىكىگە ئوخشاش بىر ئارقار رەسىمى بار. بەدەن ئىپادىلىنىشىمۇ ئوخشىشىدۇ. غارالنىڭ ئوڭ تەرەپ تۆۋىنىدە ئۈچ دانە يۇمىلاق چەمبىرەك سىزىلغان. مەنىسىنى چۈشىنىش قىيىن. بەلكى، ئۇنى سۇ كۆلچىكى دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ. كىچىك بىر پارچە بۆلەكتىكى رەسىمدە ئېنىق پەرق ئېتىشكە بولىدىغان بىر ئارقار ۋە بۇغا ياكى قويغا ئوخشايدىغان هايۋان رەسىمى بار. هايۋانلاردىن ئارقارنىڭ رەسىمى ئويۇپ شولىسى چۈشۈرۈلگەن. كىچىك هايۋاننىڭ سىزىلىشى ئويما توم سىزىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. گەرچە كەڭەزدىكى قىياتاش رەسىملىرىنىڭ ئۇپرىشى ئېغىر بولسىمۇ، ئەمما بار رەسىملەردىن قارىغاندا ئۇنىڭ دەۋرىمۇ سانجۇ قىياتاش رەسىملىرى ۋە كىيىكتۇز قىياتاش رەسىملىرىدىن بەك كېيىن ئەمەس. بۇ رەسىملەر

پۇل، ياتاق، شاپتۇل، چىلان ئۇرۇقچىلىرى، بۇغداي، قوناق غولىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى، قۇرۇق جەسەت قالدۇقلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئۇچىنچىسى، «نامازخانا» قىسمى بولۇپ، ئايلانمىسى ئون كىلومېتىر كېلىدۇ. نامازخانىنىڭ (خارابىسىنىڭ) قېشىدا ياغاچ شادا بىلەن قاشالانغان قەبرىلەر بار.

تۆتىنچىسى، «كەندىر كۆل» قىسمى بولۇپ، ئورنى بەش كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلنىڭ بويىدا ئۆسۈپ تۇرغان كەندىر، قومۇش، جىگدە، توغراق، يۇلغۇنلار بار.

بەشىنچىسى، «سېپىللىق» قىسمى بولۇپ، بۇ جاينىڭ كەندىر كۆل بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتىر. بۇ يەر قەدىمكى شەھەرنىڭ مەركىزي قىسمى دەپ قارىلىدۇ. ئورنى 25 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئەتراپىدا سېپىل بار. ئۇنىڭ يېرىمىنى قۇم بېسىپ كەتكەن، تېمى سېغىز توپىنى قاتلاش ئارقىلىق مۇستەھكەم ياسالغان. شەھەر كوچىلىرى رەتلىك ئېلىنغان، ئۆيلىرى ئازادە، قاتار سېلىنغان، خېلى بىر قىسىم ئۆيلەرنىڭ ئۇلىغا خىش ياتقۇزۇلغان، ئىشىك - دېرىزىلىرىگە جىگدە ياغىچىنىڭ تاختىسى ئىشلىتىلگەن. ئۆيلەرنىڭ تام، ئىشىك - دېرىزىلىرى ساقلىنىپ قالغان. بىراق تورۇسلىرى ساقلانمىغان. شەھەر كوچىلىرىنى يەنىلا ئايلىنىپ چىققىلى، ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇ جايلاردىن ساپال پارچىلىرى، مىس يارماق، مارجان، تەڭگە، يامبۇ، مۆھۈر، ياغاچقا يېزىلغان خەتلەر ئۇچرىتىلغان.

خارابىلىك تەخمىنەن بۇنىڭدىن 2200 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

## 34. چېچەك ئۆگزىي قىيا تاش رەسىمى

چېچەك ئۆگزىي قىياتاش رەسىمى — گوما ناھىيە نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى كەگەز دەرياسى بويىغا جايلاشقان. قىياتاش رەسىمىنىڭ كونكرېت جايلاشقان ئورنى ھازىرقى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورنى بولغان «قېتىلىش» دېگەن جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 — 4 كىلومېتىر كېلىدىغان توقاي دەرياسى بويىدا. بەزى ماتېرىياللاردا بۇ قىياتاش رەسىمى «كاغەز قىياتاش رەسىملىرى» دەپ ئېلىنغان. بىز ئاشۇ ئەتراپتىكى چارۋىچىلارنىڭ تىلى بويىچە «چېچەك ئۆگزىي قىياتاش

يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنىدىن يولداش مۇھەممەد كېرىم ئىسمائىل تەييارلاپ «كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» (1) دا ئېلان قىلغان بولۇپ، بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى بايانلارنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز).

## 1. مارجانلىق خارابىسى

مەزكۇر خارابە ناھىيە بازىرىنىڭ 230 كىلومېتىر شىمالىدا بولۇپ، شەرقىي - جەنۇب تەرىپىگە (14 كىلومېتىر يىراقلىقتا) ئېقىل دېگەن مەھەللە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئورنى كېرىيە دەرياسى قەدىمكى ئىزىنىڭ ئىككىنچى پەلەمپەيسىمان ئېگىزلىكىدە. دەريا ئىزى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ، قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى توغراق ۋە يۇلغۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇپ كەتكەن. لېكىن، بۇ قەدىمكى شەھەر ئىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۇپ توغراق ياشىرىپ تۇرغان بولۇپ، مۇشۇ ئىزنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئىزنىڭ شىمالىدىكى دەريا قىنىنىڭ ئويمان يېرىنى 1.6 مېتىر قازسىلا تاتلىق سۇ چىقىدۇ. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ كۆپ قىسمى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان. يەر يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسمى، شامال يالاش سەۋەبىدىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. ھازىر قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ قالغان قەدىمكى شەھەر ئىزىنىڭ كۆلىمى شەرقتىن - غەربكە تەخمىنەن 500 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 1000 مېتىرچە كېلىدۇ. بۇ ئىزدىن يىغىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرى ئاساسەن سۇنۇق ساپاللار بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى قۇم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان قىزىل ساپال، ئاز ساندىكىلىرى لايدىن پىشۇرۇلغان قىزىل ساپاللاردۇر. بۇنىڭ تولىسى قىزىل سىلىق سىدام بولۇپ، بەزىلىرىگە سىزىقلار سىزىلغان ۋە بېسىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆمۈر بۇيۇملار، يارماقلار، مىس بېزەكلەر، ئەينەك مارجان، ياغۇنچاق قاتارلىقلار تېپىلدى. يەر يۈزىدە يەنە داشقاللار، ھايۋانات سۆڭەكلىرى (بەزى سۆڭەكلەر ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن) كۆپ ئۇچرايدۇ. 1986 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو - گېرمانىيە كېرىيە دەريا ۋادىسىنى تەكشۈرۈش بىرلەشمە ئەترىتى مارجانلىقنىڭ بەش كىلومېتىر شىمالىدىكى قارا دۆڭ خارابىسىدىن قېزىۋالغان ئەۋرىشكىلەرنى «كاربون 14» ئارقىلىق لابوراتورىيىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ،

مۇشۇ ئەتراپتا قەدىمدە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، بۇ جايلارنىڭ قەدىمكى مۇھىت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىياتاش رەسىملىرى 1991 ـ يىلى «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

## كېرىيە ناھىيىسى

كېرىيە ناھىيىسى ـ شەرقتە بىپايان ساي ۋە قۇملۇق ئارقىلىق نىيە ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبتا كۆككە باش قويۇپ ياتقان كوئېنلۇن تېغى ئارقىلىق شىزاڭ بىلەن، غەربتە جاڭگاللىق ئارقىلىق ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 81°30′—82°51′ بىلەن، شىمالىي پاراللېل 35°14′—39°29′ قا توغرا كېلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىگە تۈز سىزىق بويىچە ئارىلىقى 927 كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە 15 يېزا ـ بازار، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر خوجىلىق ئورنى، يېزا ئىگىلىك سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى ۋە قاراخان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى، 172 كەنت، 746 مەھەللە بار.

بۇ ناھىيىنىڭ تاغلىرىدىن ئالتۇن، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ھاك تېشى، خرۇستال، تاشپاختا، گۈڭگۈرت، چىرىمتال قاتارلىق كان بايلىقلىرى چىققاندىن سىرت، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر ئاق، يېشىل، قىزىل ۋە قارا رەڭدىكى قىممەت باھالىق قاشتېشى، ھېقىق، برېلىيانتلار چىقىدۇ.

كېرىيە قەدىمكى دەۋرلەردە زور گۈللىنىش باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مەشھۇر يۇرتلارنىڭ بىرى. ئەينى دەۋردە كېرىيىدە چوڭ ـ كىچىك بەگلىكلەر قۇرۇلۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە زور تەرەققىياتلار قولغا كەلگەن ۋە بۇ گۈللەنگەن مەدەنىيەت ئىزنالىرى تا بۈگۈنگىچە ساقلانغان. بۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

(ئەسكەرتىش: كېرىيە ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن مۇھىملىرىنى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت

## 3. قازناق بۇتخانا خارابىسى

مەزكۇر خارابە شىۋول يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇقتا بولۇپ، شىمالدا قەدىمكى دەريا قىنى بار. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بۇ مەدەنىيەت بەلۋىغىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. قازناق بۇتخانا خارابىسى كونا دەريا قىنىنىڭ جەنۇبىي ساھىلىدىكى قۇم بارخانلىرى ئاستىدا بولۇپ، مۇشۇ مەدەنىيەت بەلۋىغىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان.

1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ھەمكارلىقىدا مەزكۇر خارابىنى بىر قېتىم تازىلىدى. قېزىپ تازىلاش داۋامىدا ئۇچرىتىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بويۇمى كۆپ ئەمەس. بۇتخانىنىڭ شەكلى ئۇزۇن، چاسا بولۇپ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 11 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 8.40 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىن ساقلىنىپ قالغان پارچە تام رەسىمى ۋە نېلۇپەر ئۈستىدە ئولتۇرغان چوڭ تېپىتكى بۇت بايقالغان.

بۇ خارابە ئارخېئولوگىيە ساھەسىگە 1981 - يىللىرى مەلۇم بولغان؛ 1983 - يىلى بىر قېتىم تازىلانغان. ئۇ، ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن مىلادىيە 5 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ دەپ قارالماقتا. بۇ ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

## 4. كۆكچى خانيارىبەگ خارابىسى

بۇ خارابە ئارىش كەنتىنىڭ كۆكچى مەھەللىسى بىلەن ساي تۇتىشىدىغان بوستانلىق ساھىلىغا جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى لەڭگەر ساي بىلەن، غەربىي تەرىپى ئاتسالدى ساي بىلەن، شەرقىي جەنۇبى ئارىش كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 4000 كۋادرات مېتىر. بۇ يەر تاشلىق ساي بولۇپ، ئاندا - ساندا شامال پۈۋلەپ شەكىللەندۈرگەن كەتمە دۆڭلەر بار. خارابە يۈزىدە قىزىل، كۆل رەڭ ساپال پارچىلىرى بولۇپ، ماشىنا بىلەن ياسالغان قوم ئارىلاش ساپاللاردۇر. بۇ يەردىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملارنىڭ شەكلى ۋە ماتېرىيالىغا قارىغاندا دەۋرى بىر قەدەر قەدىمىيرەك بولسا كېرەك. خارابە ئورنى ھازىر ناھىيە تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرى 108±2684 دىن ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئارخېئولوگلار مارجانلىق خارابىسىنى قارا دۆڭ خارابىسى بىلەن بىر دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىماقتا. بۇ جاي ھازىر ناھىيە تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتىدۇ.

## 2. باش كەڭسۇلاق تاش قورال ئىزى

بۇ ئىز ناھىيە بازىرىنىڭ 77 كىلومېتىر جەنۇبىدا، پۇلۇنىڭ 10 كىلومېتىر شىمالىدا، كېرىيە دەريا باش ئېقىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى (كېرىيە دەرياسى ئومۇمەن جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ، لېكىن مۇشۇ مەدەنىيەت ئىزى بار جاي شەرقتىن غەربكە ئەگىشىپ ئاقىدۇ) ئۈچىنچى پەلەمپەيسىمان ئېگىزلىكتە، ھازىرقى دەريا قىنىدىن 150 مېتىر يىراقلىقتا. ئىزنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر جىلغا بار. جىلغىنىڭ كەسمە يۈزىنى تەھلىل قىلغاندا، بۇ ئىز قۇمسىمان سېرىق توپىلىق چۆكمە ئۈستىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ شىمالىدا كېرىيە ناھىيە بازىرىدىن پۇلۇ تاغ رايونىغا بارىدىغان ئاددىي تاشيول ۋە كېرىيە دەرياسىنىڭ قىنى بار. شەرق تەرىپىدە بولسا تاشلاپ كېتىلگەن ھازىرقى زامان گەمىلىرى بار. بۇ ئىزنىڭ تەخمىنەن 2000 ـ 2500 مېتىر دائىرىسى ئىچىدىكى تاش قوراللار يونۇپ ياسالغان نازۇك تاش قوراللاردۇر. ئۇلارنىڭ شەكلى ئاساسەن تاش ياپراق، تاش مېغىزى (ئانا تاش)، تاش قىرغۇ، تاش ئوقيا ئۇچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە تاش ياپراقلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ. تاش قوراللارنى ياسىغاندا ئانا تاشتىن چېقىپ ئاجرىتىلىش جەريانىدا ساقلىنىپ قالغان بەلگىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. كۆپىنچىسى قايتا پىششىقلىمايلا ئىشلىتىلىۋەرگەن. پەقەت ئىككى تاش ئوقيا ئۇچىدىنلا ئانا تاشتىن ئاجرىتىلىش جەريانىدا پەيدا بولغان ئىزلار ساقلىنىپ قالغان. يەنە بىر تاش قىرغۇنىڭ بىسىدىمۇ رىموتت قىلىنغان ئالامەتلەر كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئومۇمەن، بۇ تاش قوراللارنىڭ ياسىلىش تېخنىكىسى ئىپتىدائىي، شەكلى ئاددىي بولغاچقا، بۇ جاي تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ساقلىنىپ قالغان ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئىزى دەپ قارىلىشى كېرەك. ئارخېئولوگلار بۇنى بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى زامانلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى دەپ قارىماقتا. مەزكۇر خارابە ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى قاتارىدا قوغدىلىۋاتىدۇ.

ئۆلچىگەن. ئۇ ئېھتىمال سىپىل قالدۇقى بولۇشى مۇمكىن. ھازىر ساقلىنىپ قالغان سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 3.5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن يەتتە مېتىر؛ كەڭلىكى يەتتە مېتىر. 1990 - يىللارغا كەلگەندە بۇ يەر تېخىمۇ بۇزۇلۇپ، سېپىلنىڭ ئىزى يوقاپ كەتكەن. پەقەت 1.5 كۋادرات مېتىرلىق بىرلا دۆۋە ساقلىنىپ قالغان. ئەتراپتىكى ساپال پارچىلىرى بار خارابىلەر تامامەن ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلغان. بەزىلەر بۇ خارابىنى قەدىمكى كىرىيە خانلىقىنىڭ پايتەخت ئىزى دەپ قارىغان.

## 7. يەتتە تۆڭلۈك خارابىسى

بۇ خارابە لەڭگەر يېزا يەتتە تۆڭلۈك كەنتىنىڭ غەربىدە بولۇپ، 40 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يۈزىدە شامالنىڭ يالىشىدىن شەكىللەنگەن كەتمە دۆڭلۈك بار. شىمال تەرىپى تۇزلۇق ساي، شەرق تەرىپى يەتتە تۆڭلۈك كەنتى، جەنۇب تەرىپى توپان ئارقا كەنتى، غەرب تەرىپى پايانسىز سايلىقتۇر. خارابىنىڭ يۈزىنى شامال ئېغىر دەرىجىدە يالىۋەتكەن بولۇپ، مەدەنىيەت قاتلىمى ئاللىقاچان يوقالغان. پەقەت ئاز ساندىكى قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قىزىل ساپاللارنىڭ پارچىلىرى تاش شېغىللارنىڭ ئارىسىدا قالايمىقان چېچىلىپ ياتىدۇ. ساپال پارچىلىرىدا نەقىش - بەلگىلەر يوق، ئەسلى شەكلىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. يىل دەۋرىمۇ ئېنىق ئەمەس. ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

## 8. قوۋمى شەھىدان مازار خارابىسى*

بۇ مازار خارابىسى كۆكيار يېزا قولتۇق كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقى مېرىدىئان 81°36′07″ بىلەن، شىمالىي پاراللېل 38°49′06″ قا توغرا كېلىدۇ. شەرقىدە سىرىق ئۆي كەنتى، جەنۇبىدا ئەگلە كەنتى بار. غەربىي شىمالىدىن قولتۇق كەنتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. خارابە ھازىر چوڭ بىر ئىسلام قەبرىستانلىقى بولۇپ، ئەتراپتىكى يەر يۈزىدە ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. ئوقۇمۇشلۇق زات، يېتۈك تىلماچ، مەشھۇر ھېكىم، تارىخچى مەرھۇم

* بۇ خارابە ھەققىدىكى ماتېرىيال بارات ئەمىننىڭ «〈قوۋمى شەھىدان〉، تىلاۋەتخانىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىگە ئاساسەن تەييارلاندى. «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 3 - سانىغا قاراڭ.

## 5. شىرىكە خارابىسى

بۇ خارابە ئارىش يېزا ئاقتېرەك كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، شەرقى ئاقتېرەك كەنتى بىلەن، جەنۇبى كەتمەن كەنتى بىلەن، غەربىي شىمالى ئاتسالدى ساي بىلەن تۇتىشىدۇ. سايدا شېغىل تاشلار ۋە چوڭ-كىچىك يانار تاغ چاچراندى تاشلىرى ناھايىتى كۆپ.

مەزكۇر خارابىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 500 مېتىر كېلىدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقى بار بەلۋاغ شىمالغا سوزۇلۇپ، كۆكچى شەھەر خارابىسى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. بۇ خارابىدە ساپال پارچىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى قىزىل رەڭلىك، شەكلىدىن قارىغاندا تۈز تەگلىك، يۇملاق تەگلىك، يالغان يۇملاق تەگلىك، ئاغزىدا قىزىل گىرۋەكى بار (ئەگمەچ گىرۋەكلىك، تۈز گىرۋەكلىك) ساپال بۇيۇملار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا پىشۇرۇلغان. نەقىشلەر كۆپ ئەمەس. بۇ يەردىن يەنە ھەر خىل شەكىلدىكى تاش قوراللارمۇ بايقالدى. بۇنىڭ دەۋرى تېخىمۇ قەدىمىي ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. خارابە ئورنى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## 6. قىغاز سېپىلى خارابىسى

مەزكۇر (بۇ خارابە 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگودىكى مەشھۇر ئاسارە - ئەتىقىلەر قامۇسى» دېگەن كىتابتا «بەش توغراق قەدىمىي شەھىرى» دەپ ئېلىنغان) خارابە سىيەك يېزىسىنىڭ بەشتوغراق كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى شەرقتىن غەربكە 500 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 200 مېتىر كېلىدۇ.

1929 - يىلى جۇڭگو ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى بۇ يەرنى تەكشۈرگەندە 60 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سېپىل قالدۇقىنى كۆرگەن ۋە «خارابىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر سېپىل بار»، «قەدىمىي شەھەرنىڭ شىمالىغا يېرىم يول كېلىدىغان يەردە غايەت زور بىر توپا دۆمبەل بار» دەپ يازغان. دەۋرنى 8 - ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ قارىغان. 1981-يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنى بۇ يەرنى تەكشۈرگەندە، توپا دۆمبەللەرنى

تاپىلۇر» ، «ئابىياتى نەۋبەتى - لايىق ئەمەس» ، «ئەبىياتى نەۋبەتى - يازۇقۇمدىن قىل خالاس» ، «ئەبىياتى نەۋبەتى ۋائىز» ، «ئەبىياتى نەۋبەتى يارەببى» ، «ئەبىياتى نەۋبەتى - دەرىخ» ، «مۇخەممەس نەۋبەتى» ، «تۇغان تۇرك رىسالىسى» ، «ئىشاننامە» ، «شەھىرى كۆكچى» ، «ھودۇدى قوۋمى شەھىدان» ، «تەزكىرە بوز قوزىۋام» ، «تەزكىرە ئەۋلادى بوز قوزىۋام» ، «تاۋاپچىلار تەزكىرىسى» ، «تىلاۋەتخانا رىسالىسى» ، «مەسكەنى ئالىمۇ فازىلان» (ئالىم ، پازىللارنىڭ جايى) ، «ھاجىنامە» ، «مىراجنامە» ، «كىميايى سائادەت» ، ھەر خىل «باياز» ، «دىۋان» ، «تەبىرنامە» ، «ئىسىملار ھەققىدە» ، «ئەبجەد» ، «سالنامە» ، «قەسىدە بۇردە» ، «ھەدىس» ، «مۇشكات» ، «جاۋابنامە» ، «سىيەر» ، «كاچكۆل سەلىم» ، «خەمسە» ، «باھار ئەجەم» ، «باھار دانىش» ، «نەۋائىي» ، «مەشرەپ» ، «ھۆۋەيدا» ، «تاجنامە» ، «نەۋرۇزنامە» ، «زۇبدەتۇل ئەخبار» ، «مەنقەبەت» ، «فىقھى» ، «ھىدايى» ، «مۇنتەخەب» ، «جەمشىت» ، «ئەمىر ئەبۇمۇسلىم» ، «ئىسكەندەر» ، «مەسنىۋى شىرىپ» ، «ئەمىر ھەمزە» ، «بوسىتان» ، «گۈلىستان» ، «ۋاپايى» ، «كىبرىيە ۋاقىئاتلىرى» ، «بوغرىقۇم» ، «چاراسلا خوجام» ، «قەمىرىللاخان» ، «پەھلىۋانىم» ، «تۆمۈر تۇغلۇق پادىشاھىم» ، «بۇرھانى ھۆججەت» ، «سەيقەل» ، «مۇفتى مەلىك» ، «دىۋانى توختىشرا» قاتارلىق ئەرەب، پارس، تۈرك ۋە ئوردۇ تىللىرىدىكى ئەسەرلەر بار بولۇپ، 1950 - يىللىرىدىن بىرى سوغۇق قول تېگىشكە باشلىغان. شۇنىڭدىن تارتىپ كەلگەن ئىچىنىشلىق تالاپەتلەر جەريانىدا، مەزكۇر «تىلاۋەتخانا» دىكى قىممەتلىك تەۋەررۇك يادنامىلەر، ۋەسىقىلەر، ھەر خىل نادىر ئەسەرلەر تالان - تاراج بولدى. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن چۈشكەن يۈسۈپبەگ مۇخلىسوف خىزمىتىدىكى قولاي پۇرسەتلەرنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇ يەردىكى ئەسەرلەرنى ۋاستىلىك ۋە ۋاستىسىز ھالدا ئېلىپ كەتكەن؛ مەرھۇم تۇردى سامساقمۇ 50- يىللار ئوتتۇرىلىرىدا خوتەنگە كېلىپ، بىر قانچە ناھىيىدە ئايلىنىش بىلەن ئەھمەدشاھ قارقاشنىڭ «ئات قىسسىسى» نىڭ بىر ۋارىيانتىنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىش بىلەن بىرگە، يەنە «قوۋمى شەھىدان» تىلاۋەتخانىسىنى يوقلاشقا ئۇلگۇرگەن ۋە قېپقالغان ئەسەرلەردىن بىر قىسمىنى يىغقان؛ يەنە قوۋمى شەھىدان ئەۋلادلىرىدىن بولغان مەۋلانە ئەمىن «گۆركىتى» ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ،

ھاجى ئوسمان ئاخۇنۇم قۇدۇق (بۇ زات بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلىگەن) نىڭ پاكىت بېرىشىچە، بۇ قەبرىستانلىقتا قورال قۇچاقلاپ ياتقان جەسەتلەر، يېنىغا كىتاب قويۇپ دەپنە قىلىنغان جەسەتلەر، ئالدىدا رېھىل ئۈستىگە كىتاب ئېچىپ قويۇلۇپ، ئۇنى ئوقۇپ ئولتۇرۇۋاتقان ھالەتتىكى جەسەتلەر، شۇنداقلا تاۋۇت ھەم يۇگەكلەرگە ئوراپ قويۇلغان جەسەتلەر، جابدۇغان جەڭ ئېتى بىلەن بىرگە ياتقان جەسەتلەر بولۇپ، ئۈستى گەمە قىلىنىپ يېپىلغان. يەرلىك كىشىلەر بۇ قەبرىستانلىقتىن ھەر خىل مارجان، داچەن پۇل، تۈگمە، ئوقيا، كامان، سۆڭەك تارغاق، ھەر خىل فار - فور بۇيۇم... قاتارلىقلارنى يىغىۋالغان.

قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەر «توپا قەبرە»، خام خىش بىلەن قوپۇرۇلغان «بۆشۈك قەبرە» ۋە شېھىتلىق «دۆۋە» قەبرىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھازىر ئاز بىر قىسىم قەبرىلەرلا قالغان. ئۈستى يېپىلغان بىر قەبرىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا جەسەت ئۈستىگە ئاق رەڭلىك كېپەن كىيگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئىسلام قەبرىستانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قوۋمى شەھىدان قەدىمكى قەبرىستانلىق بىلەن بىر ئىزدا يەنە بىر تىلاۋەتخانا بار بولۇپ «قوۋمى شەھىدان تىلاۋەتخانىسى» دېيىلىدۇ. تىلاۋەتخانا ئۈچ ئېغىز بولۇپ، ھەر بىر ئۆي سامان سۇۋاقلىق لاي تامدىن پۈتكەن. «تىلاۋەتخانا» نىڭ ھەر بىر ئۆيىنىڭ ئىچى ئۈچ تېمىغا ئۈستۈن تەكچە، ئوتتۇرا تەكچە، ئاياغ تەكچىدىن ئىبارەت ئۈچ تەكچە چىقىرىلغان بولۇپ، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. تەكچىلەرنىڭ سىرتىغا يۇزىگە ئايەتلەردىن پارچىلار يېزىلغان. ئۈچ ئۆيدىكى توققۇز تەكچىدە (بۇلار كىتاب جاھازىسى رولىنى ئۆتەيدۇ) : «تارىخ»، «مازار تەزكىرىسى»، «قوۋمى شەھىداندىكى ئۆلگەنلەر «نەسەب خاتىرىسى»، «قوۋمى شەھىدان ۋارىسلىرى ۋە ھاپىزلىرى»، «جارۇپكەشلەر ئىسىملىكنامىسى»، «شېھىتلىق»، «قوۋمى شەھىدان 40 يىلدا بىر سەل»، «ئەگلەنامە»، «قوۋمى شەھىدان ئەۋلادى گۆركاۋلىرى»، «ئەبىياتى نەۋبەتى»، «دىۋانى نەۋبەتى»، «نەۋبەتىدىن جۇز ئىلەر»، «نەزمىيات نەۋبەتى»، «ئەبىياتى نەۋبەتى يا مۇستەفا مۇھەممەت»، «ئەبىياتى نەۋبەتى بەھىس»، «ئەبىياتى نەۋبەتى بائىس»، «ئەبىياتى نەۋبەتى يارەب»، «ئەبىياتى نەۋبەتى زىلەمتا»، «ئەبىياتى نەۋبەتى ھەمىد»، «ئەبىياتى نەۋبەتى ئەزىزلەر»، «ئەبىياتى نەۋبەتى

قەدىمىي خوتەن قەغىزى بولۇپ، خېتى قاراسىياھتا يېزىلغان. ئۇلار كىتابنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ مۇقام ئاتا مازىرىغا ئائىت ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى دەرھال مازارنىڭ شەيخىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن. كېيىن مازار شەيخى قولىيازمىنى كېرىيەدىكى ئەڭ چوڭ دىنىي ئۆلىمالاردىن بولغان روزى قارى ھاجىمغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. روزى قارى ھاجىم ۋاپات بولغاندا قولىيازما سۈرۈشتە قىلىنغان بولسىمۇ، يىپ ئۇچى بولمىغان. شۇنداق قىلىپ، مۇقام ئاتا مازىرىنىڭ تارىخى يوقالغان. ھازىر كېرىيەدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئارىسىدا مۇقام ئاتا مازىرى توغرىسىدا تۈرلۈك قاراشلار بار. يىغىنچاقلىغاندا، بۇ قاراشلاردا بىرلا مەسىلە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، يەنى مۇقام ئاتا مازىرىدا مۇقام ئۇستازلىرىدىن بولغان زاتلىرىمىزدىن بىرەرىنىڭ ياتقانلىقىدىن ئىبارەت. ئەمما، بۇنىڭغا پۈت تىرەپ تۇرىدىغان تارىخىي پاكىت يوق. بۇنى تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش، دەلىللەش زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مۇقام ئاتىلىرىنىڭ بۇ مازاردا ياتقان - ياتمىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ.

## 10. ئىمام غەززالىم مازىرى

ئىمام غەززالىم مازىرى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر يېزىسىدا بولۇپ، كىشىلەر سەيلى تاۋاپ قىلىدىغان خوتەندىكى «تۆت ئىماملىرىم» نىڭ بىرىدۇر. «خەلق كوممۇنىسى» قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ مازارنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبەز - تاقلىرى، دۇئا - تىلاۋەتخانىلىرى، ئاشخانا، ھاماملىرى ھەم بىردانە ناھايىتى چوڭ داشقازىنى بار ئىدى. «خەلق كوممۇنىسى» قۇرۇلغان ئاشۇ ئاپەتلىك يىللاردا، بۇ مازار ئېغىر دەرىجىدە خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. ياغاچلىرى كوللېكتىپ ئاشخانىدا ئوتۇن قىلىپ كۆيدۈرۈلگەن. چوڭ داشقازان ھەم چوڭ، ھەم ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەن بولغاچقا شۇ زاماننىڭ «سول» چىل چاپارمەنلىرىمۇ چېپىشقا پېتىنالماي ساقلىنىپ قالغان. بۇ قازاننىڭ قۇرۇلمىسى چويۇن، مىس ئارىلاشمىسىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، گىرۋىكىگە ئۇيغۇرچە يېزىقتا بەدۆلەت زامانىسىدا قەشقەردە قۇرۇلغان كارخانىدا ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى ناھايىتى ئوچۇق ھەم چىرايلىق يېزىلغان. بۇ قازان ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنىدا ساقلانماقتا.

مازارنىڭ ئەتراپىغا لاي بىلەن قورشاۋ تام ئېتىلگەن. تاملارغا

يولدا ئۇچۇشسىزلىقلارغا يولۇقۇش بىلەن مەزكۇر «تىلاۋەتخانا» قارىمىقىدىكى ئەسەرلەردىن كەلگۈ دۇنياغا تونۇتۇش مەقسىتىدە ئېلىپ ماڭغان بىر قىسمى تالاپەتكە ئۇچرىغان؛ ئاز بىر قىسمى قولدىن قولغا ئۆتۈپ، سەئۇدىنىڭ «مىسقىلە» دە مەتبۇئات كۆرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالمۇتا ئۇيغۇر تەتقىقات ئورنى ئارخىپىغا كىرگەن. يەنە بىر بۆلۈك ئەسەرلەر «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە ماقالە قىلىنغان، قالغانلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە كۆيدۈرۈلگەن.

مەزكۇر قەبرىستانلىق ۋە تىلاۋەتخانا ھەققىدە 1999 - يىلى كېرىيە ناھىيە خەلق ھۆكۈمىتى 32 - نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئۇنى «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن» قىلىپ بېكىتتى.

## 9. مۇقام ئاتا مازىرى

مۇقام ئاتا مازىرى خوتەن نىيە تاشيولىنىڭ شىمالىغا، كېرىيە دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي شىمالى بۇرجىكىگە جايلاشقان قەدىمىي زاراتكاھلىق بولۇپ، قارلۇق خەلقى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. زاراتكاھلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىغا قوپۇرۇلغان گۇمبەز نەچچە يۈز يىلدىن بېرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. گۇمبەز خام خىشتىن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئاستىنقى ئۇل قىسمى تۆت چاسا شەكلىدە، تۆپە قىسمى يۇملاق بولۇپ، ئادەتتىكى ئۇيغۇر مازارلىرىدا ساقلىنىپ كەلگەن گۇمبەزلەرگە ئوخشايدۇ. قارلۇقتىكى پېشقەدەم دېھقانلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، مۇقام ئاتا مازىرى قاتار سېلىنغان بەش گۇمبەز، ھەممە گۇمبەزلەرنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئايۋانلىق دۇئا - تىلاۋەتخانىلىرى، ئۆتكۈنچىلەرنىڭ ياتىدىغان ھۇجرىلىرى بار ئىكەن. 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن، 1961 - يىلىغىچە داۋام قىلغان خەلق كوممۇنىسى مەزگىلىدە، كوللېكتىپ ئاشخانىلارغا قالايدىغان ئوتۇن تاپالماي، بۇ نەپىس ئىمارەتلەرنى چۇۋۇپ ئوتۇن قىلىپ كۆيدۈرۈۋېتكەن. گۇمبەزلەر چېقىپ ۋەيران قىلىنغان. ھازىرقىسى چېقىشقا ئۈلگۈرەلمەي قېپقالغىنى ئىكەن. ئەسلىدە چوڭ گۇمبەز مۇقام ئاتىنىڭ قەبرىگاھى بولۇپ، قالغانلىرى بىجەن پاۋان قاتارلىق ئاتامانلارنىڭ قەبرىگاھى ئىكەن.

1961 - يىلى، توختىشائاكا باشلىق ئۈچ دېھقان سۇ تۇتقاندا سۇدىن بىر پارچە قوليازما كىتابنى سۇزۇۋالغان. كىتابنىڭ قەغىزى

بۇ ناھىيىدە مول مەدەنىيەت مىراسلىرى يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولۇپ، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى نۇقتىلىرى خېلى كۆپ. گەرچە بۇ يەردە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم يادىكارلىقلار بايقالغان. ئۇلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:
(ئەسكەرتىش: بۇ ناھىيىدىكى يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى يېزىشتا مۇھەممەتكېرەم ئىسمائىل «قاراقاشنى چۈشىنەيلى» دېگەن كىتابتا يېزىپ بەرگەن بايانلار ئاساس قىلىندى)

## 1. يۇمىلاق چاشقان خارابىسى

مەزكۇر خارابە زاۋا يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي دائىرىسى ھازىرقى توز زاۋۇتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىر كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىن قەدىمكى ئاھالىلەر رايونى، تاشلاندۇق ئۆيلەر، خۇمدان ئىزى قاتارلىقلاردىن باشقا، مىس پۇل پارچىلىرى، نەقىشلىك مىس تامغا، مارجان، ساپال پارچىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرى ئۇچرىتىلغان.
دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگىچە بولۇپ، خوتەننىڭ جۇملىدىن قارا قاشنىڭ ئاھالىلار جايلىشىش ئەھۋالى ۋە ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە. بۇ ئورۇن ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى قاتارىدا مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتىدۇ.

## 2. تومۇرچۇق قەدىمكى خۇمدان ئىزى خارابىسى

بۇ خارابە سايباغ يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى سايلىقتا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 38″ 36′ 79° بىلەن، شىمالىي پاراللېل 25″ 07′ 37° قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتىر، 14 يەردە قەدىمكى خۇمدان ئىزى بار. خۇمدانلارنىڭ بەزىلىرى قىسمەن بۇزۇلغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ياخشى ساقلانغان، بەزىلىرىدىكى ئوچاق ئىزلىرى ھازىرمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.
خۇمدان جايلاشقان دائىرە چوڭ تۈزلەڭ بولۇپ، خۇمدان

ئويۇق چىقىرىلغان. ئىشىكتىن كىرگەندە سول تەرەپتە ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تاشنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ تاش تولا سىلانغانلىقتىن پارقىراپ كەتكەن. مەقبەرە تولۇق شەكىلدە بولۇپ، ئۈستىگە تۇغ ـ شەددىلەر ۋە تولۇملار ئېسىپ قويۇلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىمام غەززالى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ بىرىدىن كەلگەن داڭلىق ئىمام بولۇپ، بۇددىستلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە شېھىت بولغانىكەن. تاۋاپچىلار ھەر يىلى 4 ـ ۋە 9 ـ ئايلاردا بۇ مازارنى يوقلاپ ئۆتۈپ ئاندىن ئىمامى جەئفىرى سادىققا بارىدۇ.

## قاراقاش ناھىيىسى

بۇ ناھىيە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، يەر شەكلى ئېگىز، شىمالى پەس؛ جەنۇبىي تەرىپى قارا قۇرۇم تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇ، تەكلىماكان قۇملۇقىغا يەلپۈگۈچ شەكلىدە سوزۇلغان بولۇپ، شەرق تەرىپى قاراقاش دەرياسى پاسىل قىلىنىپ، خوتەن، لوپ ناھىيىسى بىلەن، غەرب تەرىپى چۆللۈك ئارقىلىق گۇما ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى قارا قۇرۇم تېغى بىلەن، شىمال تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق ئاۋات ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 45 كىلومېتىردىن 112.5 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 319.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 25312.5 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 37مىليون 969 مىڭ مو كېلىدۇ. بۇنىڭدىن بوستانلىق كۆلىمى بىر مىليون 110مىڭ مودىن ئارتۇق، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 560 مىڭ مو.

قاراقاش ناھىيىسى قەدىمكى دەۋرىدە ئۇدۇن خانلىقىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. 1962 ـ يىلى قەشقەردە مەسلىھەتچى ئامبال قويۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنى ئىدارە قىلغاندا، خوتەن مۇشۇ سەككىز شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، قاراقاش خوتەنگە قارىغان. 1919ـ يىلى خوتەندىن ئايرىلىپ چىقىپ ناھىيە بولغان. ناھىيە بازىرى خوتەن شەھىرىگە 24 كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە 16 يېزا ـ بازار، 363 كەنت، 1643 مەھەللە بار.

ساپال پارچىلىرى بار. ھالقا تەگلىك، ئىنچىكە بويۇن، قەرىمە ئېغىزلىق، ئەگمە ئېغىزلىق، كەڭ تۈز گىرۋەكلىك بۇيۇملار كۆپ ئۇچرايدۇ. ساپال پارچىلىرى ئىچىدە قىزىل ئارىلاش ساپاللار ھەم ئىنچىكە، سىپتا ئىشلەنگەن ساپاللارمۇ بار. رەڭلىك، دولقۇنسىمان نەقىش، گېئومېتىرىيىلىك نەقىش، چېكىتلىق نەقىش سىزىلغان بۇيۇملارمۇ بار. بۇ يەردىن يەنە رەڭلىك تام رەسىم پارچىلىرى، ساپال گەج بۇت - ھەيكەللەر، مىس پۇللار، توقۇمىچىلىق سايمانلىرى، قوش قۇلاقلىق كوزا قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرى تېپىلغان. دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىن مىلادىيە 9 - ئەسىرگىچە. 1985 - يىلى بۇ خارابە ئورنى «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## 5. قۇم راباتى پادىشاھىم قەدىمكى بۇتخانا ئىزى

مەزكۇر بۇتخانا ئىزى زاۋا يېزىسىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر يۈزىدىن يېرىم مېتىرچە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. تەكشۈرۈشمىزچە، يەر ئۈستىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ خارابە بۇتخانا تېمىنىڭ يۇقىرى قىسمى بولۇشى مۇمكىن. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 17 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 10 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي بۇرجەكتىكى بىر تامدا ئېچىلىپ قالغان تام رەسىملىرى بولۇپ، تامنىڭ ھەر 15×20 سانتىمېتىر يېرىدە بىردىن كىچىك مىڭ بۇت سۈرىتى بار. سۈرەتلەر ئاساسەن تام يۈزىنى تەكشىلىگەندىن كېيىن بىر قەۋەت لاي، ئاندىن قېلىنلىقى تەخمىنەن بىر مىللىمېتىر ئەتراپىدىكى گەج بىلەن سۇۋاپ، ئۈستىگە سىزىلغان. شىمالىي ئارىلىقتىكى تام رەسىملىرى ئىچىدىن تۆت قاتار مىڭ بۇتنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھەر بىر قاتارنىڭ ئېگىزلىكى توققۇز سانتىمېتىر، ھەر بىر بۇتنىڭ ئېگىزلىكى توققۇز سانتىمېتىر، ئەڭ كەڭ جايى 9.5 سانتىمېتىر، بۇت سۈرەتلىرى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان شەكىلدە بولۇپ، باش قىسمى قارامتۇل جىگەررەڭ، بەدەن قىسمى قىزىل سېرىق بىلەن سىزىلغان. جەنۇبىي ئارىلىقتىكى تام رەسىملىرى شىمالىي ئارىلىقتىكىسى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. بۇت سۈرەتلىرى ئاساسەن نېلۇپەر شەكىللىك تەختتە ئولتۇرغان ھالەتتە سىزىلغان.

ئەتراپىدا ساپال پارچىلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇ خوتەننىڭ ساپالچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىن مىلادىيە 10 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ.

## 3. سېغىزچۇق خۇمدان ئىزى

بۇ ئىز سايباغ يېزا يۇمىلاق چاشقان كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″28 ′37°79 بىلەن، پاراللېل ″18 ′06 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر.

مەزكۇر خارابىنىڭ دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ئۈچ - تۆت يەردە ساپال خۇمدىنىنىڭ ئىزى بار. بۇ يەردىن ئىلگىرى - ئاخىر ھەر خىل رەڭدىكى ساپال بويۇم پارچىلىرى، تاش قورال پارچىلىرى، مىس بۇيۇم پارچىلىرى، مارجان، ساپال قورچاق پارچىسى قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرى تېپىلغان. يەنە ئىككى خىل ياغىچاق تاشنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ؛ بىرى، يۇمىلاق، يوللۇق نەقىشى بار؛ يەنە بىرى، كېمە شەكىللىك، تۈز يۈزلۈك تاشتۇر. بەزى ساپال پارچىلىرىدا نەقىش بار.

دەۋرى تەخمىنەن 10 - ئەسىردىن بۇرۇنقى چاغلارغا توغرا كېلىدۇ. مەزكۇر خارابە ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى قاتارىدا مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتىدۇ.

## 4. سېرىقلىق بۇددا نامازخانا خارابىسى

مەزكۇر خارابىنى كىشىلەر «چىن ماچىن شەھىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ (1956 - يىلى سىزىلغان خەرىتىدە مۇشۇ دائىرە «چىن ماچىن» دەپ كۆرسىتىلگەن). خارابە زاۋا يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 14 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″12 ′28 °79 بىلەن شىمالىي پاراللېل ″45 ′15 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر.

خارابە ھازىر قۇم ئاستىدا قالغان بولۇپ، بۇ يەردە يەنە قەدىمكى ئاھالە رايونىنىڭ خارابىلىرى ئۇچرايدۇ. يەر يۈزىدە كۆپ مىقداردا

كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1.1363 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر.

مازارنىڭ ئەرەب يېزىقىدىكى تەزكىرىسىنىڭ 1995 - يىلى 4 - ئايدا تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسىغا ئاساسلانغاندا، ئىمامى ئەپتەھ — ئىمامى ھۇسەيىنىنىڭ توققۇزىنچى ئەۋلادى، ئىمامى قاسىمنىڭ يەتتىنچى ئوغلىنىڭ تۆتىنچىسى، ئىمامى ئەپتەھ ئاكا - ئۇكىلاردىن قابىلىيەت ۋە ئەمەلدار بولغانلىقتىن مازارنىڭ نامى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانىكەن. بۇ ھەقتە تەزكىرە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئىلمىي ئىمانىنىڭ مېھرىبانلىرى، قىرائەت گۈلىستانىنىڭ خوش ئاۋاز ئۆلىمالىرى بۇنداق رىۋايەت قىلىدۇلەركى ... مىلادىيە 1026 - يىلى ئىمامى ئەھمەد، ئىمامى زەينۇل ئەبىدىن، ئىمامى مۇھەممەد، ئىمامى ئەپتەھ، ئىمامى ئەلى ئەكبەر، ئىمامى ئەلى ئەنۋەر، ئىمامى ئەلى ئەسغەرلەر قەشقەر، يەكەنلەرنى بەيئەت قىلدۇرغاندىن كېيىن، خوتەننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدى. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلار خوتەن خەلقىنىڭ ئاكا - ئۇكا جوقتىرشىت - نۇقتىرشىت ئىسىملىك باشلىقلىرى جاھىللىق ۋە جانپىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ جەڭ قىلدى. 10 نەچچە قېتىملىق جەڭدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەتتە ئىمام ۋە ئۇلارنىڭ يەتتە قىزى شېھىت بولدى».

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 400 يىل بۇرۇن بۇ يەتتە قەبرە ئىچىگە ئېلىنىپ پىششىق خىشلىق ئۆي سېلىنغان ۋە يېنىغا جامە بىنا قىلىنغان. ھازىر قەبرىلەر ئورۇنلاشقان ئۆينىڭ كۆلىمى 820 كۋادرات مېتىرغا، جامەنىڭ ئىچكى - تاشقى نامازخانىسى، تاھارەت ئېلىش ئۆيلىرى، سۇمەخانا، ھويلا، تاقا ئورنىنىڭ كۆلىمى 13 مىڭ 370 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەيۋەتلىك ھەم رەڭدار نەقىشلىك تاقا يىراق - يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ مازاردا ھازىر تەخمىنەن 15 مىڭدىن ئارتۇق كونا - يېڭى قەبرە بولۇپ، يىلىغا تەخمىنەن 300 قەبرە قوشۇلۇپ تۇرماقتا. مازارنىڭ دائىرىسى 350 مو بولۇپ، تېرىلغۇ ئېتىزلىرىغا دەخلى قىلماي كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بار. بۇ جامەگە جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئادەتتە 10 مىڭ، ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن 15 مىڭ ئەتراپىدا ئادەم توپلىنىدۇ. قاغىلىق، قەشقەر، چىرا، كېرىيىلەردىن مەخسۇس ئىمامى ئەپتەھنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تەكبىر ئوقۇش ئۈچۈن كېلىدىغانلارمۇ بار.

يىغىلىپ قالغان توپا ئارىسىدىن بىر پارچە سويۇۋېلىنغان تام رەسىمنىڭ قالدۇقى تېپىلغان بولۇپ، رەسىمدە بىر بۇت (توم قىزىل سىزىق بىلەن بەدەن ئىزناسى چىقىرىلغان) پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرغان. رەسىم بىرقەدەر چوڭ. ئاستى قىسمىدا بۇزۇلغان ئادەم ھەيكىلى بار (ئەۋلىيا بولۇشى مۇمكىن). بۇ رەسىملەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئىت (چاشقان؟)، بىر كالا، بىر پىلنىڭ رەسىمى ئاستى - ئۈستى قىلىپ سىزىلغان. ئىتنىڭ بەدىنى ۋە پىلنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىچىگە قىزىل رەڭ سۈركەلگەن. يەر يۈزىدە چېچىلىپ ياتقان گەج ھەيكەل پارچىلىرى بولۇپ، ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەتتە نەپىس ياسالغان. ھەيكەلنىڭ سىرتقى قەۋىتىدە ئالتۇن قەغەز بار. بۇتخانا خارابىسىنىڭ شىمالىدا تېخىچە بىر نەچچە ئېغىز ئۆي تېمى ئاساسىي قىسمىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانغان.

مەزكۇر خارابە ئورنىدىن ئاساسەن ساپال، ئەينەك، تۆمۈر، مىس بۇيۇملار تېپىلغان بولۇپ، ساپال بۇيۇملاردىن قۇلاقلىق كوزا، داس، ئىدىش، ساپال ئاياغ، ساپال چاق ... قاتارلىقلار؛ تۆمۈر بۇيۇملاردىن تۆمۈر ئوچاق قاتارلىقلار؛ ئەينەك بۇيۇملاردىن رەڭگى توق سېرىق، ئاچ سېرىق، ئاچ يېشىل، ئاق، كۆك رەڭلەردىكى ئەينەك قاچا قاتارلىقلار؛ مىس بۇيۇملاردىن مىس يىڭنە، مىس قاچا، يۇمىلاق تۆت بۇرجەك تۆشۈكلۈك پۇل، كۇسەن پۇلى ۋە تۆشۈكسىز يۇمىلاق پۇل قاتارلىقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. خارابىنىڭ شەرقىي قىسمىدا كۆرۈنۈپ قالغان ئۈچ قەبرە بايقالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى چوڭ ئادەمنىڭ، بىرى كىچىك بالىنىڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇزۇۋېتىلگەن. كىچىك بالىنىڭ قەبرىسىدىكى باش سۆڭىكىنىڭ يېنىدا قىزىل رەڭلىك بىر پارچە چوڭ قۇم تاش تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، مەلۇم دەپنە قىلىش ئادىتىگە ئىگىدەك قىلىدۇ.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە ساپلا نامازخانا خارابىسى بولماستىن، بەلكى نامازخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەھەللە خارابىسىدۇر. ئۇ يەردە تېپىلغان بۇيۇملاردىن قارىغاندا، تاڭ دەۋرلىرىگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى قاتارىدا مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتىدۇ.

## 6. ئىمامى ئەپتەھ مازىرى

بۇ مازار سايباغ يېزىسىدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 79°39′16″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 37°08′05″ قا توغرا

تەۋە بەش مىسقاللىق مىس پۇل، مارجان، مىس بۇيۇم پارچىلىرى، ھەر خىل رەڭدىكى ساپال پارچىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرى تېپىلغان.
1985 - يىلى بۇ خارابە قاراقاش ناھىيە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 9. توزاقچى ئالتۇن كان ئىزى

بۇ ئىز سايباغ يېزا توزاقچى كەنتىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "32 '40 °79 بىلەن شىمالىي پاراللېل "15 '02 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى بەش كۋادرات مېتىر. ئىز توزاقچى كەنتىنىڭ غەربىي تاغ ئالدىدىكى ئېدىرلىقتا بولۇپ، جەنۇب تەرىپى ئېدىرلىق، شىمال قىسمى تاغ ئالدىدىكى سايلىق بولۇپ، بوستانلىق بىلەن يېقىن. ھازىرقى كان رايونىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن بەش كىلومېتىر كېلىدۇ. كان قۇدۇقلىرىنىڭ كونا، يېڭىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن. كونىلىرى مىنگونىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى قالدۇق ئىزلار بولۇپ، تىك قۇدۇق شەكلىدە. بۇ، قاراقاشنىڭ بىردىنبىر ئالتۇن كان ئىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھىيە تەرىپىدىن قوغدىلىنىۋاتىدۇ.

## 10. تىتىيلىق خارابىسى

بۇ خارابە ياۋا يېزىسىدا — بەلقۇم بۇددا نامازخانا خارابىسىنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە بولۇپ، غەرب تەرىپى چىن ماچىن قۇملۇقى بىلەن تۇتاش. يەر يۈزىدە قومۇش ئۆسكەن. يېرىم مۇقىم ھالەتتىكى قۇم بارخىنى بار. ئارىلىرىدا شامال يالاپ كەتكەن توپا دۆڭلۈكلەر بار. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "28 '27 °79 بىلەن شىمالىي پاراللېل "30 '17 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 30 مىڭ كۋادرات مېتىر. يەر يۈزىدە ساپال پارچىلىرى، داشقاللار چېچىلىپ ياتىدۇ. ساپال پارچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىزىل.
بۇ خارابە ئورنى ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتىدۇ.

## 7. يېڭىمازار قەدىمكى قەبرىستانلىقى

مەزكۇر قەبرىستانلىق سايباغ يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى توزاقچى ئالتۇن كان ئەتراپىدا بولۇپ، جەنۇب تەرىپى تاغ، شەرقىي غەرب تەرىپى تاغ باغرىدىكى يانتۇ ئېگىزلىك بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمال تەرىپىدىن خوتەن - پىيالما ئۆستىڭى ئېقىپ ئۆتىدۇ. مازارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 79°40′32″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 37°02′15″ قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 160 مىڭ كۋادرات مېتىر.

1993 - يىلى 1 - ئايدا بۇ قەبرىستانلىق ئالتۇن ئىزدىگۈچىلەر تەرىپىدىن كولانغان بولۇپ، بىر قەبرىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 3.25 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىر كېلىدۇ. قەبرە تۇزۇلۇشى ۋە دەپنە قىلىش ئادىتى لوپ سامپۇلدىكىگە ئوخشايدۇ (قەبرىگە ئالدى بىلەن ياغاچتا ئۆچەك ياساپ، شاخ - شۇمبىلارنى قويۇپ ئۈستىگە جەسەت ياتقۇزۇلغان. ئۆچەك ئاستىغا ساپال كوزا قويۇلغان. بۇ ئېھتىمال جەسەت كۆلى قاچىلانغان ساپال كوزىلار بولسا كېرەك). بۇ قەبرىدىن يەنە ئالتە - يەتتە دانە ياغاچ ئاياغ، ئون نەچچە دانە ساپال كوزا، قەدىمىي كەتمەن، ئورغاق، پالتا، تەخسە قاتارلىق ئەمگەك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە تاۋۇتقا سېلىنىپ دەپنە قىلىنغان جەسەتلەر تېپىلغان.

تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، مەزكۇر قەبرىستانلىقتا يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان قەدىمكى قەبرىلەر ناھايىتى كۆپ. 1993 - يىلى بۇ قەبرىستانلىق ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ مۇھاپىزەت قىلىنغان.

## 8. بەلقۇم بۇددا نامازخانىسى

بۇ خارابە ياۋا يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقچېقىل كەنتىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 79°26′36″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 37°21′12″ قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 22 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر.

بۇ بۇتخانا تاملىرى قۇم ئاستىدا قالغان بولۇپ، يەرنىڭ ئۈستىدىكى تاملاردا ئىلگىرى رەڭلىك تام رەسىملىرى بار ئىدى. خارابىنىڭ ئەتراپى سازلىق بولغاچقا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. مەزكۇر خارابىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرگە

شەھىرىنى ئىشغال قىلىپتۇ. مۇشۇ يەتتە كۈن ئىچىدە گۈلباغ كەنتىگە چۈشكەن بۇ چىنار دەرىخىمۇ ھەر كۈنى بىر شاخ چىقىرىپتۇ، يەتتە كۈندە يەتتە شاخ بولۇپ ياشىرىپتۇ. ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەن بولسىمۇ، چىنارنىڭ شېخى ئالتە بولۇپ قالماپتۇ، سەككىزگە بارماپتۇ. كىمىكى بۇ چىنارنى يەتتە قېتىم ئايلانسا، بۇ ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئاپەت ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەردىن يەتتە قېتىملىقى ئازىيارمىش. ئۇنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە «400 ـ 800 يىللار بۇرۇنقى دەرەخ» دېگەن قاراشلار ھۆكۈم سۈرمەكتە.

ھازىر قاراقاش ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى بۇ چىنارنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، ئەتراپىنى رەشاتكىلاپ ساياھەت مەركىزىگە ئايلاندۇردى.

## 12. ئىمامى ئەسكەر مازىرى

ئىمامى ئەسكەر مازىرى قاراقاش ناھىيە تۇۋەت يېزىسىنىڭ ئايىغىدا، قاراقاش ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا. مازار يېزا تاشيولىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان. مازار قۇرۇلۇشى قۇملۇق ئۈستىگە سېلىنغان، ئەتراپى ياغاچ، يۇلغۇنلار بىلەن قاشالانغان. مازارنىڭ ئىچ تەرىپىگە يەنە تام چۆرۈلگەن، مازار ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى دەرەخ ۋە خادىلارغا قوي، توخۇنىڭ تولۇمى ۋە قۇشنىڭ باشلىرى سانجىپ قويۇلغان، بولۇپمۇ توخۇ ۋە قۇشلارنىڭ بېشىنى ياغاچقا سانجىپ ئېسىپ قويۇش مۇشۇ مازاردا ئەڭ گەۋدىلىك. بۇ خىل تولۇم قىلىنغان قوي، توخۇلارنى، قۇش باشلىرىنى مازارلاردا ئېگىز خادىلارغا، دەرەخلەرگە ئېسىپ قويۇش ئادىتى قەدىمىي شامان دىنىي ئېتىقادىنىڭ بۈگۈنكى خەلق تۇرمۇشىدىكى قالدۇقىدۇر. شامان دىنىي ئېتىقادىدا، خادا، دەرەخ، تاغ دېگەنگە ئوخشاش ئېگىز نەرسىلەر كۆك تەڭرىگە ئەڭ يېقىن نەرسىلەر دەپ قارالغان. شۇڭا تەڭرىگە ئاتاپ قىلىنغان قۇربانلىقلارنى ئېگىز خادىلار، دەرەخلەرگە ئېسىپ قويۇشقان. بۇ خىلدىكى ئېتىقاد ئادىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە» دىنمۇ كۆرەلەيمىز. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخاننىڭ غەلىبىسى شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ مۇراسىمدا مەيدانغا ئېگىز خادىدىن ئىككىنى تىكلەپ، بىرىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن توخۇ، ئاستىغا ئاق قوي، يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە كۈمۈش توخۇ، ئاستىغا قارا قوي باغلىغانلىقى قەيت قىلىنغان. شامان

## 11. قەدىمىي چىنار دەرىخى

قەدىمىي چىنار دەرىخى ئاقساراي يېزىسى گۈلباغ كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 35 مېتىر، دىئامېتىرى 2.87 مېتىر، ئايلانمىسى توققۇز مېتىر كېلىدۇ. يەتتە ئادەم قول تۇتۇشۇپ غولىچىنى كەرگەندە ئاران يېتىدۇ.

دەرەخ يەر يۈزىدىن 3.5 مېتىر كېلىدىغان يەردىن يەتتە چوڭ شاخقا ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلانمىسى 3.5 مېتىر، دىئامېتىرى 1.2 مېتىر كېلىدۇ. بۇ چىنار توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت تارقالغان:

«مىڭ نەچچە يىل ئىلگىرى شەھىرى خەيبەر خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بىر قانچە قېتىم ئەلچە ئەۋەتىپ، ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار قارشىلىق بىلدۈرۈپتۇ. مۇھەممەت پەيغەمبەر شەھىرى خەيبەر خەلقىنى ئىمان ئىسلامغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسھابە لەشكەرلىرىگە:

— سىلەر بېرىپ خەيبەر شەھىرىدىكى بۇتپەرەس خەلقنى ئىمانغا دەۋەت قىلىڭلار. رازىلىق بىلەن ئىمان ئېيتسا قىلچە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەڭلار. قارشىلىق كۆرسەتسە، بەيئەت قىلغۇچە ئۇرۇش قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. لەشكەرلەر مەككىدىن سەپەر قىلىپ، خەيبەر شەھىرىنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇتپەرەسلەر شەھەر دەرۋازىسىنى پۇختا تاقاپ، ئۆزىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىۋاپتۇ. ئەسھابىلەر ھەرقانچە قىلىپمۇ سېپىل ياكى دەرۋازىنى بۇزالماپتۇ. شۇ ئەسنادا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) دەرۋازىنى ئۆزۈم ئاچىمەن دەپتۇ. لەشكەرلەردىن بىرى دەرۋازا ئالدىدىكى چىنارنى كۆرسىتىپ:

— سىزنىڭ دەرۋازىنى بۇزغۇدەك كۈچىڭىز بولسا، بۇ چىنارنى يۇلۇپ، ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىپ قويۇڭ، — دەپتۇ. ھەزرىتى ئەلى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپلا چىنارنى بىر تارتقانىكەن، ئىككى پارچە بولۇپ يۇلۇنۇپ چىقىپتۇ. ئۇ، دەرەخنى چۆرۈپ ھاۋاغا بىر ئاتقانىكەن، بىر شېخى ئاقتام كەنتىگە تەتۈر چۈشۈپتۇ، يەنە بىر شېخى گۈلباغ كەنتىگە ئوڭ چۈشۈپتۇ ۋە كۆكلەپ قاپتۇ. بۇ، ئەنە شۇ چىنار دەرىخى ئىكەن.

ئىسلام قوشۇنلىرى يەتتە كۈن قاتتىق جەڭ قىلىپ، خەيبەر

يىللار بۇرۇن يارىتىلغان مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز قۇم ئاستىدا نەچچە ئون ئەسىرلەپ ياتىسمۇ، ناھايىتى ئاز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تا بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

## 1. ئاق قوچقىراق قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە نىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي، ئەندىرە چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تەخمىنەن 30 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″15 ′37 °83 بىلەن شىمالىي پاراللېل ″22 ′57 °37 قا توغرا كېلىدۇ.

خارابە سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە قېلىن توغراق ياغاچلىرىدىن مەزمۇت قىلىپ ياسالغان قوش قاناتلىق چوڭ قوۋۇق (دەرۋازا) ئورنىتىلغان. خارابىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 36 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ. قورغان سېپىلى سېغىز كومۇلاچ لاي بىلەن قاتمۇ قات چىڭداپ ياسالغان بولۇپ، ئاستى، ئوتتۇرىسى، ئۈستى قىسىملىرىدىكى قەۋەتلىرى يۇلغۇن شاخلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ باستۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن. سېپىل ئۇلىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىرچە، ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ كەڭلىكى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئايلانمىسى 600 مېتىردىن ئاشىدۇ. شەھەر ئىچىدە شۇنىڭغا ماس ھالدا سېلىنغان 650 ئېغىزدىن كۆپرەك چوڭ - كىچىك ئۆي - خانىلار قۇمغا كۆمۈلگەن پېتى ياخشى ساقلىنىپ قالغان (بەزى جايلاردا كۆيۈپ كەتكەن ئۆي خارابىلىرىمۇ ئۇچرايدۇ). شەھەر ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، قوپال بولۇپ، ئۇنىڭغا توغراق، جىگدە، ئۈجمە ياغاچلىرى ئىشلىتىلگەن. كۆپىنچىسىنى سەل - پەل تۈزلەپ، يونۇپلا ئىشلەتكەن. تۈۋرۈك ياغاچلارغا تەبىئىي شەكىللەنگەن يوغان، مەزمۇت ئاچىماق ياغاچلار ئىشلىتىلىپ، لىملار ئەنە شۇ ئاچىلارغا چىشلىتىلگەن. ئۆي تاملىرىنىڭ كۆپىنچىسى كومۇلاچ لاي تام، بەزىلىرى قوشام ۋە لاي چاپلانغان قوشام تاملاردۇر. ئىشىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈن توغراق تاختايلىرىدىن قوراشتۇرۇلۇپ قوپال ياسالغان.

قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن ئۈچ

دىنىغا خاس بولغان بۇ خىل ئادەتلەر، يەنە بۇرۇن شۇ خىل ئېتىقادتا بولغان سېرىق ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىمۇ ساقلانغان.

مازار ئەتراپى خېلى كەڭ دائىرىدە يۇلغۇن، توغراقلار بىلەن قويۇق قاپلانغان بولۇپ، كۆرۈنۈشى سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك، بۇ مازارغا سەيشەنبە كۈنى ئادەم كۆپ كېلىدۇ. ئىمامى ئەسكەر مازىرىغا بارىدىغان يېزا يولىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇغ - شەددىلەر قادالغان بىر جاي بولۇپ، بۇنى قازان توغراق پاششىم دەپ ئاتايدۇ. بۇ جاي ئىمامى ئەسكەر قازان ئاسقان جاي دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## نىيە ناھىيىسى

نىيە - خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى چەت بىر ناھىيە. ئۇ، شەرقتە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، غەربتە كېرىيە ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبتا شىنزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، شىمالدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 56171.53 كۋادرات كىلومېتىر. جۇڭگونىڭ مەشھۇر تارىخىي دەستۇرى «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بۇ ناھىيە تەۋەسىدە بىر قانچە چوڭ - كىچىك بەگلىكلەر قۇرۇلغان. مىلادىيە 1884 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتەندە بىۋاسىتە قاراشلىق ئايماق تەسىس قىلىنىپ، كېرىيىدە ناھىيە قۇرۇلغان. بۇ چاغدا نىيە كېرىيىگە قاراشلىق بولۇپ، ئۇلۇغساي يېزىسى دەپ ئاتالغان. 1943 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى نىيىدە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. لېكىن، يەنىلا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، 1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان. نىيە ناھىيىسىنىڭ ياۋا ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى مول بولۇپ، بۇ يەردە 350 مىڭ مودىن ئارتۇق تەبىئىي توغراقلىق، 810 مىڭ مو تەبىئىي چاتقاللىق ۋە يەتتە مىليون 780 مىڭ مو تەبىئىي ئوتلاق بار. بۇ ناھىيىنىڭ ھاۋا كىلىماتى پەرقلىق بولغاچقا، بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ

## 3. نىيە سىپتا تاش قورال ئىزى

بۇ ئىز نىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي بېشىدىكى ئۆلۈغساي بىلەن غەربىي بېشىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك جايدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن سىپتا تاش پارچىلىرى، تاش ياپراقچە، قىرىندى ياپراقچە قاتارلىق 140 نەچچە ماددىي بۇيۇم يىغىۋېلىنغان.

## 4. ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرى

ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرى نىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نىيە يېزىسى قاپاق ئاسقان كەنتىنىڭ بەش كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، «نىيە چوڭ مازىرى»، «پاشىشايىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىمام جەئفىرى سادىق ئەسلى ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ 6 - ئەۋلاد ئىمامى بولۇپ، مىلادىيە 765 - يىلى مەدىنىدە قەتلى قىلىنغان. ئۇ خوتەن تەۋەسىگە كەلگەن ئەمەس. ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ مازار شېغىللىق ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان. قۇم دۆۋىسىنىڭ ئاستىدىن قەبرىگاھقىچە بولغان يول ئۈستىدە 11 ئىشىك بار. قەبرىگاھ ياغ قۇرۇلمىلىق، قەبرە شەكىللىك ئۆي بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىگە ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ چوڭ قەبرىسى قاتۇرۇلغان. قەبرىگاھنىڭ ئىچى - سىرتى تۇغ - ئەلەم، تورلۇك لەۋھە، ھەر خىل تۆمۈر، مىس، ياغاچتىن ياسالغان بېزەكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. ئەتراپىدا مازارغا تەۋە مەسچىت بار. ئېيتىلىشىچە، بۇ مەسچىت نىياز ھېكىم بەگ دەۋرىدە سېلىنغان بولۇپ، مەسچىتنى سېلىشقا كېتىدىغان خىش قەشقەردىن يۆتكەپ كېلىنگەنىكەن. مەسچىتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە خانىقا، ئېتىكاپخانا قاتارلىق 40 نەچچە ئېغىزلىق ئۆي بار. بۇ مازارنىڭ قاچان بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ھەر خىل رىۋايەتلەر بار. ئۇنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە، 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرى قاراخانىيلار بىلەن ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇرۇش مۇشۇ ئەتراپتا يۈز بەرگەن. ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولۇپ، قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ سەردارى ئۇرۇشتا شېھىت بولغان. يەنە بىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئىمام جەئفىرى سادىق ئۇدۇنغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كېلىپ، مۇشۇ يەردە شېھىت بولغانمىش. بۇ رىۋايەت «ئۇدۇن - قەشقەر تەزكىرىسى» ناملىق تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرىدە، ھىجرىيە 184 - يىلى جەئفىرى سادىق

كىلومېتىر يىراقلىقتا قەدىمكى ئېقىن (دەريا) نىڭ ئىزى بار. ئىزنىڭ غەربىي قىرغىقىغا قەدىمكى قەبرىستانلىق جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە توغراق كۆتەكلىرىدىن تەييارلانغان ساندۇق (تاۋۇت) پارچىلىرى، ساپال پارچىلىرى، مىس، تۆمۈر بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرى ئۇچرايدۇ.

بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ دەۋرىنى هازىرقى تەكشۈرۈشكە ئاساسەن بېكىتمەك قىيىن. ئامېرىكىلىق هۇنتىڭتۇن 1905 - يىلى تەكشۈرگەندىن كېيىن، «سېپىلنىڭ ئىچىدە بىر مەسچىت بار» دەپ مەلۇمات بەرگەن. ئەمما، هازىر مەسچىت خارابىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ستەينمۇ ئۇنى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى شەھەر دەپ قارايدۇ. بۇرۇنقى تەكشۈرۈش ۋە هازىرقى ئېنىقلاشلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر بىنا قىلىنىپ ئانچە ئۇزۇن ئىشلىتىلمىگەن. خارابىنىڭ بىر قەدەر ئېنىق دەۋرىنى كەلگۈسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش نەتىجىلىرى ئارقىلىق بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

## 2. تاللىق ئېغىل قەدىمكى قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق سالغۇزەك يېزا پاشاپ مەھەللىسىنىڭ شىمالىغا ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″32 ′58 °82 بىلەن شىمالىي پاراللېل ″13 ′09 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر. مەزكۇر قەبرىستانلىقتا يەر يۈزىگە كولاپ چىقىرىۋېتىلگەن قەبرە ياغاچلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. ياغاچلارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشاش ئەمەس، ئۇزۇنلىرى 1.95 مېتىر، قىسقىلىرى 0.60 مېتىر، دىئامېتىرى 8 ـ 17 سانتىمېتىر ئارىلىقىدا. يەر يۈزىدە ئادەم ۋە هايۋانات سۆڭەكلىرى، ئاندا - ساندا رەخت پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. رەختلەر پاختا رەخت بولۇپ، ئانچە چىرىپ كەتمىگەن. يەرلىك كىشىلەر بۇجايدا ئوغرىلىقچە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، تاق قۇلاقلىق كومزەك، ياغاچ تاۋاق (ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن)، چىراغ هەم مىس پارچىلىرى، يۇڭ رەخت پارچىلىرى قاتارلىقلارنى قېزىۋالغان بولۇپ، كېيىن ناهىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا تەرىپىدىن يىغىۋېلىنغان.

بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىش تېخىچە تەتقىقات ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

ناھىيە قەدىمدە «چىرا بەگلىكى» دەپ ئاتىلىپ، تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى ھېلىھەم ساقلانماقتا. بۇلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

## 1. كىشى بۇددا خارابىسى

بۇ خارابە چاقار يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان كىشى كەنت تەۋەسىدە بولۇپ، 1980 - يىللاردا بۇ يەر بىر قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، قوغداش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ چاغدا قوغدىلىدىغان نۇقتا پەقەت بىر گۈمبەزسىمان دۆڭ بولۇپ، «ئاستىدا ئۆيلۈك بار» دەپ قارىلاتتى. 1992 - يىلى 4 - ئايدا بۇ يەرنىڭ غەربىدىكى يەنە بىر دۆڭلۈكتىن ئىلگىرى كۆمۈۋېتىلگەن بىر بۇتخانا ئىزى ئېچىلدى. بۇ يەر گەرچە ئالدى بىلەن بايلىق ئىزدىگۈچىلەر تەرىپىدىن كولانغان بولسىمۇ، ھېچقانچە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان. نەق مەيداننى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئېگىزلىكى 7 ـ 8 مېتىر كەلگۈدەك گۈمبەزسىمان دۆڭنىڭ ئۈستىدىن ئۇزۇنلۇقى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 1.2 مېتىر دائىرە تۆۋەنگە 1.7 مېتىر كولانغان، نۇرغۇن گەج پارچىلىرى سىرتقا كولاپ چىقىرىلغان. دۆڭنىڭ ئاستىدىكى تېخى كولاپ چىقىرىلمىغان گەج پارچىلىرى تولىمۇ رەتسىز ھالدا بېسىلىپ ياتقان. بۇ جايدىن ئۇزۇنلۇقى 45 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 22 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر زور گەج پارچىسى تېپىلغان بولۇپ، ئۇ، روشەن ھالدا بىر چوڭ بۇتنىڭ يانپېشى ئىدى. گەج پارچىلىرى ئارىسىدا يەنە تام رەسىم ۋە بۇت پارچىلىرىمۇ بار. ئۇنىڭدىكى كۆك، يېشىل، قىزىل، سېرىق، جىگەر رەڭ، كۈمۈش رەڭلەر، ئالتۇن ھەللەر ھېلىھەم چاقناپ تۇرىدۇ. تام رەسىملىرىدە نېلۇپەر ئۈستىدە ئولتۇرغان بۇتساتۋالارنىڭ ئوبراز ۋە گۈل ـ گىياھ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەقىشلەر، رەتلىك سىزىقچىلار ئۆلچەملىك، رەڭلەرنىڭ ماسلىشىشچانلىقى يۇقىرى، ياسىلىش ئۇسلۇبى ئالاھىدە بولۇپ، دولقۇنسىمان نەقىش، چېچەك نەقىش، تاق ۋە جۈپ كانارە، چېكىتلىك نەقىش، ئالتۇن ھەل بىلەن چىقىرىلغان ئالتە ئۇچلۇق يۇلتۇز نەقىش، تۆت بەرگىلىك گۈل ـ چېچەك نەقىشى ۋە يوپۇرماق شەكىللىك نەقىشلەر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

بۇ ھەقىقەتەن بىر بۇتخانا خارابىسى بولۇپ، گەج پارچىلىرىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە ئۇنىڭ تاملىرىدا گۈزەل تام رەسىملىرى،

شەرقىي ئەلنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ قەشقەرنى قايتۇرۇۋالغان. قەشقەرنى بازا قىلىپ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلغان ۋە شۇ يەردە شېھىت بولغان... دېيىلگەن. ئاۋرېل ستەيىن (1862 ـ 1943) ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدىمۇ شۇ بويىچە قەيت قىلغان. بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىنىڭ ئەينى زاماندا 1000 دىن ئوشۇق قويى، 200 نەچچە تۇياق كالىسى، 100 نەچچە تۆگىسى، بىر قانچە ئون تۇياق ئېتى بولغانىكەن، مازارنىڭ شەيخلىرى 20 نەچچە، مازاردا يېتىپ ـ قوپىدىغان دەرۋىشلەر 100 دىن ئاشىدىكەن.

ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرى شىنجاڭدىكى تەسىرى بىر قەدەر چوڭ مازارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدىمۇ خېلىلا تەسىرگە ئىگە مازارلارنىڭ بىرى. خەلق ئىچىدە «ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىنى ئۈچ قېتىم تاۋاپ قىلغانلىق مەككىدىكى كەئبىنى تاۋاپ قىلغانلىق بىلەن باراۋەر» دەيدىغان قاراش ساقلىنىپ كەلگەن. ھەر يىلى ياز ۋە كۈز پەسىلىدە، بولۇپمۇ 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي قاتارلىق ئىچكى ئۆلكە ـ رايونلاردىن ناھايىتى نۇرغۇن مۇسۇلمانلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ.

ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرى «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## چىرا ناھىيىسى

بۇ ناھىيە كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان '03 °80 — '10 °82، شىمالىي پاراللېل '18 °35 — '30 °39قا توغرا كېلىدۇ. جەنۇبىتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 468 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 35 ـ 121 كىلومېتىرچە كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 32.430 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ

خاتىرىسىدە يېىم ياكى يېيىن دەپ ئاتالغان. قارا چىن دېگەن ئىسىمدىكى قارا دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چوڭ، بۈيۈك، كاتتا» دېگەن مەنىسى بارلىقى، چىن سۆزىنىڭ خوتەننىڭ قەدىمدە چىن ماچىن دەپ ئاتالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا «ئۇلۇغ زاراتگاھلىق» دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى قەبرىستانلىق بارلىقى قاتارلىقلار ئۇنىڭ قەدىمكى خوتەندىكى كاتتا بىر شەھەر بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ شەھەر قەدىمكى كارۋان يولى ئۈستىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا سېلىنغان قەلئە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

## 3. شائىر موللا نىياز قەبرىگاھى

موللا نىياز 18 - ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، 1777 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» ياكى «تۆت ئىمام زەبىيھۇللا تەزكىرىسى» ناملىق تارىخىي داستانى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرى، «قەسەسۇل غارايىب»، «دىۋان نىيازى»، «تارىخىي ۋاپانامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. شائىرنىڭ يەنە بىر چوڭ تارىخىي خىزمىتى شۇكى، خوتەننىڭ ئەينى دەۋردىكى ھاكىمى مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن ئەسىرىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمە ياۋروپا ئالىملىرىنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن چاقار يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى دەريا بويىغا جايلاشقان مازارغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىسى بار مازار بىلەن يېزا مەركىزىنىڭ ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ. قەبرە ئۈستىگە تاش - توپىلاردا بەلگە قىلىپ قويۇلغان. شائىرنىڭ ئىخلاسمەنلىرى دائىم بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ قايتىشىدۇ.

## 4. كونا دامىكۇ خارابىسى

بۇ خارابە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. كونا دامىكۇنى مەركەز قىلغان ھالدا، شۇ ئەتراپتا نۇرغۇن باشقا خارابە ئىزلىرى بار. ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدىن 4 - 5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئۇلۇغزات مازىرى، غەربىي

ئوتتۇرىسىدا غايەت زور بۇت ھەيكىلى بولغان. تام رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، 4 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا ياسالغانلىقى ئېنىق. 10 ـ ئەسىردىكى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۇرۇشىدا ئىسلام ئەسكەرلىرى ياكى يەرلىك خەلق تەرىپىدىن كۆمۈۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

## 2. قارا چىن قەدىمكى شەھىرى سېپىلى خارابىسى

بۇ خارابە چىرا يېزىسىنىڭ تەخمىنەن 40 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى قۇملۇق ئىچىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″30 ′57 °80، شىمالىي پاراللېل ″12 ′12 °37 قا توغرا كېلىدۇ. 1901 ـ يىلى ستەين بۇ شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرگەن ۋە ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. 1929 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبىمۇ بۇ يەردە تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان. 13 ـ ئەسىردە ئىتالىيىلىك سەيياھ ماركوپولو بۇ يەردىن ئۆتكەندە، بۇ خارابىنى پېشىن ئايمىقى دېگەن شۇ دەپ قارىغان. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ سېپىلى سوقىچاق شەكىللىك، دىئامېتىرى 100 مېتىر، پۈتۈن ئايلانمىسى 385 مېتىر بولۇپ، شەرقىي تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ مېتىر كەڭلىكتىكى يوچۇق جاي بار. ئۇ، ئېھتىمال دەرۋازا ئورنى بولسا كېرەك. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 3.70 دىن 4.30 مېتىرغىچە، تام ئۇلى كەڭلىكى 3.50 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 1.80 مېتىر، سېپىلنىڭ بەزى قىسمىنىڭ تەخمىنەن ئىككى مېتىر يۇقىرىسىدا بالا تام بولۇپ، ئېگىزلىكى 0.90 ـ 1.30 مېتىر، ئاستىنىڭ كەڭلىكى 0.70 مېتىر، ئۈستىنىڭ 0.15 مېتىر كېلىدۇ. سېپىل گەۋدىسى بىر قەۋەت سېغىز لاي، بىر قەۋەت شاخ-شۇمبا بىلەن قاتمۇ قات قوپۇرۇلغان. تامنىڭ ئىچى ـ سىرتى سېغىز لاي بىلەن قوپال سۇۋالغان. تامنىڭ بەزى جايلىرى كېيىن يامالغان بولۇپ، بۇنى ھازىرمۇ خېلى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ھازىر سېپىلنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا قۇم دۆمبەللىرى ھاسىل بولغان، يۇلغۇنلار باراقسان ئۆسكەن. سېپىل ئىچىدە (غەرب تەرەپتە) بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئىزى بار بولۇپ، شەكلى چاسا. سېپىل ئىچى ياكى سىرتىدا بۇنىڭدىن باشقا ئىزنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ خارابە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بىم بالىق، ئەرەبچىدە پىما، ماركوپولو ساياھەت

## 5. تېتىگرام خارابىسى

بۇ خارابە دامىكۇ بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇملۇققا جايلاشقان بولۇپ، ھازىرقى بوستانلىق بىلەن بولغان ئارىلىقى ئون كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئۆي، يول، ئېرىق خارابىلىرىمۇ ئون كىلومېتىردىن ئارتۇق دائىرىگە سوزۇلغان. ئۆيلەر ۋەيران بولغان، ئەمما ئىزلارغا ئاساسەن بۇ خارابىنى بىر قەدىمكى شەھەر بازىرىنىڭ قالدۇقى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. خارابىنىڭ غەربىي شىمال يۆنىلىشىدە قۇملۇققا يېرىم كۆمۈلگەن قەدىمكى قورۇلۇشلار بار. بۇ جايدىن 4 ـ 5 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت كۆسەن مىس پۇلى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە ئائىت بىر قىسىم پۇللار، قاپارتما نەقىشلىك ساپال پارچىلىرى تېپىلغان. بۇلارنى ئىنچىكە كۆزەتكەندە بۇ شەھەرنى 5 ـ ئەسىردىن كېيىن ۋەيران بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## 6. ئىمامى جەئفىرى تېھران مازىرى

بۇ مازار چىرا يېزىسىنىڭ مازار كۆل كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 4.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆلىمى 400 موغا يېقىن، ئۇزۇنلۇقى 570 مېتىر، كەڭلىكى 460 مېتىر كېلىدۇ. ھازىر مازاردا تولۇق ساقلىنىپ قالغان ئاساسلىق قورۇلۇشتىن ئۈچى بار ۋە چوڭ نامازلار مۇشۇ يەردە ئوقۇلىدۇ.

1) ھېيتگاھ مەسچىتى: بۇ مەسچىتتە مۇسۇلمانلار مەخسۇس روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى 1850 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 37 مېتىر كېلىدۇ. بۇ مەسچىت ئىچكىرى ـ تاشقىرى بولۇپ، ئالدىدا ھويلىسى بار. تەخمىنەن 4000 ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدۇ. ئىبىتىشلارغا قارىغاندا ئۇ، 300 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، تاملىرى كېيىنكىتىن قوپۇرۇلغان.

2) جۈمە مەسچىتى: بۇ مەسچىت 1947 ـ، 1950 ـ يىللىرى يۇقىرالارنىڭ ئىئانە توپلىشى بىلەن سېلىنغان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 مېتىر، كەڭلىكى 75 مېتىر بولۇپ، ئىچكىرى ـ تاشقىرى قىلىپ ئايرىلغان. ئىچكىرىكى قىسمىنىڭ ئۈستى يېپىقلىق، تاشقىرىسىنىڭ يېرىمىدا

جەنۇبىدىن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا لىچىن ئاتام مازىرى، شەرقىي جەنۇبىدىن 4 ـ 5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا سوپۇجى مازىرى، شەرقىي ـ جەنۇبىدىن 4 ـ 5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا چولپان ئاتا مازىرى، شەرقتىن 10 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان ئىككى بۇددا مۇنارى خارابىسى بار. شۇڭلاشقا، كونا دامىكۇ ئەمەلىيەتتە دائىرىسى ناھايىتى كەڭ قەدىمكى خارابىلىك ھېسابلىنىدۇ.

1929 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، پروفېسسور خۇاڭ ۋۇنبى بۇ جايغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ 13 ـ ئەسىردە ماركوپولو خوتەنگە كەلگەندە ئېغىزغا ئالغان پېمىن ئايمىقى بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېسابلىغان. خۇاڭ ۋېنبى ئۆزىنىڭ «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «دامىكۇ كەنتىدىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ قۇملۇققا كىرىپ، تەخمىنەن 5 ـ 6 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، قىپقىزىل ساپاللىق خارابىگە بارىسىز ۋە ئۆزىڭىزنى خۇددى قەدىمكى ئولتۇراق رايونلارغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز، بۇ يەردىن بۇرۇلۇپ يەنە شەرققە ماڭسىڭىز تېخىمۇ كۆپ ساپال پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. بۇ جاي تېتىرغىلاڭ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ، غەربىي جەنۇب ۋە شەرقىي شىمال تەرەپتە نەچچە چاقىرىمغىچە سوزۇلىدۇ. بۇ يەردىكى ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، لېكىن ئۇنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كوچا ـ رەستىلەرنىمۇ ئىلغا قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بىر چوڭ كوچا ئىزناسى بار. ئېنىقكى بۇ بىر كونا شەھەر خارابىسىدىن ئىبارەت ...» دەپ يازغان ۋە بۇ جايدىن 4 ـ 5 ـ ئەسىرلەرگە خاس كۆسەن كىچىك مىس پۇلى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇلى قاتارلىق قەدىمكى پۇل، ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، زىننەت بۇيۇملىرى، بۇددا دىنى بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ساپال قاچىلار، ساپال بۇت، مىس بۇت، ساك يېزىقىدىكى قولىيازمىلارنى تاپقان.

بەزى ئالىملار كونا دامىكۇ خارابىسىنى خەن دەۋرىدىكى ئۇزۇنتات شەھىرى، تاڭ دەۋرىدىكى كەنجۇت شەھىرى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى فىيىن شەھىرى دەپ قارىماقتا.

ئىسلامنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ئىمامى نەسرىددىن قاتارلىق تۆت ئىمامنىڭ مۇشۇ جايدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭدە شاھادەت تېپىشى ۋە دەپنە قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ھاسىل بولغان. مازارنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 200 مو ئەتراپىدا بولۇپ، قەبرە يېنىدا تاۋاپچىلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بىر مەسچىت بار. مازارغا ھەر يىلى كۈزدە قوشنا ناھىيە ۋە جايلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ تاۋاپ قىلىپ قايتىدۇ.

## 9. توپىلىق دۆڭ بۇتخانا ئىزى

توپىلىق دۆڭ بۇتخانا ئىزى چىرا ناھىيە دامىكۇ يېزا داشكۆل كەنتىنىڭ شەرقى، دامىكۇ يانىڭ بېشىدىكى توپىلىق دۆڭ دائىرىسىگە جايلاشقان. بۇ جاينىڭ نامى يەنە ئۇقالىقاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇتخانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″27 ′50 °81، شىمالىي كەڭلىك ″46 ′56 °36 قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1348 مېتىر بولۇپ، خارابىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئاساسەن ئانچە ئېگىز بولمىغان كىچىك ـ كىچىك دۆڭلەردىن تەركىب تاپقان. بۇ بۇتخانا شۇ يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن بايقالغان.

بۇتخانا ئىچىدە شىمالىي تامغا يۆلەپ ياسالغان، نىلۇپەر ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر چوڭ بۇت بار بولۇپ، باش قىسمى بۇزۇۋېتىلگەن (يوق)، بۇت بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ھالەتتە بولۇپ، ئىككى قولى يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان، شۇنداقلا ئىككى قولىنىڭ ئالىقان قىسمى يوق. بۇت نۇر چەمبىرىكى ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە نۇر چەمبىرىكنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان، نۇر چەمبىرىكنىڭ سىرتقى ئايلانمىسى كۆپتۈرمە نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. بۇت ھەيكىلى بىلەن غەربىي تام ئارىلىقىدىكى بوش يەرگە بۇتلارنىڭ تۈرلۈك ھالەتتىكى ئوبرازى سىزىلغان. غەربىي تامنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان بىر كۋادرات مېتىرغا يەتمەيدىغان يېرىدە ئەينى ۋاقىتتا سىزىلغان رەڭلىك كانارىلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

تام رەسىملىرىگە قىزىل، قارا، كۆك، جىگەر رەڭ، يېشىل، سېرىق رەڭلەر مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەن. بۇت ئولتۇرغان نىلۇپەر سۇپىسى تىزما چاق شەكلىدە تۆت قەۋەت بولۇپ، تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى چوڭىيىپ بارىدۇ، يەنى 1 ـ قەۋەتنىڭ ئېگىزلىكى 16 سانتىمېتىر، 2 ـ قەۋەتنىڭ ئېگىزلىكى 16 سانتىمېتىر، 3 ـ

پىشايۋان بار، يېرىمى سەينادىن ئىبارەت. بۇ جايدا بىرلا ۋاقىتتا 5000 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

3) سىمە (قەبرە): بۇ قۇرۇلۇش جۈمە مەسچىتىنىڭ 50 مېتىر شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 1360 كۋادرات مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 80 مېتىر، كەڭلىكى 60 مېتىر كېلىدۇ. جۈمە مەسچىتىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىكتىن كىرگەندە، كەڭ كەتكەن بىر سەيناغا چىققىلى بولىدۇ. بۇ سىمەنىڭ دۇئاخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپى تام بىلەن توسالغان. جەنۇب تەرىپى مەسچىت بىلەن، شىمال تەرىپى سىمەنىڭ تېمى بىلەن تۇتىشىدۇ. سىمەنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئىككى دۇئاخانا بار، كارىدور ئارقىلىق ئۈستى ئوچۇق بىر ئۆيگە كىرىپ شىمالغا مېڭىپ، ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى ياغاچ پەلەمپەي ئارقىلىق سىمەگە كىرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى 375 كۋادرات مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر كېلىدۇ. سىمەنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىشتىن ياسالغان ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر كېلىدىغان قەبرە بولۇپ، ئەتراپىغا ھەر خىل رەڭدىكى توغ ـ ئەلەملەر ۋە خادىلار قويۇلغان ھەم قەبرىنىڭ ئۈستىگە ئەرەبچە خەت بىلەن كەشتىلەنگەن 15 قات يوپۇق يېپىلغان. بۇ ئىمامى جەئفىرى تېھرانىنىڭ قەبرىسى دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، كىشىلەر قەلبىدە ئىككىنچى ھەرەم ھېسابلىنىدىغان مۇقەددەس مەقبەرىدۇر.

## 7. ئىمام مەھدى مازىرى

بۇ مازار چاقار يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي-جەنۇبىي تەرىپىدىن 19.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 40 مو، يىلى ئېنىق ئەمەس. بۇ يەردە ئىككى ئېغىز مەسچىت بار.

## 8. تۆت ئىمام مازىرى

بۇ مازار بوستان يېزىسى (كونا ئاتىلىشى ئىماملىرىم) تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزا مەركىزى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. مازار 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلار شاھزادىسى يۈسۈپ قادىرخان تەرىپىدىن خوتەن بۇددىستلىرىنى يوقىتىپ، دىنىي

دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى 15 جاڭزا، كېرىيە ناھىيىسىدىكى يېڭىلەڭگەر (ھازىرقى لوپ ناھىيىسى بىلەن چىرا ناھىيىسى تۇتىشىدىغان جاي) نىڭ غەربىدىن 23 جاڭزا ئايرىپ چىقىلىپ، بۇ ناھىيە قۇرۇلغان. ناھىيە تەۋەسىدە ئىككى بازار، سەككىز يېزا، تۆت دېھقانچىلىق مەيدان، 236 كەنت كومىتېتى، 1064 مەھەللە؛ يۇرۇڭقاش دەرياسى، ئاچچىق دەرياسى، ئوتتۇرا قىر دەرياسى، ساقى دەرياسى، قورامىلىق دەرياسى، پاختىلىق دەرياسىدىن ئىبارەت ئالتە دەريا بار. بۇ ناھىيە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى بىرقەدەر كۆپ ھەم مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىمۇ روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

## 1. قارا ياتاق خارابىسى

مەزكۇر خارابە سامپۇل يېزا قارا ياتاق كەنتىنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايدىن بىر قىسىم تاش قوراللار يىغىۋېلىنغان. ئۇلار ئاساسەن تاش بولقا، تاش ياپراقچە ۋە باشقا تاش قوراللاردىن ئىبارەت. بۇ جايدىن تېپىلغان قوراللاردىكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، خارابە بۇنىڭدىن 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

## 2. ئاچچىق تۆمۈر تاۋلاش خارابىسى

بۇ خارابە ناھىيە بازىرىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاچچىق تېغىغا جايلاشقان. تاغ باغرىدىن قەدىمكى نۇرغۇن تۆمۈر داشقاللىرى ۋە ساپالدىن ياسالغان شامالدۇرغۇچ، تۆمۈر تاۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان كورەك تېپىلغان. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئېغىزى ئېتىۋېتىلگەن بىر تاغ ئۆڭكۈرىدىن بىر دۆۋە تاش مىتىن ۋە تاش بولقا تېپىلغان. بۇ نەرسىلەرنىڭ يۈزىدە قىزىل تۆمۈر ئۆۋاقلىرى بار. بۇ ئەڭ قەدىمكى رۇدا قېزىش سايمانلىرى ھېسابلىنىدۇ.

## 3. سوغۇقۇم خارابىسى

بۇ خارابە چاھارباغ يېزا باش سوغۇقۇم كەنتى تەۋەسىدە بولۇپ، خارابە ئىزىدىن تاق قولاقلىق، جۇمەكلىك ساپال چۆگۈن، پىيالە چىلىنۋاتقان ئادەم سۈرەتلىك ساپال پارچىسى قاتارلىق مەدەنىيەت

قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 8 سانتىمېتىر، 4 - قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 11 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇتنىڭ مۇرە ئارىلىقى 58 سانتىمېتىر. پۇتىنىڭ بەدەشقان قۇرغان ھالەتتىكى ئارىلىقى 88 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 65 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ بۇت ھەيكىلى ئىچىگە ياغاچ ۋە قومۇشلاردىن ئاساسىي قۇرۇلما چىقىرىلىپ، سېغىز لاي بىلەن چاپلاپ ياسالغان. سىرتقا قىزغۇچ گىل بىلەن بىر قەۋەت رەڭ بېرىلگەن. بۇتخانا ئۆي ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، تاملىرى قوشامدالغان. قوشاملىرى سېغىز لاي بىلەن چاپلىنىپ، سىرتى سۇۋىلىپ ئاقارتىلغان. تامنىڭ قېلىنلىقى 15 سانتىمېتىر، كۆلىمى شەرقتىن غەربكە 1.70 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 1.70 مېتىر كېلىدىغان چاسا شەكىللىك بىر قۇرۇلما ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

نۆۋەتتە مەزكۇر بۇتخانا دەسلەپكى قەدەمدە قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، بىر قاتار مۇھاپىزەت تەدبىرلىرى كۆرۈلدى.

## لوپ ناھىيىسى

بۇ ناھىيە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىغا، كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرق تەرەپتە چىرا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب تەرەپتە كوئېنلۇن تېغى بىلەن، غەرب تەرەپتە يۇرۇڭقاش دەرياسى ئارقىلىق خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي تەرەپتە تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق ئاۋات ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 5. 337 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 8. 24 _ 5. 67 كىلومېتىرچە كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 13 مىڭ 572 كۋادرات كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە تۈزلەڭ بوستانلىق 6.5% نى، قۇملۇق 84% نى، تاغلىق 10.4% نى ئىگىلەيدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 342 مىڭ 600 مو. ناھىيە بازىرى خوتەن شەھىرىگە 24 كىلومېتىر كېلىدۇ.

لوپ ناھىيىسى قەدىمىي ئۇدۇن خانلىقىنىڭ تەۋەسى بولۇپ، 1903 - يىلى خوتەن ئايمىقىغا بىۋاستە قاراشلىق يۇرۇڭقاش

ئۆزىنى ئېتىپتۇ ۋە كېلىش سەۋەبىنى ئېيتىپتۇ. ئەسلىدە ئىمامى ئاسىم مەدىنە مۇنەۋۋەردە بوۋىسى رەسۇلۇللاھنىڭ رەۋزى مۇبارەكلىرىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بوۋىسى ئۇنىڭغا: «ئەي پەرزەنت، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، پەرزەنتىم ئىمامى جەئفىرى سادىق شەھىرى ماچىن قېشىدا توققۇز خاقان باشلىق 90 مىڭ لەشكىري كۇپار قولىدا تەڭلىكتە قالدى. بېرىپ ئۇنىڭغا يار - يۆلەكتە بولۇڭ، دەپتۇ. ئىمامى ئاسىم ئويغىنىپ دەرھال تاھارەت ئېلىپ، ناماز بامداتنى ئادا قىلغاندىن كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەردىن ئاللاھنىڭ كارامىتى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئىمامى جەئفىرى سادىقنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ لەشكىري ئىسلام خۇشاللىقتا چۆمۈپ، ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئارقىدىنلا ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم جەڭگە چۈشۈپتۇ ۋە كۇپپارلارنىڭ سەنزۇۋىن (بەزى رىۋايەتلەردە سەلسىبىل، سەنسۇۋىل دېيىلىدۇ) قەھرىمانى تۈركىي دېگەندەك قەھرىمانلىرىنى جېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. ئاخىر كۇپارلاردىن مەيدانغا چۈشىدىغان پالۋان چىقماي، توققۇز خاقان تەڭلا مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم بۇ توققۇز خاقاننىمۇ سۇر-توقاي قىپتۇ. بۇ خاقانلارنىڭ ۋەزىرى بىر شۇملۇقنى ئويلاپ تېپىپ، ھەزرىتى ئىمامى ئاسىمنىڭ يولىغا ئورا كولاپ، ئۈستىنى ئوت - خەس بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ. ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم توققۇز خاقاننى قوغلاپ كېلىۋاتقاندا، دۇلدۇلنىڭ ئايىغى ئورىغا تىقىلىپ، ئۆزى يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ۋە كۇپارلارنىڭ نەيزىسى سانجىلىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئىمامى جەئفىرى سادىق، سۇلتانى ئەللامە خۇراسانى قىلىچ بۇرھانىددىن ئاتا بىلەن نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، ئىمامى ئاسىمنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئاپتۇ، ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم كۆزىنى ئېچىپ:

— ئەي بۇزرۇكۋارىم، مېنىڭ جەسىتىم مۇشۇ يەردە قالارمۇ؟ مېنىڭ روھىمغا كىممۇ دۇئا قىلار؟ — دەپ يىغلاپتۇ.

ئىمامى جەئفىرى سادىق ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: «كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بۇ جاي ئاخىرى ئىسلام بولۇر، جەسىتىڭىز خارلىنىپ قالمايدۇ. ئۇممەتلىرىم مېنىڭ بېشىمغا بىر بارغۇچە سىزنىڭ بېشىڭىزغا 10 مەرتەم بارغاي. ھەرقانداق دۇئايى تەلەپنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى سىزگە بەردىم. دۇئا قىلماق بىزدىن، ئىجاۋەت قىلماق سىزدىن بولغاي» دەپتۇ. ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم ھىجرىيە 148 - يىلى باھار پەسلىدە شاھادەت تېپىپتۇ. كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭغا قەبرە

يادىكارلىقى بۇيۇملىرى يىغىۋېلىنغان. بۇ جايدىن تېپىلغان پىپا چېلىۋاتقان ئادەم سۈرەتلىك ساپال پارچىسىنىڭ تەتقىقات قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن خوتەننىڭ قەدىمكى ساپالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن بولغان پىپانىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنىنى تەتقىق قىلىشتا تېخىمۇ ئىشەنچلىك مەنبە بولالايدۇ.

## 4 . ئىمام ئاسىم مازىرى

ئىمام ئاسىم مازىرى لوپ ناھىيە جىيا يېزىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن 95 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر بۇ مازارنى «رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرىگاھى» دەپ ئاتىشىدۇ. مازار قۇرۇلۇشى خوتەندىكى باشقا مازارلارغا ئوخشاشلا ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، مەقبەرە ئېگىز قۇم بارخىنى ئۈستىدە، قورشاۋ تام ئىچىگە ئېلىنغان. قورشاۋ تامنىڭ ئۈستى يەنە ياغاچتىن ۋادەكلەنگەن. قەبرىگاھنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىغا سان - ساناقسىز تۇغ - ئەلەملەر قادالغان. مازار ئەتراپى خېلى كەڭ دائىرىدە سىم توساق بىلەن قورشالغان. بۇ مازاردا ھازىر ئىككى قەبرە بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام ئاسىم بىلەن ئىمام ھاشىم ئىسىملىك ئىككى بىر تۇغقان دەپنە قىلىنغانىكەن. ئىمام ئاسىم ھەققىدە تەزكىرىلەردە مۇنداق رىۋايەت سۆزلىنىدۇ: «تارىخ ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆتىنچى نەۋرىسى دەپ ئاتىغان ھەزرىتى ئىمام جەئفىرى سادىق ئىسلام ئېچىش يولىدا ئۇدۇن بۇددىستلىرى بىلەن جەڭ قىپتۇ. شۇ زامانلاردا ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ قول ئاستىدا 32 ئىمام، يەتتە سۇلتان، 30 مىڭ لەشكىرى ئىسلام بار ئىكەن. ئۇدۇن بۇددىستلىرى توققۇز خاقانغا قاراشلىق 90 مىڭ ئادەم ئىكەن، ئىسلام لەشكەرلىرى شىلان توغراق دەرياسى بويىدا كۇپارلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، سان جەھەتتە نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەننى يېڭىش ناھايىتى قىيىن بولۇپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھەزرىتى ئىمامى جەئفىرى سادىق پەرىشان بولۇپ، قىبلىگە قاراپ دۇئا قىپتۇ. شۇ چاغ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇتەك پەيدا بولۇپ، بىر ياش سەردار نۇرغۇن پالۋانلىرى بىلەن چىقىپ كەپتۇ ۋە ئاتتىن چۈشۈپ ھەزرىتى ئىمامى جەئفىرى سادىق پادىشاھنىڭ ئايىغىغا

پەرزەنت تەلەپ قىلسا پىچاق سانجىپ قويۇپ ئۆز تەلىپىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ توغراقنىڭ يۇقىرىسىدىكى قۇملۇقتا بالا تەلەپ قىلىدىغان ئاياللار يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە ئۈچ قېتىم دومىلايدۇ. قېينانىلىرى كېلىنلىرىنى، ئانىلىرى ياتلىق بولۇپ تۇغمىغان قىزلىرىنى ئېلىپ كېلىپ دومىلىتىدۇ. ناماز شام مەزگىلىدە مازار يېنىدىكى مەسچىت ئالدىدا سوپىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەر - ئاياللارنىڭ چوڭ تىپتىكى ھەلقە پائالىيەتلىرى بولىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر كۆپىنچە تۈن نىسپىگىچە داۋاملىشىدۇ.

دېمەك، ئىمامى ئاسىمغا تاۋاپ قىلىش پائالىيىتىدە، سەيلە بىلەن تاۋاپ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، سەيلە مەزمۇنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا ئاكتىپ رول ئويناپ كەلگەن. جىيا يېزىسى مۇشۇ نۇقتىنى تۇنۇپ يەتكەچكە، ئۆز يېزىسىنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ خەلقنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، سەيلە پائالىيىتىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن ھازىر سەيلە مەيدانىغا قەدەر تاشيول ياسىدى، مازار جايلاشقان قۇم تاغنىڭ ئۈستىگە سۇ مۇنارى ئورناتتى.

ئىمامى ئاسىم مازىرى «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## 5. ئۈجمە مازار

بۇ مازار سامپۇل يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدۇ، مازار تاغ باغرىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە كىچىك ئېقىن ھەمدە ئۇنىڭ بويىدا قەدىمكى تېرەك، ئۈجمە، سۆگەت دەرەخلىرى بار. كىچىك ئېقىن تاشلىقلار ئارىسىدا بولۇپ، ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ئەتراپتا مەسچىت ۋە مازار جايلاشقان بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ باغرىدا قويۇق چاتقال ۋە دەل - دەرەخلەر ھەمدە بىرقانچە كىشى سىغقۇدەك كىچىك بىر ئۆي بار. ئۇ، تاۋاپقا كەلگەنلەرنىڭ قونالغۇسى ھېسابلىنىدۇ.

## 6. ئاز ئۇچرايدىغان يۈز يىللىق «ئۈزۈم پادىشاھى»

بۇ «ئۈزۈم پادىشاھى» ھاڭگى يېزا ئۆستەڭ ئۈچى كەنتىدە بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مېۋىسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر.

قاتنىشىپ تاۋاپ قىلىشقا باشلايتتى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇ مازارغا «خوجا ئابدۇراخمان باغدادى، خوجا سەئىددىن باغدادى، خوجا ئەختەم باغدادى، خوجا پەھلىۋاللا باغدادى، خوجا ئەنۋەر باغدادى، خوجا شەمشىددىن باغدادى، جوجا ئەھمەد خوراسانى، خوجا نىئمەتۇللا خوراسانى قاتارلىق نۇرغۇن دىن تارقاتقۇچىلار دەپنە قىلىنغانىكەن».

مازارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بىر مەسچىت بار. بۇ مەسچىتنى جامائەت ئىئانە توپلاپ 1938 ـ يىلى سالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر كېلىدۇ. مەسچىتنىڭ يېنىدا خانىقا، دۇئا ـ تىلاۋەتخانا ۋە ئىككى ئېغىزلىق تونەكخانىسى بار. مازارنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە بىر قۇدۇق قېزىلغان. بۇ مازار ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، يەنى ئۇجمە پىشىشقىدىن ئورما باشلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا، ھەر چارشەنبىدىن جۈمەگىچە بولغان كۈنلەردە ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ. پەيشەنبە كۈنى ئادەم ئەڭ كۆپ يىغىلىدۇ. بۇ يىغىلىش ئىمامى ئاسىم سەيلىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مازار سەيلىسى مەزگىلىدە، ھەر پەيشەنبە كۈنى خوتەننىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىن نەچچە ئون مىڭ كىشى بۇ يەرگە مازار سەيلىسىگە كېلىشىدۇ. خوتەندىن باشقا، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلار، ھەتتا شىمالىي شىنجاڭدىنمۇ كىشىلەر كېلىپ توپلىشىدۇ. مازار سەيلىسى ئەمەلىيەتتە چوڭ تىپتىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ، مەدداھلار خەلق داستانلىرىنى ئېيتىشىدۇ، نەغمىچىلەر نەغمە-ناۋالىرىنى ياڭرىتىدۇ. ناھىيە، يۇرتلارنى بىرلىك قىلغان چېلىشىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. توخۇ، قوچقارلار سوقۇشتۇرۇلىدۇ، ئوقەتچىلەرنىڭ خېرىدار چاقىرغان ئاۋازلىرى ئەتراپنى بىر ئالىدۇ. تاماقلارنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى دىماقنى يارىدۇ.

مازار جايلاشقان ئورۇن بىلەن سەيلىگاھنىڭ ئارىلىقى بىر كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قۇم تاغنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ يەردە مەخسۇس تاۋاپ پائالىيەتلىرى بولىدۇ. ئەر ـ ئايال، قېرى - ياشلار مازارغا دۇئا قىلىدۇ. دەردمەنلەر مازارغا ئۆز قايغۇلىرى، دەردلىرىنى تۆكۈپ يىغلىشىدۇ. مازارنىڭ يېنىدا بىر توپ ناھايىتى باراقسان يۇلغۇن بولۇپ، ئۇنىڭ شاخلىرى ئايال تاۋاپچىلار تىلەك تىلەپ چەگكەن ھەر خىل رەڭلىك لاتا ـ پۇرۇچلار بىلەن پۈركەنگەن. مازارغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر توپ قەدىمىي توغراق بار بولۇپ، ئاياللار ئاللادىن قىز پەرزەنت تەلەپ قىلسا يىگنە، ئوغۇل

بولۇپ، سىزىقلىرى راۋان، سىزىلىشى توغرا، بۇ جايدىن يەنە ساپال پارچىلىرى، ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان مالائىكە ھەيكىلى، بولقا قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان.

## 2. خوجا بىغەم مازار خارابىسى

بۇ خارابە لايقا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىدىن 2.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "28 '35 °79، شىمالىي پاراللېل "42 '03 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 240 مىڭ كۋادرات مېتىر.

## 3. بالىماس خارابىسى

بۇ خارابە لاسكۈي بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "32 '59 °79، شىمالىي پاراللېل "37 '11 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 600 مىڭ كۋادرات مېتىر. بۇ خارابىلىكتىن قوش قۇلاقلىق رەڭلىك كومزەك، مىستىن ياسالغان شىر ھەيكىلى قاتارلىقلار تېپىلغان.

## 4. مەغپىر مازار خارابىسى

بۇ خارابە خانئېرىق يېزا سېرىق ئۆي كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "57 '47 °79، شىمالىي پاراللېل "00 '13 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 150 مىڭ كۋادرات مېتىر.

## 5. كۇھمارىم غارى

بۇ غار لايقا يېزا بۇدۇي كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 3.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "59 '45 °79، شىمالىي پاراللېل "28 '00 °37 قا توغرا كېلىدۇ. غارنىڭ سىغىمچانلىقى 63 مېتىر كۇب، قوغداش دائىرىسى 250 مىڭ كۋادرات مېتىر. ئىز كۇھمارىم تېغىغا، قاراقاش دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. «كۇھ» سۆزى پارسچە «تاغ» مەنىسىدە، «مار» بولسا «يىلان» مەنىسىدە، يەنى كۇھمارىم «يىلان تاغ» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. كۇھمارىم تېغىنىڭ ئاستىدىن قاراقاش

بۇ ئۈزۈم تېلىمدىن ھەر يىلى 1 ـ 2 مىڭ جىڭ ئۈزۈم ئالغىلى بولىدۇ. ئۈزۈمنىڭ پوستى نېپىز، ئېتى چۇرۇك، شىرنىسى كۆپ، تەمى تاتلىق بولۇپ، بىر ساپ ئۈزۈم بىر كىلوگرام كېلىدۇ. بۇ «ئۈزۈم پادشاھى» ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ جازا ئۈستىگە ئارتىلدۇرۇلغان نوتىلىرىمۇ بىلەكتىن توم كېلىدۇ. ئېگىلىگەن كۆلىمى 1.2 موغا يېتىدۇ.

# خوتەن ناھىيىسى

بۇناھىيە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا، يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. شەرقتە يۇرۇڭقاش دەرياسى ئارقىلىق لوپ ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەرب تەرەپتىن قاراقاش دەرياسى ئارقىلىق قاراقاش، گۇما ناھىيىلىرى بىلەن، غەربىي جەنۇب تەرەپتىن كەشمىر رايونى بىلەن، شىمال تەرەپتىن تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق ئاۋات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە 11 يېزا، بىر بازار، بىر بىۋاستە قاراشلىق باغۋەنچىلىك مەيدانى، 214 كەنت كومىتېتى، 1214 مەھەللە بار. بۇ ناھىيىنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى خېلى كۆپ.

## 1. بۆگەي ئۆيلۈك خارابىسى

بۇ خارابە سېغىز كۆل يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "46 ′57 °79، شىمالىي پاراللېل "08 ′25 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات مېتىر.

خارابە ئورنىدا ئۆي ـ ئىمارەت ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭ خارابىلىرى، بۇتخانا قالدۇق تاملىرى بار. بۇتخانا تاملىرىدىن تام رەسىملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. رەسىمدە ئادەمنىڭ باش قىسمىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى

بۇ مازار ھەر يىلى 8 - 9 - ئايلاردا ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ. تۆۋەندىكى سەھۋالىم دەپ ئاتىلىدىغان بوستانلىقتا بازار، ئويۇن - تاماشا قايناپدۇ، مازارنىڭ ئۆيىدە بولسا تاۋاپ پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. غارنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا ئۆي - ئىمارەتنىڭ قالدۇق تاملىرى، كۆمۈر پارچىلىرى ۋە گەج سۇۋاق قالدۇقلىرى قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

كوھمارىم تېغى ئەسلىدە ئۇدۇن بۇددىستلىرىنىڭ مۇقەددەس تاغلىرىدىن بىرى بولۇپ، خەنزۇچە، تۇبۇتچە (قەدىمكى زاڭزۇچە) ھۆججەت - ۋەسىقىلەردە كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىمۇ كوھمارىم تېغى ئالاھىدە قەيت قىلىنغان.

ئالىملارنىڭ يىقىنقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، كوھمارىم بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس ئورنىغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ سۇغا تېۋىنىش ئورنى ئىدى. شۇڭا، كوھمارىم مازىرى ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى بىلەن ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، جۈملىدىن ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ خوتەن ھەمدە شىنجاڭدىكى تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

كوھمارىم مازىرى پائالىيىتىدە، ئەمەلىيەتتە كۆڭۈل ئېچىش مەقسەت قىلىنغان سەيلى - ساياھەت پائالىيىتى بىلەن مازار تاۋاپى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا، ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان «كوھمارىم - سەھۋالىم سەيلىسى» نامى بىلەن داڭلىق بولۇپ، خوتەن خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن.

كوھمارىم مازىرى «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## 6. ئىمام زەيدىن مازىرى خارابىسى

بۇ خارابە باغچى بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 3.7 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، شەرقىي مېرىدىئان ″28 ′48 °79، شىمالىي پاراللېل ″52 ′06 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر.

دەرياسىنىڭ كەلكى كەتكەن ئېقىملىرى ئۆتىدۇ. تاغ ئۈستىدىن قارىغاندا، تاغ باغرىدىكى دەريا ۋە ئورمانلار بىلەن قاپلانغان تۈزلەڭلىكلەر گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن. تاغ باغرىدىن تاغ ئۈستىدىكى مازارغا بېرىش ئۈچۈن تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر ئەتراپىدا تاشلىق يولنى بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. مازاردىن تۆۋەندىكى كوھمارىم غارىغا بارىدىغان 500 مېتىرچە تاغ يولى بار. تاغ تۆپىسىدىكى مازاردا چوڭ ۋادەك ئېچىگە ئېلىنغان ئىككى كىچىك، بىر چوڭ تولۇق شەكىلدىكى قەبرە بولۇپ، قەبرە ئەتراپىدىكى ۋادەكلەرگە تۇلۇم، بايراق، لاتىلار ئېسىلغان. مازار يېنىدا بىر چوڭ خانىقا، تۈنەكخانا ۋە بىر شەيخلەر ئۆيى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ مازار ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ 2 - ئەۋلاد ئىمامى ھەسەننىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن مۇئىپ خوجىنىڭ قەبرىگاھىمىش. مۇئىپ خوجا خوتەن دىيارىغا ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن ئەرەبىستاندىن كەلگەنىكەن. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ۋەسىيەت قىلىپ، ئۆلگەندىن كېيىن يىلانغا ئايلىنىپ، مازارنى تاۋاپ قىلغۇچىلارغا كۆرۈنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنمىش. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ تاغ بىلەن مازار «كوھمارىم» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنمىش.

تاغدىكى شېغىللىق يول بىلەن تۆۋەندىكى غارغا چۈشكەندە، غارغا كىرىش ئېغىزى يېنىدا 10 نەچچە ئېغىز ئۆي بولۇپ، بۇ ئۆيلەردە مازار پائالىيىتى ۋاقتىدا تاۋاپچىلار دەم ئالىدۇ. خەتمە قۇرئان قىلىدۇ ۋە تۈنەيدۇ. غارغا كىرىش ئېغىزىغا 10 ـ 15 مېتىر قالغاندا ياغاچتىن قىلىنغان بىر ئاددىي ئىشىك بار. ئىشىكتىن كىرگەندە بىر يېرىم مېتىرچە كەڭلىكتە قىيا چېتىدىن ئېلىنغان تار يول بولۇپ، يولنىڭ قىيا تەرىپى ياغاچ بىلەن قاشالانغان. بۇ جايدىن تۆۋەن تەرەپتىكى قاراقاش دەرياسىنىڭ ئېقىنلىرى ۋە كەلكى كەتكەن بوستانلىقلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. غار ئالدىغا يەتتە - سەككىز پەشتاقلىق پەلەمپەي ئورنىتىلغان، غار ئاغزىغا توغ ۋە لاتا - پۇرۇچلىرى ئېسىۋېتىلگەن. غار ئىچىدە چوڭ - كىچىك تاشلار بولۇپ، چىراغ ئىسىدىن تاملىرى قارىداپ كەتكەن. غار ئىككى قەۋەت قىلىپ قېزىلغان. غار ئاستىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن سەككىز مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 11 مېتىر، ئۈستۈنكى قەۋىتى تەخمىنەن بىر - ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۇ يەرگە شوتا بىلەن چىققىلى بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، كوھمارىم غارىدا ئىبادەت قىلغان كىشى ئىمامى ھەسەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ غاردا ئىبادەت قىلىپ خۇداغا يەتكەن زات ئىكەن.

كىلومېتىر كېلىدىغان تەۋەدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "05 '35 °79، شىمالىي پاراللېل "49 '03 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر.

## 12. خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلى

بۇ سېپىل خوتەن شەھىرى خوتەن شۆبە ھەربىي رايون تۇرۇشلۇق جايدا بولۇپ، 1890 - يىلى ليۇجىڭتاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سېلىنغان. 15 يىلدا، يەنى 1905 - يىلى ياسىلىپ پۈتكەن. سېپىلنىڭ ئاستى كەڭلىكى توققۇز مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى ئالتە مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن يەتتە مېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1604 مېتىر كېلىدۇ. سېپىل ئىچىدە ئىلگىرى ھۆكۈمەت، ھەربىي ئىشلار ئورگىنى ۋە ئاشلىق ئىسكىلاتى قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا يېڭىشەھەر دەپ ئاتالغان. سېپىلنىڭ شەرق، غەرب، جەنۇب ۋە شىمالىدا تۆت دەرۋازا بولۇپ، شەرقىدىكىسى كېرىيە دەرۋازىسى، غەربىدىكىسى يەكەن دەرۋازىسى، شىمالىدىكىسى سالا دەرۋازىسى، جەنۇبىدىكى قاراقاش دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان. غەرب تەرەپتىكى دەرۋازىغا تۆمۈر ئىشىك بېكىتىلگەن بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا پەقەت بايرام مەزگىلى ياكى ئېزىز مېھمانلار كەلگەندىلا ئېچىلىدىكەن. جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىكى دەرۋازىلار دائىم ئوچۇق تۇرىدىكەن. ھازىر بۇ سېپىلدىن 1302 مېتىرى ساقلىنىپ قالغان.

## 13. قەدىمىي «ياڭاق پادىشاھى»

بۇ «ياڭاق پادىشاھى» 800 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، باغچى بازىرى چالۋاش كەنتىدە (خوتەن شەھىرىدىن 17 كىلومېتىر يىراقلىقتا)، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى بىر مو، ئېگىزلىكى 16.7 مېتىر كېلىدۇ. غولىنى بەش ئادەم ئاران قۇچاقلىيالايدۇ، دەرەخ كاۋىكىدا تۆت ئادەم ئۆرە تۇرالايدۇ. كاۋاكنىڭ كىرىش دىئامېتىرى 0.74 مېتىر، چىقىش ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 0.55 مېتىر كېلىدۇ. يىلىغا 6000 ياڭاق چىقىدۇ؛ بۇ دەرەخنىڭ يېنىدىلا يەنە ئىككى تۈپ ياڭاق دەرىخى بار بولۇپ، ئۈچى خۇددى قۇچاقلىشىپ تۇرغان ئانا - بالىلارغا ئوخشايدۇ.

## 7. گۇجىنى شەھىدلىك مازار

بۇ مازارمۇ باغچى بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، شەرقىي مېرىدىئان"16 '50°79 ، شىمالىي پاراللېل "09 '06 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېتىر. بۇ مازار خارابىسىدىن سۇرەتلىك ساپال كومزەك تېپىلغان.

## 8. تەتۈر خارابىسى

بۇ خارابە خانئېرىق يېزا مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "30 '49 °79 ، شىمالىي پاراللېل "3 '12 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 250 مىڭ كۋادرات مېتىر.

## 9. ناغراخانا خارابىسى

بۇ خارابە خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، توساللا يېزا تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 50 مېتىر كېلىدىغان سىغىز دۆڭدىن ئىبارەت. ئەتراپىدا خېلى كۆپ كونا ئۆي ـ ئىمارەت خارابىسى بار. نەچچە چاقىرىم دائىرە ئىچىدە ساپال پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ جايدىن قەدىمىي پۇل، مىس بۇيۇملار، ساپال پارچىلىرى قاتارلىقلار تېپىلغان. يېقىن ئەتراپتا تېرىلغۇ يەر بار. خارابىلىكنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى ۋە تاشلىنىپ قالغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. 1900 ـ يىلى ستەيىن بۇ جايغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى بۇددا نامازخانىسى خارابىسى دەپ ھېسابلىغان.

## 10. ھالالباغ خارابىسى

بۇ خارابە توساللا يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 4.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "12 '51 °79 ، شىمالىي پاراللېل "8 '03 °37 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىر.

## 11. داكۇي خارابىسى

بۇ خارابە لايقا يېزا مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 12

ئەسئەت سۇلايمان

# بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي قىسمىتى

## 1. تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر كۆتۈرۈلگەن ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ ئىچكى ئاسىيانى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دولقۇنى داۋامىدا يازغان ئەسەرلەرنى ئوقۇساق، ئۇلارنىڭ تەكلىماكان چۆلىنى بەئەينى ئاتەش دوزاخقا ئوخشىتىپ، ئۇنى ئاسىيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق چۆل دەپ قارىغانلىقىنى بىلىمىز. دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا سوزۇلۇپ ياتقان تەكلىماكان قۇملۇقى ھەقىقەتەنمۇ ئىچكى ئاسىيادىكى ئىسمى جىسمىغا لايىق ھالاكەت دېڭىزىدۇر. ئىيۇلنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىدە ماشىنىغا چۈشۈپ تەكلىماكاننى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتكەن قۇملۇق تاشيولىدا ماڭسىڭىز، ئۆزىڭىزنى خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوت دېڭىزىغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز... سائەتلەپ ماڭسىڭىز تۈگىمەيدىغان بۇ بارخانلار دۇنياسى ئادەمنى فىزىئولوگىيىلىك قاغجىراشتىن ھالقىتىپ، ھەتتا خىياللىرىڭىزنى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىڭىزنى قۇرغاقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، سەھەردە بارخانلار ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنى قوغلاپ ماڭسىڭىز، كەچقۇرۇن قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويغاندا، سىزمۇ قۇملۇق تاشيولىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى تۇنجى بوستانلىق — نىيە ناھىيىسىگە يېتىپ بارىسىز. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېشىل ئارال سىزنىڭ بىر كۈنلۈك سەپەر ھارغىنلىقىڭىزنى ئاللىقاياقلارغا يوق قىلىۋېتىدۇ...

شۇنداق، تەكلىماكان بىزنىڭ دىيارىمىزدىكى غايەت زور جەزىرە، ئۇ ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە تالاي بوستانلىقلارنى ۋە ئاۋات

## 14. قەدىمىي «ئەنجۈر پادىشاھى»

بۇ «ئەنجۈر پادىشاھى» لايقا يېزىسىنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنى ئارقا ھويلىسىدا بولۇپ، 400 يىللىق تارىخقا ئىگە. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى بىر موغا يېتىدۇ. ھەر يىلى 14 ـ 15 مىڭ تال مېۋە بېرىدۇ. ئۇ گەرچە قېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بۈك ـ باراقسان كۆكلەپ، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان يادىكارلىقلار قاتارىدا مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتىدۇ.

پايدىلانمىلار:

(1) «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى». 2001 ـ يىل 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ سان، 2002 ـ يىل 2 ـ سان.
(2) جۇمە نىياز تۇرسۇن، مەتكېرىم ئىسمائىل: «خوتەندىكى قەدىمىي ئىزلار». «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى». 2001 ـ، 2002 ـ يىللىق سانلىرى.
(3) «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
(4) راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى.
(5) لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1995 ـ يىل نەشرى.
(6) «جۇڭگو ـ ياپونىيە نىيە خارابىسىنى بىرلىكتە تەكشۈرۈش دوكلاتى» 1 ـ، 2 ـ توم.
(7) ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرى.
(8) مۇھەممەتئىيسا قۇربان: «ئۈزۈلمەس ئېقىن». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2002 ـ يىل نەشرى.
(9) ئېلى ئابدۇللا: «توپىلىق دۆڭ بۇتخانا ئىزى». «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى». 2002 ـ يىل 1 ـ سان.
(10) «گۆھەر زېمىن — خوتەن». شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى.
(11) ستەين: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2001 ـ يىل نەشرى.
(12) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى. 2002 ـ يىل 6 ـ سان.
(13) نىزامىدىن توختى: «خوتەندىكى قەدىمىي ئىزلار». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
(14) «كېرىيە ۋادىسىدىكى ئەسلىمە ـ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى بوستانلىقتا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» (فرانسۇزچە)، 2001 ـ يىل نەشرى.

قارىماققا ئايرىم دۇنيادەك كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئىچكى جەھەتتىن بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان كۆرۈنمەس دىئالېكتىكىلىق بىرلىكنىمۇ خېلى بۇرۇنلا ھېس قىلغانىدى. ئۇلار يەنە بۇ زېمىننىڭ يارىلىشىدىنلا بىر خىل ئىچكى تەڭپۇڭلۇق ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى، زېمىندىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاۋا، سۇ، تۇپراق ۋە ئوتتىن ئىبارەت تۆت ئانا سىرنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، خۇددى جىبران خېلىل جىبران ئېيتقاندەك: «زېمىن نەپەسلەنسە ئادەملەرنىڭ ياشايدىغانلىقى، زېمىن نەپەستىن توختىسا ئادەملەرنىڭمۇ گۇمران بولىدىغانلىقى» دەك قانۇنىيەتنى ئوبدان بىلەتتى ...، شۇڭلاشقا باشقىلار ئۇچۇن قورقۇنچلۇق جەزىرە ھېسابلانغان، ئۈستىدىن ئۇچار قانات، ئاستىدىن چاھار پايلارنىڭ ئۆتمىكى تەس بولغان بۇ چۆل ئۇلار ئۈچۈن بۈيۈك ئانا ياكى ئۇلۇغ ۋەتەن ئىدى!

مانا مۇشۇ يەردە — تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرغان ئىچكى ئاسىيانىڭ پىنھان چوڭقۇرلۇقىدا قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى يارىتىلدى. مەشرىق بىلەن مەغرىبنى تۇتاشتۇرغان مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ قوۋۇقى ئېچىلدى. خوتەن قەغىزى كەشىپ قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى يېڭى دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بوستانلىق مۇھىتىدا يېتىلدۈرگەن ئۆزگىچە ھېس - تۇيغۇلىرىنى، ھۆللۈككە تەشنا گۈزەللىك قاراشلىرىنى، قۇرغاق ۋۇجۇدىدىن ئېتىلىپ چىقىپ چەكسىز بوشلۇققا سىڭىپ كەتكەن غايىۋى پىكىرلىرىنى، ھارماس قوللىرى بىلەن بىر يىپ، بىر يىپتىن ئىشلەپ چىققان يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلىرىغا سىڭدۈرۈپ تاشلىدى.

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ رەڭدار جۇلاسى، خىلمۇ خىل نۇسخىسى، قەلبلەرنى گۈزەل كۆرۈنۈشلەر بىلەن تويۇندۇرغۇچى سېھرىي كۈچى بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا خەلقلىرىنى جەلپ قىلىپ كەلگەن خوتەن گىلىمى بىلەن يەرلىك ئەتلىسى ئۆزىدە بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ مول ئىچكى مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۇردى. گىلەم بىلەن ئەتلەسنىڭ ھەر بىر سىزىقى، گۈل نۇسخىسى ۋە رەڭ تۈزۈلۈشىگە دىيارىمىزنىڭ قارلىق تاغلىرى، مىڭلىغان دەريا-تارماقلىرى، بىپايان قۇملۇقلىرى ۋە يۇلتۇزلاردەك تارالغان بوستانلىقلىرى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن، كۆپ قىرلىق مۇرەككەپ جۇغراپىيىلىك مۇھىت تەسۋىرى ئىپادە قىلىنىدى. ئۇلار

شەھەرلەرنى يۇتۇپ كەتتى. ئەمما، ھارماس خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ بۇ يەردە كۆپلىگەن بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ كەلدى. تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى خوتەن دىيارىغا قەدەم باسسىڭىز، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن قانداق كۈرەش قىلىپ، قۇملۇقلار ئۇچۇپ تۇرغان بۇ دەشت-باياۋاندا دۇنياغا مەشھۇر بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز. تارىختىن بۇيان بىر دەقىقىمۇ توختاپ قالمىغان بۇ تىنىمسىز كۈرەش جەريانىدا، ئۇيغۇر دېھقانلىرى پەقەت كۈچلۈك يېشىللىق ئىگىنىڭ تۇرتكىسىدىلا ئىككى قولىغا تايىنىپ قەدىمكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بۈگۈنگە ئۇلىغانىدى. نىيە بوستانلىقىدىن تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىنى بويلاپ داۋاملىق غەربكە ماڭساق، قۇم بارخانلىرى بىلەن شالاڭ چۆل ئۆسۈملۈكلىرى قاپلاپ تۇرغان بوز رەڭ دالا ئۆز ئارا كېسىشكەن بۇ بەلۋاغدا بىز يەنە كېرىيە، چىرا، لوپ، خوتەن ۋە قاراقاش قاتارلىق چوڭ تىپتىكى بوستانلىقلارنى ئۇچرىتىمىز. چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان بۇ بوستانلىقلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ھەتتا خوتەن ناھىيىسىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن جۇڭگودىكى، شۇنداقلا دۇنيادىكى يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئورۇنلارنىڭ بىرى بولغانلىقى سىزنى تېخىمۇ تەئەججۈپلەندۈرىدۇ.

يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 50 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان، دېڭىز - ئوكيانلاردىن كېلىدىغان نەم ھاۋا ئېقىمى يېتىپ كېلەلمەيدىغان، قۇم - بورانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ھەر ۋاقىت خالىي بولالمايدىغان، كىلىماتى ناچار، ئىقلىمى ئاجايىپ قۇرغاق بۇ پىنھان چوڭقۇرلۇقتا قانداق قىلىپ دۇنياغا مەشھۇر بوستانلىق مەدەنىيىتى يارىتىلدى؟

شۇنىسى ئېنىقكى، بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا بولۇشىنىڭ ئۇزاق جەريانىغا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىش ۋە تەبىئەت بىلەن ئىچكى بىردەكلىك ھاسىل قىلىشتەك ئۇلۇغۋار روھىي كەچۈرمىشلىرى سىڭگەنىدى. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگەكچان ئەجدادلىرى رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ ئۆزلىرىنى پەپىلىمەيدىغانلىقىنى، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتنى ھەر ۋاقىت پەپىلەپ، ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى. ئۇلار قۇملۇق، بوستانلىق ۋە يىراقتىكى تاغ تىزمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى

يەكەندە يەرگە چۈشىدۇ»[1] دېگەن رىۋايەت ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى — خىيالىي چۈشلىرىمۇ ھەم رېيال دۇنياسىمۇ رىۋايەت - قىسسىلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

بوستانلىقلاردىكى چەكلىك دائىرە بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرىنى چەكلەپ قويالمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىپەك توقۇلما ۋە گىلەملىرىگە ماھىرلىق بىلەن چۈشۈرگەن قاناتلىق پەرىشتىلەر بىلەن ئۇچار ئاتلىرىغا مىنىپ دۇنيانى ساياھەت قىلدى. ھىمالايا تاغلىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى سىرلىق ھىندى تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن بۇددىزم ئەقىدىسى ۋە مەدەنىيىتى 2000 يىل ئاۋۋاللا بۇ يەردە گۈللىنىشكە ئېرىشتى. «بەشنامە» دىكى دېداكتىك مەسەللەر، پارس ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ خۇرۇچلىرى بىلەن بېيىغاندىن كېيىن «كەلىلە ۋە دەمنە» نامى بىلەن بۇ يەردىكى بوستانلىقلاردا ئالقىشقا ئېرىشتى. «مىڭ بىر كېچە» رىۋايەتلىرى ئۇلارنىڭ چاڭقاق ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىجادىيەت ئىلھامىنىمۇ تىنىمسىز غىدىقلىدى.

ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر ۋاپات بولۇپ يۈز يىل ئۆتمەيلا بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى قويۇق رىۋايەت تۈسىگە ئىگە شەخسكە ئايلاندۇردى. مەھمۇد قەشقىرىدەك بۈيۈك تىلشۇناسمۇ ئۇيغۇر، چىگىل قاتارلىق مىللەت - قەبىلەناملىرى بىلەن دىيارىمىزدىكى بىرمۇنچىلىغان يەر - جاي ناملىرىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن باغلىق بولغان رىۋايەتلەرگە تۇتاشتۇردى. ئەڭ دەسلەپ «ئىنجىل» قىسسىلىرىدىن باشلانغان «ئەسھابۇل كەھف» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىدىن تەدرىجىي شەرققە تارقىلىپ «قۇرئان» قىسسىلىرىدە تېخىمۇ بېيىپ، دىيارىمىزغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنى غەربىي ئاسىيادىن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى تۇيۇققا يۆتكەلدى، تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ھايات چېغىدا تەڭرى تېغىنىڭ بۇ يېقىغا ئەسلا ئۆتۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن پارس ئەدەبىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىڭ دۇلدۇلغا مىنگەن غايىۋى سىماسى تارىم بويلىرىدا ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ يۈردى.

---

[1] بۇ رىۋايەت چەرچەن خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. تاتىراڭ چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزا بولۇپ، قەدىمكى زاماندا بۇ يەردىن تاكى يەكەنگىچە تۇتاش بوستانلىق ۋە مەھەللىلەر بولغان، دېگەن رىۋايەت بار. ئەمەلىيەتتىمۇ نىيىدىكى ئەد- دىر خارابىلىرىمۇ بۇ يېزا بىلەن بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە توغرا كېلىدۇ.

دۇنيانى يەككە رەڭ، تاق يۆنىلىش ۋە بىر مەركەزچىلىك نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ھەم شەرق تېرىمچىلىرىغىمۇ، ھەم غەرب تەۋەككۈلچىلىرىگىمۇ ئوخشاشمايدىغان سىممېترىك تۈيغۇ ۋە كېسىشمە نۇقتىدىن كۆرسىتىشنى ياقتۇراتتى. ئۇلارنىڭ غايىۋى ئىدېئالى، گۈزەللىك قاراشلىرى ۋە تەپەككۇر ئەندىزىسى مەڭگۈ كېسىشمەيدىغان پاراللېل سىزىقتا ئەمەس، بەلكى كۆپ يۆنىلىشتىن چىقىپ ئورتاق بىر نۇقتىدا قوشۇلۇشتا ئەۋجىگە يېتەتتى.

پايانسىز قۇملۇقتا نىسبەتەن، بوستانلىق ماكان جەھەتتىن ناھايىتى چەكلىك دائىرە ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلار مۇشۇ چەكلىك دائىرە ئىچىدە ياشاپ يىراقتىكى چەكسىز غايىۋى مەنزىرىلەرنى خىيال قىلىشقا كۆنۈككەنىدى. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىرى ماناسقا ئوخشاش كۆك تۇلۇمدىن، گۆر ئوغلىغا ئوخشاش گۆردىن، بۆكۈخانغا ئوخشاش دەرەخ كاۋىكىدىن تۇغۇلاتتى. ئەمما، قىسىلغان دائىرىدىن بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان بۇ قەھرىمانلار قىرانلىق مەزگىلىگە يەتكەن ھامان چەكلىك بوستانلىقلاردىن ھالقىپ چىقىپ يىراقلارغا يۈرۈش قىلىشقا، دۇنيانى قۇچاقلاشقا ئاتلىناتتى. سۇر رەڭ قۇملۇقلار ئارىسىدىكى يېشىل مەرۋايىتتەك بوستانلىقلارنى ئوراپ تۇرغان زەڭگەر رەڭ كۆكتە ھامان رىۋايەتلەردىكى سۇمۇرغ قۇشى پەرۋاز قىلىپ تۇراتتى. كۈجۈم مەھەللىلەرنىڭ تومۇز ئايلىرىدىكى دىمىق تۈنلىرىدە يىراقتىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىدىن چاپچىپ تۇرغان شاش ئارغىماقلارنىڭ كىشنەشلىرى توختىماي ئاڭلىناتتى. ئۇلار مۇشۇ بوستانلىقلاردا تۇغۇلغان قەلبى ئوتلۇق يىگىتلەرنى يىراق - يىراقلاردىكى گۈزەل مەشۇقلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېتىشكە تەييار تۇراتتى ...

تەكلىماكاننىڭ ئۆزى ئەسلىدىنلا بىر رىۋايەت ئىدى. ئۇنىڭ گىرۋىكىدە پەيدا بولغان مىڭلىغان بوستانلىقلارمۇ رىۋايەت ئىدى. بوستانلىقلاردىكى بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرمۇ ئەلمىساقتىن بۇيان رىۋايەت ئىچىدە ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئۇچۇن بارخانلارنىڭ كەينىدىن بەزى - بەزىدە ئاڭلىنىپ قالىدىغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرمە سادالىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ۋە داقا - دۇمباقلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازلىرىنىڭ ھېچ قانداق ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق ئىدى. چۈنكى، تۈنۈگۈنكى بىر ئاۋات شەھەر ياكى بىر كۆجۈم مەھەللە بىر كېچىدىلا قۇم ئاستىغا غەرق بولاتتى - دە، ئۇنىڭ ئورنىغا بۈگۈن يېڭى بىر بوستانلىق بىنا بولاتتى. شۇڭلاشقا، چەرچەن خەلقى ئارىسىدا ھېلىھەم تارقىلىپ يۈرگەن «تاتىراڭدىن ئۆگزىگە چىققان خوراز

ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلىدى. ئۇ ئاخىر ئەرمەنىستانغا باردى. قانال قېزىپ تاغقا سۇ باشلاشتەك ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى تاماملىدى، ئۇ ئەسلىدە شېرىن بىلەن قوشۇلۇشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى. ئەمما، گويلىمىغان يەردىن تىراگېدىيە ئاخىر يۈز بەردى، ئۇ شېرىننىڭ ۋەتىنىدە يىراق خوتەنگە ئۇچقان شامالLارغا پىچىرلاپ جان بەردى...

مانا بۇ نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى خوتەن شاھزادىسىنىڭ سۆيگۈ قىسسىسى، بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ غايىۋى تەلپۈنۈشى ئىدى. ئۇلار قاتمۇقات قۇملار بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغان چەكلىك دائىردىكى بوستانلىقلاردا چۈش بىلەن رېئاللىق، غايە بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى گىرەلەشمە مۇھىتتا ياشاشقا كۆنۈككەنىدى. ئۇلار ئوقچۇپ تۇرغان چەكسىز ھېس ـ ھاياجانىنىمۇ ھەم يۇرەكنى لەختە ـ لەختە قىلىۋېتىدىغان تراگېدىيىلىك مەنزىرىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتى مۇھىتىدا يېتىلدۈرگەن ئالاھىدە ئېستېتىك ئەندىزىسى ئىدى ...

ۋەھالەنكى، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ مۇرەسسەسىز خىرىسى ھەممە نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىغا، كەيپىياتىغا ۋە مەنىۋى تىندۇرمىسىغا سىڭىپ كەتكەن رىۋايەتلىك ھالەت بۇزۇلۇپ تاشلاندى. ئەلمىساقتىن بۇيان تەبىئەت بىلەن بىر خىل ئىچكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ كەلگەن بوستانلىق مەدەنىيىتى، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئېلىپ كەلگەن جىددىي ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى.

خوتەن قەغىزى بىلەن يەرلىك يىپەك توقۇمىچىلىقى ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا مەشھۇر بولغان ئىككى چوڭ قول سانائەت تۈرى ئىدى. بۇ مەھسۇلاتلارنى 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە قەدەر خوتەن كوچىلىرىدا ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئەپسۇس، ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، خوتەننىڭ بۇ ئىككى ئەنئەنىۋى قول سانائىتىنىڭ بازاردىن سىقىپ چىقىرىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

تارىختىن قېپقالغان ھېچبىر ماتېرىيالدا، ھەتتا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى يېزىلغان تەزكىرىلەردىمۇ خوتەن رايونىدىمۇ توپا يېغىش ھەققىدە ھېچ قانداق خاتىرىنى ئۇچراتقان ئەمەسمىز. ھازىر ھايات بوۋايلارنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندىمۇ، بۇنىڭدىن يىرىم ئەسىر ئىلگىرىلا خوتەن بوستانلىقىدا توپا يېغىش ھادىسىسى ئىنتايىن ئاز ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە خوتەن رايونىغا قاتتىق ئاپەت بولغان توپا

قىسقىسى، بۇ يەر ئىچكى ئاسىيادىكى بىر پىنھان چوڭقۇرلۇق بولۇشقا قارىماي، يىپەك يولى ئېلىپ كەلگەن ھەر قايسى ئەللەرنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەت خۇرۇچلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالدى ۋە ناھايىتى تېزلا ئۇلارنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇردى. ئۇلار مانا مۇشۇ سۇر رەڭ بارخانلار ئوراپ تۇرغان بوستانلىقلاردا تۇرۇپ سىرتقى دۇنياغا ھارماي تەلپۈندى. سىرتتىن كەلگەن يېڭى ئۇچۇرلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىغا چۆكتۈرۈلگەن بىر خىل دۇملەنمە ھالەتتىكى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى جانلاندۇرۇشقا تىرىشتى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتىدا يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالغۇچى گۈزەل ھېكايىلەر ۋە مۇھەببەت قىسسىلىرى ئەۋج ئالدى.

خوتەن مۇشكى بىلەن خوتەن گۈزەللىرىنىڭ نامى يىپەك يولىنى بويلاپ يىراق ئەللەرگىچە تارقالدى. شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە خوتەن نامى چىن، ماچىن، تۈركىي چىن دېگەن ناملار بىللە تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئېلىنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتى ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى چەكسىز كەڭ ئېچىۋەتتى. شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدىكى ئاجايىپ گۈزەل تېما موتىفلار كېيىنى ـ كېيىنىدىن ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىغا ئۆزلىشىپ، سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى بىر گەۋدىلىنىشنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆز قەھرىمانلىرىنىمۇ يىراقتىكى غايىۋى ئەللەرگە سەپەر قىلغۇزدى ھەمدە سەپەر زىيارەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى قىرانلىق سىناقلىرىدىن ئۆتكۈزدى.

فەرھاد، رىۋايەتلەردىكى ساكلارنىڭ قەھرىمانى ئىدى. ئۇنىڭ ئەپسانىۋى پروتوتىپى قۇرۇم تاغلىرىدىكى بىر قەيسەر دېۋىگە تەتبىقلانغانىدى. نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، نەۋائى سېھرىي تۈسى قويۇق بولغان خوتەن بوستانلىقىنى فەرھادنىڭ ۋەتىنى قىلىپ تاللىۋالدى. شاھزادە فەرھاد خوتەن بوستانلىقىدا تۇرۇپ جاھاننامە ئەينىكى ئارقىلىق گۈزەل ئەرمەن مەلىكىسى شېرىننى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولىدۇ. ئاشىق فەرھاد ئۆز ۋەتىنىدىن — خوتەن بوستانلىقىدىن ھالقىپ چىقتى ۋە ئەقلىي تەپەككۇرىنىڭ ۋەتىنى بولغان يۇنانغا قاراپ يول ئالدى. يولدىكى ئۈچ چوڭ توسالغۇنى يېڭىپ ئۆتۈپ جىسمانىي كامىللىققا يەتكەندىن كېيىن، يۇناندىكى بىر غاردا بۈيۈك ئالىم سوقرات بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئەقلىي تاكامۇللۇققا ئېرىشتى، شۇنىڭدىن كېيىنلا فەرھاد شېرىنغا مۇھەببەت قويۇشنىڭ

ئىخلاسمەنلىك تۇيغۇسى تارىختا بەزىبىر مەنىۋى پاجىئەلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شاھ مەشرەپ يەكەندىن خوتەنگە بارماقچى بولۇپ يولغا چىققاندا، بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان خوتەن خەلقى «بىر ئەۋلىيا كېلەرمىش ...» دەپ مەشرەپنىڭ يولىغا باش قويغان. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن شاھ مەشرەپ قاتتىق غەزەپ بىلەن: «ئىھ، ئازغۇن بەندىلەر، بىر ئاللانى قويۇپ مەندەك بىر بەندىگە باش قويۇپ چوقۇنۇشقا قايسى ئېتىقادىڭلار يول قويىدۇ! ؟» دېگىنىچە ئەڭ ئېگىز مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ خوتەنگە قاراپ سىيگەنمىش ...

شۇنداق، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە ئەقىدە قىزغىنلىقى بەزىدە ئۇلارنىڭ روھى تارىخىدىكى ئاچچىق تراگېدىيىلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئۇلاردا ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ تېبابىتى قۇرۇق يىگنە بىلەن قاينىتىلغان دورىلارنى ئاساس قىلغان يىراق شەرق تېبابىتىگىمۇ، نوقۇل فىزىئولوگىيىلىك داۋالاش بىلەن خىمىيىۋى دورىلارنى ئاساس قىلغان غەرب تېبابىتىگىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇلار تېبابەتنى تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ ئىچكى ئورگانىك بىرلىكىدە، تېخىمۇ توغرىسى روھ بىلەن تەننىڭ، مىزاج بىلەن خىلىتلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىدا كۆزەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۆز تېبابىتىگە ئىشىنەتتى. روھنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكىگە تېخىمۇ ئىشىنەتتى. ئاجايىپ نەپىس قول - ھۈنەرۋەنچىلىكنى بوستانلىق ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرغانىدى.

ئەپسۇسكى، XX ئەسىر ھەممە نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى. تەكلىماكاندىكى تەبىئىي فولكلور مۇزېيى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. قاچانلاردىندۇر بۇ يەرنىڭ رىۋايەتلىك ئۆتمۈشى غايىب بولدى. كېرىيىگە تەۋە دەريا بويى يېزىسى ئەسلىدە تەكلىماكاندىكى غايىۋى ئارال ئىدى. قەدىمكى كېرىيىلىكلەر ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن مۇستەسنا قالغان بۇ غايىۋى ئارالدا 400 يىللىق رىۋايەتلىك تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئۇلار ئىچكى ئاسىيانىڭ تارىمغا كۆمۈلگەن تىندۇرما مەدەنىيىتىنى ئۆز رىتىمى بىلەن ساقلاپ كەلگەنىدى. تۇيۇقسىز بىر كۈنى مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ ئادەملىرى بۇ ئارالنى بايقاپ قالدى. ئۇلار شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، چىشلىرىنى بىلەپ بۇ يەرگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئۆزلىرى بىلەن بىللە مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ خىلمۇ خىل باكتېرىيىلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ

يېغىش ھادىسىسى، بۇ يەرنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيانقى تەبىئەت بىلەن بولغان ئىچكى مۇۋازىنىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

دەرۋەقە، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بۇ يەردە ياشىغۇچى ئىنسانلارنىڭ روھىيەت مۇۋازىنىتىنىمۇ خېلى زور دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان كۆنۈككەن تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئەندىزىسىنىڭ كەسكىن تاللاشقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھاياتلىق رىقابىتىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئېكولوگىيە بىلەن بولغان يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىچكى بىرلىكنى ساقلاپ كەلگەنىدى. قۇرۇم ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئاپئاق قارلىق چوققىلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن پەسىللىك دەريا ـ تارامىلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى، قاغجىراپ تۇرغان تەكلىماكاننى قانداق سۇغۇرۇشنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار يەنە سۇسىز بوزلاردىكى كۆك يانتاقلارنىڭ ھۆل كۆتەكلىرىگە قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىشنى ۋە چاك ـ چاك يېرىلغان چۆنەكلەردىن شېكەر تەملىك مېۋىلەرنى ئېلىشنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار ئەزەلدىن تەبىئەت بىلەن قارشىلىشىپ باققان ئەمەس ئىدى. بەلكى تەبىئەتنى پەپىلەپ، سىلاپ، ئۇنىڭ چەكسىز ئىمكانىيەتلىرىدىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ كەلگەنىدى، ئۇلار گەرچە ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بۇيان پايانسىز قۇملۇقلار ئارىسىدىكى چەكلىك بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى يېتىم، تەنها ھېس قىلمىغانىدى، بەلكى ئۆزلىرىنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، بارخانلارنىڭ ھەمراھى، سانجاق ـ سانجاق قۇملارنىڭ دانىچىسى دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ئۇلار سىرتتىن قارىماققا خىلۋەت، پىنھان ۋە زېرىكەرلىك كۆرۈنىدىغان بوستانلىق تۇرمۇشنى ئاجايىپ رەڭدار ئىچكى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتقانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ھەر تەرەپلەردىن كېلىدىغان تۆگە كارۋانلىرى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن يېڭىلاپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئۇلار ئۆز مۇقام كۈيلىرى بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا، رىۋايەتلىرى بىلەن رېئاللىقنى بېزەشكە، يېشىللىق تۇيغۇسى بىلەن قۇرغاق مۇھىتنى ھۆلدەشكە كۆنۈككەنىدى. ئۇلار ئېتىقادىنى ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ يادروسى ھېسابلايتتى. ئاق كۆڭۈللۈك، سادىقلىق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق ۋە ئىخلاسمەنلىك ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى، ھەتتا ئۇلاردىكى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بۇنداق

ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇلار «كۆا فۇنىڭ قۇياشنى ئېتىشى»، «شى ۋاڭمۇنىڭ تەڭرى كۆلىدە تۇرۇشى»، «خۇاڭدىنىڭ يۈيىنى ئەسىرگە ئېلىشى»، «چاڭ ئېنىڭ دورا ئوغرىلىشى» قاتارلىق بىر تۈركۈم فانتازىيىلىك تۈسى قويۇق بولغان ئەپسانە - رىۋايەتلەردە قۇرۇم تاغلىرىنى ھەدەپ ئۇلۇغلاشتۇردى. يىراقتىكى قۇرۇم تاغلىرىدا گۈزەل قەسىرلەر، ئاجايىپ سارايلار، كۆركەم باغۇ ئېرەملەر ۋە كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لال قىلىدىغان مەنزىرىلەر بارمىش دەپ قاراشتى، ھەتتا ئۇلار قۇرۇم تاغلىرىدا ھەر خىل غەيرىي قۇۋۋەت ئۈسۈملۈكلىرى، خۇش پۇراق تەبىئىي گۈللىرى ۋە مۇزلۇقلار ئارىسىدا قىش - ياز ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان سىرلىق بۇلاقلىرى بار بولۇپ، بۇلاردىن ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ياسىغىلى بولارمىش، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار ئۆز قەھرىمانلىرىنى، خۇاڭدىنى ئۇچار ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى تېپىش ئۈچۈن قۇرۇم تاغلىرىغا يولغا سالىدۇ. غەربىي بۇزۇرۇكۋار ئانا (شىۋاڭمۇ) قۇرۇم تاغلىرىدىكى تەڭرىكۆلىدە ماكان تۇتىدۇ...

شۇنداق قىلىپ، يىراق شەرق تۇزلەڭلىكلىرىدىكى تېرىمچىلار ئارىسىدا «قۇرۇم ئەپسانىلىرى» ھادىسىسى يۈز بەردى. قۇرۇم تېغى بىلەن ئۇنىڭ ئېتىكىدىكى سىرلىق بوستانلىق ئۇدۇن ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە قاشتېشىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي جۇلالىسى قوشۇلۇپ، يىراق شەرقنى ھەيرەتتە قالدۇردى، ھەتتا بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇلۇغ ئوكياندىكى ياپونىيە ئاراللىرىغىچە يېتىپ باردى.

يىراق شەرق ئەپسانىلىرى بەخش ئەتكەن قۇرۇم تاغلىرى ھەققىدىكى ھېكايە مۇتىفلىرى كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىگىمۇ كىرىپ كەلدى. شائىر چۈي يۈەن ئۆزىنىڭ «جۇدالىق زارى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق قۇرلارنى يازدى:

*قېقىنۇس قۇشى ھارۋامدۇر،*
*ئەجدىھانى ئات قىلدىم.*
*شامال بويلاپ سەيلىگە،*
*پەلەك گۈزرە يول سالدىم.*

*ئەتىگەندە ساڭخۇدىن،*
*چىققان ئىدىم سەپەرگە.*
*قۇرۇم تېغىدا تىك تۇرۇپ،*
*يىراققا نەزەر سالدىم...*

كېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئون يىل ئۆتمەيلا بۇ يەرنىڭ 400 يىللىق رىۋايەتتىنىڭ ھاياتى غايىب بولدى. خۇددى گارسىيە ماركوسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىدىكى ماكېندۇ بازىرى ئالەمدىن ئەبەدىي غايىب بولغاندەك، دەريا بويىنىڭ ئۆتمۈشمۇ تەكلىماكان باغرىدىن مەڭگۈ غايىب بولدى...

بوستانلىق مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئۆزىگە خاس تاللىشى ئىدى، بۇ خىل تاللاشقا بۇ يەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىۋى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات يولى ئاساس قىلىنغانىدى، بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەر نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تەبىئەت بىلەن ياتلىششىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ھالاكەت يولىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇلار ئۆز ئەۋلادلىرىغا: «زېمىننى سۆيۈڭلار، ئۇ بىزنىڭ ئانىمىز» دەپ توۋلىغانىدى. مانا بۈگۈن بىز ئاشۇ زېمىننى دەسسەپ تۇرۇپ ئەجدادلار قالدۇرغان قەدىمكى مەدەنىيەت مۇزېيىنىڭ ئاستا ـ ئاستا خاراب بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، كۆندىن ـ كۈنگە قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان تارىم ئويمانلىقى پىچىرلىماقتا:

ـ ئېھ، ئادەملەر، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار!

## 2. شەرق رىۋايەتلىرىگە كۆمۈلگەن دىيار

تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى سېھرىي كۈچى گۈپۈلدەپ تۇرغان بۇ قەدىمكى دىيار ئەسىرلەر بويى ئاجايىپ گۈزەل رىۋايەتلەر قاينىمى ئىچىدە ياشاپ كەلدى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتىن ھەيدىلىپ زېمىنغا دەسسىگەن ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن قۇرۇم تېغى ئېتىكىدىكى بۇ سىرلىق بوستانلىقلارنىڭ رىۋايەتلىرىمۇ شەرق ۋە غەربكە ــ ئىنسان تۇركۈملىرى ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىدى. مىلادىيە سىگنالى چىقىشتىن قانچە ـ قانچە ئەسىرلەر ئىلگىرىلا يىراق شەرق تېرىمچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانلىرىنى يىراقتىكى قاراقۇرۇم تاغلىرىغا تەلپۈندۈردى. ئۇلار ئۆزلىرى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان يىراقتىكى بۇ سىرلىق تاغ تىزمىسىنى زېمىننىڭ ئۇمۇرتقىسى، ئالەمنىڭ مەركىزى دەپ قاراپ كەلدى ھەمدە ئاشۇ خىل ئۆز مەركەزچىلىك تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە، يىراق شەرق ئۇسلۇبىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەپسانە ـ يىلنامىلەر سىستېمىسىنى

X ئەسىرلەر ئەتراپىدا خوتەن رايونىدا تۈركىي - ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى خوتەن ساك مەدەنىيىتى قاتلىمى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆپ قاتلاملىق جەنۇبىي تارىم مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا ئاتلانغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

دەرۋەقە، خوتەن بوستانلىقى ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەرەققىيات تارىخىدا شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنىڭ رەڭگارەڭ خۇرۇچلىرىنى سىڭدۈرۈپ تاشلىدى. بىز ئۇنىڭ سىرتىدىن قارىماققا جىمجىت، بورۇقتۇم كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئىچكى دۇنياسى ئويغاق ھالەتتىكى بوستانلىق گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى، تەكلىماكان قۇملۇقىغا كۆمۈلۈپ تۇرغان يېرىم گەۋدىسى ئىچىدە قەدىمكى مەدەنىيەت چۆكمىلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئۆركەشلەۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. خۇددى ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك: «خوتەن ناھايىتى ئۇزاق يىللىق ئىپتىدائىي ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭ ھايات سەھنىسى ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بىلەن قىياتاش سىزمىلىرى بىزگە ھەر خىل تارىخىي قاتلامدىكى ھايات مېلودىيىسىنىڭ غۇۋا ئىنفورماتسىيىلىرىنى داۋاملىق يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. ئاندىرسىنىڭ چۆچەكلىرىدىكى يېرىم بەدەن بېلىق بولۇپ قالغان ساھىبجامال قىزدەك يېرىم گەۋدىسى قۇم دېڭىزىغا كۆمۈلۈپ قالغان بۇ ماكانىنىڭ يىراق تارىخى داۋاملىق ئايدىڭلىشىشنى كۈتمەكتە»①.

بۈگۈنكى كۈندە، رىۋايەت تۈسىنى ئېخىمۇ يوقاتمىغان بۇ تەنھا ھالەتتىكى بوستانلىقلار گەۋدىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ كۆزەتسەك، ئۇلارنىڭ تىنىپ كەتكەن ئىچكى ئېقىنىدىن يىراق ئۆتمۈش بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بىر چەكسىز ھالەتنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى، ئۇلار مۇشۇ چەكلىك بوستانلىقلاردا ياشاپ، چەكسىز دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىشقا، قۇرغاق ۋە قاغجىرىغان مۇھىتنى ھەر ۋاقىت گۈزەل فانتازىيە بىلەن نەمدەشكە، كىچىك ۋە تار دائىرىدىكى ئىمكانىيەتلەرنى تېخىمۇ چوڭراق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا كۆنۈككەنىدى.

ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدا پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىگە ئورتاق بولغان قان تېپى، قان ھۆجەيرىسى ۋە قان توقۇلمىلىرى بولۇشتىن سىرت، يەنە قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ساكلىرىنىڭ ئاق جىنسلىق ئىنسان

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1992 - يىل 4- سان.

تارىخچى سىماچيەن ئۆزىنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە: «قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 2500 چاقىرىم بولۇپ، ئۇ قۇياش ۋە ئاي نۇرىنى توسۇپ تۇرىدۇ، تاغنىڭ ئۈستىدە شەربەت بۇلىقى ۋە قاشتېشى كۆلى بار» دەپ يازىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شائىرلى بەي، دۇ فۇلاردىن تارتىپ تاكى چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن بىر قىسىم مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ غەربتىكى قۇرۇم تاغلىرى بىلەن ئۇدۇن ئېلى ھەققىدىكى بايانلار كۆپلەپ تىلغا ئېلىندى①...

بۇنىڭدىن بەش مىڭ يىللار مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىدىكى بىپايان يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلار ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئارىيانلارنىڭ زور تېپتىكى كۆچۈش ۋەقەلىرى قەدىمكى ئاسىيا تارىخىدا غايەت زور داۋالغۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تۇران تۈزلەڭلىكىنىڭ سوغۇق تۈنلىرىدە تۇنجى بولۇپ ئاتنى كۆندۈرگەن ئورا كۆز، قاڭشارلىق، بۇرت ـ ساقاللىق بۇ تەمبەل كىشىلەر مەركىزىي ئاسىيادىن ھەر تەرەپكە قاراپ سەلدەك ئاقتى. ئۇلارنىڭ زور بىر قىسمى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئىككىگە بۆلۈندى ـ دە، غەربىي بۆلىكى ئىرانغا، جەنۇبىي بۆلىكى ھىندىستانغا كىردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە غەربىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىدا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تاڭ نۇرى پارلىدى.

ئارىيان-سكتاي (سكىف ـ ساك) قوۋملىرىنىڭ يەنە بىر بۆلىكى تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىغا يەرلەشتى. ئۇچلۇق قالپاق كىيىپ، قۇياشقا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ ئاق جىنسلىق ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىن تاكى قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى كەڭ دالىلىرىغىچە يېتىپ باردى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ خوتەن بوستانلىقىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا قالدۇرغان ئۆچمەس ئىزلىرى دۇنيا ئىلىم ساھەسىنىڭ كۈچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلدى. مىلادىيە V ئەسىردىن ئېتىبارەن، تۈركلەر (قەدىمكى خوتەن ساك تېكىستلىرىدە Druggu دەپ يېزىلغان) نىڭ خوتەن رايونىغا بولغان تەسىرى قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلىشىپ باردى②. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، IX ،

① «گۆھەر زېمىن — خوتەن» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى، 344 ـ بەت.

② خ. ۋ. بېيلى: «خوتەن ساك تېكىستلىرى»، 1961 ـ يىلى لوندون، ئىنگلىزچە نەشرى، 4 ـ توم، كىرىش سۆز قىسمى.

يەر - جاي ناملىرى ئىنچىل قوللىنىپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە «a» ، «o» ، «u» ، «i» قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلىشىدىغان خاس يەر ناملىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، خوتەن رايونىنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئېتنىك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن «a» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان يەر - جاي ناملىرىدىن گۇما، نىيا، چىرا، ناۋا، جىيا، زاۋا، توخولا، كۇيا، گۇلاخما، ياۋا، پىشنا، موكۇيلا، پىيالما، رۇكىيا، مۇغاللا، چۇناقلا، تاقايلا، پوكا، كامپا، يىلۋا، بۇدا، زىۋا، سوپلا، چورۇقلا، كېتىكلا، توساللا، سامپۇلا، دۇۋا، چۇدا، كۇلا، لاڭقا، پايكا، چوكلا، سوما، پۇخۇندا، دۇۋۇلا، كاسا، چاقما، ساۋا، پوسكا، چوتلا، گورا، گولا، سولۋا، كاپا، شىينا، سالجا، خادا، ئويلا، ساڭا، گىجا، كۇۋا، جالا، ھاڭگىيا قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق يەر نامى ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھاڭگىي، زاڭگوي، لاسكوي، گادۇي، كۇسۇي قاتارلىق «yu» بوغۇمى بىلەن ئاخىرلاشقان يەر ناملىرى بىلەن دامىكۇ، سانجۇ، لاڭرۇ، قاتارلىق «u» سوزۇق تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان يەر - جاي ناملىرى خېلىلا سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بۇ ھال خوتەن رايونىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە فولكلورىدىكى ئالاھىدە ئورنى ۋە قاتلىمىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۇرىدۇ.

خوتەن بوستانلىقىنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قۇرۇم تاغلىرى رىۋايەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىمۇ قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ جەننىتى بولۇپ كەلگەنىدى. قۇرۇم تاغلىرىنىڭ خوتەن تەۋەسىدىكى بۆلىكىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئىپار كېيىك ئۆزىنىڭ كىندىكىدە ساقلايدىغان خۇش پۇراق ئىپارى بىلەن شەرق ئەللىرىگە مەشھۇر ئىدى. ئىپار كېيىك بۈگۈنكى كۈندە تىبەت بۆكىنى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ئەينى چاغدا يىپەك يولىنىڭ تىنىمسىز ئۇچۇرلىرى خۇددى قاشتېشىغا ئوخشاشلا خوتەننىڭ ئىپار كېيىكىنىمۇ سېھرىي تۈسى قويۇق بولغان رىۋايەتلىك تېمىغا ئايلاندۇردى. قانچىلىغان شەرق شائىرلىرى «خوتەن مۇشكى» ھەققىدە تالاي مىسرالارنى يازدى. «خوتەن مۇشكى» ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدا «لەئلى بەدەخشان» (بەدەخشاننىڭ قىزىل ياقۇتى) كەبى يارنىڭ گۈزەللىكىنى سۈپەتلەيدىغان ھەممىگە تونۇشلۇق سىمۋولغا ئايلاندى. ھافىز شىرازى:

*ياغدى ئېتەكلەردىن گۈلاپ، ھەيران ئېرۇرمەنكى سەبا،*
*ئۆتكەن يولۇڭ توپراقلىرى قىلما نېچۈن مۇشكى خوتەن.*

تۈركۈملىرىگە خاس قان ھۆجەيرىلىرى ساقلانغاندى. شۇڭىمۇ شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ «خوتەن ئاھۇلىرى»، «خوتەن زىبالىرى»، «خوتەن سەنەملىرى» ۋە «خوتەن گۈزەللىرى» قاتارلىق قېلىپلاشقان ئىبارىلەرنى ئۆز شېئىرلىرىدا تەكرار - تەكرار تىلغا ئېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستۇر. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئېلىپ بېرىلغان ئانتروپولوگىيە ۋە ئىرقشۇناسلىققا ئائىت تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەدەن تۈزۈلمىسى ۋە باش سۆڭەكلىرىدە سېرىق جىنسلىق ئىنسان تۈركۈملىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا، روشەن ھالدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا - كافكاز - ئافغان تىپىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقى ئېنىقلانغان. بۇ ھال بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت تىندۇرمىسىدىكى كۆپ قاتلاملىق، مۇرەككەپ ھالىتىنى يەنىمۇ ئوچۇق كۆرسەتتى.

ھىندى - ساك تىل تەتقىقاتچىلىرى خوتەن رايونىنى بىردەك قەدىمكى ئۆلگەن تىل - يېزىقلارنىڭ سىرلىق ماكانى دەپ قارىشىدۇ. دەرۋەقە خوتەن دىئالېكتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى بېيىتقان، راۋاجلاندۇرغان مۇھىم بىر شېۋە رايونى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۆلگەن تىللارنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈنمۇ ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان رايوندۇر. «تەكلىماكاننى چۆرىدەپ جايلاشقان بوستانلىقلارنىڭ تارىختا بىر قانچە خىل دىن ۋە بىر قانچە خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىلىرى بولغىنىدەك، بىر قانچە خىل تىل ۋە يېزىقلارنىڭمۇ ئۇچرىشىش ۋە ئايرىلىشىش نۇقتىلىرى بولغانلىقى مەلۇم.... خوتەن بوستانلىقلىرى مانا شۇنداق ئايرىلىشىش قاتلاممۇ قاتلام يۈز بەرگەن دىئالېكتىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لېكسىكا قىسمىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرنى مانا شۇنداق ئايرىلىششلارنىڭ ئىزلىرى دېيىشكە بولىدۇ①.

ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن بوستانلىقلىرىدا ئۇچرايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يەر- جاي ناملىرى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر توپونومىيە ئىلمى ئۈچۈن يەنىمۇ يېشىلمىگەن سىر ھالىتىدە تۇرماقتا. خوتەن رايونىدا باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىكى يەر ناملىرى بىلەن ئورتاقلىقى بولغان خېلى بىر قىسىم خاس ناملاردىن تاشقىرى، تۈركىلوگىيە ئىلمىغا تايىنىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان زور بىر تۈركۈم

---

① مىر سۇلتان ئوسمانوف: «خوتەن دىئالېكتىنىڭ ئاق ھون قاتلىمى توغرىسىدا» — «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژورنىلى، 1998 - يىل 4 - سان.

ئۇنىڭغا يەنە ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتىدىكى قويۇق رومانتىكا بىلەن گىرىك سەنئىتىدىكى گارمونىك تۇيغۇسىنىمۇ جىپسىلاشتۇردى.

تالاي ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتتى، قۇرۇم تاغلىرى ئېتىكىدىكى بۇ سىرلىق بوستانلىق تېخى ئۆزىنىڭ رىۋايەتلىك تارىخىدىن ئادا - جۇدا بولالمىدى. ئۇنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىدا كۆمۈپ تۇرغان يېرىم كەۋدىسى ئىچىدىكى قايناق ئۆتمۈشى ھېلىھەم دۇنيا خەلقىنى قىزىقتۇرماقتا. شۇنداق، خوتەن — ئۇزاق ئاسىيا باياۋانلىرىدىكى تېخى ئاخىرلاشمىغان بىر گۈزەل رىۋايەت! خۇددى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغىنىدەك: «ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغۋار ھېكمەت دىيارى. خوتەن ئۆز بېشىدىن ئەڭ دەھشەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. خوتەن دىيارى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەنلا ئىپادىلەپ تاماملىغىلى بولمايدۇ. يېقىنقى زامان يېڭى ئەدەبىياتى قەلەمكەشلىرىمۇ بۇ گۈزەل ماكان ھەققىدە كۆپلەپ ئەمگەك سىڭدۈرۈشتى. ئەمما، خوتەن - ئەبەدىيلىك، پۈتمەس - تۈگىمەس ئۇلۇغۋار تېماتىكا!».

(«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق سانىدىن ئېلىندى).

---



*دوكتور ئىسمەت سۇلايمان 1969-يىلى 1-ئاپرېل قۇمۇلنىڭ ئون ئىككى تاغلىرىدىن بىرى بولغان قوراي بېزىسىنىڭ قىزىليار كەنتىدە تۇغۇلغان. 1991-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، مەخسۇس ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغان.*

*1995-يىلى ئۆكتەبىردە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىدا بىر تەرەپتىن ئوقۇغاچ ھەمكارلاشما تەتقىقات تېمىسى ئىشلىدى. 1996-يىلى مەزكۇر ئاسپىرانتورىيىگە دوكتورلۇق ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىندى.*

*1994-يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قانچە يىللاردىن بۇيان جۇغلىغان ۋە ئەمەلىي تەكشۈرگەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، 400 مىڭ خەتلىك چوڭ تىپتىكى ئىلمىي ئەسەر — «بۇرە توتېمى مەدەنىيىتى»نى پۈتتۈرگەن.*

دەپ يازسا، ئاتايى ئۆز غەزەللىرىدە:

*كۆزۈمگە سۈيدى يۈزۈڭنى مىلك ئېتىقادى بىلەن،*

*كۆرەر بۇ مۇشكى خوتەننى ساچىڭ ساۋادى بىلەن.*

دەپ خىتاب قىلدى. بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىمۇ:

*تۈركىي خوتەن، ياپىى چۇ زىبا جەمەل،*

*مۇشكى ئەفشانا بولدى نەسمى شامال.*

دەپ يازدى. نەۋائى يەنە ئۆزىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمىنىڭ كۆپلىگەن مىسرالىرىدا «خەمسە» تەركىبىدىكى «فەرھاد ـ شېرىن»، «سەددى ـ ئىسكەندەر» قاتارلىق داستانلىرىدا «خوتەن تېمىسىغا زور ھۆرمەت ۋە تەڭداشسىز ئىپتىخار بىلەن يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە خوتەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى قەلئەسى ۋە شەرق سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان قەسرى ئىدى. ئۇ خوتەننى قۇياشقا، جەننەتتىن ئۇستۇن راھەتلىك دىيارغا، مانى، دانى، قارەن قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان ماھىر رەسساملار يۇرتىغا، ئىپار چاچلىق، ئاھۇ كۆزلۈك ساھىبجامال قىزلار بىلەن ئىپار ھىدلىق باغ ـ دالىلار ۋە ئىپار كىيىك ماكانىغا ئوخشىتىپ تىلغا ئالىدۇ[1]».

شۇنداق قىلىپ، خوتەن ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەر يىپەك يولى بويلاپ يىراق ـ يىراقلارغا تارقالدى. ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋانلىرىمۇ بۇ يەرگە شەرق ۋە غەربتىكى ئەللەرنىڭ يېڭى ئۇچۇرلىرىنى توشۇپ تۇردى. بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى بۇ يەرنى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ئوچىقىغا ئايلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يەردە ياشىغۇچى بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ سەنئەت تۇيغۇلىرىنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى. بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ئۆركەشلەپ تۇرغان بۇ ماھىر رەسساملار تۇرلۇك-تۈمەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى بىلەن يۈك توقۇلمىلارغا ئاجايىپ كۆركەم سۈرەتلەرنى چۈشۈردى. خوتەن رەسساملىرىدىن ۋېيسارا پوچىنا بىلەن ۋېيسارا ئىراسانكانىڭ شۆھرىتى شەرقتىكى كۆپلىگەن بۇددىزم ئەللىرىگە تارقالدى. ھەيكەلتىراشلار ماھىر قوللىرىغا تايىنىپ ئۆزلىرى ياسىغان ئادەم ھەيكەللىرىگە خوتەن كىشىلىرىنىڭ پورتېرىتى ۋە روھىي دۇنياسىنى نەقىشلىدى، شۇنداقلا

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» — «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىل 4 ـ سان.

ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

# خوتەن بوستانلىقى ۋە ئېكولوگىيىسى

## مۇقەددىمە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز ۋە بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك. نامرات ئەللەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئورتاق بەخت يارىتىشنى ئۆزىنىڭ ئالىي نىشانى قىلغان دۇنيا بانكىسى ھەر قېتىم بىر نامرات ئەلگە پۇل بېرىدىغان چاغدا بۇ بانكىنىڭ باشلىقى بابۇخىناكول دائىم: «ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن ئىناق ئېكولوگىيىلىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىلا ئاندىن ھەقىقىي نەپ ئالالايدىغان بايلىققا ئېرىشەلەيدۇ» دېگەن سۆزىنى تەكرارلىماي قالمايدۇ. روشەنكى، مەڭگۈلۈك ۋە ئۆتۈشۈشچانلىققا ئىگە بايلىق پەقەت ۋە پەقەت ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقتىن كېلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بابۇخىناكولنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەقمۇ ياكى ئاشۇرۇۋېتىشمۇ؟ بەلكىم بۇ سوئاللار بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا قويۇلغان بولسا، دىمىغىمىزدا كۈلگەن بولاتتۇق. چۈنكى، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن ئۆز نەپەسلىرىمىزنىڭ نەپەسداش ئىكەنلىكىنى تېخى ئەمدىلەتىن غۇۋا بولسىمۇ ھېس قىلىۋاتىمىز ئەمەسمۇ؟

چەت ئەللەردە ئىنسانلار بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن زىچلىقى تەتقىق قىلىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىغا خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دۇنيادىكى بۇلغىنىش دەرىجىسى ئەڭ ئېغىر شەھەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدە ئىكەنلىكىنى تارىخ ۋە رېئاللىق قايتا - قايتا ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ئېلىمىز مۇھىت مەسىلىسىنىڭ ھەر قانداق خىزمەتنىڭ ئالدىدا

[illegible]
[illegible] ۋە [illegible] ئىككى پارچە ماقالىسى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، توپلام قىلىپ نەشر قىلىندى. ۋە [illegible] ماقالىسى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، توكيو مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي مەجمۇئەسىدە تەرجىمانلارنىڭ مەزكۇر ماقالىگە يازغان ئوبزورى ۋە ژۇرنال رېداكسىيىسىنىڭ تەھرىر ئىلاۋىسى بىلەن بىللە ئېلان قىلىندى.

ئەسئەت سۇلايمان 1999-يىلى مەخسۇس تېما بويىچە ئىزدىنىپ بىۋاستە خەنزۇ تىلى بىلەن 200 مىڭ خەتلىك دوكتورلۇق ماقالىسى — «شەرق ئەدەبىياتىدا خەمسەچىلىك ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى» نى يېزىپ چىقىپ، ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. يېقىندا ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ئاساسىدا يوللىغان دۆلەتلىك تەتقىقات تېمىسى — «پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى خەمسەچىلىك ھادىسىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» رەسمىي دۆلەتلىك تەتقىقات تۈرى سۈپىتىدە تەستىقلىنىپ ئىشلىنىۋاتىدۇ.

دوكتور ئەسئەت سۇلايمان ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرى بىلەن 2000-يىلى «ئۈرۈمچى رايونى بويىچە ئون كۆزگە كۆرۈنگەن ياش» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.



ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى: يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن سۇنىڭ «گىش» تېپىدىكى سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 9 مىليون 710 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭغا 5 مىليارد 511 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1 مىليارد 565 مىليون كوب مېتىر سۇ تېجىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئارىسىدا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا بىلەن سۇ تېجەش كۆلىمى 449 مىڭ مو بولۇپ، ئۇنىڭغا 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن؛ مۇنتىزىم تېخنىكا ئارقىلىق سۇ تېجەش كۆلىمى 9 مىليون 260 مو بولۇپ، ئۇنىڭغا 5 مىليارد 62 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن.

تۇزلەڭلىكتىكى سۇ ئامبارلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سۇ تېجەش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى: سۇ بېشى رايونلىرىدىكى تۇزلەڭلىكتىكى 16 سۇ ئامبىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 12 سۇ ئامبىرى ئۆزگەرتىلىدىكەن، ئۇنىڭغا 425 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن؛ غول ئېقىن تۇزلەڭلىك سۇ ئامبارلىرىنى تەڭشەش، سۇ تېجەش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 492 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن.

يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش: سۇ بېشى رايونلىرىدا يېڭىدىن 3272 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلىپ، يەر ئاستى سۈيى 458 مىليون كوب مېتىرغا يەتكۈزۈلىدىكەن، بۇنىڭغا 418 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن. دەريا قاشلىرىنى تۈزەش: بۇ تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى قۇرۇلۇشىدىكى سۇ يەتكۈزۈش توغىنى، سۇغىرىش، سۇ باشلاشنى تىزگىنلەش توسمىسى ۋە ئېكولوگىيە توسمىسى، تىزگىنلەش تۇگۈنى، دەريا قاشلىرىنى تۈزەش ۋە دەريا ئېقىنىنى راۋانلاشتۇرۇش، غول ئۆستەڭ چېپىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن، بۇنىڭغا 902 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن، خوتەن، يەكەن دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرىدىن غول ئېقىنلارغا سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىغا 192 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن.

ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى: بۇ تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرا - يۇقىرى ئېقىنىدا 330 مىڭ مو يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا 330 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن؛ ئورمان ئوت - چۆپ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 384 مىليون مو بولۇپ، ئۇنىڭغا 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن.

تاغلىق رايونلاردىكى تىزگىنلەش خاراكتېرلىك سۇ ئامبىرى: شىيابەندىن سۇ تۈگۈنى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر مىليارد 331 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن.

تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتقا ئاساسەن، كىچىككىنە بولسىمۇ بۇ ئىشقا كىرىشىپ بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بولۇپمۇ پەيلاسوپلار «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى - ئىنسانلار ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر» دېيىشى؛ جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى - ئىنسانلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقى ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى نورمالسىزلىقىنىڭ ئىنكاسى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى؛ بىئو-مېدىتسىنا ئالىملىرىنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى - ئىنسانلاردىكى كېسەللىكلەر، بولۇپمۇ راك كېسەللىكلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئىنسانلار ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزگۈچى ئەڭ چوڭ ئاپەت» دەپ ئاگاھلاندۇرۇشى؛ ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى - سانائەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن چوقۇم تۆلىشى شەرت بولغان قىممەتلىك بەدەل» دېيىشلىرى؛ سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى - بىر خىل ئىجتىمائىي چوڭ ئاپەت، ھەممە ئادەملەرنىڭ ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈشى زۆرۈر بولغان جىددىي مەسىلە» دەپ تەبىر ئېيتىشى؛ پۇقرالارنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى - ساغلام كىشىلەر قەلبىنى ئورىۋالغان ئازابلىق قارا تۇمان» دېگەن ساددا قاراشلىرى؛ ئېكولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى - ئىنسانلار تراگېدىيىسىنىڭ باشلانمىسىدۇر» دەپ جىددىي سىگنال بېرىشلىرى نەتىجىسىدە دۆلەت زور ئەقلىي كۈچ ۋە ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى سەرپ قىلدى. ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ مۇھىت بۇلغىنىش مەنبەلىرىگە توساق قۇرۇش جىددىيلەشتۈرۈلدى.

جۇملىدىن ھالاكەتكە يۈزلىنىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان تارىم دەرياسىنى قۇتقۇزۇپ، تارىملىقلارنىڭ ھاياتلىق ئۆلىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مەخسۇس تارىم دەرياسىنى تۈزەش خىزمىتى ئۈچۈن 10 مىليارد 700 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ تارىختىكى مۇھىت تۈزەش خىزمىتىگە تۈرتكە بولدى. «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى ساۋخۇيجۈەن ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇشياڭمىننى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، تارىم دەرياسىنى ئۇنىڭېرسال تۈزەشتە جەمئىي سەككىز چوڭ تۈر بار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتىنى يېزىپ مۇنۇلارنى ئېلان قىلدى:

سۇغىرىش رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سۇ تېجەش -

يەتكىنى يوق.

ئېنىقكى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى كۆپىنچە ئورمانلارنى ھەمدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى نابۇت قىلىش بەدىلىگە بولىۋاتىدۇ. يەر شارىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىگە تەھدىت سېلىپ، كەسكىن رېئاللىق كرىزىسى پەيدا قىلماقتا.

ئىنسانلار تەرەققىيات تۈرتكىسىدە ئوت چىقىرىش، ئوتتىن پايدىلىنىش تارىخىغا قەدەم قويغاندىن بۇيان، ياغاچتىن ئوت چىقىرىش، كەپە ياساش، دەرەخ كۆيدۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاش، ئۆرتەپ - چوقۇلاپ تېرىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن زور كۆلەمدىكى ئورمانلارنى نابۇت قىلىش تارىخىنى باشلىغان.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7000 - يىللىرى يەر شارىدىكى 3/2 قىسىم قۇرۇقلۇقنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئورمان بىلەن قاپلىنىپ، كۆلىمى 7 مىليارد 600 مىليون گېكتارغا يېتەتتى، ئەپسۇسكى ھازىر ئورمان، قۇرۇقلۇق كۆلىمىنىڭ 3/1 قىسمىغىمۇ يەتمەيدۇ، تېز سۈرئەتتە ئازىيىش ھالىتى يەنىلا داۋاملاشماقتا.

يەر شارىدا قۇرۇقلۇقنىڭ كۆلىمى ئاران 30% نى ئىگىلەيدۇ، لېكىن قۇرۇقلۇقنىڭ 92%ى قۇملۇق ۋە قۇملىشىپ كەتكەن جايلاردۇر. ھازىر دۇنيا بويىچە ھەر يىلى 6 مىليون گېكتار ئۇنۇمدار يەر قۇملۇققا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر: 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە، چۆل - باياۋان ۋە قۇرغاق رايونلاردا يەر كۆلىمى 1 مىليارد 100 مىليون گېكتاردىن كۆپىيىپ 2 مىليارد 600 مىليون گېكتارغا يەتتى، مۇشۇنداق كېڭىيىۋېرىدىغان بولسا، ئىنسانلارنى ھامان بىر كۈنى قۇم يۇتۇپ كېتىدۇ، دەپ قاراشماقتا.

بىز دۇنيادا مىنۇتىغا يۈز بېرىدىغان مۇھىت ئاپەتلىرىگە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق قاتتىق چۆچۈيمىز: دۇنيادا مىنۇتىغا 600 مو تېرىلغۇ يەر زىيانغا ئۇچرايدۇ. 315 مو ئورمان ۋەيران بولىدۇ. 165 مو يەر قۇملىشىپ كېتىدۇ. 48 مىڭ توننا لاتقا - قۇم دېڭىزغا قويۇلىدۇ. 850 مىڭ توننا يۇندا دەريا، دېڭىزغا قويۇلىدۇ. 28 ئادەم مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. دېمەك، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇزۇلۇشنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان تراگېدىيىسى ھەقىقەتەن زور. بۇ تراگېدىيە يېتىپ كېلىدىغان بولسا سىز ۋە بىزلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل يەر شارىدىكى جانلىقلارنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ.

دەريا ۋادىلىرى سۇ بايلىقىنى تەقسىم قىلىش ۋە باشقۇرۇش قۇرۇلۇشى: دەريا ۋادىلىرىدىكى سۇ تەقسىم قىلىش، تىزگىنلەش پونكىتلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئېكولوگىيە پونكىتىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قاتارلىق تۈرلەرگە 190 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن.

مۇخبىر ساۋخۇيجۈەنىنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتلارنى ئېلان قىلىشى بىلەن تارىم دەرياسى بويلىرىدا ياشاۋاتقان، تارىم ئېكولوگىيىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن زور ئۈمىدلىنىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر، دۆلىتىمىزنىڭ تارىم ۋادىسى ئېكولوگىيىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىدىن سۆيۈنچ ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ ئاشۇنداق زور قۇرۇلۇشنى ئاز مەبلەغ بىلەن روياپقا چىقىرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەستە. گەرچە دۆلىتىمىز بۇندىن كېيىنكى بەش يىلدا جۇڭگو ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراشقا 700 مىليارد ئاجراتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭلىق بىلەنلا بولدى قىلىشقا بولمايتتى ھەم مەبلەغ ھەل قىلىشى ھەم ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا بولغان تونۇش ھەقىقىي تۈردە ئايدىڭلىشىشى كېرەك ئىدى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيىسى زور بۇلغىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ خىل رېئاللىقنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان ژۇرنالىستلار، مەتبۇئاتلار ۋە تۈرلۈك تەشۋىقات ئورۇنلىرى مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئېكولوگىيىلىك بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئىپادىلىرىنى توپلاپ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ، تارىم ۋادىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىش چاقىرىقىنى ياڭراتتى. نەتىجىدە بىر قىسىم كىشىلەردە مۇھىت قوغداش ئېڭى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا «بۇنداق ئارتۇقچە ئەندىشىلىك پەرەزنىڭ نېمە ھاجىتى، بىرەر مو يەرنىڭ كەملەپ كەتكىنىگە، بىرەر يۈز تۈپ دەرەخنىڭ كېسىلگىنىگە، قۇشلارنىڭ ئازلاپ كەتكىنىگە، مۈشۈك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىش گىرادىبىغا بېرىپ قالغىنىغا، توغراقلارنىڭ ئوتۇنغا ئايلانغانلىقىغا، چۈچۈك بۇيا، چاكاندىلارنىڭ ئازراق كولانغانغا. . . . يەر شارى چۆگىلەشتىن، قۇياش نۇر چېچىشتىن، يامغۇر يېغىشتىن توختاپ قالامتى؟»، «بۇ مۇخبىر، يازغۇچى، شائىرلار دېگەن قىلنى پىل كۆرسىتىدىكەن ئەمەسمۇ» دەپ چالۋاقاپ يۈرۈيدىغانلار ھېلىھەم مەۋجۇت. ئۇنداقلار ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ھاياتىمىزغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ زور تراگېدىيىسىنى تېخى تونۇپ

نۆۋەتتە «بوستانلىق» دېگەن بۇ سۆز نىسبەتەن كەڭ ئىشلىتىلمەكتە. ئوخشىمىغان لۇغەتلەردە « بوستانلىق» سۆزىگە بېرىلگەن تەرىپ ئوخشىمىغانلىقتىن، بۇ بىر ئۇقۇمنىڭ خاس مەزمۇنى ۋە دائىرىسى تازا ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە كۆپ خىللىقى بۇ بىر ئۇقۇمدا تېخىمۇ كۆپ ئىختىلاپ پەيدا قىلدى.

بوستانلىق سۆزى ئەڭ دەسلەپتە ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى بىر قىسىم كىچىك تىپىك رايونلاردا قوللىنىلغان. بۇ رايونلاردىكى دەل - دەرەخلەر ۋە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى سۇنىڭ مەنبىئى يىراقتا بولغان بۇلاق سۈيى ۋە قۇدۇق سۈيى بىلەن تەمىنلىنەتتى. بۇ كۆپىنچە ئافرىقىدىكى لىۋىيە ئېگىزلىكى چۆلى، نىل دەرياسى بويىدىكى ئاسۇئان بىلەن قاھىرەنى تۇتاشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان لىنىيىنىڭ غەربىي، يەر ئۈستى سۈيى بولغان ۋە تېيىز قۇدۇقلۇق جايلارنى كۆرسىتەتتى. مەسىلەن: ئەل - خارگا بوستانلىقى، داخلا بوستانلىقى ۋە ئەل - فۇرا بوستانلىقى قاتارلىقلار. ئىنسانلارنىڭ چۆل - باياۋانلارنى ئۆزلۈكسىز ئېچىشىغا ئەگىشىپ، چۆللەردە سۇ پەيدا بولۇپ، دەل - دەرەخ ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشىغا ماس كېلىدىغان جايلار ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى ۋە كېڭەيدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ بوستانلىق سۆزىمۇ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى. نۆۋەتتە ئوخشاش بولمىغان لۇغەتلەردىكى بوستانلىق سۆزىگە بېرىلگەن تەرىپ توغرىسىدا توختىلىمىز.

«خەنزۇتىلى لۇغىتى» دە بوستانلىق سۇ ئوتتۇرىسىدىكى ئوت - چۆپلەر بۈك - باراقسان ئۆسكەن قۇرۇقلۇق؛ چۆلدىكى سۇ ۋە ئوت- چۆپلەر بار بولغان جايىنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەن.

«سۆزلەر دېڭىزى» دا بوستانلىق يەنە «مۇنبەت يەر» دەپمۇ ئاتىلىپ، چۆلدىكى سۇ ۋە ئوت - چۆپلەر مول، دەل - دەرەخلەر كۆكلىيەلەيدىغان، ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا ماس كېلىدىغان جايلارنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە بۇ، دەريالارنىڭ ئىككى قىرغىقىدا، بۇلاق، قۇدۇققا يېقىن جايلاردا ھەمدە ئېگىز تاغلاردىكى قار - مۇزلارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرى بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرىدىغان تاغ ئېتەكلىرىدىكى بەلۋاغلاردا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دەريالارنىڭ ئىككى قىرغىقى ۋە جۇڭگودىكى تەڭرى تېغى، چىلىيەنشەن تاغ ئېتەكلىرى بەلۋېغىدىكى بوستانلىقلار. قۇملۇقتىكى بوستانلىقلاردا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىر قەدەر ئەۋج ئالغان، ئاھالە توپلاشقان بولىدۇ، دېيىلگەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان بۇ ماقالىمىزدە، تارىمنىڭ ئەركەك سۇلىرىنى ئېچىپ يېشىللاشقان قەدىمىي ماكان ـ خوتەننىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتىنى تونۇتقا قىلغان ھالدا گۈللەنگەن قەدىمىي مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ خارابلىشىشىدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بولغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن يازما مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، بۇ دىياردا نەپەس ئېلىۋاتقان ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىدىن ئۆزى ئۈچۈن ۋە كەلگۈسى گۈزەل دۇنيا ئۈچۈن ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جېڭىگە بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ۋاقىت قىس، شارائىت يېتەرلىك بولماسلىقتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بايان قىلىنغان مەزمۇنلار مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىش، بىۋاسىتە كۆزىتىشنى قوشۇمچە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن يورۇتۇلدى. لېكىن، قىسمەن يۈزەكىلىكلەرنىڭ ساقلىنىشىدىن خالىي بولالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. خوتەن ئېكولوگىيىسى ئارقىلىق، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىنى كۆرەلەيدىغان ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ بۇ زور ھەجىملىك ماقالىنى يېزىش جەريانىدا بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكلىرىمنى ئەپۇ ئېتىشكى بىلەن يېپىشىنى، خوتەن ئېكولوگىيىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئىزدىنىشىنى ئۇنتۇماسلىقنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

## «بوستانلىق» ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، «بوستانلىق» دېگەن ئاتالغۇنى ئاڭلىغان ھامان كۆز ئالدىڭىزغا يېشىللىققا پۈركەنگەن كۆچۈم مەھەللىنىڭ كېلىشى تەبىئىي. چۈنكى، سىز ۋە بىز ئاشۇ نام بىلەن ناملانغان، ساپ تۇپراق ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان قەدىمكى يەرلىك مەھەللىلەردە ئۆسۈپ چوڭ بولدۇق ئەمەسمۇ؟ لېكىن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شى يۇ «بوستانلىق» ئۇقۇمىنىڭ مەنىسىنى ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولغان تۆت تەرەپ بويىچە ئىزاھلىغان بولۇپ، مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. تۆۋەندە دىققىتىڭىزگە ئۇشبۇ ئاپتورنىڭ مۇلاھىزىسىنى سۇنىمەن:

**1. ھەر خىل لۇغەتلەرنىڭ بوستانلىققا بەرگەن تەرىپى**

ئەنجۈر، شاپتۇل، ئۆرۈك، سەي - كۆكتات ۋە بۇغداي، ئارپا، كاشتان قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەر ئۆستۈرۈلىدۇ، دېيىلگەن.
MCgraw — HilI Encyclopedia of science and technology دا بوستانلىققا بېرىلگەن تەرىپ تەپسىلىي بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: بوستانلىق بولسا بىر پارچە مۇنبەت يەر، ئادەتتە ئۇ، چۆل - جەزىرىلەر بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ ھەمدە چەكلىك دائىرىسى بولىدۇ. بۇ بىر ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپتە ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى تروپىك بەلۋاغ رايونلىرىدا بۇلاق سۈيى ۋە سۇ مەنبەسى يىراق جايلاردىكى يەر ئاستى سۈيى بىلەن تەمىنلىنىدىغان دەل - دەرەخ ۋە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۆسىدىغان كىچىك جايلاردا قوللىنىلغان. ئەمما، بۇ بىر ئاتالغۇ كېڭىيىپ سۇغىرىلىش دائىرىسى پەسىللىك دەريالاردىن تارتىپ تاكى سۇنئىي سۇغىرىش سىستېمىلىرى ئارقىلىق سۇ تەقسىملەنگەن رايونلارغىچە ئۆز ئىچىگە ئالدى. شۇڭلاشقا نىل دەرياسى بىلەن كولورادو دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيىدىن ھاسىل بولغان تۈزلەڭلىكلىرىنىمۇ غايەت چوڭ بوستانلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ كىتابتا دەريا ھاۋزىسى، چۆلدىكى باغ - هويلا، سۈنئىي يىغىش سىستېمىسى، كىلىمات ۋە تۇپراق، ئىقتىساد ۋە يېزا ئىگىلىك ئەمەلىيىتى، ئولتۇراق جاي، تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈك، جۇغراپىيىلىك تارقىلىشىدىن ئىبارەت سەككىز تەرەپتىن بوستانلىققا قارىتا ئانالىز ئېلىپ بېرىلغان.

## 2. «بوستانلىق» ئۇقۇمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئوخشاش بولمىغان لۇغەتلەرنىڭ بوستانلىققا بەرگەن تەرىپى گەرچە ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئاساسىي مەزمۇنى يەنىلا بىردەك. بوستانلىق ئۇقۇمى ئۇنىۋېرسال تەبىئىي جۇغراپىيە كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇپ، كىلىمات، گىدرولوگىيە، تۇپراق، يېپىنچا ئۆسۈملۈك، گېئومورفولوگىيە ۋە ئىنسانلار پائالىيىتى قاتارلىق كۆپ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتا ئارقىلىق بايان قىلىشقا بولىدۇ:

1) بوستانلىقلار چۆلگە جايلاشقان.

2) سۇ - بوستانلىق مەۋجۇت بولۇشنىڭ ئاساسى.

3) بۇك - باراقسان ئۆسكەن يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، بوستانلىقنىڭ ئاساسىي مەنزىرىسى.

4) گېئومورفولوگىيىلىك ئورۇن ۋە ئىنسانلار پائالىيىتى بوستانلىقلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىدە مۇھىم رول

«مۇھىت ئىلمى لۇغىتى» دە بوستانلىق چۆل - باياۋانلاردىكى سۇ بايلىقى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەر قويۇق ئۆسكەن رايونلاردىن ئىبارەت. ئۇلار ئاساسەن بەلۋاغسىمان، نۇقتىسىمان ھالەتتە چوڭ دەريالارنىڭ بويلىرىغا، كەلكۈن چۆكۈندىلىك يەلپۈگۈچسىمانلارنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى يەر ئاستى سۈيى سىزىپ چىقىدىغان بەلۋاغلارغا، ئېگىز تاغلاردىكى ئېرىگەن قار سۇلىرى، مۇز سۇلىرى ئېقىپ ئۆتىدىغان تاغ ئېتەكلىرىگە تارقالغان. بەزىدە قۇملۇق رايونلاردا شامال يالىغان ئويمان جايلاردا، يەر ئاستى سۈيى سىزىپ چىقىپ بوستانلىقلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. قۇرغاق قۇملۇقلار، شېغىل تاشلىق مەنزىرىلەردىكى بوستانلىق خۇددى يېشىل ئارالغا ئوخشاش بولۇپ، ھاياتلىق ئۇرغۇپ تۇرغان، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان، ئاھالە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىزدىكى خېشى كارىدورى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ تۆت ئەتراپى، چىلىيەنشەن تاغ ئېتىكى قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە بوستانلىق تارقالغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئانتاركتىكا قىتئەسىنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى مۇز بىلەن قاپلانمىغان، تاغ جىنسلىرى ئېچىلىپ قالغان، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن، پىنگۋىن قاتارلىقلار توپلاشقان رايونلارمۇ بوستانلىق دېيىلىدۇ، دېيىلگەن.

«برىتانىيە قىسقىچە قامۇسى» دا بوستانلىق ( oasis ) قۇملۇقتىكى مۇنبەت، يىل بويى سۇ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان يەردىن ئىبارەت. بوستانلىقلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ، كىچىكى بۇلاق ئەتراپىدىكى بىر گېكتار ئەتراپىدا كېلىدىغان يەرلەردىن تارتىپ، چوڭى چوڭ كۆلەمدىكى تەبىئىي بولغان ياكى سۇغىرىلىپ تۇرىدىغان يەرلەرگىچە بولىدۇ. بوستانلىقلاردىكى سۇ مەنبەئىنىڭ كۆپىنچىسى يەر ئاستىدىن كېلىدۇ؛ بۇلاق ۋە قۇدۇقلار ( بەزىلىرى ئارتېزىئان قۇدۇقلىرى ) قوم جىنسلىق سۇلۇق قاتلامدىن تەمىنلىنىدۇ. سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىغان رايونلارنىڭ ئاساسلىقى 800 كىلومېتىردىن يىراقلاپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: لىۋىيە چۆلىدىكى ئەل - خارگا بوستانلىقى ۋە داخلا بوستانلىقى، سەھرايى كەبىردىكى 3/2 قىسىم ئاھالە بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان. پەقەت سۇغىرىشقىلا بولىدىغان بولسا، بۇ رايونلاردا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تېز ئۆسۈشىگە ماس كېلىدىغان تېمپېراتۇرا يېتەرلىك، سەھرايى كەبىردىكى بارلىق بوستانلىقلاردا خورما دەرىخى ئاساسلىق دەرەخ ۋە يېمەكلىكنىڭ كېلىش مەنبەسى بولۇپ، ئۇنىڭ سايىسىدە لىمون،

ئېقىنىدىكى كونا دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۇ مەنبەسى باش ئېقىنىدىكى يېڭى دېھقانچىلىق رايونلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغانلىقتىن ھەمدە سۇ سۈپىتىنىڭ يامانلىشىشى تۈپەيلىدىن، ئەڭ ئاخىرىدا سۇ بايلىقى يېتىشمەي سۇ سۈپىتى يامانلىشىپ يەرلەر تاشلىۋېتىلىدۇ ھەمدە يەنە ئەسلىدىكى چۆل مەنزىرىسى قايتىدىن ئەسلىگە كېلىدۇ.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بەزىلەر چۆللەردىكى ئومۇمەن ئادەملەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى، يەنى چۆلدىكى سانائەت شەھەرلىرى ۋە ئالاھىدە دۆلەت مۇداپىئە ئورۇنلىرىنىمۇ بوستانلىق دەپ ئاتىغان. چۆلدىكى كان بايلىقى، بولۇپمۇ نېفىت بايلىقىنىڭ ئېچىلىشى، بىر قىسىم گوبى-چۆللەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زامانىۋى سانائەت شەھىرىگە ئايلاندۇردى. ئۇلار ئاساسلىقى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئاھالە زىچلاشتى. مەسىلەن: شىنجاڭدىكى قاراماي شەھىرى. تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن، سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن، بۇ خىل شەھەرلەردە ئادەتتە پەقەت ئىھاتە ئورمانلىق، كۆكەرتىلگەن جايلار ۋە ئاز مىقداردىكى مېۋە-كۆكتات بازىلىرىلا بولىدۇ. بەزىلەر بۇ رايونلارنى چۆلدىكى شەھەرلەر دېيىش كېرەك، چۆلدىكى بوستانلىق دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە: ① گەرچە نۇرغۇن لۇغەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىغا ئوخشاش بولسىمۇ، ئەكسىچە چۆلدىكى ئومۇمەن ئادەملەر توپلاشقان رايونلارنى بوستانلىق دەپ قاراش روشەنكى، مۇۋاپىق ئەمەس. بوستانلىق بولسا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەمەلىي گەۋدە، ئادەملەرنىڭ چۆلدە توپلىنىشىنىڭ شارائىتى، ئەمما نەتىجىسى ئەمەس. بوستانلىق ئىنسانلارنىڭ چۆلدە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئىنسانلارنىڭ بوستانلىقلاردا ھايات كەچۈرەلىشى، ئۇنىڭ نىسبەتەن ياخشى بولغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ بولغانلىقىدا. ② سانائەت، كان شەھەر-بازارلىرىدا يېشىل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر مەنزىرىسى ئېنىق ئەمەس، نىسپىي ھالدا سانائەت، كان شەھەر-بازارلىرى مەنزىرىسى گەۋدىلەنگەن. بوستانلىقتىكى يېشىلچىلىق تۇپراقنىڭ ئاساسىي تۈسىنى يوشۇرغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كۆل رەڭ چۆل بىلەن روشەن پەرقلىنىدىغان جايلىرىدۇر. شۇڭلاشقا، چۆلدىكى ئاھالە توپلاشقان رايونلاردا پەقەت ئۇ بەلگىلىك كۆلەمدىكى يەردىن پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى (چوڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بولۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ۋە

ئوينايدۇ.

بوستانلىقلار ئادەتتە يەر شەكلى نىسبەتەن كەڭ، تەكشى، ئەمما بەلگىلىك يانتۇلۇققا ئىگە بولغان رايونلارغا جايلاشقان بولىدۇ. مەسىلەن: دەريا ئېقىنلىرىدىكى دەريا پويمىلىرى ۋە ياكى بىرىنچى دەرىجىلىك تراسالاردىكى كۆلىمى نىسبەتەن چوڭ بولغان رايونلار، كەلكۈن چۆكۈندىلىك - ئاقما چۆكۈندىلىك يەلپۈگۈچلەرنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىدىكى چۆكۈندىلىك - ئاقما چۆكۈندىلىك تۈزلەڭلىك قاتارلىق ئورۇنلار. گېئومورفولوگىيىلىك ئورۇن، سۇ باشلاش شارائىتىنىڭ قىيىن - ئاسان بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچى شارائىتىدا، ئوخشاش بولمىغان يەر قىياپەت تىپلىرىدا شەكىللەنگەن بوستانلىقلار ئوخشاش بولمايدۇ.

بەزى بوستانلىقلاردا ئاھالە زىچ بولۇپ، پۇختا ئۆي - ئىمارەتلەر ۋە ۋاقىتلىق قونالغۇلار بولىدۇ. بەزى بوستانلىقلار تېخى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى ياكى ئىنتايىن ئاز ئۇچرىدى. كۆپ قىسىم بوستانلىقلار ئىنسانلار تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ پايدىلىنىلماقتا. بوستانلىقلار ئىنسانلارنىڭ چۆللەردە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئاساسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەمما، ئادەملەرمۇ بوستانلىقلارنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئاھالە شالاڭ، تېرىلغۇ يەر ئاز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەر ئالدى بىلەن ئاقما - كەلكۈن چۆكۈندىلىك يەلپۈگۈچسىمانىنىڭ چەتلىرىدىكى سۇلۇق بەلۋاغلارنى تاللىۋالىدۇ. بۇ يەردىكى سۇ بايلىقى، بۇلاق سۈيى شەكلىدە يەر ئۈستىگە سىزىپ چىققان بولىدۇ. بۇلاق سۈيىنىڭ ئالاھىدىلىكى سۇ مىقدارىنىڭ بىر يىلدىكى تەقسىملىنىشى تەكشى، پايدىلىنىشى ئوڭاي، شۇڭلاشقا تەبىئىي ھالدا ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇ رايونلاردا ئاستا - ئاستا شەھەر - بازارلارنى مەركەز، بوستانلىقنى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىك دۆلىتى شەكىللەنگەن بولىدۇ. پەقەت بۇلاق سۈيىدىنلا پايدىلىنىش، ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش بىلىملىرى تەدرىجىي موللىشىدۇ. قانداق ئۇسۇل بىلەن تەبىئىي دەريا ئېقىنلىرىدىن سۇ باشلاپ ئېتىزلارنى سۇغىرىش، يېڭىدىن تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېچىش، يېڭى دېھقانچىلىق رايونلىرىنى بەرپا قىلىشنى چۈشىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرى دەريالارنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىن تەدرىجىي باش ئېقىنغا يۆتكىلىپ، ئاياغ

ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار سولچىل سىياسەتلەر تۈپەيلىدىن ئاخىرسىزلارچە دەل- دەرەخ كېسىش، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ۋەيران قىلىش نەتىجىسىدە قەدىمكى بوستانلىقنىڭ ئاز ساندىكى قالدۇقلىرى ۋە كونا بوستانلىقنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقىتلىرى بىر- بىرلەپ ۋەيران قىلىندى (بۇ ھەقتە ئەسىرىمىزنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز - ئا) . بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى بولسا ئەينى ۋاقىتتىكى تاقىر بوستانلىقلار ئىدى.

يېڭى بوستانلىق؛ بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان بوستانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئادەت بويىچە بۇ « يېڭى سۇغىرىش رايونى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كونا بوستانلىقلارنىڭ سىرتقى دائىرىسى ۋە چەتلىرىگە تارقالغان، يەلپۈگۈچسىمان تىنما يەرلەرنىڭ چەتلىرى ۋە تىنما تۇزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەنكى بۆلەكلىرىگە جايلاشقان. بۇلار بىز بۈگۈنكى كۈندە كۆپرەك ئۇچرىشىپ تۇرۇۋاتقان سۇنئىي بوستانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق بوستانلىقلار، خوتەننىڭ يېزا - بازار، شەھەرلەرگە يېقىنراق بولغان ئوقتىلارغا تارقالغان.

خوتەننىڭ مەيلى قەدىمكى، كونا بوستانلىقلىرىغا ۋە مەيلى يېڭى بوستانلىقلىرىغا نەزەر ئاغدۇرايلى، ئۇلارنىڭ بىردەك يەر قىياپىتىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرگە ئايرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

1. دەريا جىلغىسىدىكى بوستانلىق: بۇ تاغ ئارىلىقىدىكى جىلغىلارغا تارالغان. سۇ، تۇپراق شارائىتى ئەۋزەل، ئاساسىي دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ئاساسلىقى دەريا ئېقىنى بويىدىكى تراسا يەرلەرگە تارقالغان.

2. يەلپۈگۈچسىمان تىنمىدىكى بوستانلىق: بۇ دەريا ئېقىنلىرىنىڭ تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن شەكىللەنگەن يەلپۈگۈچسىمان تىنما يەرلەرگە تارقالغان. دەريا ئېقىنلىرىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئوخشاش بولمىغاچقا، شەكىللەنگەن بوستانلىقنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. سۇ باشلاش ئوڭاي، سۇ مەنبەسى مۇقىم بولغانلىقتىن، كۆپىنچىسى كونا بوستانلىقنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

3. تىنما تۈزلەڭلىكتىكى بوستانلىق: دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يانغا سىڭىش تەسىرىگە ئۇچراپ، دەريا قىرغاقلىرىنى بويلاپ كۆپىنچە مەلۇم كەڭلىكتىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ تاتلىقلىشىش بەلۋېغى شەكىللىنىدۇ. بوستانلىقتىكى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى كۆپىنچە مۇشۇ

بېلىقچىلىق كەسپىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەلگىلىك مىقداردىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلىيەلىگەندە ئاندىن ئۇ بوستانلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

خوش، بوستانلىق ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. ئۇنداقتا خوتەن بوستانلىقى ھەققىدە نېمىلەرنى دېيىش كېرەك. خوتەننىڭ بۈگۈنكىدەك گۈزەل قىياپىتى، شانلىق تارىخى ھەرگىزمۇ ئاسانلىقچە قولغا كەلگەن ئەمەس، بەلكى تەبىئىي كۈچلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ تەبىئىي بوستانلىقلارنى كېڭەيتىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا ئاجايىپ ئىختىرالارنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

مەلۇمكى، قەدىمكى بوستانلىق، يەنى ئەڭ بالدۇر شەكىللەنگەن، كېيىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاشلىنىپ كەتكەن. كۆپ قىسمى قۇملۇق، شامال يالاپ كەتكەن يەرلەر ۋە شورلۇق يەرلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. لېكىن، خارابىلىكى ساقلىنىپ قالغان، كۆپىنچە دەريا ئېقىنلىرى تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ ئايىغىغا تارقالغان. بىز خوتەننىڭ ئارخېئولوگىيە تارىخىنى ۋاراقلاپ باقىدىغان بولساق قەدىمكى بوستانلىقنىڭ شاھىدى بولغان نۇرغۇنلىغان خارابىلەرنى ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن: نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىكى چۆرىسىگە دەل ـ دەرەخ تىككەن كۆل خارابىسى؛ ئەتراپىغا مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە تەكلەر تىكىلگەن ئۈي خارابىسى؛ ئۈزۈملۈك باغ، ئۈجمىلىك خارابىسى، دەريا ئېقىن ئىزلىرى؛ دەندان ئۆيلۈك قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىكى ئۈزۈمزارلىق؛ گۇما ناھىيىسىدىكى ئۈژمىلىك قەدىمكى شەھىرى خارابىسى؛ كېرىيە ناھىيىسى دەريا بويى كەنتى تەۋەسىدىكى يادىكارلىق نۇقتىلىرى ئىچىدىكى دەريا ئېقىن خارابىسى ... قاتارلىقلار خوتەننىڭ قەدىمكى بوستانلىقىنىڭ شاھىدلىرى ئىدى.

كونا بوستانلىق؛ بۇنىڭ شەكىللىنىش ۋاقتى بىر قەدەر بالدۇر، 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ھەمدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ئادەت بويىچە بۇ «كونا سۇغىرىش رايونى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دەريا ئېقىنلىرىنىڭ تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن شەكىللەنگەن يەلپۈگۈچسىمان تىنما ھەم تىنما تۈزلەڭلىكىنىڭ يۇقىرىسىغا تارقالغان. خوتەننىڭ پەۋقۇلئاددە ھاۋا كىلىماتى سەۋەبلىك بۇنداق بوستانلىقلار ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن 70 ـ يىللىرىغىچە

تەزكىرىسى» ، «غەربىي رايوننىڭ دەريا - ئېقىنلىرى خاتىرىسى» ، «ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى سەپەر خاتىرىسى» ، «گۇدۇن خاتىرىسى» ، «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»... قاتارلىق ئەسەرلەر ۋە خوتەننىڭ ھەر قايسى مەدەنىيەت يادىكارلىقى نۇقتىلىرىدىن تېپىلغان يازما ھۆججەت - ۋەسىقىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، خوتەننىڭ تارىختىكى بوستانلىق مەدەنىيىتىدىن بىۋاستە ئۇچۇرغا ئىگە بولالايمىز. يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەردە خوتەننىڭ قەدىمكى دەريا ئېقىنلىرى ھەققىدە خېلىلا مۇكەممەل بايانلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلار ئەينى دەۋر خوتەن بوستانلىقىدىن دېرەك بېرىش بىلەن بىرگە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشىمىزنى قىممەتلىك مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىزنىڭ ئۇشبۇ ماقالىنى يېزىشقا تەرەددۇتلىنىشىمىزدىكى بىۋاستە سەۋەب خوتەننىڭ يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئۇچ خىل بوستانلىقنىڭ بەرپا بولۇشى، خاراب بولۇشى، قايتىدىن گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلىنىش تارىخىنى يورۇتۇش ئارقىلىق، ھەر بىر ئوقۇرمەننىڭ دىلىدا مۇھىتنى ئاسراش ئېڭىنى تۇرغۇزۇش، بوستانلىق بىلەن ئۆز ھاياتىنىڭ چەمبەرچاس باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش بولغاچقا، ماقالىمىزنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا ئەنە شۇ خىل يازما مەنبەلەرنى تېرەك قىلغان ھالدا مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز. شۇ سەۋەبلىك بۇ يەردە ئۇلاردىكى خوتەن بوستانلىقىغا دائىر مەنبەلەر كۆرسىتىلمىدى.

گېزى كەلگەندە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، خوتەن بوستانلىقى ھەققىدىكى تەتقىقات مەڭگۈلۈك تېما، بولۇپمۇ «رىۋايەتلەردىكى جەننەتنىڭ ھازىرقى ئورنى خوتەن» دېگەندەك تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ۋە «جەننەت»تەك گۈزەل ماكان خوتەننى گۈللەندۈرۈپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتە، ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى «بوستانلىق = ھاياتلىق» قارىشىغا مەڭگۈ ئاۋاز قوشۇشى ھەم ئەمەلىي ئىش قىلىشى زۆرۈر.

## خوتەندىن ھىدلىنىۋاتقانلار سەمىگە

زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» ناملىق ماقالىسىدە: «مەن ئەزىز ماكان — خوتەن ئىشقىنىڭ يېڭى ئۆركەشلىرىگە غەرق بولىمەن. خوتەننىڭ ھەر بىر سىقىم قۇتلۇق

يەرگە جايلاشقان. يۇقىرىقى بۆلىكىنىڭ كۆپىنچىسى كونا بوستانلىق، ئوتتۇرا، تۆۋەنكى بۆلىكى يېڭى بوستانلىقتۇر.

4. دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئايىغىدىكى بوستانلىق: بۇ چوڭ - كىچىك دەريا ئېقىنلىرى ۋە بىر قەدەر چوڭ دەريا ئېقىنلىرىنىڭ تارماق ئېقىنى ئايىغىغا جايلاشقان. گېئومورفولوگىيىلىك تىپى تارماق ئېقىنلىق قۇرۇق دېلتا ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى زاماندا سۇ باشلاپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان يەرلەرگە ناھايىتى كۆپ قەدىمكى بوستانلىق تارقالغان. ھازىرمۇ كونا بوستانلىق بار. لېكىن، سۇ باشلاش، سۇغىرىش شارائىتى ناچار، قۇم - بوراننىڭ تەھدىتى چوڭ ياكى شورلىشىش ئېغىر.

خوتەن بوستانلىقى ئەنە شۇنداق تارقىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغاچقا، بوستانلىقنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تەبىئىي ئامىللار، يەنى سۇ رايى، يەر قىياپىتى، تۇپراق، ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى قاتارلىقلار ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە خوتەننىڭ دەريا ئېقىنلىرى خېلىلا كۆپ بولۇپ، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئەتراپلىرى بىردەك كۆجۈم مەھەللە ياكى بوستانلىققا ئايلانغان. تۈرلۈك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر — دەريا ئېقىنلارنىڭ يۆلىنىشىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىش، سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىشتەك سەۋەبلەر بىلەن، كۆپلىگەن دەريا - ئېقىنلار خارابىلىككە ئايلانغان. نەتىجىدە، ئەينى دەۋردىكى تارىم ۋادىسىدا شەكىللەنگەن 36 تىپىك بوستانلىقنىڭ كۆپ قىسمى مەركەزلەشكەن قەدىمكى خوتەن بوستانلىقى بارا - بارا شانلىق ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، قۇم ئاستىغا غەرق بولغان. بىز قەدىمكى خوتەندە ساياھەت ئېلىپ بارغان ۋە ياكى بۇ جاي ھەققىدە يازما مەلۇمات قالدۇرغان تارىخشۇناس ئالىملارنىڭ، شۇنداقلا ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ «خەننامە»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «جۇ سۇلالىسى تارىخي، يات رايونلار تەزكىرىسى»، «قامۇسنامە»، «ئۇدۇن ماددىسى»، «دەريالار قامۇسى ئىزاھاتى»، «شى سىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، «غەربىي رايون تارىخي جۇغراپىيىسىگە دائىر مۇھاكىمە ئەسەرلەر توپلىمى»، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى، غەربىي رايون تەزكىرىسى»، «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخي، گويۇەنجىڭ تەزكىرىسى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي رايون خاتىرىسى»، «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»، «ئىستىغپار خانىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى»، «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي

خورلىدۇق. ئەخلەت، يۇندا، گەندىلەرنى يۇزىگە چاچتۇق. ئىچ باغرىغا تۆكۈپ ئىچى - تېشىدىن بىسىم بەردۇق. لېكىن، ئۇ ئۇزاق مۇددەت بەرداشلىق بېرىشنى كۆزلىگەن بولسىمۇ، كۈچى ئاجىز كېلىپ ئۇنسىز نىدا قىلدى: « مەن مەڭگۈلۈك بايلىق ئىدىم. بۈگۈنكىلەرنىڭلا قولىدا تۈگەپ ۋەيران بولۇشنى خالىمايمەن. ئىنسانىيەت يارالغاندىن تارتىپ تاكى مەڭگۈگىچە باراۋەر. سىلەر نېمە ئۈچۈن باراۋەرلىكنى كۆزۈڭلارغا ئىلمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنىڭلا مەنپەئىتىنى ئويلايسىلەر؟ ئەۋلادلىرىڭلارچۇ؟ ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ئەۋلادلىرىچۇ؟ مېنى ئۇلارغا قالدۇرمامسىلەر؟ ئەسلى مەندە ئۇلارنىڭمۇ ھەققى بار ئىدى، ئۇلارمۇ مەندىن پايدىلىنىپ ياشاشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. ئەجەبا، سىلەر ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتىڭلارمۇ؟ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭلار ئۈچۈن گۈزەل بىر دۇنيانى يارىتىپ قالدۇرۇشىڭلار كېرەك. ماڭا زىيان سېلىش ئۈچۈن سوزغان قوللىرىڭلارنى دەرھال تارتىۋېلىڭلار، مېنى بۇزۇۋەتسەڭلار ھاياتلىقنىڭ تەڭپۇڭلۇقى تۈگەيدۇ، دۇنيا مەينەتچىلىك ئىچىدە قالىدۇ. سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى تېخىمۇ قارا باسىدۇ.

مەن خوتەندە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندە خوتەندىن ھىدلىنىۋاتقانلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، جاھان كۆزى تىكىلگەن بۇ ئەزىز ماكانىنىڭ چۆللۈكلىرىنى بوستانلىق قىلىش، بوستانلىقلىرىنى تېخىمۇ مۇھاپىزەت قىلىش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇش بىلەن بىرگە كەڭ دوستلارغا تۆۋەندىكىلەرنى سەمىمىيلىك بىلەن تەۋسىيە قىلغۇم كەلدى:

خوتەننىڭ ئەتراپىنى قۇم - بورانلىق ھاۋا رايى ئەگىپ تۇرىدۇ. سەللا بىخۇدلۇق قىلىدىغان بولساق، ئولتۇرۇۋاتقان ماكانىمىزنى قۇم ئۆز قوينىغا ئالىدۇ. بىز مۇھىتقا قانچە ئېھتىياجلىق بولساق، مۇھىتقا نىسبەتەن بىزلەرمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۈگۈن بىز كۆرۈۋاتقان ھەر بىر خارابە ئۆتمۈشتىكى ئەڭ گۈللەنگەن بوستانلىقنىڭ شاھىدى. ئەجدادلارمۇ بۇ زېمىننىڭ مەڭگۈلۈك خوجايىنى بولالمىغاندەك، بىزمۇ چەكلىك ۋاقىتتىن كېيىن بۇ زېمىندىن يوقىلىمىز، لېكىن يوقىلىشنىڭ ۋاقىت- سائىتىنى ئۆزىمىز ئازراق بولسىمۇ ئۇزارتالايمىز. ئۇنىڭ بىردىنبىر رېتسېپى خارابە تارىخىنى ئۇنتۇماسلىق، باغ بەرپا قىلىش، يەرنى ئاسراش، سۇ بايلىقىنى خوراتماسلىق، ئورمان ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى كۆپەيتىش، توغراقلارنى، قۇشلارنى تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش... ۋەھاكازالار. قېنى، بۇ رېتسېپلارنىڭ

توپىسىدا، بۇ نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمكى مەدەنىيەت گۈلزارىنىڭ تارىخىي جاۋاھىراتى چۆكمىلىرى بىلەن ئۇلۇغ ئەزىمەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ خاسىيەتلىك قەدەم ئىزلىرىنىڭ ئېپتىخارلىق نەمۇنىلىرى ساقلانغان» دېگەن بايانلار بار، شۇنداقلا بىزدە تارقىلىپ يۈرگەن «خوتەن خەلقى جاپاكەش. كۈندە يەر بىر جىڭ توپا. كۈندۈزى يەپ تويمىغاندەك، كېچىسىمۇ يەپ قوپا» دېگەن قوشاقمۇ بار. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن بۇ خەلق قوشىقى ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەت بار؟ بۇ خوتەننىڭ كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارايدىغان ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئويلانمىسا زادى بولمايدىغان سوئالدىن ئىبارەت. بىز بۇ ئىككى خىل باياننى مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، ئۇلاردا كۆپ خىل مەنىلەرنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ئاسانلا قىياس قىلىۋالالايمىز.

يۇقىرىقى خەلق قوشىقى، بىر تەرەپتىن خوتەن خەلقىنىڭ كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ قۇم ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خوتەن تۇپرىقىنىڭ قۇملىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، بوستانلىقلارنىڭ ئورنىنى قۇملۇقلارنىڭ ئىگىلەۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئالىمنىڭ سۆزى بولسا بىر تەرەپتىن خوتەننىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت جاۋاھىراتلار چۆكمىسى ساقلانغان ئەزىز دىيار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خوتەننىڭ ھەر بىر چىمدىم تۇپرىقىدىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك مەدەنىيەتلەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئالىم تىلغا ئالغان تۇپراق بىلەن، قوشاقتا تىلغا ئېلىنغان تۇپراق ماھىيەتتە بىر. يەنىلا خوتەن تۇپرىقى.

ئېنىقكى. ھەر قانداق بىر جانلىقنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن مۇئەييەن شارائىت بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ خىل جانلىق ئۆزىنىڭ تەبىئىيتىگە ماسلىشالايدىغان مۇھىتنى يارىتالمىسا، ئۇ تارىخ تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىدۇ. ئاستا - ئاستا يوقاپ كېتىشى بۇنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟

جەمئىيەتنىڭ ئىقتىساد - مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە تەرەققىي قىلىشى ماھىيەتتە ئىنسانىنىڭ تۆھپىسى بولسىمۇ، لېكىن ئىنساننى تۆھپە قوشۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغىنى بىزنى ئوراپ تۇرغان تەبىئىي مۇھىت. ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولسىمۇ، ناخشا-قوشاقلىرىمىزدا كۆپىنچە ھاللاردا ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۈيلىدۇق. ئەمما، ئىنساننى ئاشۇ ئۇلۇغلۇققا ئىگە قىلغان مۇھىتنى ئىسراغا كۆپرەك قېتىشنى ئويلىمىدۇق. ئەكسىچە، مۇھىتنى

*بۇزۇلۇش بەك ئاسان، قۇرۇلۇش تەستۇر ئاندىن،*
*ئاقمىسۇن كۆزدىن ئاخىر ھەسرەت يېشى.*
*تەبىئەت تەڭپۇڭلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن،*
*سالايلى ئىشقا ئەقىل، كۈچىنى پۈتۈن.*

# خارابىلەردىن خوتەن بوستانلىقىغا نەزەر

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز خوتەن ئارخېئولوگىيىسىدىن خەۋەردار بولسىڭىز ۋە ياكى « قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» دېگەن ئەسەرنى ئوقۇغان بولسىڭىز، قەدىمكى خوتەندە كۆپلىگەن مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بولغانلىقىنى، جۈملىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بۇ قەدىمىي يۇرتتا بىر قانچە شەھەر دۆلىتى قۇرۇلۇپ، تارىم ۋادىسىنىڭ ھەر جەھەتتىن گۈللىنىشىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى تونۇپ يەتكەنسىز ۋە ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قانداق غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ئويغا پاتقانسىز.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان خوتەن رايونى ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق بولۇپ، كۇئېنلۇن تېغىدىكى مۇز - قارلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇ ئېقىنلىرىنىڭ كەڭ زېمىننى سۇغىرىشى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىغا مۇۋاپىق بوستانلىق مۇھىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىر ئەتراپىدا، سۇ بويىغا ياندىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىنسانلار چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان قەلئەلەرنى بەرپا قىلغان بولسىمۇ، كېيىن ھەممىسى ئارقا - ئارقىدىن جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە داڭقى چىققان قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىگە بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇدۇن بوستانلىق رايونى ئىنسانلارنىڭ ئەجرى بىلەن يىپەك يولىدا بىر مەزگىل گۈللەنگەن بولسىمۇ، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ مۇھىتى ئۈزلۈكسىز يامانلىشىپ، كۆپلىگەن يەرلىرى قۇم ئاستىدا قالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا كۇئېنلۇن تېغىدىن باشلانغان يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قارا قورۇم تېغىدىن باشلانغان قاراقاش دەرياسى ۋە كېرىيە دەرياسى مەرۋايىتتەك سۈيى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇنبەت يەرلەرنى ئانا سۈتىدەك قاندۇرۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت ماكان — خوتەندە كۆجۈم بوستانلىقلارنى چۆرىدىگەن ئاساستا

تۇزۇلۇش تۇرتكىسىگە قۇلاق سېلىڭ، ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن ئاۋۋال تۆھپىكار شائىرىمىز ئابدۇللا سۇلايماننىڭ «بۇ — مۇھەببەت، بۇ — ياشلىق» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىنغان «يۇرتداشلىق جاكارسى» ناملىق شېئىرىنى ئۇنلۇك ئاۋازدا جاكارلاش زۆرۈر.

*قۇملۇقلار كەلدى سىلجىپ قېشىمىزغا،*
*چۈشمەكتە توپا - توزان ئېشىمىزغا.*
*تەبىئەت تەگرىسىنىڭ غەزىپىدىن،*
*ياققۇسى قۇم بالاسى بېشىمىزغا.*
*يۇرتداشلار گويىغىنايلى گويىقۇمىزدىن،*
*بۇ ئاپەت جاي ئالسۇن دىل تۈيغۇمىزدىن.*

*قانچىلاپ يەرنى قۇمغا تاشلاپ بەردۇق؟*
*قانچىلاپ تەرنى قۇمغا تاشلاپ بەردۇق؟*
*قېنى ئۇ قاينىاق شەھەر، كۆچىۋم مەھەللە؟*
*قانچىلاپ ئەرنى قۇمغا تاشلاپ بەردۇق؟*
*يۇرتداشلار قىلايلى بۇ ھەقتە ھېساب.*
كىمگە خاس، كىمگە يات بۇ سەۋر، «ئىنساب»؟

*ئېكىنزار قۇچاقلىرى تارايماقتا،*
*بۇلاقلار قۇرۇپ، ئېقىن قارايماقتا.*
*قوشنىمىز تەكلىماكان رىزقىمىزغا،*
*ئۇزىتىپ قول دائىما ئالايماقتا.*
*يۇرتداشلار، قوغدايلى گۈل بېغىمىزنى،*
ئاسرايلى قار يېپىنغان تېغىمىزنى.

*ھېلىمۇ پالتا، تىغ بار قولىمىزدا،*
*گورمانلار يىقىلدى گۈلگ - سولىمىزدا.*
*يۇلغۇننى، توغراقلارنى قىلدۇق ۋەيران،*
*ئۆچۈرسا كەسلەپ، كولاپ يولىمىزدا.*
*قىلمايلى تەبىئەتكە قوپال چاقچاق،*
قۇرىمىز يۇرتنى قانداق، بۇزۇپ - چاچساق؟

*يەتمەستە شەھىرىمىزگە قۇملار بېشى،*
*توسايلى ئۇنى ياساپ گورمان قېشى.*

ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، « مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا رەسمىي دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان» . بۇ خانلىقنىڭ ئاھالىسى ئۇزۇن تېتىر بەگلىكىنىڭ ئاھالىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تەتقىقاتچىلار خوتەن شەھىرىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان باغچى بازىرىنىڭ ئەللاما كەنتىدىكى يوتقان خارابىسىنى « ئۇدۇن خانلىقىنىڭ پايتەختى» دەپ قارىماقتا.

3. **گۇما خانلىقى:** مەركىزى پىشنان شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 10050 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 500 تۈتۈن، 3500 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 500 نەپەر، بىر نەپەردىن ئوڭ- سول سەركەردە، ئوڭ - سول كاھبەگ، چەۋەندازلار بېگى، تىلماچبەگلىرى بار. بۇ يەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 4292 چاقىرىم، غەربىي جەنۇبىدىن ياراقىغا 1340 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇب تەرەپتە ھىندىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالدىن قوم ( ئاقسۇ) غا 1450 چاقىرىم كېلىدۇ. غەربىي جەنۇبىدا كەشمىر، بەلۇجىستانغا بارىدىغان يول بار. غەربىي شىمالدىن ياركەنتكە 380 چاقىرىم كېلىدۇ.

گۇما خانلىقى غەربىي يۇرتتىكى 36 خانلىقنىڭ بىرى. مىلادىيە IV ئەسىردىن كېيىن ئۇدۇن خانلىقىغا قارىغان. مەركىزى پىشنان (گۇما) ، بەزى مەنبەلەردە پۇشان خانلىقى دەپمۇ يېزىلىدۇ. ئورنى ھازىرقى يەكەننىڭ شەرقىي جەنۇبى، خوتەننىڭ غەربىدە بولۇپ، ھازىرقى گۇما ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.

4. **نىيە خانلىقى:** مەركىزى نىيە شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8820 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 48 تۈتۈن، 3360 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 500 نەپەر، بىر نەپەردىن نىيە كاھبېگى، ئوڭ - سول سەركەردە، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار، شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2723 چاقىرىم بولۇپ، جەنۇبتىن رۇڭلۇ خانلىقىغا تۆت كۈنلۈك يول، مەيدانى تار. ئۇنىڭ غەربىدىن ئۇزۇن تېتىر خانلىقىغا 460 چاقىرىم كېلىدۇ» .

نىيە خانلىقى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 خانلىقنىڭ بىرى بولۇپ، ئورنى ھازىرقى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى «نىيە خارابىلىكى» غا توغرا كېلىدۇ. مىلادىيە III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قۇم بېسىپ كەتكەچكە، ئاھالىسى جەنۇبقا كۆچكەن، كېيىن پىشامشانغا قارىغان. بۇ خانلىق باشقا خانلىقلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا مەدەنىيەت جەھەتتە خېلى ئالغا ئىلگىرىلىگەن

قورۇلغان ئۇدۇن، ئۇزۇن تېتىر، گۇما، نىيە، چىرا، رۇڭلو، چەرچەن، ئەندىرە قاتارلىق چوڭ - كىچىك خانلىقلار خەلقىنىڭ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئاساس سالغانىدى. بىز ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخ كىتابى «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن يۇقىرىدا ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خانلىقلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز. «خەننامە» دە مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان:

**1. ئۇزۇن تېتىر خانلىقى:** مەركىزى ئۇزۇن تېتىر شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 9280 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 3340 تۈتۈن، نوپۇسى 20040 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 354 نەپەر، بەگلىكتە بىر نەپەردىن نائىببەگ، ئوڭ - سول سەركەردە، ئوڭ- سول كاھبەگ، ئوڭ - سول چەۋەندازلار بېگى، ئىككى نەپەر تىلماچبەگ بار. شەرقىي شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 3553 چاقىرىم كېلىدۇ، جەنۇبى چىرا، شەرقىي شىمالى كۆسەن، غەربىي شىمالى قۇم (ئاقسۇ) بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربتىن خوتەنگە 390 چاقىرىم كېلىدۇ. ھازىرقى نامى «ئۇزۇن تېتىر» ئۇزۇن تېتىر بەگلىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە خوتەندە قورۇلغان خانلىقلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. بۇ بەگلىكنىڭ ھازىرقى ئورنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.

**2. ئۇدۇن (خوتەن) خانلىقى:** مەركىزى خوتەن شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 9670 چاقىرىم كېلىدۇ، ئاھالىسى 3300 تۈتۈن، نوپۇسى 19300 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارايدىغانلىرى 2400 نەپەر، بىر نەپەر نائىببەگ، ئوڭ - سول سەركەردە، ئوڭ- سول چەۋەندازلار بېگى، شەرقىي - غەربىي شەھەر باشلىقى، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 3947 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى چاقىلىق بىلەن، شىمالىي تەرىپى قۇم (ئاقسۇ) بىلەن تۇتىشىدۇ. خوتەننىڭ غەرب تەرىپىدىكى دەريالارنىڭ ھەممىسى غەربكە ئېقىپ، لوپنور كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. خواڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ. غەربىدىن گۇمىغا 380 چاقىرىم كېلىدۇ.

ئۇدۇن ( خوتەن ) خانلىقى قەدىمكى دەۋردە غەربىي رايوندا بارلىققا كەلگەن 36 خانلىقنىڭ بىرى بولۇپ، تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ

ئايرىلىپ ناھىيە قىلىنغان. كېيىن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە بولغان.

8. ئەندىرە خانلىقى. ئەندىرە خانلىقى، مەركىزى ئۇزۇن تاتىراڭ شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 7210 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 150 تۈتۈن، 1050 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 200 نەپەر، بىر نەپەردىن نائىبىبەگ، ئۇلۇغ - سول تۇتۇقبەگلىرى بار. ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگە مەھكىمىسىگە 2558 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقىي تەرىپى چاقىلىق بىلەن تۇتىشىدۇ. ئورنى جەنۇبتىراق بولۇپ، يولدىن چەتتە قالىدۇ.

ئەندىرە خانلىقىنىڭ ئورنى ھازىرقى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى چۆللۈكتە بولۇپ، ئاچچان ۋە قوراملىق ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. بۇمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى خانلىقلارنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن پىشامشانغا قارىغان. بۇ بەگلىكنىڭ مەركىزى ئۇزۇن تاتىراڭ شەھىرى بولۇپ، ھازىرقى چەرچەن بىلەن نىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چۆللۈكتىكى شەھەر، ھازىر قۇم بېسىپ كەتكەن.

بۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان بۇ خانلىقلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇم ئاستىغا غەرق بولغان. بۇ خانلىقلار ئولتۇراقلاشقان تارىخىي ئىزنىزلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، دەريا - ئېقىن بويىغا جايلاشقان، بوستانلىق كۆلىمى كېڭەيگەن، خانلىقنىڭ ئادەم سانىمۇ كۆپ. ئەكسىچە بولغانلىرىنىڭ ئادەم سانى ئاز. ئۇنداقتا قەدىمكى خوتەن بوستانلىقلىرىنىڭ ئەھۋالاتى زادى قانداق ئىدى؟ بۇ ئويلىنىشقا، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. چۈنكى، ھازىر خوتەن رايونىدىن تېپىلغان كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان، يەنە كېلىپ بەزىلىرىدە دەريا - ئېقىنلارنىڭ خارابىلىرى ھېلىھەم ساقلانماقتا. ئاشۇنداق غايەت زور قىممەتكە ئىگە تارىخىي يادىكارلىقلار خارابىسى نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى بوستانلىقىمىزدىن خېلىلا يىراقتا تۇرىدۇ؟ سوئاللار نۇرغۇن، جاۋابلار بەك ئاز.

— مۇھىت ئېكولوگىيىسى بۇزۇلۇپ، بوستانلىقلار خارابلاشتى. قۇم - بوران ئاپىتى ئەسلىدىنلا «يەرلىرى ھۆل - يېغىنىسىز»، «بورانلىرى چاڭ - توزانلارنى ئۇچۇرۇپ تۇرىدۇ» غان خوتەن زېمىنىنى قاپلىدى. قۇم كۆچتى، يېشىل ۋادىلار ئۆتمۈشكە ئايلاندى ...

بۇ خىل جاۋاب گەرچە خېلى كۆپلىگەن كىشىلەرنى قايىل قىلىسىمۇ، لېكىن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ زادى قانداق كىرىزىسىنى

بولۇپ، بۇ يەردىن نۇرغۇنلىغان ئالىي بىلىملىك كىشىلەر چىققان. بەزى ماتېرىياللاردا «مىلادىيە VI ، VII ئەسىرلەردە ياشاپ، پۈتۈن جۇڭگوغا داڭقى كەتكەن رەسسام ۋېيسارا باجىنا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ۋېيسارا سانكانى ئەسلىدە نىيەدىن يېتىشىپ چىققان» دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

**5. چىرا خانلىقى:** مەركىزى جىيەندۇ شەھىرى بولۇپ، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 9950 چاقىرىم كېلىدۇ، ئاھالىسى 310 تۈتۈن، 2170 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 300 نەپەر، ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2852 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقى رۇڭلۇ خانلىقى، غەرب تەرىپى چاقىلىق بىلەن، شىمالى ئۇزۇن ئېتىر خانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلارغا قارىغاندا، چىرا خانلىقى هازىرقى لوپ ناھىيىسىنىڭ قۇملۇقىدا بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى ئىدى، كېيىن ئۇدۇن خانلىقىغا قارىغان.

**6. رۇڭلۇ خانلىقى:** مەركىزى بېيپىن شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8300 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 240 تۈتۈن، 1610 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 300 نەپەر، شەرقىي شىمال تەرىپىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2858 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقىي تەرىپى ئەندىرە، جەنۇب تەرىپى چاقىلىق بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربى بولسا چىرا بىلەن تۇتىشىدۇ. ئورنى جەنۇبتىراق بولۇپ، يولدىن چەتتە قالىدۇ.

بۇ خانلىقنىڭ ئورنى هازىرقى لوپ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، كېيىنچە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پىشامشان خانلىقى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، كېيىن يەنە رۇڭلۇ خانلىقى تىكلىنىپ ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۇدۇن (خوتەن) خانلىقىغا قارىغان.

**7. چەرچەن خانلىقى:** مەركىزى چەرچەن شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 6820 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 230 تۈتۈن، 1610 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 320 نەپەر، بىر نەپەردىن نائىببەگ، ئوڭ ـ سول سەركەردە، تىلماچ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربىي شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2258 چاقىرىم كېلىدۇ، شىمال تەرىپى كۆنچى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي تەرىپىدىن ئەندەرەگە ئۈچ كۈنلۈك يول، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر چىقىدۇ، غەربىدىن نىيىگە 2000 چاقىرىم كېلىدۇ.

بۇ خانلىقمۇ غەربىي يۇرتتىكى 36 خانلىقنىڭ بىرى بولۇپ، ئورنى كېرىيە ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ. 1914 ـ يىلى كېرىيىدىن

ئالدىمدا تۈيۈقسىز چەكسىز-چەكسىز بوستانلىقلار، كۆچلۈك خاندانلىقلار پەيدا بولىدۇ. كىملەرنىڭدۇر ماڭا چۈشىنىكسىز تىللار بىلەن نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئاشۇ ئەڭ قەدىمكى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئۇچۇپ كەتكەن خىياللىرىمنى تەستە يىغىپ بېشىمنى سىلكىگىنىمدە ماڭا قالغىنى يەنىلا ئاشۇ خارابىلەر ۋە قۇرۇپ كەتكەن جەسەتلەر بولىدۇ. مەن ھەممىشە ئاشۇ جەسەتلەر بىلەن، شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قاقشاللار ۋە كېسىلگەن ئورمانلار بىلەن ئۇن - تىنسىز سىردىشىمەن. مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەن ھەر بىر تال چاچ، قەدىمكىلەر ياساپ ئىشلەتكەن ھەر بىر تال تاش قورال، تۆمۈر قورال ۋە مىس قورال، ھەر بىر تال تۇرمۇش بۇيۇمى، ھەتتا ھەربىر تال ساپال قاچا پارچىسى مەن ئۈچۈن قەدىمكى ھەر بىر دەۋرنىڭ تارىخىغا مۇجەسسەملەنگەن مۇقەددەس كىتاب بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئاشۇ كىتابلارنى ئوقۇغانسېرى كۆڭلۈم شۇنچە يېرىم بولىدۇ، كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلىدۇ. سىلەر بىزدەك ئارخېئولوگلارنىڭ ھەسرەت - نادامىتىنى، كۆز ياشلىرىنى قەتئىي ھېس قىلالمايسىلەر. بىزنىڭ كۆز يېشىمىز ئاشۇ قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرىگە، چەكسىز قۇم بارخانلىرىغا سىڭىپ كەتكەن. مېنىڭ ياش تۆكۈشۈم ئازابتىنمۇ ئەمەس، شادلىقتىنمۇ ئەمەس، بۇ خۇددى مەن قېزىپ چىقىرىپ تەتقىق قىلغان سانسىزلىغان قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ ماڭا ھېچنېمىنى سۆزلەپ بېرەلمىگىنىگە ئوخشاشلا ئىش. پەقەت بىرلا نەرسە مېنى قىينايدۇ. ئۇ بولسىمۇ، مۇشۇ زېمىندا بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى گۈللەنگەن سانسىز بوستانلىقلار ۋە بۇ بوستانلىقتا ياشىغان ئىنسانلار يارانتقان شانلىق مەدەنىيەتلەر، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىر گەۋدە قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى، يۇڭ توقۇمىچىلىقى، فار-فور بۇيۇمى، كۆن - خۇرۇم ياساش قاتارلىق سانائەتلەر، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تۇتىشىدىغان سودا، مەدەنىيەت يوللىرى، دوستلۇق ئەلچىلىرى ... نىڭ نەگە يوقالغانلىقى ۋە نېمە ئۈچۈن يوقالغانلىقىدىن ئىبارەت. خېلى يىللارغىچە بۇ بىر سىر بولۇپ تۇيۇلغانىدى. لېكىن، بۈگۈن ئۇ بىز ئۈچۈن سىر ئەمەس. سىر بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ مېنى ۋە ماڭا ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنى قىيناشقا باشلىدى. مەن ھەممە كىشىلەر بىلەن قايغۇ ۋە شادلىقتا بىللە بولسام دەيمەن. لېكىن، باشقىلار بىزدىن كۆپ يىراقتا. ئۇلار ھامان شەھەرلەردە بەخىرامان خىزمەت قىلىدۇ، كۆڭۈللۈك ياشايدۇ، بىز ھامان چەكسىز چۆللۈكتە قەدىمكى خارابىلەر بىلەن پىچىرلىشىمىز. بىز چۈشەنگەن

ئېلىپ كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولمىدى.

روشەنكى، خوتەننىڭ قەدىمكى تارىخىدا ھەقىقەتەن بوستانلىق مەدەنىيىتى شەكىللەنگەنىدى. بۇ خىل مەدەنىيەت ھەر قايسى دەريا - ئېقىن بويلىرىدا روياپقا چىققان بولغاچقا، تاغ - دەريا تۈزۈلۈشىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا كەڭلىك قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان خوتەن بوستانلىق رايونىنىڭ جەنۇب تەرەپتە كوئېنلۇن تېغى ۋە چىڭخەي - تىبەت ئېگىزلىكى توغرىسىغا توسۇپ، ئىللىق نەم ھاۋا ئاسانلىقچە ئېقىپ كىرەلمەي، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئازىيىش نەتىجىسىدە ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلدى.

ئەينى ۋاقىتتا گۈللەنگەن خوتەن بوستانلىقىدا شەكىللەنگەن ئاھالىلەر توپى، بۈگۈنكى كۆنگە كەلگەندە خارابىلىككە ئايلانغان. خوتەننىڭ نامىنى چەت دۆلەتلەرگە تونۇشتۇرۇشتا ئالاھىدە رول ئوينىغان نىيە خارابىسى، دەندان ئۆيلۈك، مازار تاغ، قارا دۆڭ... قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق نوقتىلىرى نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن گۈللەنگەن بوستانلىق مەركەزلىرى ئىدى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى، قۇم - بوران ئاپىتى، دەريا - ئېقىنلارنىڭ يۆنىلىشىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىش، چەكلىك دائىرىدىكى بوستانلىقلاردىن پايدىلىنىدىغانلارنىڭ كۆنسايىن ئېشىپ بېرىشى... دېگەندەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بوستانلىقنى چۆرىدەپ قۇرۇلغان چوڭ - كىچىك خانىلىقلار ئۆن - تىنسىز يوقالدى. شۇڭا، ھەر قانداق خارابىلىكنىڭ ئۆتمۈشىنى خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا مېھنەتسۆيەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېشىللىق بەرپا قىلىشقا كېچىكىپ قالغانلىقتىن، قۇم - بوران تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقان سىمالىرى ۋە ياكى كۆجۈم مەھەللە - يېشىللىققا تولغان مەھەللە كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. مەلۇم بىر ئارخېئولوگ ئۆزىنىڭ خىزمىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. ئىنسانلارنىڭ تولىمۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ يۈرگىنىم ھەمدە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بۈگۈنكى تىرىك ئادەملەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرەلىگىنىم ئۈچۈن چەكسىز پەخىرلىنىمەن. بىراق، ھەر قېتىم تارىم ئويمانلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بىپايان چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ يۈرۈپ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى كۆرگىنىمدە ھەمدە قەبرىلەردىن ئاشۇ شەھەر ئادەملىرىنىڭ جەسەتلىرىنى قېزىپ چىقارغىنىمدا، كۆز

كۆزىمىز بىلەن كۆرۈشكە، ئۇچ ۋاخ تاماق يېيىشنى ئۇنتۇمايدىغان ئەقلىمىز بىلەن ئويلاشقا دەۋەت قىلىدۇ ھەم تەرەققىياتقا ئىنتىلگەن ۋاقتىمىزدا «بوزىمىغۇچە تۈزگىلى بولمايدۇ» دېگەننى ھەممە يەرگە تەدتبىقلىماي، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزەشنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ «گۇللەندۇرمىگۇچە گۇللەنگىلى بولمايدۇ» دەپ شوئار تۇۋلىشىمىزنى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئىسپاتلىشىمىزنى، ئالدىغا بىر قەدەم ئالغاندا كەينىگە قاراشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

# خارابىلەردىن تۇغۇلغان ئويلار

*ۋەھالەنكى، ئۆتمۈش قانچىلىك سىرلىق، تارىخ قانچىلىك ئۇلۇغ، ئىسلىمە قانچىلىك تاتلىق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن زامانغا مەنسۇپ، ھاياتنا ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسىدىن باشقا تەسەللىسى قالمىغان خەلق ئۈلۈمگە يۈز تۇتقان قەبرى بوۋايغا ئوخشايدۇ. بىزنىڭ ئۆتمۈشتىن ئىزدەيدىغىنىمىز يالغۇز تەسەللىيلا ئەمەس، بەلكى نۆۋەتتىكى ھاياتىي كۈچىمىزنى بېكىتلاپ تۇرىدىغان روھىي ئېنېرگىيىدۇر.*

— ئىسمەت سۇلايمان

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: بۇندىن بىر قانچە يىل بۇرۇن «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 1997 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان خوۋاڭ شەن ئىسىملىك ئاپتور نامىدىكى «نىيىنى ھالاك قىلغان باش جىنايەتچى كىم؟» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇغان ئىدىم. ماقالىدىكى نىيە خارابىسىنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرگۈچى سەۋەبلەرنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدىكى «...تەبىئەت ئامىلىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئەمما ئاساسەن ئۆزگەرمەيدىغان قۇرغاقچىلىق، قۇملۇق، سۇ ئېقىمى قاتارلىق ئامىللار ئالدىدا ئادەم ۋە جەمئىيەتنىڭ رولى ھالقىلىق ئامىل. جەمئىيەتنىڭ تەشكىللىك كۈچى ناچار تەبىئىي مۇھىتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ۋە تىزگىنلەيدۇ، شۇنداقلا ناچار تەبىئىي مۇھىتنىڭ ۋەيران قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىنسانلارنى تېخىمۇ ئېغىر جازاغا ئۇچرىتالايدۇ. نىيە قاتارلىق قەدىمىي بوستانلىقلارنىڭ ۋەيران بولۇشى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئىجتىمائىي كۈچ (مەسىلەن، ئۇرۇش، پاراكەندىچىلىك) نىڭ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغان. ئاھالىلەر ياقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەن، ئەسلىدە

مۇھىم نۇقتىلارنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى تەس. سىز شارائىت يار بەرسە ئاشۇ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىگە بېرىڭ، مىرەن دەرياسى، چەرچەن دەريا ۋادىسى، ئەندىر دەريا ۋادىسى، نىيە دەريا ۋادىسى، كېرىيە، خوتەن دەريا ۋادىسى، زەرەپشان، ئۆگەن دەريا ۋادىسى، ئاقسۇ دەريا ۋادىسى ۋە كۇنچى دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمكى بوستانلىقلارنىڭ مىسكىن خارابىلىرىنى كۆرۈپ ھەرگىز ياش تۆكمەڭ. دۇنيادىكى ھەممە ئىشلارنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. شۇ زامانلاردا، شۇ بوستانلىقلاردا بىزگە ئوخشاشلا يېمىسە، ئىچمىسە ئۆلىدىغان، ئۆزىنىڭكىنى تۇگىتىپ، باشقىلارنىڭ رىزقىغا قول سوزىدىغان قانائەتسىز ئىنسانلار ياشىغان. ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت شۇ زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى بىلەن، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. ھەر بىر كونا خارابە، ھەر بىر كونا قەبرە بۈگۈنكى ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى بولۇپ قالغۇسى ①...

بۇ ئارخېئولوگ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىدۇ. «ھەر بىر كونا خارابە، ھەر بىر كونا قەبرە، بۈگۈنكى ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى». ھەقىقىي بىر بوستانلىقنىڭ نىشانى بولغان بۇ خارابىلەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر مەۋجۇداتقا جانلىق دەرس ئۆتىدۇ. ئۆتكەندىمۇ بەئەينى بىر كۆيۈمچان ئۇستازدەك، رەت-رېتى، مەزمۇن تەرتىپى ... بويىچە ئۆتىدۇ. بۇ خارابىلەر بۈگۈنكى بوستانلىقتا، ئەينى دەۋر بوستانلىقىنىڭ مەلۇم تەرىپىنى يورۇتىدىغان يادىكارلىقنى تەقدىم قىلسا، ئەتىسى يەنە بىرىنى، ئۆگۈنى يەنە بىرىنى ... تەقدىم قىلىدۇ. ئاخىرىدا بولسا بىر پۈتۈن بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ گۇۋاھچىلىرىنى بىز بىلەن دىدارلاشتۇرۇپ، بىزگە مەڭگۈلۈك سوئال قويىدۇ:

— قانداق؟! مېنىڭ شانلىق تارىخىم ۋە ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىم ياخشىمىكەن؟ دىققەت قىلمىسا «كاللىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزايىنىڭمۇ بېشىغا كېلىدۇ». ئاقىۋىتىمىز ئوخشاش بولۇپ قالسا، بىزنىڭ قىممىتىمىز بولمايدۇ؟

راست، خارابىلەر توغرا ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ گۈللەنگەن ئۆتمۈشى ۋە خارابلاشقان بۈگۈنى ئۇلارنى سۆزلىتىدۇ. سۆزلىتىش ئارقىلىق بىزلەرنى ئويغىتىشقا، بىر مىنۇت كېچىكىپ ئويغانساق، ھالاكەتكە يۈزلىنىش قەدىمىمىزنىڭ تېخىمۇ تېزلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئەقىل

---

① ئەركىن روزى: «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار». 20-21-بەتلەر.

چۈنكى، خوتەننىڭ قەدىمكى تارىخىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ئاساسەن ئۆزلىرىگە قارام قىلىش ئۇرۇشىدىن ئىبارەت بولغان. ئەگەر راستىنلا ئىلگىرى ئۇرۇش بولغان بولسا ۋە مەلۇم ھۆكۈمران ھەممىنى يوقاتقان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە تېپىلىۋاتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت جاۋاھىراتلىرىمۇ زور دەرىجىلىك بۇزۇۋېتىلگەن ياكى بۇ يەردىن باشقا يەرگە ئېلىپ كېتىلگەن بولاتتى. يەنە بىرى، مەلۇم بىر بوستانلىق خەلقى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەن بولسا، باشقىلىرى ئۆز ھالىتىدە تۇرسىمۇ، مۇھىتنىڭ ئاپىتىدىن يەنىلا قۇتۇلالمايدۇ. بىر نۇقتىدىكى بۇزغۇنچىلىق باشقا نۇقتىلارغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىدە، خوتەندە ھازىرغىچە بايقالغان خارابىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ سۇ مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن ئاھالىسى كۆچۈپ كېتىپ، خارابىگە ئايلىنىش قەدىمىنىڭ تىزلەشكەنلىكى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. گەرچە مەلۇم جاينىڭ ئېكولوگىيىسىگە يامان تەسىر پەيدا قىلىپ ئۇ جايدىن كۆچۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، تەبىئەت باشقا جايدا ئۇلارغا ئىللىق قۇچاق ئاچمايدۇ. تەبىئەتمۇ بەرگەنگە بېرىدۇ. ئەكسىچە تەبىئەتتىن ئالىدىغىنىنى ئېلىپ بولۇپ، ئۇنى ئۇنتۇسا بۇنداقلارغا ھېچ نەرسە مەنسۇپ بولمايدۇ. ئۇلارغا مەنسۇپ بولىدىغىنى پەقەت تۇپراقتىن تون كىيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، يۇقىرىقىلارنى ئوقۇپ بەلكىم سىز ماڭا سوئال قويۇشىڭىز مۇمكىن:

ھازىرغىچە بايقالغان يادىكارلىقلار ئەتراپىدا ئېرىق - ئۆستەڭ، كۆللەرنىڭ خارابىلىرى، ھەر خىل دەل - دەرەخلەرنىڭ قالدۇقلىرى بار ئىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئەينى ۋاقىتتا بۇ خارابىلىكلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن قۇم - بوران ئاپىتىگە ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. شۇنداق بولغانىكەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ خارابىلىشىشىنى تەبىئىي ئاپەتلەردىن كۆرىمىز؟

سىزنىڭ بۇنداق سوئاللارنى سورىشىڭىز تامامەن توغرا. دەرھەقىقەت، خارابىلەر ئەتراپىدا ئېرىق - ئۆستەڭ، دەريا - كۆللەرنىڭ ئىزلىرى، تۈرلۈك مېۋىلىك ۋە ئىباتە ئورمانلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بار. تارىخىي نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، ئۇ دەۋردە ياشىغان بوستانلىق خەلقى خۇددى بۈگۈنكى باغچىلارنىڭ ئىجادچىلىرىدەك قورشاۋ (يەنى بوستانلىقنىڭ ئىچى) ئىچىنىلا

ئاھالە ئولتۇراقلاشقان جايلار خارابىگە ئايلىنىپ، بارا - بارا قۇم ئاستىدا قالغان. . . » دېگەن قۇرلارنى ئوقۇپ، نىيە خارابىسىنىڭ ھالاكىتىنىڭ سەۋەبى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئوخشايدۇ دەپ قاراپ كەلگەنىدىم. ئۆزۈمنىڭ تارىخقا، بولۇپمۇ ئارخېئولوگىيىگە بولغان قىزىقىشىم بويىچە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىگە جۇملىدىن خوتەن ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ ئوقۇش، ئۆگىنىش، خوتەندىكى قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش ئەمگىكىم جەريانىدا، نىيە قاتارلىق خارابىلەرنىڭ قانداقتۇر خۇاڭ شەن ئېيتقاندەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى نەتىجىسىدە رەھىمسىز قۇم - بوران ئاپىتىنىڭ خىرىس قىلىپ دەريا - ئېقىنلارنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئەسلىدىكى بىپايان بوستانلىقنى چۆللۈككە ئايلاندۇرغانلىقىدەك رېئاللىقنى تونۇپ يەتتىم. مۇبادا راستىنلا خۇاڭ شەن ئېيتقاندەك ئۇرۇش سەۋەبلىك بولغان بولسا، بۇ يەرنى ئىگىلىگەن يېڭى ھۆكۈمران، سۇ - تۇپرىقى مۇنبەت بولغان بۇ زېمىن خەلقنى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىغانىكەن، چوقۇم ئۆزى ئولتۇراقلىشىشى ۋە ياكى ئۆز ئادەملىرىنى ئولتۇراقلاشتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى.

بىز خوتەننىڭ بۈگۈنكى زېمىنىگە تەۋە بولغان ناھىيە - شەھەرلەرگە جايلاشقان قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تېپىلغان قالدۇق بۇيۇملارغا ئاساسەن، نەزەرىمىزنى بۇندىن بىر قانچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئاغدۇرىدىغان بولساق، باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىر گۈزەل بوستانلىقنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز ۋە ئويغا پاتىمىز. نېمە ئۈچۈن دەۋرداش بولغان بىر قانچە بوستانلىق كۆپ ۋاقىت پەرقى بولمىغان ئاساستا خارابىلىككە ئايلىنىدۇ؟ بۇ بوستانلىق خەلقىنىڭ ھەممىسىنى قايسىدۇر بىر ھۆكۈمران بىر - بىرلەپ يوقىتىپ، ھاياتلىقتىن نىشان قويمىغانمۇ؟ زور كۆپ ساندىكى ئۇرۇش زېمىن تالىشىش سەۋەبلىك بولىدىغان تۇرسا، بۇ بوستانلىق خەلقىنى يوقاتقان ھۆكۈمران نېمە ئۈچۈن ئۆزى بۇ يەردە ماكانلاشماي ئوخشاشلا بوستانلىقنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ؟ مەلۇم بىر بوستانلىق خەلقى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق سالغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئاشۇلا گۇمران بولماي بارا - بارا ھەممىسى گۇمران بولىدۇ؟ سوئاللار ھەقىقەتەن قايمۇقتۇرىدۇ. لېكىن، شۇنىسى روشەنكى، يۇقىرىقى سوئاللار ھەقىقەتەن بىر تەرەپلىمە (پەقەت بىرىنچى سوئاللا قىممەتكە ئىگە) قاراشلارنىڭ مۇجەسسىمى.

تامچە سۈيى، بىر تال گىياھى بولمىغان قۇم ئاقىدىغان ئىزغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئەگەر تەبىئەت بىز ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن كەلگۈسى قورساق بولمىغان بولسا، بىزگە ئۆيلىنىش پۇرسىتى بەرمىگەن بولاتتى. بۇ پۇرسەتنىڭ زادى قانداق پۇرسەت ئىكەنلىكىنى بىز يەنىلا قەدىمكى خارابىلەر ئىزلىرىدىن سوراپ بىلىمىز.

قەدىمكى دەۋرلەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بەھەيۋەت ئۆي - ئىمارەتلەر، ئۆي ئەتراپىدىكى باغ - ھويلىلار، كۆللەر ئەتراپىدىكى دەل- دەرەخلەر گەرچە قۇم ئاستىدا قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئارخېئولوگلارنىڭ قېزىشى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلدى. لېكىن، بىر قىسىم دەريا - ئېقىن ئىزلىرى تەكلىماكاننىڭ قاتتىق قۇم بورانلىرىدىمۇ ئىز - نىشانىنى يوقاتمىدى. سىزنىڭچە بۇ ھەيران قالارلىق ئەمەسمۇ؟ مەن شۇ سەۋەبلىك خارابىلەردىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى، تەبىئەتنىڭ بىزگە جانلىق ئېكولوگىيە دەرسى ئۆتۈش ئۇسۇلى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، شۇ تاپتا مەن خارابىلەر ئارقىلىق بۈگۈننى كۆرۈۋاتىمەن. سەلتەنەتلىك بوستانلىقلارنىڭ خارابىلىشىشى ۋە بۈنىڭدىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ رولى بىر ئاچچىق رېئاللىق تۇرسا، مانا مۇشۇنداق رېئاللىق ئالدىدا ھېچقايسىمىز خارابىلەردىن تۇغۇلغان ئويلىرىمىزنى بۈگۈنكى بوستانلىقلىرىمىزغا يۆتكىمەي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە.

# چۆللىشىشنىڭ خوتەنگە كەلتۈرگەن ئاپەتلىرى

چۆللىشىش خەلقئارا جامائەتچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئون چوڭ تەبىئىي ئاپەت ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر ئاپەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەمەلىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ 1977 - يىلى ب د ت ئاچقان چۆللىشىش مەسىلىسى يىغىنىدا، چۆللىشىشنى بىر مۇھىم مەسىلىسى دەپ رەسمىي ئوتتۇرىغا قويغاندىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا، ھەرقايسى ئەللەردە چۆللىشىش ۋە ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان ئاپەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالغىنى يوق. ب د ت مۇھىت مەھكىمىسى، ئاشلىق، يېزا- ئىگىلىك تەشكىلاتى، مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى، ھاۋا

ئاسراپ، بوستانلىقلارنى سىرتتىن مۇھاپىزەت قىلىدىغان تەبىئىي يىپىنچا ئۆسۈملۈك، توغراق، جىگدە، يۇلغۇن قاتارلىق دەل - دەرەخلەرنى ئوت - چۆپ ۋە ئوتۇن قاتارىدا ئىشلىتىپ، تەبىئەتتىكى نۇرغۇنلىغان زىيانداش ھاشاراتلەرنى يەيدىغان قۇشلارنى، ياۋايى ھايۋانلارنى كاۋاپ قىلىپ يەپ، ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى تېزلىكتە ئازىيىپ كەتكەچكە، ھاۋادىكى چاڭ - توزانلارنى، قۇم - بورانلارنىڭ ئاپىتىنى توسۇشتەك مۇشكۈل ۋەزىپە زەررىچە ھېسابتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. نەتىجىدە ئۇلار ھالسىزلىنىپ، ئورتاق تراگېدىيىنى ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە كۈتۈۋېلىشتەك ئازابلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان. بۇ سۆزىمىزنىڭ ئىسپاتىنى يەنىلا خارابىلەردىن ئىزدەيمىز.

مەلۇمكى، ھېلىھەم تېپىلىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرىدىن نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، قارا دۆڭ، يۇملاق قۇم قەدىمكى شەھىرى خارابىسى... قاتارلىقلارنىڭ تۆت تەرىپىدىن 10 - 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بىرەرمۇ قەدىمىي توغراقزارلىق ۋە ياكى ئورمانزارلىقنىڭ خارابىسىنى ئۇچراتقىلى بولماسلىقى كىشىنى ئويغا سالىدۇ. ئەگەر ئۇ جايلاردىن بىرەر دەل - دەرەخ، توغراقزارلىق، يۇلغۇنزارلىق خارابىسىنى ئۇچراتقان بولساق، يەنە كېلىپ خېلى يىللار ئىلگىرى يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەردىكى، ساياھەتنامىلەردىكى خوتەن زېمىنىغا جايلاشقان دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئۆزگىرىش ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى ئوقۇمىغان بولساق ۋە ياكى شۇ خىل يازمىلار بىلەن رېئاللىقنى سېلىشتۇرۇپ كۆرمىگەن بولساق، تەبىئىي ھالدا شۇ خىل خارابىلەرنىڭ تراگېدىيىسىنى ئورۇش مالىمانچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېگەنگە ئىشىنىپ يۈرگەن بولاتتۇق. لېكىن، ھەقىقەت بىزگە شۇنى ئېنىق چۈشەندۈردىكى، خارابىلەرنىڭ تراگېدىيىسىنى بىز ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقاردۇق، يەنى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، تەبىئەتنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلدۇق. ھالسىزلانغان تەبىئەت ئاخىرى غەزەپكە كېلىپ، بۇگۈنكى ئەۋلادلارغا ئۇلار كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان دەشت - قۇملۇقلارنى، چۆل-جەزىرىلەر ئىچىدە بويۇن قىسىپ تۇرغان سانسىزلىغان خارابىلىكلەرنى ئارمىغان قىلدى. ئەڭ گۈللەنگەن بوستانلىقنى ئىنسان بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان سىرلىق چۆلگە، سۇلار ئېقىپ تۇرغان، بېلىقلار، ياۋا غازلار ئەركىن يايراپ تۇرغان دەريا - ئۆستەڭلەرنى،

دەستىدىن غۇچۇرلاپ - گىچىرلاپ تۇرىدۇ ...»① دەپ يېزىشىنىڭ چىن ئىكەنلىكىنى قايىللىق ئىچىدە بىلىپ يېتىمىز.

گەرچە چۆللىشىش دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ئورتاق ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈز بېرىش دەرىجىسى تامامەن بىردەك ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ چۆللىشىش ئەھۋالىنى باشقا دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، ئېلىمىز چۆللىشىش ئاپىتى ئەڭ ئېغىر بولۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. رايونىمىز شىنجاڭ بولسا ئېلىمىزدىكى چۆللىشىش سۈرئىتى ۋە كۆلىمى ئەڭ تېز ۋە كۆپ بولغان رايونلارنىڭ بىرى. ئېلىمىزدىكى 18 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر) دىكى 470 ناھىيە (خوشۇن، شەھەر) چۆللىشىۋاتقان - چۆللەشكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

| ئۆلكە، رايونلار | چۆللىشىش كۆلىمى $Km^2$ | چۆللەشكەن ناھىيە سانى |
|---|---|---|
| بېيجىڭ | 53.90 | 1 |
| تيەنجىن | 14.46 | 2 |
| خېبېي | 24350.60 | 108 |
| شەنشى | 149289.73 | 30 |
| ئىچكى موڭغۇل | 659137.73 | 73 |
| لياۋنىڭ | 6898.14 | 6 |
| جىلىن | 2015.78 | 1 |
| شەندوڭ | 6028.21 | 25 |
| خېنەن | 66.06 | 5 |
| خەينەن | 158.20 | 3 |
| سىچۈەن | 2344.49 | 3 |
| يۈننەن | 2147.07 | 10 |
| شىزاڭ | 435662.49 | 41 |
| شەنشى | 30160.06 | 12 |
| گەنسۇ | 198629.15 | 32 |
| چىڭخەي | 167275.58 | 16 |
| نىڭشيا | 28716.09 | 16 |
| شىنجاڭ | 1043749.05 | 86 |
| مەملىكەت بويىچە جەمئىي | 2622335.79 | 470 |

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئېلىمىزدىكى چۆللەشكەن كۆلەمنىڭ ئەڭ كۆپ قىسمىنى شىنجاڭدىكى 86 ناھىيە ئىگىلەيدۇ. بۇ 86 ناھىيىدىن خوتەنگە تەۋە بولغانلىرى بولسا، پۈتۈن تارىم ۋادىسىدىكى چۆللەشكەن كۆلەمنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

① «شىنجاڭ سەنئىتى»، 2002- يىل 6- سانىغا قاراڭ.

رايى تەشكىلاتى قاتارلىقلار تۈزگەن 1\25000000 ماسشتابلىق دۇنيانىڭ چۆللىنىش خەرىتىسىدە، يەرلەرنىڭ چۆللىشىشنىڭ مەزمۇ-نىنى مۇنداق يىغىنچاقلاشتۇرۇدى: ① كۆچمە قۇملارنىڭ يۆتكىلىشى سادىر بولغان رايونلار؛ ② تاشلىق يەرلەر ۋە تاغ جىنسلىرىنىڭ ئۈستىنكى يۈزىنى شامال يالاپ كەتكەن ياكى كەڭ دائىردە ئېقىتىپ يالاپ كېتىلگەن رايونلار؛ ③ يالانغان ۋە يىمىرىلىشنىڭ شەكىللىنىشى تېزلىشىش ئارىلىقىدىكى رايونلار؛ ④ يۈزى شورلاشقان رايونلار.

بىز چۆللىشىشنىڭ يۇقىرىقى تۆت تۈرلۈك مەزمۇنى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە خوتەندىكى چۆللەشكەن ۋە چۆللىشىپ كېتىۋاتقان رايونلارنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، كۆچمە قۇملارنىڭ يۆتكىلىش سەۋەبلىك چۆللىشىۋاتقان رايوننىڭ ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەنلىكىنى، شۇڭىمۇ شۆھرەتلىك يازغۇچىمىز نۇرمۇھەممەت توختى ئەپەندىنىڭ «خوتەندە چىشلار غۇچۇرلايدۇ» ناملىق ماقالىسىدە: «ئەگەر سەن خوتەنگە تۇنجى كېلىپ قالغان بولساڭ، چىشلىرىڭنىڭ ئىختىيارسىز غۇچۇرلاپ - گېچىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن ۋە ھەيران بولىسەن. ئالدىرىما، مېھمانخانىلارنىڭ ياسىداق خانىسىدا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزورنى ئاچ، خوتەن مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى بەرگەن ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇماتقا قولاق تۇت: كەلگۈسى 24 سائەت ئىچىدىمۇ قۇم توپا ياغىدىغانلىقىنى ئاڭلايسەن ۋە چىشلىرىڭنىڭ غۇچۇرلاپ - گىچىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىكى سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولىسەن. قۇم - توپا يېغىپ تۇرسا، ئېغىز - بۇرنۇڭدىن كىرىپ تۇرسا، چىشلىرىڭ غۇچۇرلىماي - گىچىرلىمايتتىمۇ؟ ...»

«بۇنىڭدىن بىر ئايچە ئىلگىرى ئاغىنىلەردىن بىرى كېلىشتۇرۇپ ھەزىل قىلدى: 15 كۈن يامغۇر ياغماي قالسا، غۇلجىلىقلار ئاسمانغا قاراپ تۇكۇرۇپ، بىر- بىرىگە يامغۇر ياغدۇرۇپ ئوينارمىش. 15 كۈن تېمپېراتۇرا 39℃ قا چىقماي قالسا، تۇرپانلىقلار مەشكە ئوت ياقارمىش. 15 كۈن توپا ياغماي قالسا، خوتەنلىكلەر بىر - بىرىگە توپا چېچىشىپ ئوينارمىش ... بۇ خېلىلا قاملاشقان ھەزىل. ئۇنىڭ قاملاشقانلىقى ھەر قايسى جايلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئالغانلىقىدا. 15 كۈن توپا ياغمىسا خوتەنلىكلەرنىڭ بىر- بىرىگە توپا - قۇم چېچىشىپ ئوينىشى ناتايىن. ئەمما، چوقۇم ھەيران بولىدۇ ... خوتەن دېگەن مانا مۇشۇنداق جاي: توپا - توزان يېغىپ تۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ چىشلىرى قۇم - توپا

شۇ چۆللىشىشنىڭ بىرىنچى سەۋەبى بولغان قۇم كۆچۈشتۇر.

3. چۆللىشىش ئاشلىق مەھسۇلاتىنى كېمەيتىۋەتتى.

چۆللىشىشنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى بولغان شامال ئارقىلىق يېمىرىلىش، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى تۆۋەنلىتىپ زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى كېمەيتىۋېتىدۇ. چۈنكى، تۇپراق يېمىرىلىش جەريانىدا تۇپراقنىڭ ئۈستى قەۋىتىدىكى پايدىلىق ماددىلار شامال تەسىرىدە يۆتكىلىپ كېتىدۇ - دە، مەھسۇلاتقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. خوتەندىكى تېرىلغۇ ئېتىزلار ئىچىدە بۇ خىل سەۋەب بىلەن ئۈنۈمسىزلىشىپ كەتكەن يەرلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

4. چۆللىشىش ئوتلاقلارنى ۋەيران قىلىپ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى.

چۆللىشىش، مۇقەررەر ھالدا ئوتلاقلارنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھەر قېتىم چۆللەشكەن زېمىندىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر تۈرلۈك چارۋىلارغا يەم - خەشەك بولۇشتىن مەھرۇم بولغاچقا ھەمدە ئوتلاقلارنىڭ كۆلىمىگە تەسىر كۆرسەتكەچكە، چارۋىلارنىڭ نورمال ئوزۇقلىنىشىنى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچراتتى.

5. چۆللىشىش ئورمانلارنى نابۇت قىلماقتا.

خوتەن تارىختىن بېرى قۇم - بورانىنىڭ تەھدىتىگە كۆپ ئۇچراپ كەلگەچكە، كىشىلەر ئىھاتە ئورمان بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇملۇقنىڭ ھۇجۇمىدىن تولۇق ساقلىنىپ كېتەلىگىنى يوق. چۆللىشىشنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ سۇ بايلىقى زور دەرىجىدە كېمەيدى. نەتىجىدە، ئورمان بىنا قىلغان بىلەن، يېتەرلىك سۇغىرىلمىغاچقا، قۇملىشىش سۈرئىتى تېزلەشتى.

6. چۆللىشىش جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى زىيانغا ئۇچراتتى.

چۆللىشىش سەۋەبىدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەرلەرنىڭ كۆلىمى كىچىكلەپلا قالماستىن، يەنە جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىغىمۇ تەسىر يەتتى. بىر تەرەپتىن جانلىقلارنىڭ تۇرالغۇ ماكانى ۋەيران بولۇپ ئۈزۈلۈپ قالدى ۋە بۆلۈنۈپ كەتتى. مەنزىرە تىپى ئاددىيلاشتى. يەنە بىر تەرەپتىن تۈر توپى ۋە تۈركۈملەرنىڭ قۇرۇلمىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەنلىدى. تۈرلەرنىڭ ياشاش ئىقتىدارى ئاجىزلاشتى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان جانلىقلارنىڭ تۈرى زاۋاللىققا يۈزلەندى.

7. چۆللىشىش سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى.

چۆللەشكەن رايونلاردىكى دەريا ۋادىلىرىدا ئورمان، ئوت -

شۇڭلاشقا خوتەن ئاسمىنىدا كۈندە دېگۈدەك توپا يېغىپ «چېشلار غۇچۇرلايدۇ» . پەقەت چېشلار غۇچۇرلىسىلا مەيلىتتى، ئەمما چۆللىشىش نىسبىتىدە، نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ يەرلىرىمىز نابۇت بولدى.

ئۇنداقتا چۆللىشىش خوتەن خەلقىگە قانداق ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

1. چۆللىشىش تېرىلغۇ يەرلەرنى ۋەيران قىلدى.

مەلۇمكى، تېرىلغۇ يەر تىرىكلىكنىڭ كاپالىتى. مۇبادا تېرىلغۇ يەر كۆپلەپ ۋەيران بولسا، تىرىكچىلىكتىن نىشان قالمايدۇ. خوتەن ئەسلىدىنلا ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز رايونلارنىڭ بىرى بولغاچقا، كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان قۇم كۆچۈش ئاپىتى نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ يەرلەرنى نابۇت قىلدى. بۇ خىل نابۇت بولۇش خوتەننىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كۆپادىلەندى. مەسىلەن، نىيە ناھىيىسىدە نىيە يېزىسىنىڭ غەربىدىكى ئۈچ كەنتتە 1966 - يىلىدىن 1980 - يىلىنىڭ بېشىغىچە 4200 مو يەرنى قۇم بېسىپ كەتكەن. 270 ئائىلە كېرىيە ۋە چەرچەنگە كۆچۈپ كەتكەن. بۇ يەرنىڭ ئېتىزلىرىدا ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتىر، كەڭلىكى 12 كىلومېتىر، ئېگىزلىكى 20، 30 مېتىر كېلىدىغان غايەت زور قۇم دۆۋىسى 15 يىل ئىچىدە شەكىللەنگەن. يەنە كېلىپ ئۆيلەرمۇ قۇم ئاستىدا قالىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. گۇما، چىرا ناھىيىلىرىدىمۇ قۇملىشىش ئېغىر بولۇپ، بار بولغان چەكلىك دائىرىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرگە بارا - بارا قۇم بارخانلىرى «ماكانلاشقان» . خوتەننىڭ ھەممە ناھىيىسىدە دېگۈدەك قۇم كۆچۈش سەۋەبلىك تېرىلغۇ يەرلەر نابۇت بولۇش ھېلىھەم مەۋجۇت.

2. چۆللىشىش خوتەن خەلقىنىڭ ئولتۇراق تۇرمۇشىغا تالاپەت ئېلىپ كەلدى.

مەلۇمكى، بۈگۈنكى خوتەن بوستانلىقىنىڭ ئەتراپىدا دېگۈدەك قاقاسلىقلار ۋە قۇم - بارخانلىرى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ھەر قېتىم شامال چىقىپ، قۇم كۆچكەندە بوستانلىق ئەتراپىدىكى قۇم دۆۋىلىرى ئاستا- ئاستا سىلجىپ بوستانلىققا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ خىل ھالەت تەكرارلىنىش نەتىجىسىدە بوستانلىقتىكى ئاھالىلەر ئاستا - ئاستا ئۆي- ماكانلىرىنى قۇملارغا بوشتىپ بېرىپ كۆچىدۇ. نەتىجىدە، ئۇزاققا قالمايلا ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى قۇم ئاستىدا غەرق بولىدۇ. نىيە، چىرا ناھىيە مەركىزىنىڭ تارىختا بىر قانچە قېتىم يۆتكىلىشى ئەنە

ھاياتلىق بولماس» دېگەنلەرنى كۆرۈپ ئانچە ئېرەنشىمىگەنىمىز. چۈنكى، بۇ ناھايىتى ئاددىيلا ئېيتىلغان، پەردازلانمىغان سۆز. لېكىن، ئۇنىڭ ئىچىگە ئىنسانىيەت تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپلىگەن تەرەپلەر مۇجەسسەملەشكەن.

مەلۇمكى، سىز ۋە بىزلەر ياشاۋاتقان بۇ ئانا زېمىن، يەنى پۈتكۈل يەر شارى ئورمانلىقتىن ئىبارەت يېشىل يېپىنچىدىن ئايرىلىپ قالسا نۇرغۇن رايونلاردا بوران سۈرئىتى %60—%80 تىزلىشىپ، نەچچە ئون مىڭ ئادەم بوران ئاپىتىگە ئۇچرايدۇ، يەر شارىدىكى %70 تاتلىق سۇ دېڭىزغا ئېقىپ كېتىپ، ئىنسانلار تاتلىق سۇ كرىزىسىغا دۇچار بولىدۇ. كۆمۈر زاپىسى %70 ئازلايدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانلىقلارنىڭ ئوكسىگېن چىقىرىشى %67 كە چۈشۈپ قالىدۇ. ئاتموسفېرادىكى كاربون IV ئوكسىدى زور مىقداردا كۆپىيىپ، يەر شارىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كېتىدۇ. قۇرۇقلۇقتىكى جانلىقلارنىڭ %90 ى يوقىلىپ، 4 مىليون 500 مىڭ خىل ئۆسۈملۈك ۋە جانلىق نابۇت بولىدۇ. قۇرۇقلۇقتىكى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ %90 ى قۇرغاقچىلىقنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ. ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى، شاۋقۇننىڭ كۆپىيىشى، سۇ مەنبەسىنىڭ بۇلغىنىشى، قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ كۈچىيىشى تۈپەيلىدىن ئىنسانلار ياشاشقا ئامالسىز قالىدۇ. قۇملۇقلار كېڭىيىش، سۇ تۇپراق زور دەرىجىدە ئېقىپ كېتىش، كەلكۈن، لاتقا - شېغىل ئېقىمى، تاغ گۈمۈرۈلۈش قاتارلىق ئېغىر ئاپەتلەر يۈز بېرىدۇ...

ئورماننىڭ يەر شارى مەۋجۇتلۇقىدا ئوينايدىغان رولى ئەنە شۇنداق زور بولسىمۇ، لېكىن تارىم ۋادىسىدىكى جايلاردا، تەبىئىي ئاپەت كۆپرەك يۈز بېرىدىغان بۇ ئانا زېمىن خوتەندە، بىز ئىلگىرىكى مۇھىت سەۋەبلىك يۈز بەرگەن ئېچىنارلىق تارىخىمىزغا قايرىلىپ قويۇپ، يېقىنقى نەچچە ئون يىلدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىمىزنى ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، ئانا تەبىئەتنىڭ ھېلىمۇ بىزنى پەپىلەۋاتقانلىقىدىن خىجىللىق ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

سىز خوتەندە ياشاۋاتقان، خوتەننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىن ئاز- تولا خەۋىرى بار كىشى بولسىڭىز، مەلۇمكى، خوتەنگە تەۋە بولغان نىيە، چىرىيە، گۇما قاتارلىق ناھىيىلەر بۇگۈنكى كۈندە قۇمنىڭ تەھدىتىگە ئەڭ كۆپ ئۇچراۋاتىدۇ. ئۇلار زادى نېمە ئۈچۈن قۇم - بوران تەھدىتىگە شۇنچە كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ئادەم سانىنىڭ كۆپىيىشى،

چۆپلەرنىڭ قاپلاش دەرىجىسى تۆۋەن بولغاچقا، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش ھادىسىسى ئېغىر. بۇنىڭ بىلەن سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ نورمال ئايلىنىشى، ئىشلىتىلىشى ۋە كەلگۈسى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى زور تەسىرگە ئۇچرىدى.

8. چۆللىشىش مۇھىت بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قۇرغاق شارائىتتا چىقىدىغان قاتتىق بوران چاڭ - توزانلارنى ئۇچۇرتۇپ، قۇم - بورانلىق ھاۋا رايىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاتموسفېرانى بۇلغايدۇ. نەتىجىدە چۆللەشكەن رايونلاردا ياشايدىغان كىشىلەردە كۆز كېسەللىكلىرى، نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكلىرى باشقا رايونلارنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر يېقىندا ئاق قان كېسىلىنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبچىسى، ئەنە شۇنداق چۆللىشىش سەۋەبلىك مۇھىت بۇزۇلۇشتا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئۇنداقتا، چۆللىشىشنىڭ خوتەندە شۇ دەرىجىدە ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن خوتەندە پەرقلىق ھالدا چۆللىشىش يۈز بېرىدۇ. قانداق قىلغاندا چۆللىشىش قەدىمىنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ؟ ... ئارقا - ئارقىدىن قويۇلۇۋاتقان سوئاللارغا بىز تۆۋەندە تۈرلۈك يوللار بىلەن جاۋاب ئىزدەيمىز.

# ئورمان بولمىسا، ھاياتلىق بولماس

*ئورمان بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بۇزۇش بەدىلىگە ئىقتىسادنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ئېشىشىنى قوغلىشىدىغان، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى دەپ، ئومۇمىيلىققا زىيان سالىدىغان، كەلگۈسىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. زور كۈچ بىلەن كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، ئورمان بايلىقىنى قوغداش، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرىدىغان، ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ ۋە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش لازىم.*

*— «جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئورمان بايلىقىنى قوغداپ، ئورماننى نابۇت قىلىپ يەر ئېچىش ۋە ئورمان يېرىنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىشنى توسۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» دىن*

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز ماۋزۇدىكى «ئورمان بولمىسا،

يېتەكچىلىكىدە، « قۇملۇققا يۈرۈش قىلىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كەڭ كۆلەمدىكى ئورمانلار كېسىلىپ، ئوتلاقلار ۋەيران قىلىنىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭەيتىلگەن. 1958ـ يىلدىن 1960ـ يىلغىچە خوتەن رايونى بويىچە بىر مىليون 210 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 780 مىڭ موسى ئورمانلارنى كېسىش، ئوتلاقلارنى بۇزۇش يولى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بىر مىليون 890 مىڭ مودىن بىراقلا كۆپىيىپ 3 مىليون 580 مىڭ موغا يەتكەن، كۆپ قىسىم يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەر سۇ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ئاق تاشلاپ قويۇلۇپ، كەڭ كۆلەمدىكى يەر قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەن. بالايىئاپەتلىك بولغان 10 يىل جەريانىدا « ئاشلىق تۇتقا قىلىنغان، دەرەخلەر كېسىپ تۈگىتىلگەن» . ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىققا، چەكسىز تەبىئەتنىڭ جازاسى ۋە ئۈچ ئېلىشى قوشۇلۇپ، خوتەننىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى بىردىنلا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان، مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. 1958ـ يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەشتە خوتەندىكى نۇرغۇن ئورمانزارلىق خارابىلىككە يۈزلەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا چىرا ناھىيىسىدە بوز يەرنى تېزرەك ئېچىش ئۈچۈن دەرەخلەرنى كېسىش ئەمەس، بەلكى ئوت قويۇش، تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ كۆيدۈرۈپ تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئەينى ۋاقىتتىكى بوز يەر ئېچىشتا: بىرىنچى تۇركۇم كىشىلەر بېرىپ دەرەخ كۆيدۈرگەن، ئىككىنچى تۇركۇم كىشىلەر بېرىپ يىلتىز قومۇرغان. ئۈچىنچى تۇركۇمدىكىلەر بېرىپ ئېتىز ئاچقان. چىرا ناھىيىسىدە 1958ـ يىلدىن بۇيان 30 مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەر ئېچىلغان، بۇنىڭدىن مۇستەھكەملەپ دېھقانچىلىق ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇلغىنى ئاران 10 مىڭ مو ئەتراپىدا بولغان. كېرىيىدە 1950ـ يىلدىن 1980ـ يىلغىچە جەمئىي 375 مىڭ 700 مو بوز يەر ئېچىلىپ، دېھقانچىلىق ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇلغىنى ئاران 170 مىڭ مو بولغان. خوتەندىكى باشقا ناھىيىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭدىن ئانچە پەرقلەنمىگەن.

يەر ئېچىشتىن باشقا يەنە يەرلىك ئاھالىنىڭ ئولتۇراق ئادىتىدە ئادەتتە ئۇلار ئۆيلەرنى ئاساسەن ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ سالغاچقا، كۆپەيگەن نوپۇسلار ئولتۇرىدىغان ئۆيلەر ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان دەرەخلەر كېسىلىپ، ئۆي سېلىنغان. يېقىلغۇ ئورنىدا قالانغان.

ئەنە شۇنداق قالايمىقان بوز يەر ئېچىش، ئورمان بايلىقىدىن

ئورمانلىقلارنىڭ ئازىيىشى خوتەنگە ئېغىر تەھدىت بولۇپ، قۇم - بوران بېسىپ كىرىشكە ئاساس ھازىرلاپ بېرىلگەن.

1776- يىلى 44 مىڭ 603 نوپۇسى بار خوتەن 1909 - يىلىغا كەلگەندە 419 مىڭ 122 نوپۇسى بار چوڭ خوتەنگە ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىنلا قۇرغاق، قۇم - بوران ئېغىرى بولغان خوتەندە يەرلەرنى كۆپلەپ ئېچىش — ئاممىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى بولۇپ قالغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان يەر ئېچىش دېگىنىمىزدە، گىيا ئۆنمەيدىغان قاقاس يەرلەرنى ئېچىش ئەمەس. بەلكى كۆپ ھاللاردا سۇ - تۇپراق شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان، دەل - دەرەخلىرى، ئوت - چۆپلىرى باراقسان ئۆسكەن يېشىلزارلىقلارنى ئېچىش كۆزدە تۇتۇلغان.

ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە، خوتەن رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشىگە تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە سۇنئىي ھادىسىلەر سەۋەب بولغان بولسا، يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بوستانلىقلار مۇھىتىنىڭ كەسكىن ئۆزگىرىشى يەنىلا ئىجتىمائىي سەۋەبتىن بولدى. كىشىلەر تەبىئەت قانۇنىنى توغرا تونۇماي، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ، تەبىئەت قانۇنىغا خىلاپ نۇرغۇن ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ، يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاھالە ئۇزلۇكسىز كۆپەيدى. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ئەلۋەتتە كۆپ ئاشلىقنى، تېرىلغۇ يەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇ سەۋەبلىك جاي - جايلاردا بوز يەر ئېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. مەسىلەن: ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە خوتەن ناھىيىسىدە 320 مىڭ مودىن جىقراق يەر بار ئىدى. 1959- يىلىغا كەلگەندە 425 مىڭ موغا يەتتى. قاراقاش ناھىيىسىدە 1949-يىلى 272 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى. 1958- يىلىغا كەلگەندە 348 مىڭ موغا يەتتى. كۆپ تېرىپ، ئاز ھوسۇل ئالىدىغان بۇنداق يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش شەكلى 50 - يىللاردا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە مەلۇم ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، يەتمىۇ تەرەققىي قىلىپ 1958- يىلنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، ئادەمنىڭ سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىڭ رولى مۇبالىغە قىلىنغان، تەبىئەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىنغان « سول» چىل ئىدىيىنىڭ

خوتەنلىكلەر كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ قۇم - توپا تەمىنى تېتىپ يۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلار قۇم - بورانىنىڭ گەشەددىي دۈشمىنى، ئىنسانىيەتنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان ئورمانلارنى ۋەيران قىلىشنى بىلىپ - بىلمەي داۋاملاشتۇردى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى تىكىلگەن كۆپلىگەن دەل - دەرەخلەر باراقسان ئۆسۈپ، مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇشتەك مۇقەددەس بۇرچىنى خېلى ياخشى ئادا قىلغانىدى. يېشىللىقمۇ خېلى زور ئىدى. 1957- يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدا تېرىلغۇ يەر ئۈستىدىكى سۇنئىي ئورمان كۆلىمى تەخمىنەن 205 مىڭ مو بولۇپ، تېرەك 47% نى، جىگدە 24% نى، ئۈجمە دەرىخى 14% نى، سۆگەت 11% نى، باشقا دەرەخلەر 4% نى ئىگىلىگەن. بۇ 205 مىڭ مو سۇنئىي ئورمان ئىچىدە، 80% دىن كۆپرەكى ماتېرىيال قىلغىلى بولىدىغان دەرەخلەر بولغاچقا، پولات تاۋلاش، سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا زور كۆلەمدە ئىشلىتىلىپ بىر-بىرلەپ قومۇرۇلۇپ تاشلاندى. ئۇنىڭدىن ئامان قالغانلىرى قاتناش ئالاقىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ جاي - جايلارغا يۆتكەپ سېتىلدى. شۇ ۋاقىتلاردىكى قىرغىنچىلىقلاردىن ۋە ئىلگىرىكى ئاپەتلەردىن «ئامان» قالغان ئاز ساندىكى دەل - دەرەخلەر بۈگۈنكى كۈندە « تارىم ۋادىسىدىكى دەرەخ پادىشاھلىرى» دېگەن پەخىرلىك نام بىلەن قېرى ئەمما جۇشقۇن گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ تەبىئەت ئارقىلىق، بىز خوتەنلىكلەرگە ئىللىق قۇچاق ئېچىۋاتىدۇ. نەچچە يۈز يىللىق ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ قەدىمىي دەرەخلەر تۈر سانى ۋە ساقلىنىش ۋاقتىنىڭ باشقا يۇرتلاردىكىدىن پەرقلىق بولۇشى سەۋەبى بىلەن مەخسۇس ساياھەت ئورنىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل مېھمانلىرىنى كۈنسېرى جەلپ قىلىپ، ۋىلايىتىمىز ساياھەتچىلىكى ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. ناۋادا ئەينى ۋاقىتتا ۋەيران قىلىنغان ئورمانلاردىن 100/1 قىسمى مۇشۇ دەرەخ پادىشاھلىرىدەك بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلىگەن بولسا، ئۇنىڭ ۋىلايىتىمىز ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەقىقەتەن مۆلچەرلىگۈسىز بولاتتى.

خوتەن زېمىنىدا يىلتىز تارتىپ، قۇم - بورانلارغا خىرىس قىلىپ كۆكلەۋاتقان ئورمانلارنىڭ خاراب بولۇشى چوڭ سەكرەش ئېلىپ بېرىش جەريانى بىلەنلا تۈگىمىدى.

60 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە شۇ چاغدىكى خوتەن يەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ چىڭ « خوتەن ياڭىقىغا پۈتۈن مەملىكەت

قالايمىقان پايدىلىنىش نەتىجىسىدە ئاپەت خوتەنگە ئالدىنى قىلغان. 1966- يىلدىن 1980- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا نىيە ناھىيىسى نىيە گوڭشىسىنىڭ غەربىدىكى ئۈچ كەنتتە 4200 مو يەرنى قۇم بېسىپ كەتكەن. 270 ئائىلە كېرىيە ۋە چەرچەنگە كۆچۈپ كەتكەن. كەنت ئېتىزلىقىدا ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتىر، كەڭلىكى 12 كىلومېتىر، ئېگىزلىكى 20-30 مېتىر كېلىدىغان غايەت زور بىر قۇم دۆۋىسى 15 يىلدا شەكىللەنگەن. گۇما ناھىيىسىنىڭ مۇجى يېزىسىدىكى 20 - كەنتنىڭ بۇرۇن بار تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4200 مو بولۇپ، 1960 - يىلى ئازىيىپ 2300 موغا قالغان. 1978- يىلى يەنە ئازىيىپ 1500 موغا قالغان. 1980- يىلىغا كەلگەندە 1300 موغا قالغان، ئەمما، نوپۇس كۆپىيىپ تەبىئەتكە بولغان بېسىم كۈنسېرى ئېشىپ بارغان.

ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن خوتەندە قۇم تەھدىتىگە ئۇچراپ يۇرت - ماكانىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلەر كۆپىيىشكە باشلىدى.

1958- يىلدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، پولات تاۋلاش، كوممۇنا ئاشخانىسى، سۇ قۇرۇلۇش ھەرىكەتلىرى خوتەننىڭ نۇرغۇنلىغان ئورمان بايلىقىنىڭ خوراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ھەرىكەتتە پەقەت چىرا ناھىيىسىدىلا چوڭ دەرەختىن 800 مىڭ تۈپتىن ئارتۇقى نابۇت بولدى. پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە بىر مىليون مودىن ئارتۇق ئورمان كېسىلىپ كەتتى. ئەگەر شۇ ئورمانلار بۈگۈنكى كۈندە بولغان بولسا، خوتەننىڭ قۇم - بوران ئاپىتىگە ئۇچرىشى مۇمكىن بولمايتتى. چۈنكى، 50 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بىر تۈپ دەرەخ ئىشلەپچىقارغان ئوكسىگېننىڭ قىممىتى 31 مىڭ 200 ئامېرىكا دوللىرىغا، ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قىممىتى 62 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرىغا، تۇپراقنىڭ خورىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش قىممىتى 31 مىڭ 250 ئامېرىكا دوللىرىغا، سۇنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىقلاردىكى قىممىتى 31 مىڭ 250 ئامېرىكا دوللىرىغا، ئاقسىل ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2500 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. قىسقىسى بىر تۈپ دەرەخ ئىنسانىيەتكە 158700 ئامېرىكا دوللىرى، خەلق پۇلىدا بىر مىليون 428 مىڭ 300 يۈەنلىك پايدا يەتكۈزۈپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، پەقەت چىرا ناھىيىسىدىكى نابۇت بولغان 800 مىڭ تۈپ چوڭ دەرەخ بار بولغان بولسا، چىرا بۈگۈنكى كۈندە تارىم ۋادىسىدىكى «يېشىل جەننەت» كە ئايلانغان بولاتتى.

ئۈجمە كۆچىتى تىكىش، ئۈجمە يېتىشتۈرۈش بەكمۇ تېز سۈرئەت بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. «چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسى 1991- يىلدىن 1994- يىلغىچە 6 مىليون 240 مىڭ 654 تۈپ ئۈجمە يېتىشتۈرۈپ، ئومۇمىي ئۈجمىسىنىڭ تۈپ سانىنى 6 مىليون 808 مىڭ 654 تۈپكە يەتكۈزدى، 3 مىليون 256 مىڭ 80 تۈپ ئۈجمىنى ئۈلاپ، سورتنى ياخشىلىدى ...»

«لوپ ناھىيىسىنىڭ چاھارباغا يېزىسى 1994- يىلى 377 مىڭ 220 تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تىكىش، 630 مىڭ تۈپ ئۈجمىنىڭ سورتىنى ياخشىلاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋەزىپىنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى...»

«قاراقاش ناھىيىسىدە 1994- يىلى سېلىنغان ئۈجمە كۆچىتى 5 مىليون 437 مىڭ تۈپ بولۇپ، 1993- يىلدىكىدىن 54.9% ئاشتى ...»

ھەممە ناھىيە، ھەممە يېزىلارنىڭ ئۈجمە يېتىشتۈرۈش ئەھۋالىدىن سان - سىفىرلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ يۈرمىسەكمۇ بولار. يۇقىرىقىلاردىنلا خوتەندىكى ئۈجمە يېتىشتۈرۈش سۈرئىتىنىڭ ئاجايىپ تېز بولغانلىقىنى، سېلىشتۇرغۇسىز تېز بولغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يېتىشتۈرۈلگەن ئاشۇ سانسىزلىغان ئۈجمىلەرنىڭ سانسىزلىغان ئىھاتە ئورمانلارنى ۋە باشقا ئورمانلارنى نابۇت قىلىش بەدىلىگە يېتىشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

ئەنە شۇنداق خىرىسلارنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇپ قالغان دەرەخلىرىمىز، بىر مەزگىل كېرىلىپ كۆككە تاقاشقۇدەك بوي تارتقان بولسا، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلارنىڭمۇ بېشى ئېگىلدى، يەنى پۈتكۈل ئائىلىلەرگىچە توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى باشلانغاندا، نۇرغۇنلىغان قەددى - قامەتلىك دەرەخلىرىمىز «سىم يولىغا تاقاشتى» دېيىلىپ كېسىپ تاشلاندى. مەسىلەن: قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ياۋا - قاراساي يېزىسىغا كىرىدىغان ئاسفالت يولىنىڭ توپاق ئاسمىسى دېگەن يېرى ئەتراپىدا ئەسلى زەيكەش بولغانلىقى ئۈچۈن نەچچە رەت ئورمان تىكىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي قۇرۇپ كېتىپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى دېھقانلارنى نەچچە يىل سەپەرۋەر قىلىپ توپا يۆتكەپ ئەكىلىش ئارقىلىق جىگدە ۋە ئورمان ئارىلاشتۇرۇپ سېلىنىپ دەسلەپكى قەدەمدە نەتىجە قازىنىپ 200 مېتىرغا يېقىن جايدا خېلى باراقسان ئورمانزارلىق بەرپا قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ كەڭلىكى 3-4

خەلقىنىڭ ئېغىزىنى تەگكۈزۈش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېتىز قىرلىرىغا ياڭاق تېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. كىشىلەر ياڭاق تېرىدى ھەمدە ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىمۇ تىكتى. نەتىجىدە ئىھاتە ئورمانلىرىنى بەرپا قىلىشنىڭ پۇرسىتى يوقالدى، ھەتتا ئىھاتە ئورمانلىرىنىڭ ئورنىنىمۇ ئىقتىسادىي ئورمانلار ئىگىلەپ، ۋاقىتلىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ھەل قىلىنغان بولدى. ئەپسۇسكى، بۇلارمۇ داجەيدىن ئۆگىنىش، سالا ئېتىزى قۇرۇلۇشى، ئېتىز - ئېرىق، يول قۇرۇلۇشى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ... بىلەن ئامان قالالمىدى. بىر قىسمى تەبىئىي ھالدا چىقىرىپ تاشلاندى.

80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، «ئېتىزلاردىن قوش قەۋەت ھوسۇل ئېلىش» نى پىلانلاپ، ئېتىز - ئېرىق قىرلىرىغىلا ئەمەس، ھەتتا ئېتىزلىقلارغىمۇ سەگۈ تېرەك، بېيجىڭ توغرىقى قاتارلىق دەرەخلەرنى تىكىش تەشەببۇس قىلىندى. ئېتىزلىقتا ئەزەلدىن مېۋىسىز دەرەخ سېلىپ باقمىغان خوتەنلىكلەر ئۈچۈن بۇ بەكمۇ غەلىتىلىك بولۇپ تۇيۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا شۇنداق قىلماي بولمىدى. ئېتىزلىقلارغا قاتار - قاتار قىلىپ سەگۈ تېرەك سېلىندى. مۇشۇنداق قىلغاندا ئاستىدا بۇغداي - قوناقتىن، ئۈستىدە ياغاچ ماتېرىيالى — سەگۈ تېرەكتىن ھوسۇل ئالغىلى بولىدىكەن. بۇ ئىش سىياسىي ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇلغانلىقتىن، سەگۈ تېرەك سايە چۈشۈرۈپ، بۇغداي - قوناق ئوخشىمىغاندىمۇ، سەگۈ تېرەكتىن كېسەل تارقىلىپ، بۇغداي - قوناقنى پىت - كۆمۈتا بېسىپ كەتكەندىمۇ خوتەنلىكلەر غىڭ قىلىشالمىدى.

ۋاقىت يېڭى ئەسىرگە يېقىنلاپ 90- يىللار يېتىپ كەلگەندە، ماۋجۇشىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا: «پىلە بېقىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۈجمە يېتىشتۈرۈش كېرەك، ئۈجمە يېتىشتۈرۈلسە ئاندىن پىلە باققىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكىنىدەك ئۈجمە يېتىشتۈرۈش مۇھىم ۋەزىپىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئېتىزلىقلارغا تىكىلگەن ھېلىقى سەگۈ تېرەكلىرى تېخى ياغاچ ماتېرىيالىغا ئايلانماستىنلا ئېتىزلاردىن، ئېتىز - ئېرىق قىرلىرىدىن يوق قىلىندى، كېسىپ - يۇلۇپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئېتىز - ئېرىق قىرلىرىغا ئۈجمە كۆچىتى تىكىش باشلاندى. ئۈجمە تىكىش بەكمۇ مۇھىم ۋەزىپە بولدى. ئۈجمە تىكىش ئۈچۈن ئېتىز - ئېرىق قىرلىرىدىكى ئۆرۈك - شاپتۇللارمۇ يۇلۇپ - كېسىپ تاشلاندى.

مەلۇمكى، يېقىندىن بەرپا قىلىنغان ئورمانزارلىقلار ئاساسەن قۇملۇققا ھۇجۇم قىلغان ھالدا شەكىللەندى.

ئەگەر يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئورمان بايلىقىمىز ھەقىقەتەن خورىاپ كەتمىگەن بولسا، 90-يىلدىن 2000-يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە خوتەن شەھىرىنىڭ چاڭ - توزانلىق ۋاقتى 80% دىن ئېشىپ كەتمىگەن، خوتەن شەھىرى، قاراقاش ناھىيىسى ۋە لوپ ناھىيىلىرىدە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئازىيىشقا قاراپ يۈزلەنمىگەن، چاڭ - توزانلىق ۋە قۇيۇنلۇق كۈنلەر ئەسلىدىكىدىن 25—30% ئاشمىغان، پۈتكۈل خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدە يىللىق ئوتتۇرىچە توپا ياغىدىغان كۈنلەر ئىلگىرىكى 30 يىلدىكىدىن 40-50 كۈن كۆپىيىپ 90-120 كۈنگە، يېنىك دەرىجىدىكىنى قوشقاندا 200 كۈنگە يەتمىگەن بولاتتى. نە ئامال، بىز ئۆزىمىز تاپقان بالا دەستىدىن كۆرۈنمەس خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىمىز. مۇبادا خوتەن خەلقى خوتەن ناھىيىسىنى ئۆرنەك قىلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دەل - دەرەخ سانىنى ئېخىمۇ كۆپەيتىپ، يېشىللىق بەرپا قىلسا (خوتەن ناھىيىسىدە ھەر بىر ئادەمگە ئوتتۇرىچە 521 تۈپ دەرەخ توغرا كېلىدۇ ۋە ئۇلارمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇھىت پىلان مەھكىمىسى تەرىپىدىن «يەر شارىدىكى 500 ياخشى» نىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان)، ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق ئىش بولغان بولاتتى.

خوتەن خەلقى مۇھىت بۇزغۇنچىلىقىنىڭ خىرىسىنى كېچىكىپ بولسىمۇ ھېس قىلىپ، قايتىدىن جانلاندى. ئىلگىرىكى «سول» چىل ئىدىيىلەرنىڭ ئاسارەتلىرىدىن ئاستا - ئاستا قۇتۇلۇپ، يىراقنى كۆرەر رەھبەرلەرنىڭ ھەر تەرەپتىن يول كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە «قۇملۇق جېڭى» گە ئاتلاندى. سۇسىز چۆل - باياۋانلاردىمۇ يېشىللىق بەرپا قىلىش ئىستىكىدە، ھەتتا ئورمان كۆچەتلىرىنىڭ يىلتىزىنى سۇ قاچىلانغان بوتۇلكىلارغا سېلىپ تۇرۇپ تىكىش ئارقىلىق، ئورمانلارنىڭ تۇپراققا ماسلىشىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. مۇبادا شۇ خىل ئۇسۇلدا تىكىلگەن كۆچەتلەر ئايىنىسا ئۇ يەرگە ئاستا-ئاستا سۇنى راۋانلاشتۇرغىلى بولۇشى تەبىئىي ئىدى. قۇملۇققا ئاشۇنداق ھۇجۇم باشلاش ۋە باشقا خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق يېشىل كارىدور بەرپا قىلىش قورۇلۇشى ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، خوتەننىڭ قەدىمكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قەدەم ئېلىندى. بەزى جايلاردا دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ بېشىغا

مېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. يېقىندا سىم يولىنى رەتلەش جەريانىدا توك سىمى دەل ئاشۇ بىچارە دەرەخلەرنىڭ ئوستىدىن ئۆتكۈزۈلدى ۋە ئەمدىلا تومۇر - تومۇرلىرىغا سۇ يۈگۈرۈپ، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقىغا ماسلىشىپ باراقسان ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ 70% ئەتراپىدىكىلەر ئېچىنىشلىق هالدا كېسىپ تاشلاندى.

مەلۇمكى، يول قاتنىشىنىڭ راۋانلىشىشى، سودا - ئالاقىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خوتەندىن مەخسۇس باشقا جايلارغا ياغاچ يۆتكەپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار بىر تال كۆچەت تىكىشنى ئويلىماي، تىكىلگەن، بويىغا يەتكەنلىرىنى نابۇت قىلىپ سېتىش، شۇ ئارقىلىق زور ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش كويىدا كۆپلىگەن ئۇسۇللارنى قوللاندى. باشقا جايلاردىمۇ ياغاچ بار تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلار بۇ يەردىن ئالىدۇ دېگەننى قىلچە ئويلاپ قويمىدى. قىسقىسى ئۇلار ۋاقىتلىق مەنپەئەتكىلا بېرىلدى.

بىز خوتەن ۋىلايىتىدىكى ناهىيىلەرنىڭ بازار ئىچىنى ئارىلايدىغان بولساق، كۆپ قىسمىدا «قايتىدىن تۈزەش» ئېلىپ بېرىلىش سەۋەبىدىن، باراقسان ئۆسكەن، نەچچە ئون يىل خوتەن هاۋاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشقان ئىهاتە ئورمانلارنىڭ «زامانغا ياراشماي» كېسىۋېتىلىپ، ئورنىغا كۆركەم كۆرۈنىدىغان مەنزىرە ئورمانلارنىڭ سېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئورمانلار هاۋا ئوچۇق كۈنلەردە شۇنچە كۆركەم كۆرۈنگەن بىلەن، مۇهىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بىرگە ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ. مۇبادا قىش كۈنلىرى بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ هالى تېخىمۇ بەتتەر بولۇپ كېتىدۇ.

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز يۇقىرىقى دادىلىنىشلىرىمىنى ئوقۇپ «خوتەندە ئىهاتە بەرپا قىلىنمىدىمۇ؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. دەرۋەقە، خوتەنلىكلەر ئورمان ئەهيا قىلىشقا خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ تەكپۇڭلۇقى، يەنى كېسىش بىلەن سېلىشنىڭ مۇناسىۋىتى، دېگەندەك ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىدى.

كېسىلگەن، ۋەيران بولغان دەل - دەرەخلەر يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بوستانلىق ئەتراپىدا بولدى. ئۇلارنىڭ باراقسان ئۆسۈشى ۋە ئېچىنارلىق خارابلىقى ئاشۇ بوستانلىقلاردا يۈز بېرىپ، بوستانلىقلارنى چولاق قىلىپ قويۇش شەكىللەندى. ئۇنداقتا بەرپا قىلىنغان ئورمانلار قەيەردە يىلتىز تۇتتى؟

ئورمانلارنىڭ كۆپىيىش ئەهۋالىدىن خەۋىرى بار كىشىلىرىمىزگە

ستاتىستىكا ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يېشىللىقلاردىكى چاڭ-توزانلارنىڭ مىقدارى كوچىلاردىكىدىن ئۈچتىن بىر ياكى ئۈچتىن ئىككى ئۈلۈش ئاز بولىدۇ. قارىغايلارنىڭ چاڭ - توزانلارنى سۈمۈرۈپ قېلىش نىسبىتى %2.32 ، كاۋچۇكنىڭ %7.15، تېرەكنىڭ %17.58 ، ياڭاق دەرىخىنىڭ چاڭ - توزانلارنى كېمەيتىش مىقدارى 22.9g/m³ بولىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چاڭ - توزانلارنى سۈمۈرۈپ ئېلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ يوپۇرماق يۈزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، بەزى يوپۇرماقلارنىڭ يۈزى يىرىك (قارا ياغاچ، تاۋۇزەك چاتقىلى )، بەزى يوپۇرماقلارنىڭ يۈزى پۈرمىلىك، يوپۇرماق ئالقىنىدا تۈكچىلەر كۆپ (جىگدە )، ھەتتا بەزىلىرى يەنە ئېغىرلىق ماي ياكى شىلىمشىق قويۇق ماددىلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. دېمەك، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى چاڭ - توزانلارنى توسۇش، سۈمۈرۈش، يېپىشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. يەنە كېلىپ ئۆسۈملۈكلەر شامال سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ ھاۋادىكى چاڭ-توزانلارنى يوپۇرماق ئالقىنىغا چۈشۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

چاڭ - توزانلار ھەددىدىن كۆپ بولۇپ كەتسە، مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاپ، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ھاۋادىكى لەيلەپ يۈرىدىغان چاڭ - توزانلارنىڭ مىقدارى 100mg/m³ قا يەتسە، ئۆسمۈرلەرنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدۇ، 200mg/m³ قا يەتسە، ياشانغانلار ۋە بەدەن ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ئېشىپ بارىدۇ، 300mg/m³ قا يەتسە، نەپەس يولى ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرى بىلەن ئۆلىدىغانلارنىڭ سانى ئېشىپ بارىدۇ.

4) ئورمانلار تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىپ نەملىكنى ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە.

5) ئورمانلار تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

6) ئورمانلار بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇمنى تىزگىنلەيدۇ.

7) ئورمانلار شاۋقۇننى ئازايتىدۇ.

بەزىلەر مۇنداق ئەمەلىي ئۆلچەش ئېلىپ بارغان: ئون مېتىر كەڭلىكتىكى ئورمان بەلۋېغى شاۋقۇننى %20، 20 مېتىر كەڭلىكتىكى ئورمان بەلۋېغى %40، 30 مېتىر كەڭلىكتىكى ئورمان بەلۋېغى %50، 40 مېتىر كەڭلىكتىكى ئورمان بەلۋېغى %60 پەسەيتىدىكەن. ئورمان بەلۋېغىنىڭ شاۋقۇننى پەسەيتىش رولى ئورمان بەلۋېغى كەڭلىكىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئاشىدۇ. دەل - دەرەخلەر باراقسان ئۆسكەن ئاممىۋى باغچىلار ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى

ئىماتە ئورمان سىپلىنىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ قوملىشىپ كېتىشىگە قارشى سېپىل ھاسىل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن خوتەنگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ئېكىسكۇرسىيە ئۈچۈن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىغا يۇقىرى باھالارنى بەردى. غەربىي شىمال ئورمانچىلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ۋاڭ زومىن: «خوتەننىڭ ئىماتە ئورمان قۇرۇلۇشىنى كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەندىم. دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدىكى ئىماتە ئورمان قۇرۇلمىسىنى بۇنداق ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىلگىرى دەرسلىك كىتابتا سۆزلەنگەن، ئەمما كۆرۈلۈپ باقمىغان، بۇ يەردىكى ئىماتە ئورمان بەلۋېغى مەملىكەت ئىچىدىلا ئىلغار بولۇپ قالماستىن، بەلكى خەلقئارادىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ» دېدى. دۇنيا جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، گېرمانىيە ھامبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى خاس گىسىن خوتەننىڭ ئورمان بەلۋېغىنى كۆرگەندىن كېيىن: «سىلەر ئىنسانلارنىڭ قوملۇقلارنى بويسۇندۇرۇپ، قوملۇقتا ئىنسانلارغا بەخت يارىتىش يولىدا ئىنسانلارنى پۈتۈنلەي قايىل قىلارلىق نەتىجە ياراتتىڭلار» دېدى. گېرمانىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەسلىھەتچىسى، دوكتور ھوندىل خوتەننىڭ ئورمان بەلۋېغىنى كۆرگەندىن كېيىن: «قوملۇقتىكى بوستانلىقنى گويا يېشىل باغچىدەك گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىققانلىقىڭلارنى ئويلىماپتىكەنمەن، سىلەر بوراندىن ساقلىنىپ قۇمنى تىزگىنلەش، بوستانلىقنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش جەھەتتە كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئۇلۇغ مۆجىزە يارىتىپسىلەر» دېدى.

بىز يۇقىرىدا ۋىلايىتىمىز ئورمان بايلىقىنىڭ خوراش، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ئەھۋالى ئۈستىدە توختالدۇق. ئەمدى ئورمانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا ئوينايدىغان ئاجايىپ روللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بۇ ئۇشبۇ ئەسىرىمىزنىڭ مەزمۇن تەلىپى، ئەلۋەتتە.

مەلۇمكى، ئورماننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا ئوينايدىغان رولى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقىلى بولىدۇ.

1) ئورمانلار ئوكسىگېن ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت.

2) ئورمانلار ھاۋانى تازىلىغۇچى.

3) ئورمانلار سۇزگۈچلۈك رولىنى ئوينايدۇ.

سۇ مەنبەلىرى ئارقىلىق يۇقتۇرۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

9) ئورمانلار جانلىقلار تۇرلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

تاغدىكى تەبىئىي ئورمانلىقلاردا ياشايدىغان قۇش ۋە ھايۋاناتنىڭ تۇرى تۇزلەڭ رايوندىكى ئورمىنى شالاڭ جايلارغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا كۆپ، بۇنىڭ سەۋەبى تاغدىكى تەبىئىي ئورمانلىقلارنىڭ كۆلىمى كەڭ، ئورمانلار قويۇق، ئوزۇقلۇق كۆپ بولۇپ، قۇش ۋە ھايۋاناتنىڭ ھايات كەچۈرۈشىگە قولايلىق. ئۇنىڭ ئۇستىگە كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان جاي بىلەن تاغلىق رايونلاردىكى ئورمانلىقلارنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ ئادەتتە تاغلارغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلىشى ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا، قۇش بىلەن ھايۋانات كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان، دەرەخلىرى بۇك - باراقسان ئۆسكەن، كەنتتىن يىراق جايلاردا ماكانلىشىپ «خاتىرجەم» ھايات كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. قۇش ۋە ھايۋانلارمۇ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغۇچى مۇھىم تۇرلەر بولغاچقا، ئورمانلار ئۇلارنى پەپىلەپ چوڭ قىلىپ تەبىئەتكە ھەر ئىككى تەرەپتىن باياشاتلىق ئاتا قىلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز ئورمانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتىكى ئاجايىپ زور تۆھپىلىرىدىن نۇقتىلىق قىلىپ بىر قانچىنى تونۇشتۇردۇق. بۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئورمان بولمىسا ھاياتلىق بولمايدۇ. ھاياتلىق ئىزدەيدىكەنمىز، ئەلۋەتتە ئورمانلارغا موھتاج بولىمىز. شۇڭا، بۇ ئەزىز تۇپراقتىن نېمەت ئېلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەر قانداق بىر كىشى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئورمانلارنى ۋەيران قىلىشقا سونۇلغان قولىنى يىغىشتۇرۇشى، ئىنھاتە ئورمانلارنى مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن ۋە ياكى ئازراق سوۋغا - سالامنىڭ تۇرتكىسى بىلەن كېسىشكە بۇيرۇيدىغان ئەڭ ناچار قىلمىشنى سادىر قىلماسلىقى، ھەر نەپەستە كۆچەت تىكىش، ئورمان بەرپا قىلىش ئىستىكىدە بولۇشى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەل - دەرەخ ئېتىقادچىلىقىنى شەكىللەندۇرۇشنىڭ قانداقتۇر خوراپىلىق بولماستىن، بەلكى دەرەخنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق تەبىئەتنى قوغداش چارىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئەپسانە - رىۋايەتلىرىمىزدىكى قەھرىمانلارنىڭ دەرەختىن ئاپىرىدە بولۇش تارىخىنىڭ چىن مەنىسىنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلىشى زۆرۈر.

كىشىلەرنى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە شاۋقۇن ئاڭلانمايدىغان تېخىمۇ جىمجىت شارائىتقا ئىگە قىلىدۇ.

8) ئورمانلار سۇ مەنبەلىرىنى تازىلايدۇ.

شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى ئادەم ئىچكىلى بولىدىغان دەريا، كۆل، بۇلاق، سۇ ئامبىرى، ئېرىق - ئۆستەڭ، شۇنداقلا كۆلچەك سۇلىرى بەزىدە زاۋۇتلاردىن قويۇپ بېرىلگەن كېرەكسىز سۇلار ۋە ئاھالىلەر چىقىرىۋەتكەن يۇندىلار بىلەن بۇلغىنىپ، مۇھىت تازىلىقى ۋە خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەمما، ئورمانلار مۇشۇنداق مەينەت سۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە تازىلاش ئىقتىدارىغا ئىگە. مەسىلەن: ئورمانسىز تاغ باغرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇلارنىڭ ھەر كۋادرات كىلومېتىردىكى ئېرىتكەن ماددىلىرى 61.9 توننا، ئورمانلىق تاغ باغرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇلارنىڭ بولسا پەقەت 6.5 توننا بولۇپ، ئىككىسىنىڭ پەرقى 2.6 ھەسسىگە باراۋەر كېلىدۇ. دۇغ، ھەتتا سېسىق سۇلار كەڭرەك ئورمان بەلۋاغ رايونلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن سۈزۈلۈپ، سېسىق پۇراقلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز ئازىيىدۇ. دۇغ سۇ 30ـ40 مېتىر كەڭلىكتىكى ئورمان بەلۋېغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر لىتىر سۇدىكى باكتېرىيە سانى ئورمان بەلبېغىدىن ئۆتمىگەن سۇدىكى باكتېرىيە سانىغا قارىغاندا يېرىم باراۋەر ئازىيىدۇ. 50 مېتىر كەڭلىكتىكى ئورمان بەلبېغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن باكتېرىيە سانى 90% كۆپرەك ئازىيىدۇ. ئورمان سۇ ئامبارلىرىدىكى سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئورمانلار ئاسراپ تۇرىدىغان سۇ ئامبارلىرىدىكى سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئورمان يوق سۇ ئامبارلىرىدىكى سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىن كۆپ دەرىجىدە تۆۋەن بولىدۇ. سۇ تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى ئادەتتە «ئىسسىقلىقتىن بۇلغىنىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسسىقلىقتىن بۇلغىنىش كېلىپ چىققاندا، سۇدا ئارانلا نورمال بولمىغان پۇراق (تەم) ۋە قۇرتلار پەيدا بولىدۇ ھەمدە سۇدىكى فىزىكىلىق، خىمىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە تەسىر يېتىدۇ. ئورمانلارنىڭ پاسكىنا سۇلارنى تازىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، پاسكىنا سۇدىكى بەزى بۇلغىغۇچى ماددىلار ئورمانلار ئۈچۈن ياخشى ئوزۇقلۇق بولىدۇ، شۇڭا ئورمانلار ئۇلارنى سۈمۈرۈۋېلىپ ئۆزى نورمال ھايات كەچۈرۈپلا قالماستىن، بۇلغانغان سۇلارنى تازىلاپ، ئىنسانلارنىڭ كېسەللىك مىكروبلىرىنى

قاماشتۇرىدىغان ئېگىز - ئېگىز بىنالار، قۇرتتەك مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر توپى ۋە قاتناش ۋاستىلىرى توپى، ئاسمانغا تاقاشقان تۇرخۇنلار، مەنزىرە ئۇچۇن سېلىنغان ئازغىنا مەنزىرە دەرەخلىرى، سۇ مۇنارلىرى... قاتارلىقلار بىلەن گۈزەللىك لىباسىنى كىيگەندەك كۆرۈنسىمۇ، تېگى ماھىيىتىدىن گۈزەللىككە، ساپلىققا تويۇنمىدى. 100 يىللاپ ھاياتلىق ئۇچۇن گۈزەللىك بەخش ئېتىدىغان «خاسىيەتلىك» دەل - دەرەخلىرىمىز ھەم «دەرەخ پادىشاھ» لىرىمىز ئاستا - ئاستا نابۇت بولۇشقا باشلىدى. تەبىئەتتىكى جانلىقلار ئارىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتا رولى ئەڭ چوڭ بولىدىغان «قوغدىغۇچى» قۇشلار سانىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئازىيىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئورمانلىقلاردا ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلار كۆپەيدى. قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىنىڭ ئورنىغا زامانىۋى ئېلىكتىر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ گۈدۈكلىرى ئالماشتى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە مەن كىچىك ۋاقتىمدا ھېلىقى موي سېپىت كىشىدىن ئاڭلىغان «قۇشلار ياز پەسلىدە كۆپلىگەن زىيانداش ھاشاراتلارنى يەيدۇ، شۇڭا بۇ پەسلىدە ئۇنى يېسەڭلار بەدىنىڭلارغا جاراھەت چىقىپ قالىدۇ؟» دېگەن سۆزىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. ئۇ ئەسلىدە بىزنى ئاشۇنداق دەپ قورقۇتۇش ئارقىلىق كۆپلىگەن قۇش بالىلىرىنىڭ ئوچۇرما بولۇپ كۆپىيىپ، نەچچە مىليونلىغان زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشقا پۇرسەت يارىتىش مەقسىتىدە شۇلارنى ئېيتقانىكەن ئەمەسمۇ؟

قۇشلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئالىملارنىڭ ھەر خىل قۇشلارنىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇق جىنسلىرىنى تەتقىق قىلىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنىڭدىن 135 مىليون يىللاز ئىلگىرىكى دەۋرلەردە يەر شارىدا بىر مىليون 634 مىڭ خىل قۇش ياشىغانىكەن. بۇ سان ھازىرقى يەر شارىدا مەۋجۇت قۇشلار تۈرلىرىنىڭ سانىدىن ئاللىقانداق دەرىجىدە كۆپ، كېيىنكى كۆپ قېتىملىق جىددىي تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى نەتىجىسىدە نۇرغۇن قۇشلارنىڭ نەسلى تۈگەپ، ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن. مۆلچەردىن قارىغاندا، ھازىر ساقلىنىپ قالغانلىرى 8580 خىل ئەتراپىدا ئىكەن. مەملىكىتىمىزدە 1175 خىل قۇش بولۇپ (قوشۇمچە تۈرلىرىنى بىرگە ھېسابلىغاندا 2077 خىل قۇش بار)، دۇنيا بويىچە قۇش بايلىقى ئەڭ مول بولغان دۆلەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ 340 نەچچە خىل قۇش بار. قۇشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلارنى ھەمدە ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇرۇقىنى يەپ ئوزۇقلىنىدۇ.

# قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى

*قۇشلارنى ئاسراش ـ تەبىئەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئاسرىغانلىق، پۈتكۈل مايانلىق ئېكولوگىيىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئاسرىغانلىق. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاسرىغانلىق بولىدۇ.*

*ـــ ئابلىس بۇرھان: «قۇشلار-ئىنسانلارنىڭ دوستى»دىن*

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار بۇرۇن، مەھەللىمىزدىكى دوستلىرىم بىلەن ئېگىز - ئېگىز دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى قويۇق جايلىرىغا ئۇۋا قويغان قۇشلارنىڭ ئوچۇرما بولۇش ئالدىدا تۇرغان بالىلىرىنى ئېلىپ ئويناش ئۈچۈن دەرەخلەرگە خۇددى مايمۇندەك يامىشىپ چىققانىدىم. بىزنىڭ مەھەللىدە قۇشلارنىڭ ئۇۋا قويۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان دەل - دەرەخ ۋە ياكى ئەسكى تاملىق ئۆيلەر، قوتانلار كۆپ بولغاچقا، ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆپلىگەن قۇش بالىلىرىنى ئانىسىدىن ئايرىۋېتەتتۇق. بىر كۈنى مەھەللىمىزدىكى بىر مويسىپىت بوۋاي بىزگە قاراپ:

-ھەي، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، بىچارە قۇش بالىلىرىنى ئانىسىدىن ئايرىۋېتىپسىلەر ئەمەسمۇ؟ -دېدى. بىز ئۇنىڭغا جاۋابەن:

بۇ قۇشقاچلارنى كاۋاپ قىلىپ يەيمىز - دېدۇق.

بۇ قۇشلارنىڭ گۆشىنى ھازىر يېسەڭلار بولمايدۇ؟ چۈنكى، قۇشلار ياز پەسلىدە كۆپلىگەن زىيانداش ھاشاراتلارنى يەيدۇ. شۇڭا، بۇ پەسلىدە ئۇنى يېسەڭلار بەدىنىڭلارغا جاراھەت چىقىپ قالىدۇ؟ دېدى ئۇ بىزگە.

شۇنىڭدىن تارتىپ بىز قۇش بالىلىرىنى قەپەزگە سولاپ پادا باققىلى بارغاندا بىرگە ئېلىپ بارىدىغان، قورسىقى ئېچىپ قالغاندا ئۈژمە يېگۈزۈپ قويىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈردۇق. سەۋەبى بىز بەدىنىمىزگە جاراھەت چىقىپ قېلىشتىن ئىنتايىن قورقاتتۇق ...

مانا ئارىدىن ئون يىللار ئۆتتى. بىزلەرمۇ بالىلىق دەۋر بىلەن خوشلىشىپ ياشلىق دەۋرگە قەدەم قويدۇق. جەمئىيەتمۇ كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىپ، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا يۈكسەلدى. شەھەرلىشىش، مەدەنىيەتلىشىش ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، نەچچە قاتلام ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولسىمۇ، تەبىئەتنىڭ ساپلىقىدا چېكىنىش يۈز بەردى. قارىماققا تەبىئەت كۆزنى

جۇپ قارا قۇشقاچ ھەر كۈنى 360 گرام چېكەتكە تۇتۇپ 3 بالىسىنى باقسا، شۇ بىر جۇپ قارا قۇشقاچ ھەر ئايدا تەخمىنەن 10800 گرام چېكەتكە تۇتىدىكەن. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، 100 جۇپ قارا قۇشقاچ بىر يازدا 22 توننا چېكەتكىنى يەۋېتىدۇ! (ئادەتتە بىر قارا قۇشقاچ كۈنلۈكى 200 دانە چېكەتكىنى يەۋېتەلەيدۇ!) بىر ئۈۋىدىكى قارا قۇشقاچلار ياز بويى 360 دانە يامغۇر قۇلۇلىنى تۇتۇپ يەيدىكەن. بىر دانە كاككۇك بالىسى بىر كۈندە 30 دانە ساراتون، ئۈچ دانە باھار كېپىنىكىنىڭ لىچىنكىسى، 43 دانە كاللەك بەسەي پەرۋانىسى قورچىغى، 5 دانە ماي قوڭغۇز لىچىنكىسى، 4 دانە ئۈمۈچۈك، 50 دانە سېرىق كېپىنەك قۇرتى قاتارلىقلارنى يەيدىكەن. قارىغاي ئورمانلىقىدىكى ئاساسىي زىيانداش ھېسابلىنىدىغان قارىغاي تۈكلۈك قۇرتى، قارىغاي گەز قۇرتى قاتارلىقلارنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە تىكەنگە ئوخشاش قاتتىق قىللىرى بولىدۇ. شۇڭا، ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان باشقا كۆپلىگەن قۇشلار ئۇلارنى يېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

ئەمما، كاككۇك مۇشۇ قۇرتلارنى ئاساسلىق ئوزۇق قىلىدۇ. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بىر دانە كاككۇك بىر سائەت ئىچىدە 100 دانە قارىغاي تۈكلۈك قۇرتىنى تۇتۇپ يەيدىكەن. يامغۇر قارلىغىچىنىڭ بالىسىنى ئوزۇقلاندۇرۇش قېتىم سانى بىر كۈندە 20 نەچچە قېتىمغا يېتىدۇ. بالا بېقىۋاتقان مەزگىلدىكى بىر دانە يامغۇر قارلىغىچىنى تۇتۇپ تەكشۈرگەندە ئۇنىڭ ئاغزىدا پاشا، چىۋىن، كۆك پىت قاتارلىق 300 دىن كۆپرەك ھاشارات بارلىقى ئېنىقلانغان. ئەگەر ئۇ بىر كۈندە بالىسىغا 20 قېتىم ئوزۇق يېگۈزىدۇ، دەپ ھېسابلىغاندا، جەمئىي 6000 دانە زىيانداش ھاشاراتنى يوقىتىدۇ دېگەن سۆز. ئۆي قارلىغىچى بالا بېقىۋاتقان مەزگىلدە، ھەر كۈنى 130 قېتىمدىن كۆپرەك سىرتقا چىقىپ كېلىپ بالىلىرىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بىر ئۇۋا ئۆي قارلىغىچى پۈتۈن ياز بويى بىر مىليون دانىدىن ئارتۇق ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىدىكەن. بەزىلەر مەلۇم بىر رايوندا، ئەتىياز، ياز پەسلىدە، 23 دانە قارلىغاچنىڭ پوكىنىنى يېرىپ تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ يېگەن ئوزۇقلۇق ئىچىدە ھاشاراتلار 99.5% نى ئىگىلىگەن. بۇلار ئاساسلىقى پاشا، كۆمۈتا، چىۋىن، ئالتۇن قوڭغۇز، قارىغۇ چىرپاشكا قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.

تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، بىر دانە مۇشۇك يىلپىلاق بىر ياز (5

ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈپ ستىتاتىستىكا قىلىشىدىن قارىغاندا، قۇشلارنىڭ 80% دىن كۆپرەكى پۈتۈنلەي زىيانلىق ھاشاراتلار بىلەنلا ئوزۇقلىنىدىكەن. زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تۈرلىرى بولسا بىر مىليون 500 مىڭ خىلدىن كۆپرەككە يېتىدىكەن. بەزى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى ناھايىتى زور بولۇپ، بىر جۈپ چىۋىن بىر يازدا كۆپىيىپ نەچچە مىليارد چىۋىنغا ئايلىنىدۇ. بىر تال كۆك پىت كۆپىيىپ ئەۋلادلىرى ئۆلمەي تولۇق ئەي بولىدىغان بولسا، بىر يىلدا پۈتۈن يەر شارىنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت كۆك پىت قاپلاپ كېتىدۇ. بىر قارلىغاچ بىر يازدا 250000 دانە پاشا، چىۋىن تۇتۇپ يەيدۇ. بىر دانە مۈشۈك ياپىلاق بىر يازدا مىڭدىن ئارتۇق چاشقاننى تۇتۇپ يەيدۇ. بىر دانە يامغۇر قارلىغىچى بالا چوڭ قىلىۋاتقان مەزگىلدە 70000 دانە ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ. بىر دانە تۆمۈر تۇمشۇق بىر سائەتتە 100 مو يەردىكى ئورمانلىقنى ئارىلاپ چىقىرىپ زىيانداش قۇرتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، سۈپى - سۈپىياڭنىڭ ئوزۇقلۇقىدا ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلەر 95% نى، تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ ئوزۇقلۇقىدا ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلەر 99% نى ئىگىلەيدىكەن. چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ چېكەتكىلەر راسا يامرىغان رايونلاردا، بىر جۈپ قارا قۇشقاچ بالا بېقىش مەزگىلىدە 150-200 كىلوگرام چېكەتكىنى تۇتۇپ يەيدىغانلىقى ئېنىقلاندى. سىناق قىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۈركۈت 1000 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇۋاتقاندا، يەردىكى كىچىك بىر پارچە گۆشنى كۆرەلەيدىكەن. قارچۇغىمۇ ئاشۇنداق ئېگىزلىكتىن ئېتىزلاردا تىمىسقىلاپ يۈرگەن چاشقانلارنى پەرق ئېتەلەيدۇ. 500 مېتىردىن يۇقىرى ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ھەر خىل قۇشلار دەرەخ شاخلىرىدا ياكى يەردە ئۆمىلەپ يۈرگەن قۇرت - قوڭغۇزلارنى كۆرەلەيدۇ. ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئوزۇق ئىزلەۋاتقان لاچىننىڭ كۆزى ئادەمنىڭ كۆزىدىن 8 ھەسسە ئۆتكۈر بولىدىكەن. ياۋا قارلىغاچ بالا بېقىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ ھەر بىر بالىسىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 90-100 گىچە چېكەتكە تۇتۇپ يېگۈزىدىكەن. بىر دانە كاككۇك بىر كۈندە 300 دىن كۆپرەك ھاشارات تۇتۇپ يەيدىكەن. قارا قۇشقاچنىڭ بالىلىرى ناھايىتى ئىشتەيلىك بولۇپ، تۇخۇمدىن چىققان ھامان ئانىسى ئۇلارنى ھەر خىل قۇرت - قوڭغۇزلار بىلەن ھەر كۈنى 100 قېتىمدىن ئارتۇق ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ھېسابلاش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، قارا قۇشقاچ ئۇۋىسىدا بالا بېقىش مەزگىلىدە، ئەگەر بىر

ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئورۇن بەردى:

*كاككۇكنىڭ ئاشىقى زەينەپ،*
*بىرى تاغدا، بىرى باغدا.*
*كاككۇك سايرىغان چاغدا،*
*مەن يارىم بىلەن باغدا.*

*

*قارلىغاچ، ھەي قارلىغاچ،*
*قاناتلىرى ئالماش.*
*لېۋىڭگە ئاۋات سالاي،*
*بېرى كەل، بولغىن ئاداش.*

*

*ئۇچۇپ كەلگەن كاككۇكلار،*
*قوندى ئېگىز تېرەككە.*
*دېھقانلارنىڭ غەيرىتى،*
*كۆتۈرۈلدى پەلەككە.*

بىز مەيلى قوشاق مەيلى چۆچەك، ماقال - تەمسىل، ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى ئوقۇيلى، ھەر قايسىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە قۇشنى ئۇلۇغلاش ئېتىقاد ئادىتىنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تەبىئەت دۇنياسىدا قۇشلار يوقالسا، ھەر خىل زىياندااش ھاشاراتلار كۆپىيىپ دەل - دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنى نابۇت قىلىدۇ. دەل - دەرەخلەر يوقالسا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ ئىنسان ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن قۇشلارنى ئاسرىشىمىز، خالىغانچە تۇتۇپ تۇگەتمەسلىكىمىز، ئۇلارغا ئۇۋا قويۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىشىمىز زۆرۈر ئەلۋەتتە.

ھازىر مەملىكىتىمىز، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا تەبىئىي قۇش بايلىقىنى ئاسراش، ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى رەڭدارلىقىقا تويۇندۇرۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس قانۇن - تۈزۈملەر ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن جايلاردا يەنىلا دۆلەت تەرىپىدىن مەخسۇس قوغدىلىدىغان قۇشلارنى تۇتۇپ سېتىش، ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپەيمەكتە.

يېقىندا مەن «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 1999-يىل 10-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «لاچىنغا سوزۇلغان قارا قولنى كېسىپ تاشلايلى» ناملىق تەپسىلىي خەۋەرنى ئوقۇپ ئىنتايىن ئازابلاندىم ۋە غەزەبلەندىم. ئۇنىڭدا خەلقئارا قاراڭغۇ بازاردا 20-30

ئاي) دا 315 دانە چاشقان تۇتۇپ يەيدىكەن. ئۇنىڭ يىگەن ئوزۇقلۇقىنىڭ %90 نى چاشقانلار تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەر بىر دانە مۇشۇك ياپىلاق بىر يىلدا 600 دانە چاشقان تۇتۇپ يەيدۇ دەپ ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن قوغداپ بېرىدىغان ئاشلىقى 2000 جىڭدىن ئارتۇق بولىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق تېرىلىدىغان بىنەملىكلەردە، دالا چاشقانلىرىنىڭ بىر ئۇۋىسىغا 4.5 يۈز جىڭ ئاشلىق ئەكىرىۋالىدىغانلىقى مەلۇم بولغان. ھۆپۈپ ئەتىدىن - كەچكىچە مېۋىلىك باغلار، سەي - كۆكتاتلىقلار ۋە ئېتىز - ئېرىقلاردا يۈرۈپ سىم قۇرت، ئوزۇن بۇرۇت قوڭغۇز لىچىنكىسى، موزايقۇشى قاتارلىق ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇنىڭ يېمەكلىكىنىڭ %80 تىن كۆپرەكىنى ھاشاراتلار تەشكىل قىلىدۇ. سوپى - سوپىياڭمۇ ھاشارات يوقىتىشتا تۆھپىسى ئالاھىدە قۇشلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يىگەن ئوزۇقلۇقىنىڭ %95.17 نى ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلار تەشكىل قىلىدۇ...

يۇقىرىقى قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا كۆز ئالدىمغا ئاجايىپ ھەيران قالارلىق تۇرمۇش مەنزىرىسى كېلىپ، نۇرغۇنلىغان زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئەنە شۇ قۇشلار تەرىپىدىن ئوزۇققا ئايلىنىۋاتقانلىقى نامايان بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلار كۆپىيىپ كېتىپ، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ئۆز ئۈنۈمىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىر نۇقتىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىپ يورۇقلۇققا چىقىرىشى نەتىجىسىدە، زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرىدىغان دورىلار ياساپ چىقىلىپ، كۆپلىگەن زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقاتتى. ئەمما، ئۇلار زىيانداش ھاشاراتلارنى يەيدىغان قۇشلارنىڭ ئۇلارنى ئىستىمال قىلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كىچىككىچە ھېس قىلدى. نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان پايدىلىق قۇشلىرىمىز ۋاقىتسىز نابۇت بولدى...

بىز تارىخىمىزنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردە قۇشلارنى ئالاھىدە ئۇلۇغلىغان، ئۆسۈملۈك، دەل - دەرەخلەرنى ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى نىجاتكار، بىلىپ ئۇلارنى مۇقەددەسلەشتۈرگەن ۋە ئاخىرىدا ئېتىقاد ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. بۇ نوقتا ئاللىبۇرۇن تارىخ تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئەجدادلىرىمىز قۇشلارنى ئۇلۇغلىغاچقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

كىچىكلىكىدىن كىچىكلىكىگە قارىماي نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلارنى ئۆزىگە سىغدۇرغانىدى. ئۇنىڭدا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ شاھزادىسى شەيخ خەلىپە بىن زايىر ئەلنەھايانىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى مۇھەممەد ئابدۇلكەرىم زارۋانى ئەپەندىم باشچىلىقىدا كەلگەن «شۇڭقار تۇتۇش» ئۇمىكىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە رەسمىيەتلەرنى بېجىرگەندىن كېيىن، سايرام كۆلى ۋە خەلقئارالىق ئوۋ مەيدانىدا كەپتەرنى يەمچۈك قىلىپ شۇڭقار تۇتۇش ئېلىپ بارغانلىقى، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ ئۇلارغا پايپېتەك بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقى، ھەر يىلى ئەۋلاد قالدۇرۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بىر قانچە چىشى شۇڭقارنىڭ «قانۇنلۇق ئوۋچى» لارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ يىپ- يىڭنە بىلەن ۋەھشىيانە ھالدا كۆزلىرىنىڭ تىكىۋېتىلگەنلىكى. . . قاتارلىقلار نۇقتىلىق يېزىلغانىدى. بۇ ئەدەبىي خاتىرىدىكى «ھەر يىلى بۇ يەرگە ئامېرىكا، گېرمانىيە، مېكسىكا، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى خەلقئارا ئوۋچىلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى كېلىپ، ئالاھىدە رەسمىيەتلەر بىلەن» ئوۋ ئوۋلاپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار بىلەن ھەر يىلى بىر ئىككى چەت ئەللىكنىڭ يوقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئوۋ ئوۋلىغىلى كېلىپ ئارقار ئوۋلاپ تېرىسى بىلەن بېشىنى دورىلاپ ئېلىپ كېتىپ، ئۆيىگە ئېسىپ قويىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ئەجەبلەنمەي تۇرالمايمىز.

بىز يۇقىرىدا ئىسمىنى تىلغا ئالغان ئەدەبىي خاتىرىنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق بىر قىزىقارلىق، ئەمما كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىر قىسقا ھېكايە كىرگۈزۈلگەن: «ئامېرىكىنىڭ قايسى بىر شەھىرىدە يىگىرمە قەۋەتلىك بىر كونا ئائىلىلىكلەر بىناسىنى چېقىپ يېڭىدىن سالماقچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت بۇ بىنادىكى بارلىق ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ، ئەتىسى چاقماقچى بولۇپ بىنانىڭ ئۆگزىسىنى تەكشۈرسە، ئۆگزىدە بىر جۈپ كۆك كەپتەر تۇخۇم قويۇپ باچكا چىقىرىشقا باشلىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن تەكشۈرگۈچىلەر بۇ ئەھۋالنى دەرھال ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە خەۋەر قىلىپتۇ. ھۆكۈمەت ئەزالىرى دەرھال قارار چىقىرىپ، بۇ بىر جۈپ كۆك كەپتەر تۇخۇم بېسىپ ئۆز باچكىلىرىنى چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن بۇ بىنانى چېقىشقا بولىدۇ. بولمىسا ئۇچار قۇشلارنى قوغداش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلدى دەپ قۇرۇلۇش ئەترىتى سوتقا تارتىلىپ جەرىمانە قويۇلۇش بىلەن بىرگە جازالىنىدۇ، دەپتۇ ۋە كەپتەرلەر باچكىسىنى چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتكۈچە، قۇرۇلۇش ئەترىتى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ».

مىلى ئامېرىكا دوللىرىغا ساتقىلى بولىدىغان، دۆلەت تەرىپىدىن 2-دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان لاچىنىنىڭ ئەتكەسچىلەر قولىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقى، يەنى 329- قېتىملىق خەلقئارا نۆۋەتچى ئايروپىلاندىكى يۈك - تاقلار ئارىسىغا ناركوز قىلىنغان يەتتە دانە لاچىننى سېلىپ مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا، ساقچىلار تەرىپىدىن بايقىلىپ ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مەمەت ئازاد قاتارلىقلارنىڭ قولىدىن 19 دانە لاچىننى قۇتقۇزۇۋېلىپ ھاۋاغا قويۇپ بېرىلگەنلىكى يېزىلغانىدى. بىر قانچە يىللار بۇرۇن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 1-سانىدىن تالانتلىق يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «تىنالماي ياشاۋاتقانلار» ناملىق ئاخباراتىدىكى «ۋەتەنگە شۇڭقار كېرەك» دېگەن كىچىك ماۋزۇ ئاستىدىكى «بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تەڭرىتاغلىرىنىڭ چوققىلىرى، تارىم ۋادىسىدىكى ئېپتىدائىي توغراقلىقلاردا ياشاۋاتقان چىرايلىق شۇڭقارلارنى مەخپىي ھالدا تۇتۇپ، ئازغىنا پۇل ئۈچۈن چەت ئەللىكلەرگە ساتتى. بولمىسا چەتتىن كەلگەن ئەتكەسچىلەر بۇ زېمىندىن ھەرگىزمۇ شۇڭقار تۇتالمايتتى. ئۇلار بىزنىڭ نادان خەلقىمىزنىڭ پۇلغا ئامراقلىقىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەن ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قىممەتلىك شۇڭقارلارنى تۇتقۇزۇپ ئېلىپ كەتتى. خونجېراپ تاموژنىسىدىكى ئەزىمەتلەر چايدان، ئۇنئالغۇ قاپلىرىغا، يەشكىلەرگە بەنت قىلىپ ئېلىپ مېڭىلغان 97 دانە ئېسىل شۇڭقارنى چەت ئەللىك ئەتكەسچىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ، ۋەتەن زېمىنىغا قايتا قويۇپ بەردى» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇپ، 97 دانە ئېسىل شۇڭقارنىڭ ۋەتەن ئاسمىنىدا قايتىدىن قانات قاققانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدىم.

بۇ شۇڭقارلارغۇ تاموژنا خادىملىرى تەرىپىدىن ۋەتەن زېمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. يەنە قانچىلىغان قىممەتلىك قۇشلىرىمىز مەخپىي يوللار بىلەن ئېلىپ كېتىلگەندۇ؟! قانۇنسىز ھالدا ئوۋلاپ مېڭىلغان قۇشلارنىڭغۇ ئامالىنىڭ بارىچە تۇتۇپ قالىدىكەنمىز، ئەمما يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغان «قانۇنلۇق ئوۋچى» لارغا ئۇنداق مۇئامىلە قىلالمايمىز. ئەسلىدە دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان قۇشلار ھەر قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋەتەن ئاسمىنىدىلا پەرۋاز قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئىش بىز ئويلىغاندەك ئەمەس. 1997- يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1-سانىغا ھاجى قۇتلۇق قادىرنىڭ «خەير خوش، مۇساپىر شۇڭقارلار» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى بېسىلدى. بۇ ئەدەبىي خاتىرە ھەجمىنىڭ

ئايرىپ، ئەركەك قۇشقاچنىڭ مېكىنـــــــدە ئامبال ۋە چېرىكلەرگە ئەرلىك قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدىغان دورىلارنى ياساپ بەرگەن. بۇ ئىش ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقاچقا دېھقانچىلىق ئىشلىـــــرى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، خەلق ئاچارچىلىقتا قالغان.

1911- يىلدىن 1924- يىلغىچە قەشقەردە ماتىتەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئاق قۇشقاچ يەنە بىر قېتىم ئېچىنىشلىق قىسمەتكە دۇچ كەلگەن. ما قۇشنىڭ ئۇچىغا چىققان ساختىپەز، شەھۋەتپەرەس ئادەم بولۇپ، زورلۇق ۋاسىتىسى بىلەن 40 نەپەر خوتۇن ئالغان. ئۇ 60 ياشتىن ھالقىغاندا جىسمانىي جەھەتتىن ھالسىراپ، تېۋىپلارغا قۇۋۋەت دورىسى ياسىتىش ئۈچۈن يۇرتقا ئاق قۇشقاچ ئالۋىڭى قويغان. شەھەر ھاكىملىرى، يېزا بەگلىرى ۋە يۈز بېشىلار پۇرسەتتىـــــن پايدىلىنىپ ئالۋاڭ سانىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ھەددى - ھېسابسىز ئاق قۇشقاچ يوقالغان.

زامان شاھىتلىرىنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، 1960- يىلىنىـــــڭ ئالدى- كەينىدە ئۇچار قۇشلار يەنە بىر قېتىم قىرغىنچىلــــــققا ئۇچرىغان.

بۇ ھەقتە خوتەندىكى تارىخچى رەجەپ يۈسۈپ مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: «يۇقىرىدىن ئاق قۇشقاچ ئۆلتۈرۈش پەرمانى كېلىۋىدى، ھەممىمىز يېڭىمىزنى شىمايلاپ جەڭگە ئاتلىنىپ كەتتۇق. ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممە كىشى بىر قولىمىزغا كالتەك، بىر قولىمىزغا كونا داس ياكى كونا لېگەن ئېلىپ جاڭگىلدىتىپ ئۇرۇپ، مەھەللىمۇ مەھەللە چارلاش ئېلىپ باراتتۇق. ئۇچار قۇشلارغا دەرەخكە قونۇش ياكى يەرگە چۈشۈش پۇرسىتى بەرمەي ئەتىگەندىن قاراڭغۇ چۈشكىچە تەلۋىلەرچە قوغلايتتۇق. يولۇققانلا يەردە تاش، داڭگال ئېتىپ ئۆلتۈرەتتۇق. گەرچە يۇقىـــرىدىن ئاق قۇشقاچ ئۆلتۈرۈش پەرمانى چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىـــز ئايرىپ ئولتۇرماي يولۇقتۇرغانلىكى قۇشنى سوقۇپ تاشلايتتۇق. چاڭگىلىرىنى چۇۋۇپ، تۇخۇملىرىنى، تۇكسىز باللىرىنى يانجىپ، مىجىپ، تولىـــــمۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى شەكىـــــللەندۇرگەنىـــــدۇق. ئۇياق - بۇياققا توختىماي ئۇچۇپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىچارە قۇشلار خۇددى بوران سوققان ئالمىدەك يەرگە پوك - پوك چۈشەتتى. كىم توختىماي يۈگۈرسە شۇ باتۇر، كىم جىق ئۆلتۈرسە شۇ قەھرىمان ھېسابلىناتتى. بۇ ئىشنى توسۇشقا، ئەيىبلەشكە ھېچكىم پېتىنالمايتتـــــى، ھەتتا سەنئەت ئۆمەكلىرى:

ئويلاپ باقايلى، چەت ئەللىكلەر قۇشلارنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئەزىزلەيدۇ؟ ھەتتا بەزى دۆلەتلەر قۇشلار خاتىرە مۇنارى تىكلەيدۇ؟ جاۋاب بىرلا، ئۇلار قۇشلارنىڭ ئەڭ زور بايلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىلمىگەنلىرى ئاچچىق ساۋاقتىن كېيىن بىلدى ئەمەسمۇ؟

1744- يىلى پروسسىيە پادىشاھى فىرىدىرىخ خۇددى ئىككىقات ئايال سېزىك مەزگىلىدە ئاللىنېمىلەرگە ئۆچ بولۇپ قالغاندەك، ئاق قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلاپ سايرىشىنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالغان ۋە ئاق قۇشقاچقا «گىلاس مېۋىسىنى ئوغرىلاپ يەۋالدى» دېگەن بەتنامنى ئارتىپ يوقىتىشقا بۇيرۇغان. قۇشقاچنى كۆپ تۇتقانلارنى كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر قاتارىدا تارتۇقلىغان. شۇنىڭ بىلەن پروسسىيە تەۋەسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاق قۇشقاچنى تېخىمۇ كۆپلەپ تۇتقان. نەتىجىدە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تەبىئىي كۆشەندىسى تۈگەپ كەتكەچكە، دەل - دەرەخلەردە ھەر خىل قۇرت شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، يوپۇرماقلارنى پاك - پاكىز يەپ تۈگەتكەن. بۇرۇن مېۋىسىنى قۇشقاچ «يەۋالغان» گىلاسمۇ قۇرۇق شاخقا ئايلىنىپ قالغان. ئاخىر پادىشاھ قۇشقاچ تۇتۇش توغرىسىدىكى پەرماننى ئاشكارا ئەمەلدىن قالدۇرغان. چەت ئەلدىن قۇشقاچ يۆتكەپ كىرىپ كۆپەيتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ دۆلەتنىڭ يوقىرىقىدەك ئاچچىق ساۋىقى كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە ئىبرەت تەربىيىسى بولغاچقا، ئۇلار ئۆز دۆلىتىدىكى قۇشلارنى جېنىدىن ئەزىز بىلىپ ئاسرىغان، لېكىن بىز دېچۇ؟

1860- يىلى كۇچار خەلقىنىڭ بېشىغا ھۆكۈمرانلىق قامچىسىنى ئوينىتقان مۇستەبىت بەگ ئۇرچىن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى چېرىكلىرى شەھۋەتپەرەسلىكتە ھەددىدىن ئاشقان بولۇپ، يۇقىرىلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىشقان. بەگنىڭ مەخسۇس دەللاللىرى بازار - رەستىلەردە ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ، يوقسۇللۇق دەردىدىن تېنەپ يۈرۈشكەن ئاجىز، سەبىي قىزلارنى ئالداش، ئازدۇرۇش، زورلاش، بۇلاش قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ بەگكە ئەكېلىپ بېرىشكەن. يەرلىك خۇشامەتچى ئەمەلدارلارمۇ بەگنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز تەۋەسىدىكى گۈزەل قىزلارنى ئۇنىڭغا ئەكىرىپ بەرگەن. نەتىجىدە، ئامبال «ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق» ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن كۇچار خەلقىگە ئاق قۇشقاچ ئالۋىڭى قويغان. ئامبالنىڭ ئۆلىمالىرى تۇتۇپ كېلىنگەن قۇشقاچلارنىڭ ئەركەك، چىشىسىنى

خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ناھىيىلەردىن قاراقاش ناھىيىسىدە قۇشقاچ تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، بۇ ناھىيىنىڭ قاراساي، كۇيا يېزىلىرىنى ئارىلايدىغان بولساق، ھېلىمۇ قۇشقاچلارغا تور سېلىۋاتقانلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ، ھەتتا بۇگۇنكى كۇندىمۇ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ بازىرىدا «قۇشقاچنى تۇتۇپ كاۋاپ قىلىپ ئۇچنى بىر يەندىن ئوغرىلىقچە ساتىدىغان» لار مەۋجۇت.

خوتەننىڭ قۇش بايلىقى ئەنە شۇنداق ئۇسۇللار بىلەن تۇتۇلۇپ، «ئەرلىكنى قۇۋۋەتلەندۇرگۇچى» دورىلارنىڭ يېگانىسىگە ئايلىنىپ قېلىشى نەتىجىسىدە، قۇشلار يېقىنقى يىللاردا ھەددىدىن زىيادە يوقاپ، ئاز قېلىپ تەبىئىي ئاپەتلەر ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى، بولۇپمۇ قۇشقاچنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى بولغان باھار گەزلىمە قۇرتى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، خوتەن بوستانلىقىدىكى كۆكلەيدىغانلىكى دەرەخ، ئورمانلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەپ تۈگىتىپ، نۇرغۇنلىغان ئورمانلىرىمىزنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋە بەرمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمدىلىكتە ئۆزىمىز قۇرت تۇتۇش جېڭىگە ئاتلاندۇق. گېزىتلەردە قۇرت ئاپىتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرىمىزنىڭ «نەتىجە» لىرى خەۋەر قىلىنىشقا باشلىدى:

«قاراقاش ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىدا باھار گەزلىمە قۇرتىنىڭ نابۇت قىلىشىغا ئۇچرىغان كۆلەم 200 مىڭ مودىن كۆپرەككە يەتتى. كۇيا، زاۋا قاتارلىق تۆت يېزىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى قۇرت يەپ بولدى».

«قاراقاش ناھىيىسىدە (1999-يىلى) ئېلىپ بېرىلغان قۇرت تۇتۇش پائالىيىتىدە 202 توننا باھار گەزلىمە قۇرتى تۇتۇلۇپ كۆيدۈرۈلدى»...

دېمەك، ھەر يىلى باھار پەسلى كېلىدىغان بولسا، خوتەندىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار، كادىرلار، ھەر ساھە ئامما قوللىرىغا بوتۇلكىلارنى ئېلىپ، دەل - دەرەخلەردىكى قۇرتلارنى تۇتۇپ بوتۇلكىلارغا سېلىپ، بىر يەرگە يىغىپ كىرسىن چېچىپ ئۆلتۈرۈش ئادەتكە ئايلاندى. گەرچە كىچىككىنە قۇرتنى بىر - بىرلەپ تېرىپ يوقىتىش جاپالىق بولسىمۇ، خوتەن خەلقى ئۆزى تاپقان بۇ بالادىن قوتۇلۇشقا ئىنتىلدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئادەمنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى سەرپ قىلىندى.

*قاغا، قۇشقاچ ھەم چاشقان،*
*بۇغدايلارنى ئېپقاچقان...*

دېگەندەك قوشاقلارنى سەھنىگە ئېلىپ چىققان، قۇشلارنى تېخىمۇ كۆپ ئۆلتۈرۈشكە چاقىرغان. قۇشلارنى قانچە كۆپ ئۆلتۈرسەك زىرائەتلىرىمىز شۇنچە كۆپ ھوسۇل بېرىدۇ، دېگەن ئەخمىقانە قاراش تومۇر - تومۇرلىرىمىزغىچە سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قۇشقاچ ئۆلتۈرۈش جەريانىدا ئېتىزدىكى زىرائەتلەرنى دەسسەپ - چەيلەشكە چىدىدۇقكى، بىرەر تال قۇشقاچنىڭ قېچىپ كېتىشىگە چىدىماي قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈردۇق. زىرائەتلىرىمىز ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ، مال - چارۋىلىرىمىز ئۆلۈپ كېتىۋاتسىمۇ، ئۇلارغا قاراشقا چولىمىز تەگمىدى. شۇ قېتىمقى قۇشقاچ تۇتۇش جېڭىدە نۇرغۇن كىشى خىزمەت كۆرسىتىپ، دېھقاندىن كادىرلىققا، ئادەتتىكى كادىرلىقتىن ئەمەلدارلىققا ئۆستۈرۈلدى. قۇشقاچ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى ئىككى - ئۈچ يىل داۋاملىشىۋىدى، ئېتىزلاردا ھەر خىل قۇرت ۋە زىيانداش ھاشاراتلار شىددەت بىلەن كۆپەيگىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن كالتەكتىن ئامان قالغان قۇشلار ئارامخۇدا ياشاش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بىز ھاشارات ئۆلتۈرۈشكە ئاتلاندۇق...»

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بىزلەر قۇشلارنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان غايەت زور زىيانلىرىنى بىلىپ تۇرساقمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تۇردۇق. بۇلار خېلى بۇرۇنقى يىللاردا يۈز بەرگەن ئىش. ئەمدى بىز يېقىنقى يىللارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇھىتنىڭ خىرىسىغا ئەڭ كۆپ دۇچ كېلىدىغان خوتەندە قۇشقاچلارنى خالىغانچە تۇتۇپ ساتىدىغان، دورا راسلايدىغان ئىشلار ئەڭ كۆپ يۈز بېرىۋاتىدۇ، ھەتتا قۇشقاچ تۇتۇشنى مەخسۇس كەسىپ قىلىپ كۈنىنى ئالىدىغان، قۇشقاچ سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئەمما قۇشقاچنى يەپ كەتمىسۇن دەپ تېرىق تېرىمايدىغان بىر خىل كىشىلەر دەل خوتەندىن، بىز بىلەن بىر يەردە تۇرۇۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىۋاتىدۇ. ئەنە شۇنداق قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىر چاغلاردا قۇشقاچ مىلتىقىنى ئېسىپ يۈرۈپ ئۇچرىغانلىكى قۇشلارغا ئوق ئۈزەتتى، يەل مىلتىقلىرى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن تور سېلىپ تۇتۇش بىلەن شۇغۇللاندى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار قايتا - قايتا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ قۇشقاچ تۇتۇپ سېتىشنى چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولالمىدى. ئاشكارىلىقتىن يوشۇرۇنلۇققا ئۆتتى.

# بوستانلىق قاراۋۇلى - توغراق

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز تارىم ۋادىسىدا چوڭ بولغان بولسىڭىز توغراقلارنىڭ كۆز پەسلىدىكى ئاجايىپ جۇلاسىدىن بەھىر ئالغان، ئۇ قوغدىغان بوستانلىقلاردا ساپ ھاۋادىن تويۇنغان، ئۇنىڭدىن ياسالغان ئۆي جاھازىلىرى بىلەن ئۆيىڭىزنى زىننەتلىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، توغراق تارىم ۋادىسىدىكى، جۈملىدىن خوتەن خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئەمەسمۇ؟

مەلۇمكى، توغراق ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانىدى. بىز 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان قەدىمكى نىيە شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچتىن ياسالغان ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، توغراقنىڭ ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى تېزلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز. نىيە قەدىمكى شەھىرى قاتارلىق تارىخى ئۇزۇن خارابىلىكلەردىن تېپىلغان ياغاچ بۇيۇملارنىڭ 90% دىن ئارتۇقى توغراق ياغىچى بولۇپ، مەيلى تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ھويلا - ئاراملارنىڭ ئىشىكلىرى ۋە ئۆينىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولسۇن پۈتۈنلەي توغراقتىن ياسالغان. شۇڭىمۇ بۇ بۇيۇملار نەچچە مىڭ يىل قۇم ئاستىدا تۇرسىمۇ ئەسلى ھالىتىنى يوقاتمىغان.

خوتەندەك توغراققا ئەڭ ئېھتىياجلىق رايوندا ئۆسۈپ چوڭ بولغان كىشىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى توغراقنى ئوبدان بىلىدۇ. كۆكلىگىنىنى كۆرمىگەنلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوچاق بېشىدا غىرىبسىنغان توغراق ئوتۇنىنى ئەلۋەتتە كۆرگەن. توغراق تەبىئەت دۇنياسىدىكى دەل - دەرەخلەر ئىچىدە تەبىئەتكە قوشىدىغان تۆھپىسى ئەڭ جىق، ھايات كەچۈرۈش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، چىدامچانلىقى كۈچلۈك دەرەخلەرنىڭ يېگانىسىدۇر. توغراقلار ئادەتتە بوستانلىقتىن سەل چەتتىرەك تۇرغان بىلەن، لېكىن ئىنسان پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا توغراقلار بىزنىڭ ئەركىن نەپەس ئېلىشىمىز ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان، بىزنى قوغداشقا، كۆكلىتىشكە، غىرىبلىقتىن ساقلاشقا يارالغان. مۇشۇ مۇقەددەس ۋەزىپىلىرى ئۈچۈن، ئۇ ياشىرىپ 1000 يىل، قۇرۇشقا تىز پۈكمەي يەر يۈزىدە تىك تۇرۇپ 1000 يىل، يىقىلغاندا يەرنى باغاشلاپ 1000 يىل ياشاشقا ۋەدە قىلغانمىش.

قانچىلىگەن سەركەردىلەر ئۇنىڭ ھىمايىسىدە لەشكەر تارتىپ

«2000-يىل 19-ئاپرېلغىچە ۋىلايەت بويىچە باھار گەزلىمە قۇرتى پەيدا بولغان كۆلەم 773 مىڭ مو، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇلغان كۆلەم 561 مىڭ مو، ئەڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان كۆلەم 266 مىڭ مو، قۇرت تۇتۇشقا قاتناشقانلار 372 مىڭ ئادەم قېتىم، تۇتۇپ ئۆلتۈرۈلگەن قۇرت 416 مىڭ كىلوگرام...»

«2001-يىلى ۋىلايەت تەۋەسىدە باھار گەزلىمە قۇرتىنىڭ زىيان سېلىشقا ئۇچرىغان كۆلەم بىر مىليون 292 مىڭ 230 موغا يەتكەن. 30- ئاپرېلغىچە قۇرت 68 مىڭ 910 مو يەردىكى ياڭاققا، 51 مىڭ مو يەردىكى تېرەككە، 537 مىڭ 995 مو يەردىكى ئۈجمىگە، 17 مىڭ 300 مو مېۋىلىك باغقا... زىيان سالغان. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 52 مىليون 73 مىڭ 500 يۈەنگە، ۋاسىتىلىق زىيان 90 مىليون 838 مىڭ يۈەنگە يەتكەن...»

«2001-يىلدىكى قۇرت تۇتۇشقا قاتناشقانلار 1 مىليون 462 مىڭ 872 ئادەم قېتىم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت خادىملىرى 73 مىڭ 806 قېتىم، ئوقۇغۇچىلار 365 مىڭ 400 ئادەم قېتىم، دېھقانلار 1 مىليون 23 مىڭ 666 ئادەم قېتىم بولدى»...

قۇرت ئاپىتى خوتەن خەلقىنى ئاشۇنداق زور زىيانلارغا دۇچار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەتلىك ئورمان مۇداپىئە باش كومىتېتى خوتەندە يۈز بەرگەن بۇ خىل ئاپەتكە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، 2001- يىلى ئاپرېلدا خوتەندىكى ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا ھاشارات يوقىتىدىغان دورا چېچىش ئۈچۈن ئايروپىلان ئەۋەتىپ بەردى. ئايروپىلان 5000 مودىن ئارتۇق كۆلەمگە دورا چاچقان بولسىمۇ، چاڭ - توزان، بوران قاتارلىق ناچار ھاۋا كىلىماتى تۈپەيلىدىن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش توسالغۇغا ئۇچرىدى. ئارقا - ئارقىدىن ئاشۇنداق تالاپەتلەرگە ئۇچرىغان خوتەنلىكلەر ئاخىرى قۇشقاچ تۇتۇشنى مەنئى قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. 2001- يىلى 12-ئاينىڭ 13-كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تېلېۋىزور ئارقىلىق «قۇشقاچ تۇتۇشنى مەنئى قىلىش» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلىپ، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى، شۇنداقتىمۇ ئوغرىلىقچە قۇشقاچ تۇتۇش توگىتىلمىدى. بۇ جەھەتتە قاراقاش ناھىيىسىدىكىلەر تېخىمۇ قاتتىق تەدبىر قوللىنىش كېرەك ئىدى.

كەلگەندە ئەڭ زور دەرىجىدە كېمىيىپ 270 نەچچە مىڭ موغا قالدى.
1957- يىلدىكى شۇنچە كۆپ توغراقلىق كۆلىمىنىڭ بىردىنلا شۇنچە ئازلاپ كېتىشى، خوتەندىكى پېشقەدەملەرنى ھەقىقەتەن چۆچۈتكەنىدى. نەتىجىدە، ساقلىنىپ قالغان ئاز ساندىكى توغراقلارغا كەلكۈن سۈيىنى باشلاش، توغراقلارغا ئاندا - ساندا كەلكۈن سۈيىنى باشلاش، ئاندا-ساندا مۇھاپىزەت قىلىش ئارقىلىق 1985- يىلغىچە بولغان 6 يىل ئىچىدە خوتەندىكى توغراقلىق كۆلىمى كۆپەيتىلدى. قاراقاش ناھىيىسىدە 330 مىڭ مو، گۇما ناھىيىسىدە 40 مىڭ مو، خوتەن ناھىيىسىدە 60 مىڭ مو، لوپ ناھىيىسىدە 310 مىڭ مو، چىرا ناھىيىسىدە 40 مىڭ مو، كېرىيە ناھىيىسىدە 70 مىڭ مو، نىيە ناھىيىسىدە 350 مىڭ مو كۆلەمدىكى توغراقلىق بەرپا قىلىندى. گەرچە يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان توغراقلىق كۆلىمى خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن قەدىمىي توغراقلارغا ۋە يېتىلىۋاتقان توغراقلارغا قارا قولىنى سوزىدىغانلارنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىشى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ.

روشەنكى، خوتەن نامرات رايون. كىشىلەر مۇھىم ئوزۇقلۇق قىلىپ نامراتلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى، مۇھىت نامراتچىلىققا دۇچار قىلىش يولىغا قەدەم ئالماسلىقى كېرەك ئىدى. خوتەننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا تېخىچە ئوتۇن قالاشتەك ئەھۋال مەۋجۇت بولغاچقا، بازاردا ئوتۇنغا بولغان ئېھتىياج تۆگىمىگىنى يوق. شۇ سەۋەبلىك ئازغىنا پۇل ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا تارتىپ كۈنۈكۈپ كەتكەن بىر قىسىم دېھقانلىرىمىز ئارىسالدى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئوتۇن ئاچىقىپ سېتىپ تۇرمۇشنى قامدايدۇ. قارىماققا ئۇلار ھەر قېتىم ئاچىققان ئوتۇن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن، تەبىئەتكە يېشىللىق ئاتا قىلىش ئىقتىدارىدىن قالغاندەك بولغاچقا، «قۇرۇپ قالغان توغراقلارنى ئاچىقىپ سېتىپ خەجلىسە مەيلى ئەمەسمۇ؟» دەيمىز. لېكىن، كۆزىتىدىغان بولساق، 20-30 يىلدىن بۇيان تۇركۈم- تۇركۈملەپ كىرىپ، توغراق ئوتۇنى ئاچىقىۋاتقانلارنىڭ بىرەرىمۇ ھۆل توغراقنى ئاچىقمايدۇ. بۇنىڭ سىرى شۇكى، ئوتۇن ئاچىقىپ سېتىشنى ئۆزىنىڭ كەسپى قىلىۋالغان بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ھەر قېتىم ئوتۇنغا كىرگەندە باراقسان كۆكلەۋاتقان توغراقلاردىن بىر قانچىنى كېسىپ يانتۇز ۋۇۋېتىپ چىقىدۇ. كېسىلگەن توغراقلار يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قۇرۇغاندىن كېيىن، شەھەرلەرگە ئەكىرىلىپ سېتىلىدۇ. توغراق

مۇشكۇل سەپەرلەردە نىشانغا يەتكەن؛ قانچىلىگەن پادىشاھلار ئۇنىڭ ھىمايىسىدە سەلتەنەت سۇرۇپ جاھانغا نامىنى تاراتقان؛ قانچىلىگەن سەيياھلار، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئاچقۇچىلىرى، قىتئەدىن قىتئەگە، ماكانىدىن ماكانغا، كۆچۈلگە ئۇلىغۇچى ئەلچىلەر ئۇنىڭ ھىمايىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى تاماملىغان؟ قانچىلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭ باغرىنى تېشىپ، ئۇنىڭ شىرنىسىنى شوراپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغان؟ قانچىلىگەن مۇساپىر بەندىلەر، يېتىم ـ ئاجىزلار ئۇنىڭ خىسلەتلىرى بىلەن ساقلانغان نەملىكتە جېنىنى ياشارتقان، ئۇنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ يۇلتۇزلارنى سانىغان، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقان، ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا ساتارلار تارىنى چەككەن، ھاياتلىق تېخىنى كۆتكەن. قىسقىسى، توغراقلار مۇشۇ زېمىننى قوغداپ، مۇشۇ زېمىننى بېقىپ ياشارتىپ كەلگەن، بۇ زېمىندىكى خەلقنى تىز پۈكمەس، قەيسەر، ئىرادىلىك قىلىپ يېتىلدۇرگەن، چەكسىز قۇم بارخانلىرى بىلەن چۆللۈكلەر ئۇچراشقان جايلاردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توغراقلار ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇت تېنىنى، قېلىن، قاتمۇ قات قوۋزاقلىرىنى، چىرايلىق ياپراقلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىغىنىڭىزدا ياكى قومۇلقا يېپىنچا بولۇپ يېيىلغان غازاڭلارنى ئاۋايلاپ دەسسەپ توغراقلار ئارىسىدا سەيلە قىلغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي تەبىئەتنىڭ قويىندا تۇرغاندەك ھېس قىلىسىز.

خوتەندىكى توغراقلارنىڭ تەقدىرىمۇ خۇددى باشقا جايلاردىكى توغراقلارنىڭ تەقدىرىدەك بىر قاتار ئېغىر قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. شۇڭىمۇ توغراقلارنىڭ كۆلىمى خوتەننىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ناھايىتى ئاز نىسبەتنى ئىگىلىدى. 1957ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى پۈتۈن توغراق كۆلىمى 1 مىليون 800 مىڭ مو ئىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ 1979ـ يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار «چوڭ سەكرەش» لەر نەتىجىسىدە، توغراقلار كۆلگە ئايلاندى. پولات تاۋلاش ... دېگەندەك تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتالغان ھەرىكەتلەر خوتەن دىيارىدىكى توغراقلارنى بىر ـ بىرلەپ يىقىتىپ، بوستانلىقلارنىڭ تونجى مۇھاپىزەتچىسىنى «ئىشتىن بوشاتتى». قۇم ـ بورانىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان توغراقلارنىڭ كېسىلىشى بوستانلىق ئەتراپىدىكى باشقا ئورمانلارغا بولغان بېسىمنى كۈچەيتتى. ئۇلارمۇ كېسىلگەندىن كېيىن بوستانلىق بوران ـ قۇملارغا «ۋاشاڭ بولدى». شۇنداق قىلىپ، 1957ـ يىلدىكى 1 مىليون 800 مىڭ مو كۆلەمدىكى تەبىئىي توغراقلىق 1979ـ يىلغا

# بېغى بارنىڭ تېغى بار

*ئاز - كۆپ بولسمۇ ئۆز داستىخىنىڭدىكى نانىنى يە، بۇ باتقىلارنىڭ ھالۋىسىنى يېگەندىن ياخشىدۇر.*

— نىزامى گەنجىۋى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز مۇنۇ ئىبرەتلىك ھېكايەتنى ئاڭلىغانمۇ؟

ئۇدۇن پادشاھى ۋەزىرلىرى ۋە سەركەردىلىرى بىلەن شەھەر چېتىدىكى مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىبراھىم ئاتا ئىسىملىك قېرى بوۋاينىڭ ھەدەپ كۆچەت تىكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— ئاتا، — دەپتۇ ئۇنىڭغا پادشاھ، — تەرلەپ - پىشىپ كېتىپسىز، نېمىگە شۇنچە ئاۋارە بولىسىز؟ بىر پۇتىڭىز گۆرگە ساڭگىلىغاندا ئۆزىڭىزگە جاپا تېپىپ؟ بۇ كۆچەتلەر مېۋە بەرگۈچە ياشايمەن، دەپ ئۈمىد قىلىۋاتامسىز؟

— ئاتا - بوۋىلىرىمىز تىككەن كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى بىز يەۋاتىمىز، بىز بىنا قىلغان باغلاردىن ئەۋلادلىرىمىز پايدىلانسا ئەجەب ئەمەس. مانا شۇنداق ياخشى نىيەت بالام، مېنى ئەمگەك قىلدۇرۇۋاتقان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىبراھىم ئاتا.

— بۇغۇ ياخشى، لېكىن سىزگە ئېچىنىۋاتىمەن. بۇ يەرلەرنى باغۇ - بوستانغا ئايلاندۇرۇشقا ياشلارمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. قىلغان ئەمگىكىڭىز بىكارغا كېتىپ، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالمىسىڭىز بولاتتى دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ پادشاھ.

— بار كۈچۈم يەتمىسە ئالەمپاناھتىن مەدەت - ياردەم سورارمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

— دۆلەت مەبلىغىنى سۇدا ئاقتۇرۇۋېتىشنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆرمەيمەن، — دەپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ پادشاھ.

ئىبراھىم ئاتا بولسا ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتۈپ، پادشاھ يەنە ئاشۇ مەنزىلدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلىك بىر باغ نامايان بوپتۇ. پادشاھ ھەمراھلىرى بىلەن بۇ يەرگە كىرسە، كۆل بويىدىكى سالقىن سۇپىدا بىر قېرى بوۋاي ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مېھمانلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، باغنى سەيلە

سۇيى ئادەتتە يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىق كۆپلىگەن كېسەللىكلەرگە شىپا بولغاچقا، قىسمەن تېۋىپلار ۋە ھاجەتمەنلەر قۇملۇقلارغا قالقان، بوستانلىقلارغا قاراۋۇل بولۇۋاتقان توغراقلىقلارغا بېرىپ ئۆتكۈر پالتىلار بىلەن كۆكلەۋاتقان توغراقنى كېسىپ، توغراق غولىدىن ئاققان سۇلارنى ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار شۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان توغراقلارنى كېسىۋېتىدۇ. شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن كېسىلگەن توغراقلار ئۇزاققا قالمايلا «ئوتۇن» غا ئايلىنىپ بازارغا كىرىدۇ. سىز خوتەننىڭ چوڭ - چوڭ بازارلىرىغا بارسىڭىز ۋە ياكى قۇملۇققا يېقىن يوللاردا يۈرۈپ باقسىڭىز، ھارۋا، ماشىنا، قول تراكتورى قاتارلىقلارغا بېسىلىپ ئۆز ماكانىدىن «كۆچۈرۈلۈۋاتقان» توغراقلارنى ھېلىمۇ ئۇچرىتىسىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە خوتەن ۋىلايىتىدە «ئوتۇن» لارنى قالايدىغان خىش، ھاك خۇمدىنىدىن 200 دىن ئارتۇقى بولۇپ، ھەر يىلى توغراق ۋە يۇلغۇندىن 10 مىليون تونىنا كۆيدۈرىدىكەن. ھەر مو يەردىن 5000 كىلوگرام «ئوتۇن» چىقتى دېسەك، ئۇلار ھەر يىلى 2000 مو يەردىكى ئورماننى كۇلگە ئايلاندۇرغان بولىدۇ.

گەرچە خوتەننىڭ توغراق بايلىقىنىڭ خوراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر قايسى ناھىيىلەردە مەخسۇس توغراق باشقۇرۇش پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، خادىم ئاجرىتىلىپ قوغداش كۈچەيتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۈچ يېتىشمىدى. ئەڭ مۇھىمى خەلقنىڭ ئىدىيىسىدە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ئويغانمىدى. شۇنداق سىرى ھېكمەت ئېسىمىزدە بولسۇن: قۇملۇقلارنىڭ بوستانلىقلارغا ھۇجۇم قىلىشىنى بىۋاستە توسىدىغان توغراقنىڭ ئاشۇنداق جايلاردا باراقسان ئۆسۈشى ھەرگىزمۇ ئاددىي قانۇنىيەت ئەمەس. مۇبادا بىز توغراقلارنى ۋەيران قىلساق ئېگىمىزنى خاپا قىلىپ قويىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزنى جازالاشقا قۇم - بوراننى ئەۋەتىدۇ.

مەلۇمكى، توغراق سوغۇققا، شورغا چىدامىلىق بولۇپ، قۇرغاق، قۇملۇق رايونلاردىكى دەرەخلەرنىڭ سەركىسى. توغراققا بىر قېتىم سۇ قۇيۇلسا تۆت - بەش يىلغىچە سۇ تەلەپ قىلمايدۇ، ئۇ يەر ئاستىغا 16 مېتىر يىلتىز تارتىپ سۇ سۈمۈرىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن. خوتەندەك ئىقلىمى قۇرغاق، تۇپرىقى قۇملۇق رايونغا نىسبەتەن توغراق «ئەڭ ئۇنۇملۇك دورا» بولالايتتى. 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى بۈك - باراقسان بوستانلىق ھېلىھەم مەۋجۇت بولغان بولسا، 1000 يىلدىمۇ ئېگىلمەيدىغان قامىتى بىلەن خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغان تۇرلۇك ئاپەتلەرگە تاقابىل قىلغان بولاتتى.

— ھە، مېنى ئىبراھىم ئاتا دېيىشىدۇ، شۇ چاغدا 85 ياشتا ئىدىم، ھازىر 97 گە كىردىم.

— ئاپىرىن، مېنى مات قىلدىڭىز، كەچۈرۈم سورايمەن.

ئۇدۇن پادىشاھى ھەمراھلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، باغدا يەنە ئىككى كۈن تۇرۇشنى قارار قىپتۇ. ئۇ خوتۇننى ۋە بىر قانچە ئۆلىماسىنى چاقىرتىپتۇ. ئاندىن ھەمراھلىرىنىڭ ئالدىدا داستىخاندىكى مېۋىدىن ئىبراھىم ئاتىنىڭ ئاغزىغا ساپتۇ. شۇ چاغدا پادشاھنىڭ ئۆتكەنكى قەسىمىگە ئاساسەن، ئىبراھىم ئاتا رازىلىق بېرىپ، ئۆلىما پادشاھ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى قايتا نىكاھلاپ قويۇپتۇ.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ۋەقەنىڭ گۇۋاھچىلىرىدىن بولۇپ تۇرغان ئوردا ئەمەلدارلىرى، ئۆلىمالار ۋە باشقا نوپۇزلۇق كىشىلەر ئىبراھىم ئاتىنىڭ دانالىقىغا قايىل بولۇشۇپتۇ.

پادشاھ ئىبراھىم ئاتا بىلەن ئاتا - بالا بولۇشۇپتۇ ۋە باغ ئوتتۇرىسىدىكى تۆپىلىككە ھەشەمەتلىك ساراي سالدۇرۇپ، ئۇنى ئىبراھىم ئاتىغا سوۋغا قىپتۇ.

ئىبراھىم ئاتىنىڭ داڭقى پۈتۈن خانلىققا يېيىلىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى باغلارنى بەرپا قىلىشىپتۇ.

بۇ ھېكايەت زامان - زامانلاردىن بېرى ئۈزۈلمەي ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇ تىرىشچان، ئۈمىدۋار، ئەمگەكچان، قەيسەر ئىرادە يېتىلدۈرۈشنى، ئەڭ مۇھىمى باغ بەرپا قىلىپ، كېيىنكىلەرگە ۋە ئۆزىگە «يېشىللىق دۇنياسى» بەرپا قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدىغانلىقى بىلەن بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ، ئۆگۈنمۇ جەلپكارلىق ئالاھىدىلىكىنى داۋام ئېتىدۇ. مەيلى گۈللەنگەن بوستانلىق بولسۇن، ۋە ياكى ئەمدىلا ئادەم ئولتۇراقلىشىۋاتقان جايدا بولسۇن مۇقەررەر ھالدا مۇۋاپىق مىقداردىكى باغ بىنا قىلىش خوتەنلىكلەرگە ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ئۇدۇم بولۇپ، ئۆي ئەتراپىغا ئاساسەن تۈرلۈك مېۋە دەرەخلەرنى تىكىش، خوتەن خەلقىگە نىسبەتەن يېقىنقى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى يىراق قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ روشەن يالدامىسىدۇر.

بىز بۇ تېمىدا خوتەننىڭ باغۋەنچىلىكى ھەققىدە توختىلىدىغان بولغاچقا، ئالدى بىلەن باغۋەنچىلىكنىڭ خوتەندىكى تارىخى توغرۇلۇق بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىلىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

بىز خوتەن ئارخېئولوگىيىسى ھەققىدە دەسلەپ نەتىجىنى قولغا

قىلدۇرۇپتۇ.

بۇ باغ پادىشاھقا شۇ دەرىجىدە يېقىپ قاپتۇكى، بۇ يەردە ئۈچ كۈن مېھمان بوپتۇ، يولغا چىقىش ئالدىدا بوۋايغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بېغىڭىزدا بەكمۇ راھەتلەندىم، ئۇنىڭ ئابھاۋاسى ساپ ۋە مېۋىلىرى شېرىن ـ شەربەتلىك ئىكەن. ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىم تۈگىدى. كەيپىياتىممۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ھەمراھلىرىممۇ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇشتى. سىزگە مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن سوۋغا تەقدىم قىلماقچىمەن. قېنى ئېيتىڭچۇ، كۆڭلىڭىز نېمىنى خالايدۇ؟ بىلىپ قويۇڭ، سىزنىڭ خالىغان نەرسىڭىزنى ھازىر قىلىشقا قۇربىم يېتىدۇ.

— رەھمەت، ئالەمپاناھ، ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، سوۋغا ـ سالامسىز بۇ يەرگە كېلىۋېرىڭلار، ئىشىكىم مېھمانلارغا دائىم ئوچۇق.

— سىز خالىغىنىڭىزنى ئېيتمىغۇچە كەتمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا ئىلتىماسىم شۇكى، سوۋغا سۈپىتىدە ماڭا شاپتول، ئۈزۈم ۋە باشقا مېۋىلەردىن ئېلىپ كېلىڭلار...

— ھۆرمەتلىك ئاتا، مېنىڭ پادىشاھلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ شەنىمگە مۇناسىپ بولمىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىۋاتىسىزغۇ. كىشىلەر بۇنى ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئېيتقان مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى، ھەتتا يەنە كېلىپ سەرخىللىرى بېغىڭىزدا مەي باغلاپ پىشىپ تۇرۇپتۇ. داستىخانغا ئۆزىڭىز قويغان مېۋىلەرگە ئېغىزمۇ تەگمىدىڭىز، ئەمدى قويۇپ بىزدىن ئۆزىڭىزگە مېۋە سوۋغا قىلىشنى ئېيتىۋاتىسىز. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلسەك بولامدۇ؟

— ھە، ئالەمپاناھ، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز ئېيتىمەن.

— ئېيتىڭ.

— سىز 12 يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ يەرگە كۆچەت تىكىۋاتسام بۇ ئىشنىڭ پايدىسى يوق، دېگەنىدىڭىز، يەنە نېرىراق بېرىپ ۋەزىرلىرىڭىزگە ياشلىق قىلىپ «ئەگەر مۇشۇ قېرى ياشاپ، ئۆزى قويۇۋاتقان مۇشۇ كۆچەتلىرىنىڭ مېۋىسىدىن يېسە، خوتۇنۇم مىلىڭ تالاق بولسۇن» دەپ قەسەم ئىچىۋەتتىڭىز. مانا بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان مەن پادىشاھىمىزنىڭ خوتۇنلىرى مىلىڭ تالاق بولمىسۇن، دەپ بېغىمنىڭ مېۋىسىنى ئاغزىمغا سالغىنىم يوق. باشقىچىرەك قىلىپ ئېيتقاندا، مەن ئۇچۇن «كۆرمەك بارۇ، يېمەك يوق» بولدى.

— شۇ قېرى بوۋاي سىزمۇ؟

دەرەخلەر ئارىسىدا قايتا سەيلە قىلىپمۇ يۈرەرمەنمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم.»

ستەيننىڭ 1901- يىلدىكى بايقىشىدىن تارتىپ تاكى هازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتى جەريانىدا، نىيە خارابىسىدىكى 150 كە يېقىن تارقاق جايلاشقان تۇرالغۇ ئۆي خارابىسى ئەتراپىدىن شاپتۇل، ئۆرۈك، جىگدە ۋە ياڭاق قاتارلىقلار تېپىلغان، شۇنداقلا خېلىلا مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بىر ئۈزۈملۈك باغ ئۇچرىتىلغان بولۇپ، بۇ ئۈزۈملۈك باغدا هازىر 9 رەت سېلىنغان 80 تۈپكە يېقىن ئۈزۈم كۆتىكىنىڭ قالدۇقلىرى بار. بۇ ئۈزۈملۈك باغنىڭ قۇرۇلمىسى بۈگۈنكى خوتەن دېهقانلىرىنىڭ ئۈزۈملۈك بېغىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، ئارخېئولوگلار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان بۇ ئۈزۈملۈك باغنى «تەكلىماكاندا ئېنىقلانغان بىردىنبىر ئەڭ قەدىمكى ئۈزۈملۈك باغ هېسابلىنىدۇ» دېگەن يەكۈننى چىقاردى. ئۇنىڭدىن باشقا دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىنمۇ ئۈزۈملۈك باغنىڭ قالدۇق ئىزى تېپىلغان بولۇپ، يۇقىرىقى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار خوتەننىڭ باغۋەنچىلىك تارىخىنى يۈرۈتۈشتىكى بىرىنچى قول مەنبە هېسابلىنىدۇ. ئەمدى بىز دىققەت نەزەرىمىزنى تارىخىي كىتابلارغا ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئۇلاردىنمۇ خوتەننىڭ باغۋەنچىلىك تارىخىنى يورۇتىدىغان ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلارغا ئېرىشەلەيمىز.

«سۇينامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئۇدۇندا «يەرلىرىگە كەندىر، بۇغداي، تېرىق، شال ۋە بەش خىل مېۋىنى كۆپ تېرىيدۇ، باغ ئورمانلىرى كۆپ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە، ئۇدۇن «زىرائەت تېرىشقا مۇۋاپىق، مېۋىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ» دېيىلگەن. «قامۇس» تا، «ئۇ جاينىڭ سۈيى مول، تۇپرىقى قۇم - شېغىللىق، كىلىماتى مۆتىدىل، شال ۋە بۇغداي تېرىشقا باب كېلىدۇ، ئۈزۈم ۋە كۆكتات كۆپ تېرىلىدىكەن...» دېيىلگەن. ماركوپولو ئۆزىنىڭ ساياهەت خاتىرىسىدە خوتەننىڭ ئۈزۈمچىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ جايدا بايلىق مول، خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك نەرسىلەر ئىنتايىن تولۇق، پاختا، زىغىر، تۇرلۈك ئاشلىق، مەي - شاراب ۋە باشقا بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. خەلق ئاشلىق تېرىيدۇ. تاللىق ۋە گۈللۈك يېتىشتۈرىدۇ» دەپ يازغان. «ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇل تارىخى» دا تېخىمۇ جانلىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنىپ: «بۇ جايدىكى مېۋىلىك

كەلتۈرگەن ئاۋرېل ستەيننىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» ناملىق كىتابىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى ئوقۇيدىغان بولساق ۋە كېيىنكى تەرەققىيات - ئارخېئولوگىيىلىك تەرەققىيات نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىدىغان بولساق، خوتەننىڭ باغۋەنچىلىك تارىخى ھەققىدە خېلىلا مۇكەممەل چۈشەنچىگە كېلەلەيمىز. ئاۋرېل ستەين ئۆز كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «بۇ خارابىلىكنىڭ ئاجايىپ ئالاھىدىلىكى شۇكى (نىيە خارابىسىنى دېمەكچى - ئا) بۇ يەردە تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا جايلاشقان مېۋىلىك باغنىڭ ئورنىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. قۇم ئۈستىدىن 8～10 فۇت ئېگىزلىكتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەن غوللىرى كۋادرات ۋە تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك دەرەخلىك يولنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، بۇنداق مەنزىر قەشقەردىن كېرىيىگىچە بولغان بوستانلىقلاردىمۇ ئۇچرايتتى. دەرەخلەر مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ تىكىلگەنىدى. باغنى ئوراپ تۇرغان، يىكەندىن ياسالغان چىتلاقنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانىدى. مەن پاراللېل قىلىپ ياسالغان ئىككى چىتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقىنىمدا، خۇددى بۇنىڭدىن 1600 يىل بۇرۇنقى يېزا يوللىرىدا كېتىۋاتقاندەك ۋاقىت كۆز قارىشىنى يوقاتقان غەلىتە بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. ساپال پارچىسى، ياغاچ كۆمۈر ۋە بۇ يەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاھالىلىرى دەسسەپ ئۆتكەن، چىرىپ كەتكەن دەرەخ يوپۇرماقلىرى شامالدا چىتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول يۈزىگە چىقىپ قالغانىدى. چىتلاقنىڭ ئاستىنى ئاختۇرۇۋاتقىنىمدا، مەن ھېلىقى قەدىمىي ھاسا بىلەن تېرەك ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرىنى ئۆرۈپ كۆردۈم. غازاڭلار ئېھتىمال يېقىن ئەتراپتىكى قاتار كەتكەن دەرەخلەردىن چۈشكەن بولسا كېرەك. ئىشلەمچىلەر بۇ قەدىمىي باغنىڭ چىرىپ كەتكەن ئىزنالىرىغا قاراپ، خۇددى ئۆزىنىڭ بېغىدىكى مېۋىلەرنى پىششىق بىلگەندەكلا ئۇلارنىڭ شاپتۇل، ئامۇت، ئۆرۈك، ئۈژمە دەرەخلىرى ئىكەنلىكىنى ئاسانلا پەرق ئەتتى»، «2-ئاينىڭ 13-كۈنى (1901-يىلى)، تۆگە كارۋىنىم ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىغا قاراپ يولغا چىقتى. نەچچە ھەپتىلەردىن بېرى، ئالدىراش ئىشلىگەن خارابىلەرنى بېسىپ ئۆتكىنىمدە، شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەن مېۋىلىك باغدىن ھەر خىل ئەۋرىشكىلەرنى يىغىۋالدىم. كۆڭلۈمدە ئىمپېراتورا قەيسەر (Caesar) رىم ئىمپېرىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا ۋە گرېك يېزىقى ھىندى دەريا ۋادىسىدىن تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلىغاندا تىكىلگەن ئاق تېرەك ۋە مېۋىلىك

4. 1979- يىلدىن 1984- يىلغىچە ئەسلىگە كېلىش باسقۇچى.
خوتەن باغۋەنچىلىكى 1979- يىلدىكى 90 مىڭ مودىن تەرەققىي قىلىپ 1984- يىلغا كەلگەندە 133 مىڭ 600 موغا، ئومۇمىي ھوسۇلى 1978- يىلدىكى 26 مىڭ توننىدىن كۆپىيىپ 1984- يىلغا كەلگەندە 58 مىڭ 100 تونىنغا يەتتى. بۇ 1966- يىلدىكى سەۋىيىگە باراۋەر.
5. 1985- يىلدىن 1990- يىلغىچە تەرەققىي قىلىش باسقۇچى.
بۇ باسقۇچتا مېۋە كۆلىمى ۋە ھوسۇلى تەڭ قەدەمدە تېز كۆپەيدى، بولۇپمۇ 1985- يىلدىن 1988- يىلغىچە مېۋە كۆلىمى ئەڭ تېز كۆپەيدى. 1985- يىلى 1984- يىلغا سېلىشتۇرغاندا 57 مىڭ مو كۆپەيدى. 1986- يىلى 1985- يىلغا سېلىشتۇرغاندا 73 مىڭ مو كۆپەيدى. 1987- يىلى 1986- يىلغا سېلىشتۇرغاندا 53 مىڭ مو كۆپەيدى. 1988- يىلى 1987- يىلغا سېلىشتۇرغاندا 21 مىڭ مو كۆپەيدى. تۆت يىل ئىچىدە مېۋە كۆلىمى ساپ 203 مىڭ مو كۆپەيدى. 1988- يىلى ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ ئومۇمىي مول ھوسۇلى 111 مىڭ 900 تونىنغا يەتتى. 1984- يىلدىكىدىن 2 ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە مېۋە كۆلىمى 299 مىڭ 700 موغا، ھۆل مېۋە ھوسۇلى 124 مىڭ 300 تونىنغا يەتتى.
6. 1990- يىلدىن 2002- يىلغىچە ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىش باسقۇچى.
1990- يىلدىن 2002- يىلغىچە بولغان ئارىلىق خوتەن باغۋەنچىلىكىدىكى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ، باغ كۆلىمى 1990- يىلدىكى 299 مىڭ 700 مودىن تەرەققىي قىلىپ 511 مىڭ 700موغا يەتتى. مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپەيتىلىپ، خوتەننىڭ ھەقىقىي مېۋە - مېۋە ماكانى ئىكەنلىكى نامايان قىلىندى.
خوتەن باغۋەنچىلىكىدە ئۈزۈم ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. خوتەن دېھقانلىرى ۋە ياكى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئۆي ئەتراپىغا چۆكىلىتىپ تال سېلىشنى ئۈزۈلمەس ئىبقىسىدەك ھېلىھەم داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. خوددى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، خوتەندىكى قەدىمكى خارابىلىكلەردىكى باغلاردىمۇ ئۈزۈم ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. 1991- يىلى ئۈزۈم كۆلىمى 146 مىڭ 70 موغا يېتىپ، 1949- يىلغا سېلىشتۇرغاندا 77 .3 ھەسسە ئاشقان. دېمەك، خوتەن باغۋەنچىلىكىدە ئۈزۈم ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغان.
ئىلگىرىكى دەۋرلەردە، شاپتۇل خوتەن باغۋەنچىلىكىدىكى

دەرەخلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى مول مەھسۇلات بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نەشپۈت ئەڭ ئوخشايدۇ. مەن باشقا جايلاردا تېخىچە بۇنداق ياخشى نەشپۈتنى كۆرۈپ باقمىغان، بۇنى دۇنيادا تەڭداشسىز دېيىشكە بولىدىكەن... كۈز پەسلىدە قەشقەر ۋە ئۇدۇندا مېۋە ساتىدىغان ئادەت يوق، لېكىن ھېچكىمنىڭ مېۋە ئۈزۈشى چەكلەنمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېۋىلىك دەرەخلەر كۆپىنچە يول بويىغا سېلىنغان، ھەر كىم ئۆزى خالىغانچە ئۈزۈپ يېيەلەيدۇ» دېيىلگەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، خوتەننىڭ باغۋەنچىلىك تارىخى ھەقىقەتەن ئۇزۇن. ئەمدى بىز يېقىنقى نەچچە ئون يىللىق باغۋەنچىلىك ئەھۋالىتىمىز ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. خوتەننىڭ باغۋەنچىلىكى مۇنداق تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

1. 1949 ـ يىلدىن 1957ـ يىلغىچە تەرەققىي قىلىش باسقۇچى.

ئازادلىقتىن كېيىن، يەر ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلىپ، ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، ھۆل مېۋە بىرلىك مەھسۇلاتى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ، تېز تەرەققىي قىلدى. مېۋىلىك كۆلىمى 1949ـ يىلدىكى 71 مىڭ 600 مودىن 1957ـ يىلى 90 مىڭ موغا كۆپەيدى؛ ھۆل مېۋە 1949ـ يىلدىكى 69 مىڭ 200 توننىدىن تەرەققىي قىلىپ 1957ـ يىلى 109 مىڭ 500 تونىنغا يەتتى.

2. 1958ـ يىلدىن 1966ـ يىلغىچە ئاستا ـ ئاستا چېكىنىش باسقۇچى.

مۇبالىغىچىلىك شامىلى ۋە تەبىئىي ئاپەت تەسىرى تۈپەيلىدىن، خوتەننىڭ مېۋىچىلىكىمۇ چېكىنىپ كەتتى، كۆلەممۇ يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ، ھوسۇل تۆۋەنلىدى. 1966ـ يىلغا كەلگەندە، ھەر خىل مېۋىلىك كۆلەم 73 مىڭ 700 مودىن چېكىنىپ، 1949ـ يىلدىكى سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى. ئومۇمىي ھوسۇل ئاران 58 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 1949ـ يىلدىكى ھوسۇلدىن تۆۋەنلەپ كەتتى.

3. 1967ـ يىلدىن 1976ـ يىلغىچە تېز تۆۋەنلەش باسقۇچى.

1966ـ يىلدىن 1976ـ يىلغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە، مېۋىلىك كۆلەم ۋە ھوسۇلى تېز تۆۋەنلەپ كەتتى. 1978ـ يىلغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي مېۋىلىك كۆلەم سەل - پەل كۆپىيىپ، 90 مىڭ موغا يەتتى. ئەمما، ھوسۇلى ئاران 26 مىڭ 500 توننا بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئومۇمىي ھوسۇل تارىخىدا ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى.

بىرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قۇرت تۇتۇش ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەس، بەلكى قۇرتلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم. 20 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى چوڭ بىر تۇپ ياڭاق تۈۋىدە قۇرت تۇتۇۋاتاتتى. بىر ئوقۇغۇچى ياڭاق ئۈستىگە چىقىپ قۇرتلارنى ئىرغىتىپ چۈشۈرۈۋاتاتتى. ھەر قېتىم ياڭاق شاخلىرى سىلكىگەندە سانسىزلىغان قۇرتلار خۇددى پاراشوتچى ئەسكەرلەردەك تور بىلەن يېنىككىنە چۈشۈۋاتاتتى. مەن ئۇ بالىغا:

— ھەي ئۇكام ئاستىراق سىلكىگىن، ياڭاق مېۋىلىرى چۈشۈپ كەتمىسۇن، — دېيىشىمگە، كۆزىگە ياش ئېلىپ ئولتۇرغان 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال:

— مەيلى بالام ئىرغىتسۇن، ياڭىقىم بۇ يىل مېۋە بەرمىسىمۇ مەيلى، لېكىن قۇرت دەستىدىن قۇرۇپ كەتمىسۇن، بۇ يىلنى ئامان چىقىرىۋالسا، كېلەر يىلى بولۇپمۇ قالار. ھەر يىلى بۇ ياڭاقنى سېتىپ يىلنى - يىلغا ئۇلاپ كەلگەنىدىم. بۇ يىلنى ئۆتكۈزۈشكىمۇ خۇدايىم بىرەر ... دېدى.

قۇرت بالاسىنىغۇ بىلىپ - بىلمەي كەلتۈرۈپ چىقاردۇق. ئەمما، ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەرمۇ بار، يەنى شۇنچە چىرايلىق باغ بىنا قىلغان ئادەم باغ ئىچىگە مۇداپىئە ئورمانلىرىنى، يەنى مۇداپىئە رولىنى ئوينايدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى سالماپتۇ. بىر باغقا مەخسۇس ئالما سالسا، يەنە بىرىگە ئۆرۈك، يەنە بىرىگە ئۈزۈم ... پېشقەدەملەردىن قالغان باغۋەنچىلىك رىسالىلىرىدە بىر باغدا تۈرلۈك مېۋىلەر بولسا، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەيدىغان بايانلار خاتىرىلەنگەن. رېئال ئەھۋالنى ئېلىپ ئېيتساق، خوتەن تارىخىدىكى ئەڭ كاتتا باغ — زاۋا يېزىسىدىكى شاخلىق قورۇسىنىڭ بېغىدا شىنجاڭدىن ئاز تېپىلىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، مېۋە مەھسۇلاتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولغان.

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە باغنىڭ ئەتراپىنى چىتلاپ، چىتان تۈۋىگە كەندىر تېرىيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. ئادەتتە كەندىر پۇرىقى تۈرلۈك ھاشاراتلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغاچقا، مېۋىلەرگە ھۇجۇم قىلالمايتتى. كەندىر تېرىش چەكلەندى. ئاقىۋەت يەنىلا مېۋىلەرگە، ئەڭ مۇھىمى بىزگە زىيان ئەڭ چوڭ بولدى.

باغ بىنا قىلىش، ماھىيەتتە بىر چالمىدا نۇرغۇن پاختەك سوقۇش بولۇپ، باغلاردىكى تۈرلۈك مېۋىلەر باھار پەسلىدە رەڭگارەڭ ئېچىلىپ خۇشبۇي تارقىتىپ، تەبىئەتكە «ئەتىر» چاچىدۇ؛ مېۋىلەرنىڭ غازاڭلىرى باشقا ئىھاتە ئورمانلىرىغا ئوخشاشلا ھاۋانى

ئۈزۈمدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مېۋىلەرنىڭ بىرى ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شاپتۇل كۆلىمى بارا - بارا ئازىيىپ، ئاندا - ساندا بولغان شاپتۇلنى كۆرگىلى بولىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن شاپتۇللار پىشىشقا يۈزلەنگەندە قۇرتلاپ كېتىش ۋە يىلىملاپ كېتىشتەك ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇپ، ھوسۇل زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بازار باھاسى گۆشنىڭ باھاسى بىلەن تەڭلىشىدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر چارەك شاپتۇل قېقى ئالغىلى بولىدىغان پۇلغا، بۈگۈنكى بىر كىلو شاپتۇلنى تەستە ئالغىلى بولىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

بىز يېقىنقى يىللاردىكى باغ كۆلىمىدىن ھەقىقەتەن سۆيۈنىمىز. لېكىن، ھوسۇلدىن، ھوسۇلنىڭ تەم - قۇۋۋىتىدىن تازا رازى بولۇپ كېتەلمەيمىز. چۈنكى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا تولا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىمىز سەۋەبىدىن ھاۋا كۆپ دەرىجىدە بولغاندى. قۇرت - ھاشاراتلارنى ئوزۇق قىلىدىغان قۇشلار بىزنىڭ ئوزۇقىمىزغا ئايلانغاچقا، قۇرتلار يايراپ بىزنىڭ ئوزۇقىمىزنى تارتىۋېلىۋاتىدۇ. ئۇلار يىلتىزلىرى بىلەن يەرنى باغاش ئەتكەن مېۋىلىك دەرەخلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ «سىپاتىس تېز تاماقخانىسى» غا ئايلاندۇردى. خوتەن تۇپرىقىدا يامرىغان باھار گەزلىمە قۇرت ئاپىتى ئەڭ ئالدى بىلەن مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئاپەت بولدى. باھارنىڭ ئىللىق ھىدى كېلىپ دەل - دەرەخلەر بىخلىنىپ، مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلەشكە باشلىغاندا، قۇرتلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ چېچەكلەرنى پاك-پاكىز تۆكۈۋېتىپ باردۇ، ھەتتا ئۇلار ئەمدىلا مېۋە تۇتۇشقا باشلىغان ياپراقلارنىمۇ يەپ تۈگەتتى. بۇ يەردە مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرۈپ ئۆتەي.

2000- يىلى 4-ئايدا، قاراقاش ناھىيىسىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ، قۇرت تۇتۇش ھەرىكىتىگە ئاتلاندۇرۇلغانىدى. ھەر قايسى يېزا - بازارلاردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز تەۋەلىكىدىكى باغلارنى ئاساس قىلغان ھالدا قۇرت تۇتۇش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قولىدا بىردىن بوتۇلكا ۋە سەل ئۇزۇنراق تاياقچە بار ئىدى. ئۇلار مېۋىلىك دەرەخلەردىكى قۇرتلارنى تاياق بىلەن چۈشۈرۈپ، ھەتتا ئىرغىتىپ قۇرت تۇتۇشتى. شۇ ۋاقىتتا مەن تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان كەنتكە

جىگدە يوپۇرمىقىدىن ئىنچىكە بولىدۇ. سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش سىلىق بولىدۇ. دەرىخى تىكەنسىز چاتقال بولۇپ، 1.5-2 مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ.

يۇقىرىقىلار سان جەھەتتە ناھايىتى ئاز قالغان، يوقىلىش گىردابىدا تۇرۇۋاتقان مېۋىلىك دەرەخلەر بولۇپ، ئۇلار خوتەن تۇپرىقىدا تا بۈگۈنگىچە ھايات كەچۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، بەلكى يەنە نۇرغۇنلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەردە خوتەن باغۋەنچىلىكىدە يۇقىرىقىدەك نەسلى قۇرۇشقا يۈزلەنگەن مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرسەك، بۇ خوتەن ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مۇھىتىنىڭ كۆركەملىشىشىدە ھەقىقەتەن زور رول ئوينىغان بولاتتى.

# سۇ يەرنىڭ قېنىدۇر

گۈللەنگەن ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ بەرپا بولۇشى ئۆز ۋەتىنىدىكى سۇ بايلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. دەرۋەقە، ئىنسانىيەت تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ھەرقانداق جانلىق ھامان سۇ قوغلىشىپ ھايات كەچۈرگەن بولىدۇ. سۇ بار يەردە ھاياتلىق بار، ھاياتلىق بار يەردە سۇ بار. بۇ دۇنيا سۇ بىلەن دۇنيا، بۇ دۇنيا سۇ بىلەن تىرىك، بۇ دۇنيا سۇ بىلەن پاكىز، سۇ بىلەن گۈزەل، بۇ دۇنيا سۇ بىلەن مەۋجۇت. دۇنيادىكى قايسى بىر قىتئەدىكى، قايسى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى سۇدىن ئايرىلغان دەيسىز؟ ئەڭ قەدىمكى زاماندىكى ئىفرات دەرياسى بىلەن دىگراس دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى تۈزلەڭلىكتە ئۇلۇغ مىسسىپوتامىيە مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ، ئىنسانلار نىل دەرياسى، ھىندى دەرياسى، خۇاڭخې دەرياسى ھەمدە تارىم دەرياسى ۋادىلىرىدا ئۆزلىرىگە خاس شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتتى. ئاشۇ دەريالار، ئاشۇ ئۈزۈلمەس ئېقىنلار ئىنسانلارنى ئۈزلۈكسىز ئاۋۇتتى، چېنىقتۇردى. قەدىمكى مەدەنىيەتلەر ئاشۇ ئېقىنلار بىلەن بۈگۈنگىچە يەتكۈزۈلدى. دېمەك، دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەتلەر ئاشۇ دەريالار بويلىرىدا تونۇلدى. ئادەمنى ئادەم قىلغان ئەڭ دەسلەپكى كەشپىياتلار ئاشۇ دەريالار بويلىرىدا يارىتىلدى. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئاشۇ دەريالار بويلىرىدا يېزىلدى. مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتنىڭ سۇدىن ئايرىلالماسلىقى ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنىڭ سۇدىن ئايرىلالماسلىقى

ساپلاشتۇرۇش، چاڭ - توزان سۈمۈرۈش، تېمپېراتۇرىنى تۇراقلاشتۇرۇش، نەملىكنى ساقلاش ... قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە بولۇپ، باغ كۆلىمى قانچە كۆپ بولسا، مۇھىتنىڭ ساپلىق دەرىجىسى شۇنچە ئاشىدۇ؛ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى ۋە باشقا ئەزالىرى (پوستى، شاكىلى، ئۇرۇقى، مېغىزى) ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئوزۇقلۇقى ۋە ساقلىق ساقلاش گۆھىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن پايدىلىنىشقا بولىدۇ؛ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى چارۋىلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئوزۇقى؛ مېۋىلىك دەرەخلەر بىر ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكى...

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، خوتەن — تارىم باغۋەنچىلىكىنىڭ ئانا ماكانى بولغىنىدەك، قەدىمىي مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭمۇ ماكانى. بۇ يەردە ئۈزۈم، ياڭاق، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، نەشپۈت، ئۈژمە، ئانار، جىگدە، ئەنجۈر، توغاچ، چىغان، بادام، ئالراھەت، پورتىخان، قارا ئۆرۈك، چىلان، ئامۇت ... كەبى نۇرغۇنلىغان مېۋىلەر يېتىشتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، يەنە باشقا ۋىلايەتلەردە بولمىغان قەدىمىي مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ بار. ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. غەزنەت (ياۋا تاغ ئالمىسى): بۇنى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا جەز ئالما (مايمۇنەك) دەپ ئىسىم قويۇپ، مايمۇن ئالمىسى دەپ ئاتالغان. بۇ ئالما چىرا ناھىيىسىنىڭ نۇرى، چاقار يېزىلىرى، شۇنداقلا خوتەننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئاز ئۇچرايدۇ. ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. 8-، 9- ئايلاردا پىشىدۇ.

2. قىمىز ئالما: بۇ ئالما ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ باشقا جايلاردا ئەسلى نۇسخىسى قالمىغان مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، 8-ئاينىڭ باشلىرى پىشىدۇ، بۇ خىل ئالمىنىڭ سىرتقى يۈزى قوتۇر، پۇلاش كېلىدۇ، قىزىل، يېرىم سېرىق رەڭلەردە بولۇپ، كېيىنچە قارىيىپ كېتىدۇ. پۇراقلىق، تاتلىق مېۋە، ھەر بىر تال مېۋىنىڭ ئېغىرلىقى 40-45 گرامغىچە كېلىدۇ. بۇ خىل ئالما چىرا ناھىيىسىنىڭ نۇرى، چاقار قاتارلىق يېزىلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ كىشىلەرگە ئانچە تونۇش بولمىغان ئالاھىدە مېۋە بولۇپ، باشقا ھېچقانداق جايدا تېپىلمايدۇ.

3. بوغمە: بۇ نىيە ناھىيىسىنىڭ تېرەك ئۆستەڭ، قاراساي قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ. مېۋىسى قىزىل، جىگەررەڭ بولۇپ، 4- ئاينىڭ 20- كۈنلىرى چېچەكلەپ 9- ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ. سېرىق، ئاق رەڭلىك خىللىرىمۇ تېپىلىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق،

تەتقىقاتى»دا ئېلان قىلىنغانىدى. ئۇ مەزكۇر ماقالىسىدە خوتەننىڭ قەدىمكى سۇ يوللىرىدىن تارتىپ تاكى يېقىنقى زامانىدىكى سۇ يوللىرىغىچە بولغان تارىخنى تۇرلۇك تارىخىي ئەسەرلەرنى مەنبە قىلىپ يورۇتقان بولۇپ، بۇلار بىزنى قەدىمكى خوتەننىڭ سۇ بايلىقى جەھەتتە مول بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ ماقالىنىڭ ئۇشبۇ قىسمىغا ئۇنىڭ مەزكۇر ماقالىسىنىڭ 2 - بۆلىكىدىن باشلاپ تولۇق كىرگۈزدۇم. بۇ ئەسىرىمىزنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا مۇئەييەن رولغا ئىگە ئەلۋەتتە (ماقالىنىڭ باش قىسمى سەھىپە ئېتىبارى بىلەن قىسقارتىلۋېتىلدى).

كوئېنلۇن ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرىدىكى مۇزلۇقلار بىر قەدەر مۇقىم ۋە ئىشەنچلىك سۇ بايلىقى، خوتەننىڭ ھازىرقى سۇ رايى ستاتىستىكا ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، خوتەن دائىرىسىدىكى دەريالارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارىدا ئاز - پاز ئۆزگىرىش بولسىمۇ، تەكرار ئايلىنىپ تۇرغان، تۆۋەنلەپ كېتىشكە يۈزلەنگەن ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. بىز تەكشۇرگەن تارىخىي دەۋر، تەبىئەت ئالىمىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قىسقىغىنا بىر دەقىقە. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئاتموسفېرانىڭ ئايلانما سىستېمىسى ئاساسەن ئوخشاش بولغان. سۇ مىقدارىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولمىغان. لېكىن، پەسىل خاراكتېرلىك دەريا - ئېقىنلىرىدا ھەر يىلى كەلكۈن كەلسىلا لاي - قۇملارنى ئايىغىغا ئېقىتىش بىلەن دەريا يوللىرى ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، قەدىمكى ئەھۋال بىلەن ھازىرقى ئەھۋال ئوتتۇرىسىدا كۆپ ئۆزگىرىش بار.

«خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: «ئۇدۇن جەنۇبىي تاغ تۈۋىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ دەرياسى شىمالغا قاراپ ئېقىتىپ، پامىر (ئوسرىشان) دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، شەرققە قاراپ ئېقىپ لوپنور كۆلىگە قۇيۇلىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ھەقتە «جۇ سۇلالىسى تارىخى. يات رايونلار تەزكىرىسى» دە تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن: (ئۇدۇن) «شەھىرىنىڭ شەرقىدە 20 چاقىرىم يىراقلىقتا چوڭ دەريا بولۇپ شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. بۇ، شۇبو، يەنى سېرىق دەريا دېيىلىدۇ. شەھەرنىڭ غەربىدىمۇ 15 چاقىرىم يىراقلىقتا چوڭ دەريا بولۇپ، دالى دەرياسى دېيىلىدۇ. بۇ دەريامۇ سېرىق دەريا بىلەن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، جىرۇڭدا قوشۇلىدۇ». بۇ خاتىرىدە بىر قانچە نۇقسان بولسىمۇ، شۇنىسى شەكسىزكى، شىمالىي شەھەرنىڭ شەرقىدە 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى دەريا ھازىرقى يۇرۇڭقاش دەرياسى، شەھەرنىڭ غەربىدە 15 چاقىرىم يىراقلىقتىكى دەريا ھازىرقى

بولۇپ، بۇ بىر مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت. دۇنيادىكى ھەربىر شانلىق مەدەنىيەتنىڭ، ئۆزىنىڭ مەيدانغا كەلگەن يېرىدە خارابىلىشىشى سەۋەبىنى ئاشۇ دەريالاردىن سورىساق بىلىۋالالايمىز. خۇددى شۇنىڭدەك، خوتەننىڭ قەدىمكى بوستانلىقلىرىنىڭ ھايات كاپالىتى بولغان دەريا — ئېقىنلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى بىلسەك، يۇقىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بوستانلىقلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسمىنىڭ خارابىلىككە ئايلىنىشىنىڭ، زور بىر قىسمىنىڭ يەنە گۈللەپ ياشنىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز.

قەدىمكى دەۋرلەردە خوتەن زېمىنىدا كۆپلىگەن دەريا - ئېقىنلار بار بولۇپ، بۇلار خوتەندە بوستانلىق مەدەنىيىتى شەكىللىنىشىدە بىۋاستە رول ئوينىغانىدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەريا - ئېقىنلار بارا - بارا قىسقىراپ، بوستانلىق دائىرىسىنىڭ كىچىكلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى، بولۇپمۇ يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە دەريا - ئېقىنلارنىڭ يۆنىلىشى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. مارك ئاۋرېل ستەيننىڭ 1900 ـ، 1901 ـ يىللىرى خوتەندە ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشىنىڭ نەتىجىسى بولغان «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» ناملىق كىتابقا، ئەينى دەۋردىكى خوتەن دەريا - ئېقىنلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلار خوتەننىڭ 100 يىل ئاۋۋالقى بوستانلىق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇن نەچچە ئەسىرلىك تارىخنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن خوتەن زېمىنىنىڭ سۇ بايلىقى ئەزەلدىن خېلىلا زور بولۇپ، تارىختىن بېرى خوتەن زېمىنىنىڭ يېشىللىقىنى پۈركىنىشىدە ئاكتىپ رول ئويناپ كەلگەن. ئەمما، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دەريالارنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى كۈنسېرى ئۆزگىرىش ياساپ، بوستانلىقنىڭ ئالمىشىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولغان. بىز قەدىمكى تارىخنىڭ يازما ئىسپاتلىرىغا مۇراجىئەت قىلمىغان بولساق، خوتەننىڭ تارىختىن بۇيانقى سۇ بايلىقىنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە كېلەلەيمىز. بۇنىڭدىن 15 يىل مۇقەددەم شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن يولداش يىن چىڭ خوتەننىڭ ئېكولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «خوتەن سۇ سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بوستانلىقلارنىڭ گۈللىنىشى - خارابىلىشىشى توغرىسىدا تارىخىي تەكشۈرۈش» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەسىرىنى يېزىپ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر

ئاقىدىغان يەنە بىر دەريا (جەنۇبىي دەريا) بار ئوخشايدۇ دەپ چۈشەنمەسلىك كېرەك. «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: «جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتە چوڭ تاغ بار، ئوتتۇرىسىدا چوڭ دەريا بار» دېيىلگەن، بۇ شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالار تۈزۈلۈشىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، گوما، ئۇدۇن، ئۇزۇنتات ۋە نىيىنىڭ شىمالىدا جەنۇبىي دەريانىڭ ئىزى تېپىلمايدۇ، ئۇنى تېپىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر شۇنداق شەرقتىن غەربكە توغرا كېسىپ ئاققان جەنۇبىي دەريا بولغان بولسا، تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدا كەڭ بوستانلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن بولاتتى. نىيە «زېمىنى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ»، قۇملۇققا يېقىنلىشىپ قالمىغان بولاتتى، مىلادىيە III ئەسىر ئەتراپىدا قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن تاشلىنىپ قالمىغانمۇ بولاتتى، شۇنىڭدەك ئۇزۇنتاتنىڭ كەڭ زېمىنىنىمۇ كېيىنكى ۋاقىتتا قۇم پۈتۈپ كەتمىگەن، پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا بۈگۈنكىدەك ھالەت شەكىللەنمىگەن بولاتتى. «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىدە: «پىشامشاندىن جەنۇبىي يول دېيىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. بەزىلەر جەنۇبىي يول بىلەن «دەريانى بويلاپ غەربكە يۈرسە» چوقۇم جەنۇبىي دەريا مەۋجۇت، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە «خەن سۇلالىسى تارىخى» دا ئېيتىلغان سۆزلەرنى باش - ئايىغىنى بىرلەشتۈرۈپ ئەتراپلىق چۈشىنىش كېرەك. ئۇ باياندا غەربىي رايوننىڭ تاغ - دەريا تۈزۈلۈشىنى «جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە چوڭ تاغ بار، ئوتتۇرىسىدا دەريا بار، شەرقتىن غەربكە 6000 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ» دېيىلگەن. يەنە شۇنىڭغا ئۇلاپلا: «يۈمېن، ياڭگۇەن قوۋۇقلىرىدىن غەربىي رايونغا چىققاندا ئىككى يول بار: پىشامشاندىن جەنۇبىي تاغنىڭ شىمالى بىلەن دەريانى بويلاپ غەربكە يۈرۈپ يەكەنگە بارىدىغان يول جەنۇبىي يول دېيىلىدۇ» دېيىلگەن. بۇ «ئوتتۇرىسىدا دەريا بار» دېگەن سۆز بىلەن «دەريانى بويلاپ غەربكە يۈرۈپ» دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە بىر گەپ بولۇپ، ئوخشاشلا تارىم دەرياسىغا قارىتىپ ئېيتىلغان. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، تارىم دەرياسى غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ. غەربكە يۈرگەندە «دەريانى بويلاپ» ماڭىدى دېيىشمۇ ئەقىلگە سىغىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان بويلاپ دېگەن سۆز دەريانىڭ ساھىلى ئەمەس، يۆنىلىشى بويىچە ماڭغانلىق كۆزدە تۇتۇلۇپ ئېيتىلغان، ئەلۋەتتە. قارۇشتى يېزىقىدىكى خەت - چەكلەردىكى ئالاقىدار مەزمۇندىن قارىغاندا، نىيىدىن چىقىپ ئۇدۇنغا بارغۇچە يول

قاراقاش دەرياسى، ئەمما جىر ۋۇڭنىڭ قايسى يەر ئىكەنلىكى بۇ يەردە ئوچۇق ئېيتىلمىغان. «قامۇسنامە. ئۇدۇن ماددىسى» دا بىر ئابزاس سۆز بار، ئۇ بىزگە مۇنۇلارنى ئۇقتۇرىدۇ: «شۇبو دەرياسى سىرىق دەريا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ شىمالغا قاراپ ئېقىپ 700 چاقىرىم يىراقلىقتا بارغاندا جىر ۋۇڭ دەرياسىغا قوشۇلۇپ، جىشۇ دەرياسى، يەنى پامىرنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا بىلەن بىللە لوپنور كۆلىگە قۇيۇلىدۇ» . يۇقىرىقى باياندا شۇنىسى روشەنكى، شىمالغا قاراپ ئاققان شۇبو دەرياسى دېگىنى ئۇدۇن دەرياسى بىلەن پامىرنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا قوشۇلغان جاي جىر ۋۇڭدا بولۇپ، ئۇدۇننىڭ شىمالىدا 700 چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان، ئەمدى جىر ۋۇڭنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى تۆۋەندە يەنە بايان قىلىمىز. بىراق بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئاۋۋال، تارىختا ئېنىقلانماي كېلىۋاتقان جەنۇبىي دەريا مەسىلىسى ئۈستىدە ئازراق چۈشەنچە بېرىشىمىز زۆرۈر.

«دەريالار قامۇسى ئىزاھى» دىكى خاتىرىدە: دەريا سۈيى «چىما جىلغىسىدىن ئۆتىدۇ. جىلغىدىن چىقىپ ئىككى دەريا بولۇپ ئايرىلىدۇ، بىر دەريا شەرققە قاراپ ئېقىپ. . . تاشقورغان دۆلىتىنىڭ شىمالىدىن ئۆتكەندە، يەنە شەرققە قاراپ ئېقىپ گۇما دۆلىتىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ» . «شى سىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە: «دەريا سۈيى شەرققە قاراپ 3000 چاقىرىم ئاققاندا، ئۇدۇنغا بېرىپ ئەگىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ... جەنۇبىي دەريا يەنە شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، گۇزۇنتات دۆلىتىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ... ، جەنۇبىي دەريا يەنە شەرققە قاراپ ئېقىپ، نىيە دۆلىتىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ، جەنۇبىي دەريا يەنە شەرققە قاراپ ئېقىپ، چەرچەن دۆلىتىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ... ، يەنە شەرققە قاراپ ئېقىپ ئۇلۇغ تەرەپتىكى چەرچەن (ئانۇدا) دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ... قوشۇلما سۇ شەرققە بارغاندا، ئومۇملاشتۇرۇپ جۇبىنىڭ (注宾) دەرياسى دېيىلىدۇ. جۇبىنىڭ دەرياسى يەنە شەرققە قاراپ ئېقىپ، پىشامشان دۆلىتىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ... ، ئۇنىڭ سۈيى شەرقتىكى لوپنور كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، لوپنور كۆلى كىرروران دۆلىتىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، مىران شەھىرى شۇ يەردە... ، شۇڭا لوپنور كۆلى رۇران دېڭىزى دېيىلىپ كەلگەن» . يۇقىرىقى بىر ئابزاس سۆزنى ئوقۇغاندا، مىنىڭچە، گۇما، ئۇدۇن، گۇزۇنتات، نىيە دۆلەتلىرىنىڭ شىمالىنى بويلاپ شەرقتىن غەربكە توغرا كېسىپ ئاقىدىن يەنە بىر دەريا، يەنى شىمالىي دەريا (تارىم دەرياسى) بىلەن پۇتۇنلەي پاراللېل

سوزۇلغان يولمۇ مۇشۇ دەريانى بويلاپ سوزۇلغانلىقى مۇقەررەر» (خۇاڭ ۋېنبىي: «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تارىخ - جۇغراپىيىسىگە دائىر مۇھاكىمە ئەسەرلەر توپلىمى» ، 51-بەت ) . يەنە «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: شەرققە قاراپ ئاقىدىغان جىشى دەرياسى كۆسەننىڭ جەنۇبىدا 300 چاقىرىم يىراقلىقتا ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. بۇمۇ بىزگە ئەينى ۋاقىتتا جىشى دەرياسى دەپ ئاتالغان ئۇدۇن دەرياسى تارىم دەرياسىغا قوشۇلغان جاي ھازىرقى دەريانىڭ جەنۇبىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەگەر بىز بۇنى «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى. گويۇەنجېڭ تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىگە بىرلەشتۇرسەك، يۇقىرىدا ئېيتىلغان جىرۇڭ دەرياسى ئېغىزىنىڭ ئورنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلاپ بېرەلەيمىز.

بۇ خاتىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاۋۋال ساگې ئاسىنا كۆلچاي سادىق بىلەن چىقىشالماي، ئۆز ئارا بىر قانچە قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقان بولسىمۇ، ئاسىنا كۆلچاينىڭ ئەسكەرلىرى ئاجىز بولغاچقا، تەڭ كېلەلمىگەندى. گويۇەنجېڭ مەركەزگە ئىلتىماس يېزىپ، ئاسىنا كۆلچاينى مەركەزگە يۆتكەپ كېتىشنى، ئۇنىڭ قەبىلىسىنى گۇاجۇ، ساجۇ ئوبلاستلىرىغا ئەكېلىپ ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئاسىنا كۆلچاي چەرچەن شەھىرىگە كەلگەندە، باسقاق بەگ، ئۇڭ قانات ھەيۋەتلىك مۇداپىئە سانغۇن جويىتى بىلەن ئۇچراشتى... ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ، قوشۇننى باشلاپ ئۇدۇن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئالتۇن، گۆھەر ۋە ئەسىر غەنىيمەت ئالدى، ئادەم ئەۋەتىپ زۇڭ چۇكې، جىچۇنالارغا پارا بەردى... چۇكې قاتارلىقلار ئاسىنا كۆلچاينىڭ پادىشاھىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، شۇئان تەكلىپ بېرىپ مۇۋەققەت ئوردا تەپتىش بېگىنىڭ ئوتتۇرانچى بېگى پېڭ جيابىگنى ئەلچىلىك خېتى بىلەن ئاسىنا كۆلچايدىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى... ، ئاسىنا كۆلچاي جىشۇ دەرياسىنىڭ ئېغىزىدا كۈتۈپ تۇرۇپ، پېڭ جيابىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ساگې قوشۇنى يوشۇرۇن يېتىپ كېلىپ، ئاسىنا كۆلچاينى تىرىك تۇتۇپ، پېڭ جيابىڭ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈردى».

بەزى خاتىرىلەردىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، تۈركەشلەرنىڭ باشلىقى ساگې ئاسىنا كۆلچاي سادىق بىلەن چىقىشالمىغان، ئاسىنا كۆلچاي جويىتىنىڭ پىلانى بويىچە، قوشۇن تارتىپ ئۇدۇن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئالتۇن - گۆھەر غەنىيمەت ئېلىش بىلەن ئوردا نوپۇزلۇقلىرىدىن زۇڭ چۇكې قاتارلىقلارغا پارا بەرگەن، شۇندىن كېيىن جىشۇ دەرياسىنىڭ ئېغىزىغا بېرىپ، ئەلچىلىك خېتى

ئۈستىدە سۇ ئېلىنىشى لازىمكەنتۇق، بۇنىڭدىن يولغا يېقىن جايلاردا بويلاپ ماڭغۇدەك دەريانىڭ يوقلۇقىنى بىلگىلى بولىدۇ. «غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: «ئۇدۇن دەرياسى شىمالغا قاراپ ئېقىپ پامىر دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ» دېيىلگەن. پامىر دەرياسى «قامۇسنامە» دە ئېيتىلغان پامىرنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا، ھەرگىز ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر جەنۇبىي دەريا يوق. لى داۋيەن «دەريالار قامۇسى» نى ئىزاھلىغاندا، ئېھتىمال ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسلىنىپ پامىرنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا بىلەن جەنۇبىي دەريانى پەرق ئېتەلمەي، ئەقلىي ھۆكۈم بىلەن ئۆزگەرتىپ مۇشۇنداق خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇدۇن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ كۆچۈپ تۇرغانلىقىمۇ تارىخىي خاتىرىلەردە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش خاتالىقىنى پەيدا قىلىشقا ئوبيېكتىپ سەۋەب بولغان. تارىخىي پاكىتتىن سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇدۇن دەرياسى بىلەن پامىرنىڭ جەنۇبىدىكى دەريانىڭ قوشۇلغان جايى ھازىرقى تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، تارىم دەرياسىنىڭ قەدىمكى قىنى ھازىرقى قىنىنىڭ جەنۇبىدا يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق يىراقلىقتا قالغان. «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» دىكى تۆۋەندىكى ماتېرىيال ئېھتىمال، «قامۇسنامە» دە ئېيتىلغان جىجىڭنى يەنى جىرۇڭ دەريا ئېغىزى ئەتراپىدىكى جاينى كۆرسەتسە كېرەك. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا تەخمىنەن 100 چاقىرىم يىراقتا، يەنى ئاقدۇيانىڭ جەنۇبىدا 20 چاقىرىم يىراقلىقتا شەرققە قاراپ ئاققان بىر قۇرۇق دەريا قىنى تېپىلدى. دەريانىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 200 مېتىر، ئىككى قېشىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدۇ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، قۇملىرى يۇمشاق، رەڭگى كۇمۇشتەك ئاق. خوتەن دەرياسىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. قۇرۇق دەريانىڭ يېنىدا قەدىمىي يولمۇ بار، غۇۋا بىلىنىدۇ، يول ئەتراپىدىن قىزىل ساپال پارچىلىرى، مىس پارچىلىرى، ئۈنچە - مارجان ۋە ئۇرۇش ئوتىنىڭ داشقاللىرى يىغىۋېلىندى، يول ياقىسىدا يەنە مۇھاپىزەتچىلەر تۇرغان ئىمارەتلەر بولغانلىقى ئېھتىمال، ئەپسۇسكى، تاپالمىدۇق. بۇ يادىكارلىقلارنى ئېنىقلاپ بېكىتكەندە، ئۇنىڭ VIII ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى نەرسىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى، بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن شۇنىسى مەلۇم بولدىكى، بۇ قۇرۇق دەريادا سۇ بار چاغلاردا، شەرقتىن غەربكە

تارام - تارام ئېقىنلارنىڭ كۆكەرتىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن بوستانلىقلار بوك - باراقسان گىياھلار بىلەن قاپلىنىپ، ھاياتىي كۈچ نامايان بولۇپ تۇراتتى. تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى ئىنتايىن ئېغىر تەبىئىي شارائىتتا، يىپەك يولى بويىدا ئۆتكەن دانىشمەنلەر رەڭگارەڭ غەربىي رايون مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بىراق يىراق قەدىمكى دەۋردە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھاۋاسى قۇرغاقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، كەلكۈن سۇلار ھەر يىلى كۆپ مىقداردىكى لاي-قۇملارنى ئويمانلىققا ئېقىتىپ كىرىشى بىلەن مول قۇم مەنبەسىگە ئايلانغان، غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال بورانلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆچىيىشى بىلەن ئاقما قۇمنىڭ بوستانلىق رايونىغا بولغان تەھدىتى تەدرىجىي كۈچەيگەن. دەرۋەقە، ئەينى ۋاقىتتا يەر كەڭ، ئادەم شالاڭ ئىدى، ھەممىلا يەرنىڭ تەبىئىي يېپىنچىسى بولۇپ، كەڭ تەبىئەت ئېپتىدائىي تەڭپۇڭلۇقتا تۇراتتى، بوراننىڭ تۇرتكىسى بىلەن قۇملار ئېقىپ تۇرسىمۇ، چەكلىك ئاھالە يەنىلا تۇرار جايدىن غەم قىلمايتتى. «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: ئۇزۇنتات دۆلىتىنىڭ «شەرقىي شىمالى كۇسەنگە، غەربىي شىمالى ئاقسۇغا تۇتىشىدۇ»، ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ «شىمال تەرىپى ئاقسۇغا تۇتىشىدۇ»، كۇسەن دۆلىتىنىڭ «جەنۇبى تەرىپى نىيىگە، شەرقىي جەنۇبى چەرچەنگە، غەربىي جەنۇبى ئۇزۇنتاتقا تۇتىشىدۇ» دېيىلگەن، ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىي بېشى بىلەن شىمالىي بېشىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ بىر - بىرىگە تۇتاش ئىكەنلىكى ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، خۇددى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ بىزگە ئۇقتۇرغىنىدەك، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇدۇن، ئۇزۇنتاتنىڭ شىمالىدا، مازار تاغدىن دەندان ئۆيلۈك — قارا دۆڭ — نىيە — چەرچەنگىچە بولغان لىنىيىدە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ يادىكارلىقلىرى ساقلانغان. يېقىنقى يىللاردا يېڭىدىن تېپىلغان تۇرالغۇ جاي ئىزلىرى بۇ ئەھۋالنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ ۋە كىشىلەرنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلاردا بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن راۋان يوللارنىڭ بولغانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ.

كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، شىمالىي پاراللېل '29°31 نىڭ جەنۇبىدىكى بۇ كەڭ رايوندا، كىشىلەر ئۇزۇن ۋاقىتلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، سۇ، يەر شارائىتى ياخشىراق جايلارنى تاللاپ ئولتۇراقلاشقان. ئاساسلىقى، دەريا ئېقىنلىرى تاغدىن چىققاندىن

بىلەن ھال سوراشقا كەلگەن. پېلىڭ جىيابىلىڭ قاتارلىقلارنى كۆتۈۋ تۇرغان. ئاسنا كۆلچاي ئۆدۈن دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈپ يېتىپ بارغان قاتناش تۈگۈنىدىكى جىشۇ دەرياسىنىڭ ئېغىزى شەكسىزكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۆدۈن دەرياسى بىلەن تارى دەرياسى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ يول يېنىدا قوشۇلغان جىرۇڭ دەرياسى ئېغىزىدىن ئىبارەت. جىشۇ ( 计舒 ) بىلەن جىرۇڭ ( 计戎 ) ۋە «شىمالىي سۇلالە تارىخى»، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى» نىڭ ئۆدۈن ماددىلىرىدىكى جىشى ( 计式 )، «قامۇسنامە» دىكى جىچىڭ ( 计成 )، جىشۇ ( 计首 ) دېگەن خەتلەرنىڭ شەكلى ئوخشايدۇ ياكى ئاھاڭى ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسى بىر جاينىڭ نامى. بۇ قەدىمكى كىتابلارنىڭ ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆچۈرۈلۈش جەريانىدىكى خاتالىق ياكى ئىسىملار تەرجىمىسىدىكى پەرقتىن ئىبارەت. بۇلا ئەمەس، ياپونىيىلىك تېختىيەن فىڭبانىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، ستەين دەندان ئۆيلۈكتىن تاپقان تاڭ سۇلالىسىنىڭ دالى دەۋرىدىكى خەنزۇچە خەت - چەكلەردىن بىرىدە ئېيتىلغان گايسېتا ( ؟ )، جيېشيې 杰谢 دېگەن كەنت ( جىڭ ) مۇجىرۇڭ بىلەن بىر جاي بولۇشى مۇمكىن. بۇ مۇھاكىمە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدىكەن. ئۇ چاغدا، تاڭ خاندانلىقى غەربىي رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە تەسىس قىلغان گايسېتا كەنتىنىڭ نامى دەريانىڭ نامىدا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇمۇ دەندان ئۆيلۈك بىلەن جىرۇڭ دەرياسى ئۆدۈن دەرياسىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھازىرقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەن-دىنىڭ ئەينى زاماندا ئۆدۈن دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى شەرققە قاراپ ئېقىپ دەندان ئۆيلۈككىچە بارغان دەپ ئويلىغانلىقىمۇ ئېھتىمال.

قەدىمكى خوتەننىڭ شىمالىدا شەرقتىن غەربكە توغرا كېسىپ ئاقىدىغان جەنۇبىي دەريا مەۋجۇت ئەمەس. بۇ دائىرىدە ئېگىز تاغلاردىكى قارنىڭ ئېرىشى بىلەن ھاسىل بولغان دەريا ئېقىنلىرىدىن خوتەن دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسىنىڭ ئۇزاق جايلارغىچە ئېقىپ تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان دەريالار ھەممىسى كۇئېنلۇن تېغىدىن چىقىپ شىمالغا قاراپ ئېقىپ، قۇملۇققا بارغاندا يوقاپ كەتكەن.

ھازىرمۇ خوتەن رايونى بويىچە مۇشۇنداق چوڭ - كىچىك دەريا-ئېقىنلىرىدىن جەمئىي 30 ى بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 7 مىليارد 382 مىليون 920 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

مېۋىلىك باغلىرى، ئۈزۈمزارلىق، كۆلچەك، تۈگمەن قاتارلىقلار بولغان. ئېتىزلارنىڭ ھەممىسى يۇلغۇن، تىكەن، قومۇچلار بىلەن قورشاۋغا ئېلىنىپ، بوران - قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن. سۇنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن، توپا قاتلىمىدىكى تىندۇرمىدىن قارىغاندا، نىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرىدىكى نىيە خارابىسى قۇملۇققا يېقىن جايلاشقان. ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدا ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەبرىستانلىق بۇ ۋاقىتتا ئاقما قۇم رايونى بولغان. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە نىيىنىڭ ئاھالىسى ئاز بولۇپ، «480 ئۆيلۈك، 3600 نوپۇسى بار ئىدى» . خارابىنىڭ دائىرىسى ۋە ئاھالىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىدىن قارىغاندا، نوپۇسنىڭ كۆپەيگەنلىكى ئېنىق. ئۇ چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە جېدەل - ماجىرا بولۇۋاتقان، زەئىپلەشكەن شەرقىي خەن خاندانلىقىنىڭ غەربىي رايوندىكى سىياسىي كۈچى سۆلىدىن كەتكەن، غەربىي رايون دورغابى بىر مەھەل جەنۇبتىكى ئۇدۇندا تۇرۇپ، كېيىن لوپنۇرغا يۆتكەلگەن، نىيە دۆلىتى پىشامشانغا تەۋە بولۇپ، نۇرغۇن قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن دوستانە ئارىلاش ئولتۇرغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقمۇ خېلى راۋاجلانغانىدى. يېگىدىن تېپىلغان «ئاشلىق مەھكىمىسى تامغىسى» ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تەشكىلى قۇرۇلۇپ، تېرىقچىلىق قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، سۇ مەنبەسى يېتىشمەي، كۆپلىگەن ئاھالە جەم بولۇپ، ئۆتكۈنچى ھالەتتە يەر ئېچىپ، بوستانلىق سىغدۇرالايدىغان چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن. دەريا سۈيىنىڭ ئېقىش مۇساپىسى كۈنسايىن قىسقىراپ، ئۇنۇملۇك سۇغىرىشنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، سۇغىرىش - سۇ باشلاش ئىشلىرىنى ئىنتايىن قاتتىق تىزگىنلىگەن. بىر يۇرۇش باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، شەخسىي يەرلەرنى سۇغارغاندا، ھۆكۈمەتتىن رەسمىي تەستىقلاپ كېچىرىم قىلىنغانلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى سۇ ھەققى تۆلىگەن. تەكشۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ھەر قېتىم ئېتىزلىرىغا قويغان سۈيى خاتىرىلەپ تۇرۇلغان. سۇ بىلەن تەمىنلەشتە يەر كۆلىمى بويىچە نورما بەلگىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. سۇنى ئۆتنە بېرىۋېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، تەكشۈرۈپ سۈرۈشتە قىلىنغان، شۇنداقتىمۇ ئېغىر سۇ قىيىنچىلىقىنى بەربىر ھەل قىلالمىغان، كىشىلەر مىلادىيە Ⅲ ئەسىردىن كېيىن بۇ جاينى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن نىيە دۆلىتى جەنۇبىي يول بويىچە بوستانلىقتىكى بىرىنچى يوقالغان شەھەر دۆلىتى بولۇپ قالغان. «ۋېي سۇلالىسى

كېيىن ھاسىل بولغان لاتقا، تىندۇرمىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمى بۇلاق تېشىپ چىقىدىغان جايلار ئەتراپىدا ياكى دەريالارنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى ۋە ئاخىرىدىكى قۇرۇق دېلتىلاردا ئولتۇراقلاشقان. ئالدىنقىسى نىسبەتەن مۇقىم بولۇپ، سۇ بىلەن تەمىنلىنىشى تولۇق بولغان بوستانلىق كۆلىمىمۇ چوڭراق بولغان، مەسىلەن، يۇرۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئۇدۇن بوستانلىقىنىڭ مەركىزىگە ئوخشاش. كېيىنكىسى دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئاخىرى ياكى تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ بويلىرىغا جايلاشقان. مەسىلەن، نىيە، قارا دۆڭ، دەندان ئۆيلۈككە ئوخشاش. ئاھالىنىڭ ئۇزلۇكسىز كۆپىيىشى، سۇنىڭ يېتىشمەسلىكى، دەريا - ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىش مۇساپىسىنىڭ تەدرىجىي قىسقىراپ كېتىشى ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئېقىن يولىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئاھالىلەر بۇ جاينى تاشلاپ، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى بۇلاق سۇلىرى تېشىپ چىقىدىغان جايلارغا كۆچكەن. تارىختا ئۆزگىرىش كۆرۈنەرلىك بولۇپ، خارابىلىشىشقا يۈزلەنگەن بوستانلىقلار مۇشۇ خىلدىكى بوستانلىقلاردۇر. نىيە، ئۇزۇنتاتىنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىشىدىكى تۈپ سەۋەب مۇشۇنىڭدا. نىيە دۆلىتىنىڭ خارابىسى ھازىرقى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا 130 چاقىرىم يىراقلىقتىكى قۇملۇقتا بولۇپ، بۇ يەر نىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرى ۋە تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ دەريا بويىدىكى دېلتىغا جايلاشقان. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىللىق، يەر تۈزلۈكى تەكشى، تۇپرىقى مۇنبەت، بولۇپمۇ سۇ باشلاش ئەپلىك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش جايى بولغان. خارابىنىڭ دائىرىسى كەڭ. نىيە دەرياسى شىمالغا قاراپ ئېقىپ بۇ يەرگە كەلگەندە يېيىلىپ تارقىلىشىپ كەتكەچكە، يەلپۈگۈچ شەكلىدىكى بوستانلىق رايونى ھاسىل بولغان. خارابە ئىچىدە ئۆي - ئىمارەتلەر قاتار - قاتار زىچ جايلاشقان، شەرق قىسمىدا ھازىرغىچە ئىككى بېشىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر كېلىدىغان ياتا تام ساقلىنىپ كەلگەن، بۇ سېپىل دېيىلىۋاتىدۇ، تېخى بېكىتىلمىدى. دەريانىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئېتىزلىقلار، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئانچە - مۇنچە پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. سۇ چىقىرىپ سۇغىرىش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى ئادەملەر دەريا قىنىغا قوزۇق قېقىپ دەرەخ شاخلىرىنى بېسىپ سۇنى توسۇپ، دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تېرەك تىكىلگەن ئۆستەڭگە كىرگۈزگەن. ئۆستەڭگە كۆۋرۈك سالغان. يېقىن ئەتراپتا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى،

جۇغراپىيىلىك ئورنى «جەنۇب تەرىپى چىرىنغا، شەرقىي شىمال تەرىپى كۇسەنگە، غەربىي شىمال تەرىپى ئاقسۇغا تۇتىشىدۇ» دېيىلگەن. ئۇزۇنتاتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇسى، ئەسكىرىي كۈچى، يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ بولغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى، «ئائىلە سانى 3340، نوپۇسى 20 مىڭ 40 خىل ئەسكىرى 3540 ئىدى» . ئۇدۇندىن سەل پەرقلىق بولۇپلا قالماي، چوڭ دۆلەت ئاتالغان يەكەن، سۇلېمۇ دەسلەپتە تەڭ كېلەلەيتتى. بىراق، بوستانلىقتىكى شەھەر دۆلىتى بولغاچقا، سۇ بايلىقىنىڭ يېتىشمەسلىكى ئۇنى چەكلەيدىغان پايدىسىز شارائىت ئىدى. ئۇزۇنتات بوستانلىقىنىڭ مەركىزى، يەنى ئۇنىڭ پايتەختى — ئۇزۇنتات شەھىرى ياكى بىمۇ شەھىرى بۈگۈنكى كۈندە چىرىدىكى كونا دامىكۇ جىلغىسى ئەتراپىدىكى قۇملۇقتا قالغان. بۇ يەر كەڭ تىندۇرما تۇزلەڭلىك بولۇپ، نەچچە ئون چاقىرىم ئەتراپىدا زىچ مەدەنىي يادىكارلىق ساقلانغان، ئورنى نۇرى دەرياسىنىڭ ئاخىرى ياكى تۆۋەنكى ئېقىمىغا توغرا كېلىدۇ. (ھازىر دامىكۇ جىلغىسى، فۇناق جىلغىسى دېيىلىدۇ) ، بۇ دەريا ئۇزۇنتات بوستانلىقىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىن ئەتكەن. ئۇزۇنتات بوستانلىقى، دەندان ئۆيلۈك خارابىسى قوشۇلۇپ، شىمال تەرىپى مازار تاغدىن نىيىگىچە بارىدۇ، جەنۇب تەرىپى چىرىنىڭ تاغلىق رايونىغا تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى ئۇدۇنغا تۇتىشىدۇ. شەرق تەرىپى نىيىگە ئۇدۇل كېلىپ، دەريا بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ كەڭ بوستانلىقتىكىلەرنىڭ بۇرۇن ئۇدۇن دەرياسى (جىرۇڭ دەرياسى ) ، كېرىيە دەرياسىنىڭ سۇلىرى بىلەن تەمىنلەنگەن - تەمىنلەنمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

تارىخىي خاتىرە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، دەندان ئۆيلۈك ئۇزۇنتاتنىڭ يەرلىرى ئاساسلىقى يۇقىرىدا ئېيتىلغان دەريالار بىلەن سۇغىرىلىپ كۆكەرتىلگەن. بىز كونا دامىكۇ جىلغىسىنىڭ شىمالىدىكى خارابىلىكتە چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توغرا ئېلىنغان، بەزى يەرلىرى تۇتۇق، بەزى يەرلىرى ئېنىق بىلىنىدىغان، جەنۇبتىن شىمالغا ئاققان بىر ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنتات ئۆستىڭى ئارقىلىق توپتوغرا تېخىمۇ شىمال تەرەپتىكى دەندان ئۆيلۈك خارابىسىگە تۇتاشقانلىقىنى ھېلىمۇ كۆرەلەيمىز، بۇ يەر ئېگىزلىككە جايلاشقان، يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان. . . ئۆستەڭ چاپقۇچىلار ئالاھىدە تاللىغان ئەڭ مۇۋاپىق ئورۇن ... ئەڭ ئېگىز ئوپۇق سىزىقىدا مۇنداق بىر

تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: «چەرچەننىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى قۇم بىر نەچچە يۈز چاقىرىم ئاققان» دېيىلگەن. بۇنىڭدا نىيە بوستانلىقىنىڭ ئاقما قۇم قاپلاپ كېتىپ تاشلىنىپ كەتكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان. مىلادىيە 644- يىلى شۋەنزاڭ قايتىپ بۇ يەرگە كەلگەندە، نىيىنى قۇم بېسىپ كېتىپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش لىنىيىسى جەنۇب تەرەپتىكى نىراڭ شەھىرىگە يۆتكەلگەن بولغاچقا، «ئەتراپى 34 چاقىرىم كېلىدىغان يەر چوڭ سازلىق ئىچىدە قالغان، سازلىق ئىسسىق، نەم، كېچىپ مېڭىش قىيىن، قۇمۇچ بېسىپ كەتكەن، قايتىشقا يول يوق، شەھەر يولى بىلەن مېڭىشقا توغرا كەلدى، شۇڭا بېرىش - كېلىشتە بۇ شەھەردىن ئۆتمەي بولمىدى، جۈملىدىن قۇستانانى شەرقتىكى مۇداپىئە قوۋۇقى دەپ ئويلىدۇق» دەپ يازغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى نىيە نىراڭ شەھىرى ئىدى. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي رايون خاتىرىسى» دىكى بايان بويىچە ئالغاندا، نىيە جەنۇبقا 70 كىلومېتىرچە يۆتكەلگەن، قۇمۇچ بېسىپ كەتكەن سازلىقچە، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ يولدا مېڭىش قىيىن بولغان، «قۇمۇچ بېسىپ كېتىپ، قايتىشقا يول قالمىغان» ، گۈللەنگەن يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىدا «كارۋانلار ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇراتتى» ، ئۈزۈن ئۆتمەيلا، قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن. شەھەردىن چىقىپ «شەرققە قاراپ يۈرسىڭىز، چوڭ قۇملۇققا كىرىسىز، قۇم ئېقىپ ھەممىلا يەرنى قاپلىغان، ئادىمىزاتنىڭ ماڭغان ئىزى تېپىلمايدۇ. يول تېپىپ ماڭغىلى بولمايدۇ، تۆت ئەتراپ بىپايان قۇملۇق. ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ قېپقالغان سۆڭەكلىرى بەلگە قىلىنىدۇ» دېيىلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇننىڭ شەرقىي چېگرىسىدا قۇرغاقچىلىق ئېغىر، بوران كۈچلۈك بولۇپ، قۇم ئاپىتى كۆپ بولغان، جەنۇبىي يولنىڭ چۆلدەرەپ كېتىشىگە مۇھىتنىڭ يامانلىشىشى مۇھىم سەۋەب بولغان.

قەدىمكى نىيىنىڭ بىپايان قۇملۇققا ئايلىنىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، كەڭ تارقالغان گېرورواجا 葛劳落加 (؟) شەھىرىنىڭ قۇمدا كۆمۈلۈپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى ھېكايە كىشىلەرگە ئۇزۇنتات بوستانلىقىغا بەختسىز تەقدىرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرەتتى.

«خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: ئۇزۇنتات دۆلىتىنىڭ خانى «ئۇزۇنتات شەھىرىدە تۇرىدۇ» ، ئۇنىڭ

تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىكى ئەھۋالغا سەل قارىغان: 1. ئىقتىسادىي ئېچىش، نوپۇس كۆپىيىش قاتارلىق ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن تەكشۈرۈشى؛ 2. خوتەننىڭ قەدىمكى دەۋردىكى يەر ئۈستى ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشى كەم بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋردىكى پىما ياكى كەنچىڭ دەپ ئاتالغان قەدىمكى ئۆزۈنتات نوپۇسى كۆپ، ئىقتىسادى گۈللەنگەن شەھەر بولۇپ، ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. مىلادىيە XIII ئەسىردە ماركوپولو بۇ يەردىن ئۆتكەندە، ئۇنى فېيىن ئوبلاستى دەپ ئاتىغان، «ئىچىدە سان - ساناقسىز شەھەر - كەنت ۋە قورغان بار ئىكەن» دېگەن. بىراق مۇشۇ گۈللەنگەن دەۋردە، دەريا - ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىش مۇساپىسى قىسقىراپ كېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەم تۇرىدىغان جاي شىمالدىن جەنۇبقا چېكىنگەن. بىز بۈگۈنكى كۈندە دامىكو جىلغىسىدا ئۇچراتقان تېتىرلىق خارابىسى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدى - كەينىدىلا كىشىلەرنىڭ دەريانىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا كۆچكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. VII ئەسىردىن كېيىن، دەندان ئۆيلۈك تاشلىنىۋېتىلگەن، XIV ئەسىردىن كېيىن، ئۆزۈنتاتنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىغان. تەخمىنەن X IX ئەسىردىن كېيىن، كونا دامىكو جىلغىسىدىمۇ يەرنى نورمال سۇغىرىش مۇمكىن بولماي، ئاھالە جەنۇبقا كۆچۈشكە باشلىغان. يۈز يىلدىن بۇيانقى «ئۈچ قېتىم كۆچكەن»، «يەتتە قېتىم كۆچكەن» دېگەن سۆزلەر ئۇزۇن يىللار داۋامىدا قۇملىشىشنىڭ تەدرىجىي ئېغىرلىشىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ كۈنسايىن يامانلىشىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پۈتكۈل ئۆزۈنتات بوستانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرگەندە، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئېغىر بولۇشى ئۇدۇن دەرياسى (جىررۇڭ دەرياسى)، كېرىيە دەرياسى (جيەندېلى دەرياسى ياكى بىمۇ دەرياسى) نىڭ ئۆزگىرىشى بىلەنمۇ خېلى كۆپ مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بېشىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى جەنۇب تەرەپ شىمال تەرەپتىن ئېگىز بولۇپلا قالماستىن، غەرب تەرەپمۇ شەرق تەرەپتىن ئېگىز، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قىيپاش بولۇپ، ئېگىز تەرىپى پەس تەرىپىدىن 1000 مېتىرغا يېقىن پەرقلىنىدۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان لوپ ناھىيىسى دەريا قىنىدىن 30 مېتىر تۆۋەن. شۇڭا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي يېنىدىكى تارماق ئېقىننىڭ يۆنىلىشى كۆپ بولۇپ، ئۆستەڭلەر خۇددى توردەك جايلاشقان. مازار تاغقا يېقىن جايدا شەرقىي شىمالغا قاراپ ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان ئىككى

ئۈستەڭنى ساقلاپ قالغاندا، كەلگ كۆلەمدىكى سۇغىرىش رايوننى تىزگىنلەش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەبىئىي سۇ چىقىرىۋېتىش يولىنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پۈتلىكاشاڭدىن ساقلىنىشمۇ بەك ئاسانغا توختايتتى» («قەدىمكى خوتەن»، 287-بەت). يەر تۈزلۈشى تەكشى، دائىرىسى كەڭ، يەرلىرى مۇنبەت بولغاچقا، كۆچمەنلەر كۆپىيىپ، تېرىقچىلىق كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، دەريا سۈيى ئېھتىياجنى تەمىن قىلالماي، دائىم سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بېرىش بىلەن ئېقىن مۇساپىسى بارا - بارا قىسقىراپ كەتكەن. «ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي رايون خاتىرىسى» دە بايان قىلىنغان ئۇدۇن «شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا يۈز نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا غەربىي شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان چوڭ دەريا بار ئىدى. دۆلەت خەلقى شۇ سۇ بىلەن يەر سۇغىراتتى، بۇ دەريانىڭ سۈيى كېيىن ئۈزۈلۈپ قالغان». بۇ، چىرا دەرياسى قاتارلىق ئېقىنلارنىڭ سۈيى يېتىشمەي، نورمال ئۇنۇملۈك سۇغىرىشى تەمىن ئېتەلمىگەچكە، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يېتىپ، ئەل - يۇرتنىڭ تەشۋىشتە قالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «دېھقانلارنىڭ جېنى ئاشتا»، «ئاش يېمىسە ئۆلىدۇ، ئۆلۈم خەۋپى كەلگەندە قانداق قىلىش كېرەك؟».

ئۇدۇن تىلىدا يېزىلغان خەت - چەكمۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇدۇننىڭ گەنجۇ ئوبلاستىدا، يەنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۈزۈنتاتىنىڭ قەدىمكى جايلىرىدا، سۇ ئىنتايىن قىس بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ يەر سۇغىرىدىغان سۈيىنى باش ئەمەلدار تەستىقلىغان. ئەمدى بىز «غەربىي رايون خاتىرىسى» نىڭ رىۋايىتىدىكى ئەپسانىۋى نىقابنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇدۇننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دەريا سۇلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بارغانسېرى كېمىيىپ، ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ۋە ئاخىرى بوستانلىقنىڭ تاشلىنىشىغا سەۋەب بولغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىمىز. بۇرۇن سىتەيىن: «دەريا سۇلىرىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىكى ئەڭ يېقىنقى سەۋەبنى شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، دەريا سۈيىگە مەنبە بولۇپ كەلگەن تاغدىكى مۇزلارنىڭ كۆنسايىن ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن بولغان» دەپ قارىغان. قەدىمكى دەۋردىكى سۇ رايى توغرىسىدا تەپسىلىي ئەمەلىي خاتىرە كەمچىل بولغاچقا، بۇ مەسىلە ئۈستىدە تازا ئاساسلىق يەكۈن چىقىرىش قىيىن. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، سىتەيىن «قۇرۇپ كېتىش» مەسىلىسىگە ھۆكۈم قىلىشتا، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان

ئېغىر دەرىجىدە تىنىپ كەتكەن. 1985-يىلى خوتەن دەرياسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئېلان قىلغان «خوتەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش دوكلاتى» دىكى مۆلچەر بىلەن ھېسابلانغان ساندىن قارىغاندا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۇيىدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم مىقدارى 16.5 كىلوگرام / كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم چۆشۈش مىقدارى 11 مىليون 970 مىڭ توننا، تارماق ئېقىنلىرىنىڭ قۇم مىقدارى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ، تىنىپ كېتىش ھلۇق دەريا ئېقىنلىرىنىڭ پەسىل خاراكتېرى كۈچلۈك، كەلكۈن مەزگىلىدىن باشقا كۆپ ۋاقىتتا سۇ كەم بولىدۇ، سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، ھەر يىلى ئېقىن ئۆزۈلۈپ قالىدىغان مەزگىلدە، قۇمنىڭ بوراندا دۆۋىلىنىشى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، كەڭ ھەم تېيىز دەريا قىنى ئۈزلۈكسىز تىنىپ ئېگىزلەپ تۇرغاچقا، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ لايلىرىنى ئادالاپ تۇرۇش قىيىن بولغان، ئۇزۇن ۋاقىتلىق ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنىڭ ۋەيران قىلىشى بىلەن، تېخىمۇ يامانلىشىپ، ئاساسلىق دەريا يوللىرى دائىم ئۇياق - بۇياققا يۆتكىلىپ تۇرغان، تارماق ئېقىنلار توسۇلۇپ قېلىش، ئېقىن يولى ئۆزگىرىپ كېتىش ھادىسىلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرغان، ھازىرقى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قەۋەتلىنىپ كەتكەن نۇرغۇن قەدىمىي دەريا يوللىرى — سۇ سىستېمىسىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ تارىخىي گۇۋاھچىسى. سۇ يوللىرى تىنىپ ئېتىلىپ قالغاچقا، ئۇدۇن دەرياسى ئۈزۈنتات بوستانلىقىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان سۇ مىقدارىمۇ بارا-بارا ئازلاپ كەتكەن. ئۇنىڭ شەرقىدىكى جىيەنئېلى (بىمۇ) دەرياسىمۇ، ئۈزۈنتات بوستانلىقىنىڭ شەرقىگە ئۈزلۈكسىز يۆتكەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا قۇرغاقچىلىق تېخىمۇ ئېغىرلاشقان. ھازىرقى كېرىيە دەرياسى، يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جىيەنئېلى دەرياسىنى ئالساق، كېرىيە ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى يەتكۈزۈپ بەرگەن ماتېرىيالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قەدىمكى يولى ھازىرقى دەريا يولىنىڭ غەربىدە 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شەنبە بازار ئەتراپىدا ئىكەن. خوتەن رايونى بويىچە بۇ ئۈچىنچى چوڭ دەريا قەدىمكى ئۈزۈنتات بوستانلىقىدا يەر سۇغىرىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ، لاي-قۇملىرى پەۋقۇلئاددە كۆپ، ھازىر كەلكۈن مەزگىلىدە ئېلىپ كېلىدىغان لاي-قۇم قاتارلىقلار 0675.6/ كۇب مېتىر بولۇپ، تىنىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر، شۇڭا دائىم يۆتكىلىپ كېلىۋاتىدۇ. غەرب تەرەپ ئېگىز،

قۇرۇق دەريانىڭ تېپىلغانلىقى ئەنە شۇ خىل يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خۋاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1929- يىلى خوتەننىڭ توۋاق دېگەن يېرىدىن قۇملۇق ئارقىلىق شەرققە قاراپ يۈرگەندە، «بىر قۇرۇق دەريا بولۇپ، ئىككى قىرغىقىدىكى قاتار ئېگىز قۇم تاغنىڭ دەريانى ئارىغا ئېلىپ، شەرقىي شىمالغا باشلاپ ماڭغان» لىقىنى كۆرگەن. كېيىن داۋاملىق سۇ ياغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، شىمال تەرەپتە شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاققان بىر قۇرۇق دەريانى، قۇرۇق دەريانىڭ يۆنىلىشىگە قارشى شەرقىي شىمالغا قاراپ يۈرۈپ، يول بويىدا شېغىل تاشنىڭ كۆپلۈكىنى، ئىككى تەرىپىدىكى توغراقلارنىڭ ئورمان بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بۇ يەردە قەدىمىي دەريا ئېقىنى ئۆتكەن ئىزنى كۆرگەن («تارىم ئويمانلىقى توغرىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرە»، 5-باب). ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدىكى بۇ قۇرۇق دەريانىڭ سۈيى بۇرۇن دەندان ئۆيلۈك، ھەتتا شايارنىڭ تېرىم دېگەن يېرىگىچە ئېقىپ بارغانىكەن. 1980- يىلى باھاردا مەن بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىمۇ بىر ئۇزۇلۇپ، بىر داۋاملاشقان قۇرۇق دەريانى كۆرگەن، بۇنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 100 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي شىمالغا قاراپ سوزۇلغان. ئۈستىدىكى نېپىز بىر قەۋەت شېغىلنىڭ ئاستى پۈتۈنلەي كۆمۈشتەك يۇمشاق قۇم بولۇپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قۇمىغا تامامەن ئوخشايدۇ. يەنە جەنۇب تەرەپتە تاش يولنىڭ شىمالىغا يېقىن جايدا، شەرقتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان يەنە بىر قۇرۇق دەريا بولۇپ، دەريا قىنىدىن شېغىل تاشلارنى تاپقىلى بولىدۇ، بۇ «تارىم ئويمانلىقى توغرىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرە» دە بايان قىلىنغان قەدىمكى ئاق سېپىل شەھىرىدىن ئۆتكەن قۇرۇق دەريا يولى بولۇپ، «دەريا قىنىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچچە، كەڭلىكى بىر چاقىرىمچە كېلىدۇ، ئىككى تەرىپىدىكى قۇم ئىزى ئەگرى - بۈگرى كەتكەن، تۇرۇپ ئۈزۈلۈپ، تۇرۇپ داۋاملىشىدۇ». ئۆز دەۋرىدە غارقىراپ ئاققان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئىزىنى تېپىش قىيىن بولغان قەدىمكى دەريانىڭ سۈيى ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي شىمال تەرەپتىكى ئۈزۈنتات بوستانلىقىغىچە بېرىپ، چىرا دەرياسى، نۇرى دەرياسى ۋە كېرىيە دەرياسى بىلەن قايچىلىشىپ، ئۈزۈنتات بوستانلىقىنى گۈللەندۈرگەن، شۇنىڭدەك قۇملۇقنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كېلىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدىغان. ئەمما، يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرى لاي - قۇم بىلەن

يەنىلا كەلكۈن لاتقىلىرى، تىندۇرما يانتۇلۇقلارنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمى، يوشۇرۇن سۇلار تېشىپ چىقىدىغان جايلار ئەتراپىدىكى يەلپۈگۈچ شەكىللىك بوستانلىق ھېسابلىنىدۇ.

مەشھۇر خوتەن بوستانلىقىنىڭ مەركىزى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ماكانى ئىدى. ئۇدۇن دۆلىتى دەسلەپتە بۈگۈنكى خوتەن ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى ۋە خوتەن شەھىرىنىڭ دائىرىسىگە باراۋەر كېلەتتى. شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تەۋە زېمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككى دەريانىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى يەر ئاستىدىن سۇ تېشىپ چىقىدىغان جايلار بۇ دۆلەتنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇش بازىسى بولغان. بوستانلىقنىڭ مەركىزى ئىنسانلار ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىپ كەلگەن ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان كونا بوستانلىقلاردۇر. قەدىمكى ئۇدۇننىڭ پايتەختى جايلاشقان جاي — غەربىي شەھەر، جۈملىدىن ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ بۇزاق، باغچى، توساللا ئەتراپىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، توپا قاتلىمى قېلىن، يەر تۈزلۈكى تەكشى، سۇ باشلاشقا ئەپلىك بولۇپ، ھازىرمۇ باياشات دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر قانچە ئون يىللىق دىنىي ئۇرۇش بۇ جاينى كۆپ ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان بولسىمۇ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە سۇ، تۇپراق شارائىتى تۈپەيلىدىن، ئۇزۇنغا قالماي يەنە نوپۇسى زىچ تېرىقچىلىق رايونى بولۇپ ئەسلىگە كەلگەن. بوستانلىقنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى جايلارنى ئۇرۇش ئاپىتىدىن كېيىن بارا-بارا قۇم يۇتۇپ كەتكەن. خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىدا 30 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىنماچىن دەپ ئاتالغان قۇملۇقتا، ئىككى دەريا ئارىلىقىنى سانجاق-سانجاق قۇم تاغ ئىگىلەپ كەتكەن، بىز 1984- يىلى يازدا بۇ يەرگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ تەكشۈرگەندە، نۇرغۇن جايدا ئۆي - ئىمارەت ئىزلىرى ۋە قەدىمكى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئۇچراتتۇق. بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىدىكى تام سۈرەتلىرى يەنىلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ، ساپال پارچىلىرى كۆپ، قۇم ئارىسىدىن خەن، جىن سۇلالىلىرىنىڭ پۇللىرى تېپىلىدۇ. بۇ يەر دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى لوپنىڭ قەدىمكى ئاق سېپىل شەھىرى ۋە راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىگە ئۇدۇل كېلىدۇ، بۇ ئەھۋال لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى 50 كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىنىڭ ھەممىسى بۇرۇن بوستانلىق بولۇپ، ئىنسانلار تىرىكچىلىك قىلغان جاي

شەرق تەرەپ پەس، دەندان ئۆيلۈك خارابىسى ھازىرقى كېرىيە دەرياسى قىنىدىن 70-60 مېتىر ئېگىز بولغاچقا، شەرققە يۆتكەلگەندىن كېيىنكى كېرىيە دەرياسى ئۆزۈنتات بوستانلىقىنىڭ مەركىزىگە سۇ يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەدرىجىي قۇرغاقلىشىپ تاشلىۋېتىلگەن. سۇ ئېقىنلىرىنىڭ كۆكەرتىشى بىلەن شەرق تەرەپتە كېرىيە بوستانلىقى گۈللەنگەن. XI ئەسىردىكى ئەرەب ساياھەتچىسى مارۋازىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قەشقەردىن يەكەنگە بېرىشقا تۆت كۈن، يەكەندىن خوتەنگە بېرىشقا 10 كۈن، خوتەندىن كېرىيىگە بېرىشقا بەش كۈن، كېرىيىدىن شاجۇ ئوبلاستىغا بېرىشقا 150 كۈن كېتىدىكەن» («ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام»، 1-قىسمى، 67-بەت). ئۇ بىزگە بۇ بوستانلىقنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا بىرىنچى قېتىم خەۋەر بەرگەن. كېرىيە دېگەن نام ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، تۇراقسىز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دەسلەپتە دەرياغا قارىتا ئېيتىلغان، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى روشەنكى، دەريا يولىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يېڭىدىن گۈللەنگەن كەنتنىڭ نامى. VIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېزىلغان «تارىخىي رەشىدى» دىمۇ بۇ ئۆزگىرىش بايان قىلىنىپ: «ئاتۇشتىن ئۇدۇن چېگرىسىدىكى كېرىيە ۋە چىرىغىچە بىر ئايلىق مۇساپە» دېيىلگەن. ئۆزۈنتات بوستانلىقى خارابىلىشىپ، ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىدا ئىككى يېڭى بوستانلىقنىڭ گۈللىنىشى بىلەن خوتەن رايونىدىكى شەھەر، كەنتلەرنىڭ جايلىشىشى جەھەتتىكى يېڭى ھالەت شەكىللەنگەن. «تارىخىي رەشىدى» دە تىلغا ئېلىنغان چىرا، تەبىئىيكى، ھازىرقى چىرا شەھىرى ئەمەس، چىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇقنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان ھازىرقى راۋاق خارابىسىدىن ئىبارەت. ئۇ يەردىن تېپىلغان پۇلدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى تاڭ دەۋرىدە بولسا كېرەك. ئۇدۇن خەت - چەكلىرىدە ئېيتىلغان چىرا مۇشۇ يەرگە قارىتىلغان («ئۇدۇن تىلىدىكى خەت-چەكلەر توپلىمى» (K. T) 4-توپلام، 104-بەتكە قاراڭ).

كېرىيە دەرياسىنىڭ سۈيى چىرا دەرياسىنىڭكىدىن كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆكەرتكەن بوستانلىقى، يەنى ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسى دائىرىسى كەڭ، خەلقى باي، ھازىرمۇ خوتەن رايونى بويىچە ئاۋات رايون ھېسابلىنىدۇ. بوستانلىق سۇ ئېقىنلىرىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بارغان تارىخىي جەريانىدا، بىر قەدەر تۇراقلىق بولغىنى

تۈپەيلىدىن، مۇقەررەر خارابلىشىشتىن خالىي بولالمىغان. يەر ئاستىدىن تېشىپ چىقىدىغان جايلاردىن خوتەن، گۇما بوستانلىقى سۇ مىقدارى مۇقىم بولغاچقا، تەبىئىي مەنزىرىسىمۇ نورمال ھالەتنى ساقلاپ قالغان، مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ، راۋاجلىنىپ كەلگەن، چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بوستانلىقنىڭ ئۆزگىرىشىدە شىمالدىن جەنۇبقا، يەنى يەر ئاستىدىن سۇ تېشىپ چىقىدىغان جايغا قاراپ يىغىلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. بۇنىڭغا مۇناسىپ قۇملۇقنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرگەنلىكىمۇ پاكىت. مۇھىت ئۆزگىرىشىدىكى بۇنداق يۈزلىنىش چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نوپۇس تېز كۆپەيگەن، كۆپ مىقداردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىنغاندىن كېيىن، بارغانسېرى گەۋدىلەنگەن، دەريانىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرىقى ئېقىملىرىدا توسما ياساپ سۇ توسۇۋېلىنغان، قۇملۇققا تۇتاش تۆۋەنكى ئېقىمدىكى جايلار ئېغىر قۇرغاقچىلىقتا قالغان. چىرىنىڭ كونا دامىكۇ جىلغىسىدىكى قۇملىشىپ كېتىپ تاشلىنىۋېتىلگەن كەڭ يەرلەرنى بۈگۈنكى كۈندە سۇلا بولسا شۇئان تېرىغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال دەريا، ئۆستەڭلەردىكى سۇ ئېقىنلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ بوستانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشىدا ھەل قىلغۇچ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خوتەن رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى كۇئېنلۇن تېغىدىن چىقىپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ قۇملۇققا كىرىدىغان بىر مۇنچە دەريالاردىن قۇملۇق ئىچىدە يوقالماي قېپقالغان ئىككى دەريا بار، بۇلار ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 480 مىليون كۇب مېتىر كېلىدىغان يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسى، بۇ ئىككى دەريا قوشلاشتا قوشۇلۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1127 كىلومېتىر كېلىدىغان خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. يەنە ئېقىن مىقدارى 700 مىليون كۇب مېتىردىن ئارتۇق بولغان كېرىيە دەرياسى بار، بۇ دەريامۇ قەدىمكى زاماندا تارىم دەرياسىغا ئېقىپ كىرەتتى. كەلكۈن مەزگىللىرىدە بۇ ئىككى دەريانىڭ سۈيى غارقىراپ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بېشى بىلەن شىمالىي بېشىدا دەريانى بويلاپ ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان ئىككى يېشىل كارىدورنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۇ قۇملۇقنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشتا پايدىلىق رول ئويناپلا

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. قەدىمكى ئاق سىپىل شەھىرى ئۇرۇش ئاپىتى بىلەن سوغىرىش سىستېمىسى ۋەيران بولۇپ، ئادەمزات قالماي، بىنتام قۇملۇققا ئايلىنىپ، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن.

قەدىمكى ئۇدۇننىڭ غەربىدە گۇما بوستانلىقى بولۇپ، «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە گۇما دۆلىتى دەپ ئاتالغان، بۇنىڭ ئورنى شەرق تەرىپى ئۇدۇنغا 380چاقىرىم، غەربىي شىمال تەرىپى يەكەنگە 380 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، هازىرقى گۇماناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دائىرىدە، ئازەي غوجا (؟) دىن مۇگۇييادىكى قەدىمىي دەريا يولىغىچە بولغان جايدا ساقلانغان ۋېي - جىن سۇلالىلىرىنىڭ پۇلى قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىقلار ئۇزلۇكسىز ئۇچراپ كەلگەن. «ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي رايون خاتىرىسى» دە: «خان شەھىرىنىڭ غەربىگە 300 نەچچە چاقىرىم يۇرگەندە، بۇ جايى شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ» دېيىلگەن. بۇ مۇشۇ يەرگە قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ شەرقىدىكى زاڭگۇي خارابىسىمۇ گۇما قەدىمىي شەھىرى دېيىلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇما بوستانلىقى قۇم - بوراننىڭ ئېغىر زىيىنىغا ئۇچراپ، چوڭ يوللىرىمۇ توسۇلۇپ قالغان. «خان شەھىرىنىڭ غەربىدە 150ـ160 چاقىرىم يىراقلىققا جايلاشقان چوڭ قۇملۇقتىكى يولدا، يولدىكى قۇمنى ئىتتىرىپ ئادالىغۇچى بار ئىدى» . «چوڭ يولنى قۇم بېسىپ دۆڭ هاسىل بولۇپ، هەممە يەرنى قۇم قاپلاپ» ، گۇما بوستانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە گۈللىنىشىگە ئېغىر تەهدىت سالغان. ئۇ گۇما دەرياسى، سانجۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى لاتقا، تىندۇرمىغا جايلاشقان بولغاچقا، شارائىتى ناچار بولسىمۇ، زورۇر سوغىرىش ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتەلىگەن. شۇنىڭ ئۇچۇن بوستانلىقتىكى قەدىمىي شەھەرلەر قۇملۇقنىڭ مۇھاسىرىسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىۋەرگەن. پايتەختى ئۇياق - بۇياققا كۆچۈپ تۇرغان بولسىمۇ، هەممىسى هازىرقى گۇما شەھەر بازىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا.

يۇقىرىقى بايانلاردىن بوستانلىقنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى، دەريا، ئۆستەڭ ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كۆپ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى ياكى ئاخىرىدىكى قۇرۇق دېلتىلارغا جايلاشقان نىيە، ئۇزۇنتات بوستانلىقىنىڭ تەقدىرى يەر ئۈستى ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

دىنىنىڭ ھىمايانا مەزھىپى تارقالغان بولغاچقا، فاشىيەن قاتارلىق ماھايانا مەزھىپىنىڭ مۇرتىلىرىنى قارشى ئالمايدىغانلىقى، ئۇلارنى ئوبدان كۈتمەيدىغانلىقى سەۋەب بولغان. ئۇ پۈتۈنلەي دەريانى بويلاپ ماڭماي، قۇملۇقنى كېسىپ ماڭغان بولغاچقا، قاتتىق جاپا چەككەن. بۇ «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دىكى بايانغا تامامەن ئوخشايدۇ. تارىخ كىتابلىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈۋەنبىي خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ئاتلىق جەنۇبقا قاراپ ماڭغان. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاسناشىر كۇسەنگە قوشۇن تارتىپ يۈرۈش قىلغاندا، ئۇدۇن خانى فۇ دۇشىن قورقۇپ، ئوغلى ئارقىلىق قوشۇنغا 10 مىڭ 300 تۆگە ھەدىيە قىلغان. قوشۇن باشلىقى شۈۋەنبىي ئاسناشىرغا: ‹ ھازىر كۇسەن ئېلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، دۆلەت كۈچىگە كەلدى، مۇشۇ پۇرسەتتە چەۋەنداز بىلەن ئۇدۇن خانىنى قولغا چۈشۈرسەك›، دېگەن تەكلىپنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاسناشىر شۈۋەنبىينى 50 چەۋەنداز قوشۇپ ئۇدۇنغا ئەۋەتكەن، شۈۋەنبىي ئۇدۇن خانىنىڭ قورقۇنچتا تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئوردىغا بىرىپ تەڭرى خاقان بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۈندىگەن. شۇنىڭ بىلەن فۇدۇشىن شۈۋەنبىي بىلەن بىللە ئوردىغا بارغان» . يىقىندىن بۇيان تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شۈۋەنبىي قوشۇنى ئەينى ۋاقىتتا شاياردا تۇرغان. ئۇ شۇ يەردىن يولغا چىقىپ، چەۋەندازلىرىنى باشلاپ خوتەن دەرياسى بويى بىلەن ئۇدۇل خوتەنگە بارغان. «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» دە: جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى 12- ئايدا، كۇنچىيۇ ئايمىقىنىڭ باش سەردارى ئاسناشىرنىڭ قوشۇن تارتىپ بىرىپ كۇسەننى ئىشغال قىلغانلىقى، كېيىنكى يىلى، يەنى 23- يىلى 7-ئايدا فۇدۇشىننىڭ شۈۋەنبىي بىلەن بىللە پايتەختكە بارغانلىقى، شۈۋەنبىينىڭ بۇ نۆۋەت ھېچقانداق قورال كۈچى ئىشلەتمەي، تاسادىپىي مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى بايان قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسى غەربىي رايوننى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىش كۆپەيگەن، خوتەن دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتكەن قاتناش لىنىيىسىگىمۇ كىشىلەر كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان بولغان. جىيادەن: «چېگرا ئوبلاستلىرىدىكى قوۋملار يۇرتىغا بېرىش يوللىرى خاتىرىسى» دە، بۇ يولنى تۆۋەندىكىدەك كونكرېت خاتىرىلىگەن: «بارخاننىڭ جەنۇبىدىن

قالماستىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىرغىقىدىكى قۇملۇق توسۇۋالغان قاتناشقا ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتقا قارىتا مۇھىم سىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

خوتەن دەرياسى بويىدىكى يول، قەدىمدىن تارتىپ جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۆدۈل يول بولۇپ كەلگەن. بۇ ھەقتە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نۇرغۇن تارىخىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ «شىمالى قۇم دۆلىتىگە تۇتىشىدۇ» دېيىلگەن. قۇم — ھازىرقى ئاقسۇغا توغرا كېلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بېشى، شىمالىي بېشىدىكى ئىككى بوستانلىق شەھەر دۆلىتى يىراقتىن بىر - بىرىگە ئۆدۈل كېلىدۇ. «قۇمنىڭ جەنۇبىدىن ئۇدۇنغا ئاتلىق ماڭسا 15 كۈندە بارىدۇ». بۇنىڭدا ئوتتۇرىسىدىكى يولنىڭ مۇساپىسى كۆزدە تۇتۇلغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، بەنچاۋ غەربىي رايوندا بىرلىككە كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغاندا، جەنۇبىي يولدىكى ئۇدۇن، يەكەن بىلەن شىمالىي يولدىكى قۇم (ئاقسۇ)، كۇسەننى كۆپ قېتىم ئۇچراشتۇرغان. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى ناھايىتى تېز بېرىش - كېلىش قىلىشقان. بۇلارنىڭ ئالاقىسى دەل مۇشۇ ئۆدۈل يول ئارقىلىق بولغان. تارىختا مۇشۇ يول بىلەن مېڭىپ بىرىنچى بولۇپ كونكرېت خاتىرە قالدۇرغۇچى جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىب فاشيەن ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ يىلنامىسى لۇڭئەننىڭ 3- يىلى (مىلادىيە 399- يىلى) فاشيەن خۇيجىڭ، داۋجىڭ قاتارلىقلار بىلەن ھەمراھ بولۇپ، ھىندىستانغا بۇددا تەلىماتىنى (دارماننى) ئۆگىنىشكە بارغاندا، مىڭ مۇشەققەت بىلەن قۇم تاغ ئارقىلىق پىشامشاندىن ئۆتۈپ ۋويى (قارا شەھەر) دۆلىتىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇدۇنغا قاراپ يولغا چىقىپ، «توپتوغرا غەربىي جەنۇبقا قاراپ يۈرگەن، يولدا ئاھالە يوق، چۆل، سۇ كېچىپ يۈرۈش قىيىن، تارتقان ئازابىنى دەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىر ئاي بەش كۈن يۈرۈپ ئۇدۇنغا يېتىپ بارغان» («فاشيەن تەزكىرىسى»).

شەكسىزكى، فاشيەن ھازىرقى خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ئۇدۇنغا بارغان. ئەمما، ئۇ ئادەتتىكى يول بىلەن ماڭغان بولسا، كۇسەن (ھازىرقى كۇچا) دىن ئۆتۈپ، ئۇدۇن دەرياسى، يەنى خوتەن دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ ماڭاتتى، ئۇنىڭ كۇسەندىن چەتلەپ توپ - توغرا غەربىي جەنۇبقا قاراپ يۈرۈشىدە، ئېھتىمال، يولنى قىسقارتىشنى كۆزلىگەن بولسىمۇ، يەنە بۇنىڭغا بۇ جايلارغا بۇددا

تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق قاتنىشىنىڭ ئورنىنى پەيدىنپەي دېڭىز يولى ئىگىلىگەن. ئۇدۇن تارىخ سەھنىسىنىڭ مەركىزىدىن جىممىدە چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ يول، ھەربىي ئېھتىياجنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بارا-بارا بۇرۇنقى شەرەپلىك نامىنى يوقاتقان بولسىمۇ، خوتەن بىلەن كۇچانىڭ سودا كارۋانلىرى بۇ يولدا زادىلا ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇرغان، بولۇپمۇ يول بويى ئوت - چۆپ ئۈزۈلمەيدىغان بولغاچقا، چارۋا ھەيدەپ ماڭىدىغانلار ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇرغان. 1895 - يىل 8- ئايدا سۋېنھېدىن مەكىتتىن يولغا چىقىپ خوتەن دەرياسىغا قاراپ ماڭغاندا، يول باشلىغۇچى خاتالاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار سۇ يوق ئۆلۈشكە تاسلا قالغان. «ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى سەپەر خاتىرىسى» دە سۋېنھېدىن قاتارلىقلار مازار تاغدا مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا دەريانى بويلاپ كېلىپ - كېتىۋاتقانلارنىڭ ئۈزۈلمىگەنلىكىنى كۆرگەن:

5- ئاينىڭ 9 - كۈنى «بىرەر يۈز ئېشەكلىك كارۋاننىڭ ئورغۇن رەختنى ئارتىپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ خوتەندىن ئاقسۇغا كېتىۋاتقانلىقىنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالدىم» . «مەن ئولتۇرۇپ، ئاق ياغلىق ئارتىۋالغان ئۈچ سودىگەرنى كۆردۈم... ئۇلار بىر كۈن بۇرۇن ئاقسۇدىن خوتەنگە بارىدىغان يولدا ئىدى» .

5- ئاينىڭ 12- كۈنى «دەريا قىنىدا ئاقسۇدىن جەنۇبقا قاراپ كېتىۋاتقان بىر توپ كارۋاننى كۆردۇق، ئۇلار خوتەنلىك تۆت سودىگەرگە ئوخشايتتى» .

سۋېنھېدىن خوتەن دەرياسى جىلغىسىنى بىرىنچى بولۇپ بېسىپ ئۆتكەن چەت ئەللىك ئەمەس. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، روسىيىلىك پىرژېۋالسكى يېقىنقى زاماندا ئالدى بىلەن خوتەن دەرياسىنى بويلاپ يۈرگەن ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ساياھەتچى ئىكەن، «ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىرەرمۇ ياۋروپالىق ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىغان» . پىرژېۋالسكى 1885- يىل 9- ئاينىڭ 5- كۈنى خوتەندىن مېڭىپ، 10- ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاقسۇغا يېتىپ بارغان. يەنە «شىنجاڭنى تەكشۈرۈش تارىخى» دا يېزىلىشىچە، شۇ يىلى ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى ئا. د. كارېي ۋە شىنجاڭ بىلەن سودا ئالاقە قىلىشنى تەرغىب قىلغۇچى ئا. داگلىشلارمۇ خوتەن دەرياسىنى بويلاپ كۇچاغا يېتىپ بارغان. شۇنىڭدىن كېيىن 1908-

شەرققە قاراپ مېڭىپ، كۆنگالڭ ئارقىلىق قىزىل دەريا (قەشقەر دەرياسى) دىن ئۆتۈپ، يەنە غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، سىرلىق تاغ (神山)، چاۋيالڭ، تۇزلۇق كۆلدىن ئۆتۈپ، يەنە جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، سۇ شۇ ئارقىلىق 930 چاقىرىم يۈرگەندە ئۇدۇن شەھىرىگە بارىدۇ». بارخان — خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇم، يەنى ئاقسۇ، هازىرقى ۋېنسۇ ناھىيىسى دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ. سىرلىق تاغ — خوتەن دەرياسى بويىدىكى مازار تاغ. بۇ ئۇدۇل يولدا يۇرۇش جاپالىق بولغاچقا، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە بۇ يولدىن كۆپرەك پايدىلىنىلغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاسنا كۇلچاي سادىق قوشۇن تارتىپ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلىپ كەنچىلڭ شەھىرىنى ئالغاندىن كېيىن، جىرۇڭ دەرياسى ئېغىزىغا بېرىشتا مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان. مىلادىيە 670 ـ يىلى (شەنخېڭنىڭ تۇنجى يىلى) تۇبۇتلار ئۇدۇن قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە بارخان شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىمۇ مۇشۇ دەريانى بويلاپ ماڭغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتلۈك ـ سۆيگىن تۇپىلىڭىدىن كېيىن، تۇبۇتلار تارىم ئويمانلىقىنى ئىشغال قىلىپ، مازار تاغدا مۇداپىئە قوشۇنى تۇرغۇزغان، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ يەرنىڭ جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغانلىقىدۇر. يېقىنقى زامان ئارخېئولوگلىرى بۇ يەردىن داۋاملىق تۇردە نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، جۈملىدىن ئۇدۇنچە، تىبەتچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ۋە خەنزۇچە يېزىلغان خەت ـ چەكلەرنى تاپقان. بۇ ئەھۋال خوتەن دەرياسى بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ «سىرلىق تاغ» نىڭ ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. خوتەن، قاراقاشلارنىڭ هازىرقى ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىمۇ بۇنىڭغا دائىر جانلىق خاتىرىلەر بار. قەدىمكى زاماندا ھەربىي يۈرۈش قىلغانلار دائىم مۇشۇ يولدا ماڭغاندىن باشقا، تارىخنامىلەردە يېزىلىشىچە، كۆپرەك راھىبلارنىڭ ماڭغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بۇددا راھىبلىرىنىڭ غەربكە قىلغان سەپەرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دۇنخۇاڭ پۈتۈكلىرىدىن «غەربكە (ھىندىستانغا) بېرىش يوللىرى» دا: «قۇم دۆلىتىدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ يەنە 10 كۈن مېڭىپ، ئۇدۇن دۆلىتىگە باردۇق»، دېيىلگەن. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ھىندىستان تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىدە ئېيتىلىشىچە، شىڭ چىن باشچىلىقىدىكى 157 كىشىلىك راھىبلار ئۆمىكى ھىندىستانغا بۇددا تەلىماتىنى ئۆگىنىشكە بارغاندا مۇشۇ يول بىلەن ماڭغانىكەن. تارىخنىڭ

راۋانلاشتۇرماقچى بولۇپ، خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى چېن جىشەنگە بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلگەندى. يېزىلغان مەلۇماتتىن قارىغاندا، كۆچادىن چىقىپ چىغىر يول بىلەن 22 كۈندە خوتەن شەھىرىگە بارغىلى بولىدىكەن، چوڭ يولنىڭ يىراقلىقى، ئات - ئۇلاغلارنىڭ چارچاشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، يېرىمىدىن ئارتۇق يولنى قىسقارتقىلى بولىدىكەن ھەم بەك قۇلايلىق ئىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، يول بويىدىكى چۆلنىڭ سۇ بار جايلىرىنى تەكشۈرگەندە، ئۆستەڭ چېپىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىمۇ بار ئىكەن. بۇ يول راۋانلاشتۇرۇلسا، ئون يىلغا قالماي، يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللە - كەنتلەر ئاۋاتلىشىپ كېتكۈدەك. خوتەن شەھىرىدىن ئاقسۇ دەرياسى ئېغىزىغىچە 1120 چاقىرىم، ئاقسۇ دەرياسى ئېغىزىدىن كۆچانىڭ جەنۇبىي كەنتىگە 400 چاقىرىم كېلىدىكەن. ھەر 70 چاقىرىمدا بىردىن ئۆتەڭ قۇرماقچى... پېقىر ياڭ زېڭشىن بۇ يولنى قايتا تەكشۈرۈپ راۋانلاشتۇرسام، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلار، سودا ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە پايدىسى بولاتتى، شۇنىڭدەك ئۆستەڭ چېپىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئادەم كۆچۈرۈپ، چېگرىنى پۇختىلاپ، ئەمەلىي ئىشلارنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنىڭمۇ ئەلا تەدبىرى بولاتتى» («ئىستىغ-پارخانىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، 1- توپلام، 2- قىسمى).

ياڭ زېڭشىننىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇ يولنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانماقچى بولغان تەدبىرى قالاق، ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا ۋاقتىدا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە چارە بەلگىلىگەن، بۇ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن يىراقنى كۆرەلىگەنلىكى بولۇپ، ماختاشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ بېجىرىش ئەھۋالىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە ھازىر ماتېرىيال بولمىغاچقا تەپسىلىي بىر نېمە دېيىش قىيىن. شۇ يىلى 6 - ئايدا كۆچادىن ئۆتكەن شې بىن «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دە بۇ يول توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازغان: «كۆچانىڭ بىر يېقىن يولى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن قۇملۇقتىن ئۆتۈپ جەنۇبتىكى ئۇدۇنغا ئاتلىق 10 كۈندە بارغىلى بولىدىكەن»، «ۋېنسۇدىن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ ئالتە كۈندە ئۇدۇنغا بارغىلى بولىدىكەن». يۈرگەن ۋاقىتنى توغرا دەپ ئېيتىش قىيىن بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا يولنىڭ راۋان ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە بولىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ يولدا ماڭغانلارنىڭ ھەممىسىلا يازما خاتىرە قالدۇرمىغان، شۇنىڭدىن ئون يىل كېيىن، جۇڭگو ئارخېئولوگى

يىلى ئەنگلىيىلىك ئا. ستېيىننىڭ خوتەن دەرياسى ئارقىلىق ئاقسۇغا بارغان ۋە مازار تاغدىن نۇرغۇنلىغان مەدەنىي يادىكارلىقنى ئېلىپ كەتكەن. يەرلىك ئاھالىدىن بۇ يولدا جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغانلارنىڭ كۆپى سودىگەرلەر ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دە بۇ يول تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان: «شەھەرنىڭ شىمالىدا 40 چاقىرىم يىراقلىقتا سۇ بارمىن (؟)، 310 چاقىرىم يىراقلىقتا قوشلاش لەڭگىرى بار، بۇ يەردىن شەرقىي شىمالغا قاراپ كۇچا ئارقىلىق 740 چاقىرىم يۈرگەندە ۋېنسۇدىكى يېڭى چازىغا بارىدۇ، ئاندىن ۋېنسۇنىڭ جەنۇبىدىكى تارماق يولغا تۇتىشىدۇ». ئەينى ۋاقىتتا بۇ يولدا سودىگەرلەر ئۈزلۈكسىز مېڭىپ تۇرغان. گۇاڭشۈينىڭ 26- يىلى (1900 - يىلى) خوتەنلىك سودىگەرلەر، قاراقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، ئاندىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتى قوزغىلىپ، ئۆتكەن - كۆچكەنلەرنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن قوشلاشتا بېكەت تەسىس قىلغان. بۇنىڭدىنمۇ شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا بۇ يول ئارقىلىق ماڭىدىغانلار كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۈزۈلمەي دائىم مېڭىپ تۇرىدىغانلار بولغاچقا، ھۆكۈمەت بۇ تەدبىرنى قوللانغان. يالڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، مەمۇرىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، قاتناشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، يېشىل كارىدوردىن ئۆتىدىغان بۇ ئۇدۇل يولغا دەرھال ئەھمىيەت بەرگەن. 1917- يىل 10- ئاينىڭ 26-كۈنى يازغان «كۇچادىن خوتەنگە بارىدىغان ئۇدۇل يولنى ئېچىپ، قاتناشقا قولايلىق يارىتىش توغرىسىدىكى ئىلتىماس» تا نەقىل كەلتۈرۈشكە ئەرزىيدىغان تۆۋەندىكىدەك بىر ئابزاس سۆز بار:

«كۇچادىن شايار، ئاقسۇ ئىككى ناھىيىنىڭ چېگرىسى بىلەن خوتەنگە بارىدىغان ئۇدۇل يولنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ يول قۇملۇق بىلەن چاتقاللىق ئارىلىقىدا بولۇپ، ئاھالە يوقكەن. سۇ، ئوت- چۆپلىرى تەييار بولۇپ، ئارىلاپ ئۇيغۇرلار چارۋا باقىدىكەن، شۇنىڭدەك يەرلىك ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئات - ئۇلاغلارغا ئۇششاق - چۈششەك ماللىرىنى ئارتىپ ئوتتۇرىدا بېرىپ - كېلىپ تۇرىدىكەن. ئەمما، يول ئۈستىدە دەڭ - ساراي يوقكەن، بۇ يول بىلەن يۈرگەندە ئۇچۇقلۇقتا يېتىشقا توغرا كەلگەچكە، تەۋەككۇلچىلىك بىلەن ماڭىدىغانلار كۆپ ئەمەسكەن. جۈملىدىن بۇ يولنى ئامال قىلىپ

تەكشۈرۈلدى. 1960 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كۇچا — خوتەن تاش يولى قۇرۇلۇش رەسمىي باشلانغان، جەنۇب، شىمال ئىككى باشتىن تۇتۇش قىلىش پىلانلىنىپ، جەنۇب تەرىپى قاراقاشتىن باشلىنىپ، 150 نەچچە كىلومېتىر ئارىلىق ياسىلىپ بولۇپ، مازار تاغنىڭ جەنۇبىدا 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايغىچە يېتىپ كەلگەندى. قۇرۇلۇش ئۇزۇن ۋاقىت توختاپ قالغاچقا، ياسالغان يول يۇزىدىن ھازىر 8 ـ 9 دەك يەرنى دەريا سۈيى بۇزۇۋەتكەن. ھازىرقى ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش جەريانىدا، بۇ يولنى يېڭىۋاشتىن ياساش پىكرى يەنە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش كومىتېتى بىلەن پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى تەشكىللىگەن خوتەن دەرياسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈپ يازغان دوكلاتىدا، خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى كارىدورنى تىزگىنلەش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويغان. دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: بۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك يول ئارقىلىق كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي تۆپىلىكىدىكى ئىقتىسادىي رايون بىلەن تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىككى ئىقتىسادىي رايونىنى زىچ بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ، «خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى كارىدورنى بويلاپ كۇچاغا بېرىش قەشقەر بىلەن ئايلىنىپ بېرىشتىن 550 كىلومېتىر يېقىن، مارالبېشى بىلەن ئايلىنىپ بېرىشتىن 350 كىلومېتىر يېقىن»، بۇ يول زور ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھمىيەتكە ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئەھمىيىتىگە ئىگە.

خوتەن دەرياسى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتىدىغان يېشىل كارىدوردىن باشقا، يەنە كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى يېشىل كارىدورمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. كېرىيە دەرياسى كوئېنلۇن تېغىدىن باشلىنىدۇ، ئۇرنى شەرق تەرەپتىرەك، ئېرىگەن مۇز ـ قار سۈيى 70.7% نى، ھۆل ـ يېغىن سۈيى 9.2% نى، قوشۇمچە يەر ئاستى سۈيى 20.1% نى ئىگىلەيدۇ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 701 مىليون كۇب مېتىر. ئۇنىڭ قار ـ مۇزدىن ئېرىپ كېلىدىغان سۈيى ئانچە مول بولمىسىمۇ، تاغ رايونىدىكى ھۆل ـ يېغىن تەمىنلەيدىغىنى كۆپ، تاغدىن چىققاندىن كېيىن لاتقا، تىندۇرمىلاردا چوڭقۇر پەسلەپ، يەر ئاستى ئېقىنىنى ئاسان قوبۇل قىلىۋالغاچقا،

خوۋاڭ ۋېنبىي ئەپەندى شاياردىن چىقىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئاندىن بىزگە بۇ يولنىڭ ئۆتمۈش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك يېزىپ قالدۇرغان: «2 - كونى قوشلاشقا باردۇق، بۇ — خوتەن دەرياسى (زىلى 子里 دەرياسىمۇ دەيدىكەن) تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدىغان جاي ئىكەن. زىلى دەرياسى، خوتەن دەرياسى، تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدىغان جايدىكى كونا دەريانىڭ قىنىكەن، ئۇنىڭ غەربىدە يەنە بىر دەريا بولۇپ، يېڭى دەريا دېيىلىدىكەن، هازىر سۈيى يوق، قۇرۇقكەن. . . زىلى دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئورمانلىقتا بىر كىچىك يول بولۇپ، كوچا، شايار، ئاقسۇلۇقلارنىڭ خوتەنگە بارىدىغان ئۇدۇل يولىكەن. دەسلەپتە سودىگەرلەر ماڭغان بولسىمۇ، كېيىن ياسىلىپ دەريا بويلاپ بېكەت تەسىس قىلىنىپ، قۇدۇق قېزىلىپ، يېقىندىن بۇيان ئەمەلدار، سودىگەرلەر قاتنايدىغان چوڭ يول بولۇپ قاپتۇ» . ئېھتىمال، ياڭ زېڭشىن رىياسەتچىلىكىدە، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى بۇ يول ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك هالەتكە كەلگەن. خوۋاڭ ۋېنبىي ئەپەندى 3- ئاينىڭ 31- كونى شاياردىن چىقىپ، 4 - ئاينىڭ 1 - كونى سەپەرگە قەدەم قويۇپ، 5 - ئاينىڭ 6 - كونى خوتەنگە يېتىپ بارغان. يول يۈرگەن ۋاقتى بىر ئاي ئالتە كۈن بولۇپ، بۇنى 1500 يىل بۇرۇنقى فاشيەننىڭ يۈرگەن ۋاقتىغا سېلىشتۇرغاندا، بىر كۈنلا ئارتۇق، بۇنىڭغا يول ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى سەۋەب بولغان. 1946 - يىلدىن كېيىن، گومىنداڭ هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بۇ يولنى تەكشۈرۈپ يول بويى هەربىي بېكەت تەسىس قىلغان. تەكشۈرگەن ئەهۋالدىن قارىغاندا، يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 790 كىلومېتىر، «ئاقسۇدىن خوتەن دەرياسى قوشۇلىدىغان جايغىچە هارۋا قاتنىيالايدۇ، بۇ قوشۇلۇش نۇقتىسىدىن قوشلاقچە بولغان ئارىلىقتا كۆپىنچە خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ يۈرىدۇ، ئاهالە ۋە ئۆي - ئىمارەت بەك ئاز» . «ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىدە پەقەت ئات، تۆگە ماڭالايدۇ، قىش پەسلىدە سايلىق توڭلاپ، دەريا سۈيى قۇرۇغاندا، دەريا قىنى بىلەن تاش يولدا ماڭغاندەك ماڭغىلى بولىدۇ. قوشلاقتىن جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا، يول ئىككىگە ئايرىلىدۇ، بىرى قاراقاشقا، يەنە بىرى خوتەنگە بارىدۇ. سىمئاۋاتتا ئۇدۇل لوپقا بارىدىغان يول بار» . 50 - يىللاردىن كېيىن، هەر جەهەتتىكى قۇرۇلۇشى ئېهتىياجى تۈپەيلىدىن، خوتەن دەرياسى داۋاملىق

كېرىيە دەرياسىغا قارىتىلغان. IXX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە مەسلىھەت ئامبىلى بولغان خې نىڭ يازغان «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە: كېرىيە دەرياسى «شىمالغا قاراپ 300 چاقىرىم ئېقىپ چوڭ دەرياغا قوشۇلىدۇ» دېگەن. ئارىدىن 100 يىل ئۆتكەندە يېزىلغان «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دە: «ئۇدۇنىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» دىكى باياننى نەقىل كەلتۈرۈپ، باشقىچە قاراشتا، «كېرىيە دەرياسى قۇملۇققا بارغاندا قۇمدا كۆمۈلۈپ قېلىپ، كۇچانىڭ جەنۇبىي چېگرىسىغا يېتىپ بارالمىغان» دېگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كېرىيە بوستانلىقىنىڭ ئېچىلىشى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىنىڭ راۋاجلىنىشى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ دەريانىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرىقى ئېقىملىرىدا سۇنى توسۇپ ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە باشلاپ كەتكەچكە، ئېقىن مۇساپىسى پەيدىنپەي قىسقىراپ كەتكەن. 1896- يىل 1- ئاينىڭ 25 - كۈنى شۋېتسىيىلىك سۋېنھېدىن كېرىيە دەرياسى بويىدىن تارىم دەرياسىغا تەخمىنەن 340 كىلومېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتىكى لاگېردىن يولغا چىقىپ، 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا يېتىپ بارغان. ئۇنىڭ «ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى سەپەر خاتىرىسى» دىكى بايانىدىن قارىغاندا، ئۇ چاغدا كېرىيە دەرياسىنىڭ ئېقىن مۇساپىسى ھازىرقىدىن ئۇزۇن ئىكەنلىكى ئېنىق. سۋېنھېدىن يول ئۈستىدە ھەممە يەردە قورقۇنچلۇق قۇمنى ئۇچراتقان ئەمەس. ئالدىنقى قىسىمدا ئورمان، ئوتلاق، ئېقىن سۇ ئۈزۈلمىگەن، ئاخىرقى قىسىمدا گەرچە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قۇم دۆڭلىرىنى ئارىلاپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا دەل - دەرەخ، قۇمۇچ بولۇپ، «ئاخىرى قويۇق قەدىمىي ئورمانلىققا كىرىپ كەتكەن» . 2 - ئاينىڭ 21- كۈندىكى خاتىرىدە: «دەريا قىنىنىڭ قانداقىسىگە تەدرىجىي كىچىكلەپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇق، ئەمدى بىزگە كۆرۈنگىنى ناھايىتى شالاڭ بىر قانچە توپ ئاق تېرەكلا بولۇپ قالدى» دېگەن. ئەينى ۋاقىتتا سۋېنھېدىن كۆرگەن سۇ ئېقىنى يوقالغان جاي تارىم دەرياسىغا تەخمىنەن 130 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىكەن. «2- ئاينىڭ 14- كۈنى قۇم دۆڭلىرى ئارىسىدا كونا دەريا ئىزىنى يەنىلا پەرق ئېتەلىدۇق» . ئۇنىڭ ماڭغان سۈرئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلغاندا، ئەينى ۋاقىتتا كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرى تارىم دەرياسىغا تەخمىنەن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولغان. قۇرۇق دەريانىڭ كونا ئىزىدىن ئەينى ۋاقىتتا كېرىيە دەرياسىنىڭ قىسقىراۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

سۇ مىقدارى كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ، ئېقىش مۇساپىسى ئۇزىرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇملۇقنىڭ مەركىزىگىچە بارىدۇ، قەدىمكى زاماندا تارىم دەرياسى بىلەنمۇ قوشۇلغان. ھازىر ئۇنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا پەس دېلتا يەرلەر ساقلىنىپ قالغان، بۇنى كېرىيە دەرياسى (تالڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جيەندېلى دەرياسى دېيىلگەن) نىڭ ئاپىغى ئۇزۇن زامان يالاپ پەيدا قىلغان. بۇ دېلتا ھازىر شايار ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىغا 150 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرىغا يېقىنلاشقان. كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى بۇ يېشىل كارىدور خەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ قاتناشتىكى ئۇدۇل يول ئىدى. «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: «دەسلەپتە، ئېرسى سانغۇن لى گۇاڭلى فەرغانىغا ھۇجۇم قىلغان، ئۇ يەنە ئۇزۇنتاتتىن ئۆتكەندە، ئۇزۇنتات شاھزادىسى لەيدەن كۇسەندە تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، لى گۇاڭلى كۇسەننى ئەيىبلەپ: ‹چەت ئەللىك ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە تەۋە تۇرسا، كۇسەننىڭ ئۇزۇنتات ئادىمىنى تۇرغاق قىلمۇۋېلىشقا نېمە ھەققى بار؟›، دەپ، لەيدەننى پايتەختكە ئەكىرىپ كەتكەن» دېيىلگەن. ئەگەر كېرىيە دەرياسىنىڭ بويىدىكى بۇ ئۇدۇل يول بولمىغان بولسا، لى گۇاڭلى قانداق قىلىپ كۇسەن بىلەن تېز ئۇچرىشالايتتى ۋە لەيدەننى بىرگە ئېلىپ پايتەختكە قايتالايتتى. قەدىمكى دەۋردىكى دەريا، بولۇپمۇ كېرىيە دەرياسى ئۇزۇنتات بوستانلىقىنىڭ مەركىزىدىكى ئاھالە توپلاشقان جايدا ئەمەس، ئۇنىڭ شەرقىي يېنىدا ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن يۇقىرىقى ئېقىمدا ئېقىننى توسۇپ سۇ باشلىغۇچىلار ئاز بولۇپ، سۇنىڭ كۆپ قىسمىنى تۆۋەنكى ئېقىمغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەن دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، شايارنىڭ جەنۇبىغا كەلگەندە كېرىيە دەرياسى بىلەن قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇ پەيدا قىلغان يېشىل كارىدورمۇ قۇملۇقنىڭ ئىككى بېشىنى تۇتاشتۇرالىغان. قىزىقارلىقى شۇكى، كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرى يالاپ ھاسىل قىلغان پەس دېلتا يەرلەر غەربىي جەنۇبقا يۈزلەنگەن بولۇپ، خوتەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقى ئېنىق. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ماركوپولو خوتەننىڭ شەرقىدىكى پېيىن ( pein ) ئوبلاستىغا بارغاندا، «پۈتۈن ئوبلاستنى توغرا كېسىپ ئاقىدىغان بىر دەريا بار ئىكەن. دەريا قىنىدا مول قاشتېشى زاپىسى ساقلىنىۋېتىپتۇ» دېگەن. شەكسىزكى، بۇ

بازا ساقلاپ قالغان». تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈشلىرىدىن قارىغاندا، كېرىيە دەرياسىنىڭ ئېقىن مۇساپىسى قىسقىراۋاتقان، دەريا بويىدىكى يېشىل كارىدورمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان، «كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى قۇرۇق دەرياقىنى ئۇزىراپ، كەلكۈن سۇنىڭ لاي يانتۇزۇش ۋاقتى خېلى قىسقارغان ... 20 نەچچە يىلدا، كەلكۈن سۈيىنىڭ ئېقىش مۇساپىسى 15 كىلومېتىر قىسقارغان، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا تۆۋەنلىگەن، كېرىيە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەنكى ئېقىمى ھازىر ئۆزىنىڭ تەۋرىنىش ۋە قىسقىراش جەريانىنى تېزلىتىۋاتماقتا».

يۇقىرىدا بىز يىن چىڭنىڭ خوتەن سۇ سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالاتى ھەققىدىكى ماقالىسىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تارىختا خوتەندە سۇ بايلىقى مول بولغاچقا، چوڭ- كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان كۆپلىگەن دەريا - ئېقىنلار شەكىللىنىپ، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. سۇ بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانماسلىق، نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى، تەكرار - تەكرار قۇم كۆچۈش نەتىجىسىدە ئەينى دەۋردىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ كۆپ قىسمى خارابىلىككە ئايلانغان، شۇنداقتىمۇ جانلىق ئېكولوگىيە دەرسى ئۆتىدىغان سىخىي تەبىئەت بۈگۈنكى كۈنگە يەنە چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان 36 دەريا- ئېقىننى يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسىمۇ، بۇ دەريالارنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى پەرقلىق بولغاچقا ھەممە خوتەننىڭ يەر ئۈستى سۇ بايلىقى يىلدىن - يىلغا خوراۋاتقاچقا، بىر قىسىم دەريا - ئېقىنلار ئاستا - ئاستا قۇرۇماقتا.

كۆپچىلىككە مەلۇم، گەرچە خوتەننىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىش مىقدارى 7 مىليارد 770 مىليون كۇب بولسىمۇ، بىراق سۇ ئىشلىتىش زۆرۈر بولغان پەسىللەردە سۇ ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇپ كەلمەكتە. بۇ يەدە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، سۇ يەرنىڭ قېنىدۇر. مۇبادا قان تولۇق بولمايدىكەن، ئاقىۋەت ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردا ۋىلايەتلىك سۇ رايى خىزمەتچىلىرى ئوتتۇرا، غەربىي كوئېنلۈن تېغىنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى خوتەن ۋىلايىتىنى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە سۇ رايى ئامىللىرىغا ئاساسەن مۇنداق ئالتە ئېقىن رايونغا ئايرىدى: كوئېنلۈن تېغىنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى گۇما دەريا ۋادىسى ئېغىر قۇرغاقچىلىق رايون. بۇ رايون،

شۇنىڭدىن سەل كېيىن يېزىلغان «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، بۇ ئارىلىقتىكى مۇساپە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «شەھەرنىڭ شىمالىدا 40 چاقىرىم يىراقلىقتا بوستان، ئۇ يەردىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا تۆۋەن قىر (؟)، ئۇ يەردىن 60 چاقىرىم يىراقلىقتا مازار، ئۇ يەردىن 55 چاقىرىم يىراقلىقتا تاقاق، ئۇ يەردىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا قاسقان، ئۇ يەردىن 60 چاقىرىم يىراقلىقتا مىسانەي، ئۇنىڭدىن 45 چاقىرىم يىراقلىقتا بىلەڭگەر، ئۇ يەردىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا يۇۋاڭكۇن، ئۇ يەردىن 45 چاقىرىم يىراقلىقتا ئاقچات، ئۇ يەردىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتا تاشقىن، ئۇ يەردىن 45 چاقىرىم يىراقلىقتا قوچقا بېشى، ئۇ يەردىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا توپاق ئۆلگەن، ئۇ يەردىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتا پىچالىق، ئۇ يەردىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا ئۆزگە دودېكە (؟)، ئۇ يەردىن 55 چاقىرىم يىراقلىقتا بوستان توغراق، ئۇ يەردىن 45 چاقىرىم يىراقلىقتا ئۆتۆچى، ئۇ يەردىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتا كۆنىە قۇدۇق، ئۇ يەردىن 45 چاقىرىم يىراقلىقتا جىگدە قۇدۇق، ئۇ يەردىن 45 چاقىرىم يىراقلىقتا قىچاش، ئۇ يەردىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا قۇملۇق بار» ، بۇ — خەلق چارۋا باقىدىغان يول. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، ھەر بىر جايدا سۇ قۇدۇقى بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەندە قۇملۇق ئارقىلىق كۇچاغا يېتىدىكەن. «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دە: «ئۇدۇن، كۇچا سودىگەرلىرى كۆپىنچە مۇشۇ يول بىلەن ماڭىدۇ» دېيىلگەندە، نېمىگە ئاساسلانغانلىقى مەلۇم ئەمەس. 1986- يىل 10 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى لەنجۇ قۇملۇق تەتقىقات ئىنستىتۇتى ۋە ئىتتىپاق گېرمانىيەسى بېرلىن ھۆرلۇك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە قۇملۇق تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىنى تەكشۈرگەندە، كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ، قۇملۇقنىڭ مەركىزىگە 263 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرگەن. ئۇلار كېرىيە دەرياسى سۈيى بىلەن كۆكەرگەن بۇ قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ كەتكەن يېشىل كارىدورغا بەك قىزىقىپ، يۇقىرى باھا بەرگەن. ھازىرقى كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى دېلتا ئەينى ۋاقىتتا تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق ئىدى. «ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىۋالغان ئېكولوگىيە تەسىرى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىي جايلىرىنىڭ ئۇزۇنغا قالماي ئېچىلىشى ئۈچۈنمۇ بىر غايىۋى يول ۋە قىممەتلىك

كۇنسايىن ئىرىشىپ يەر ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. يەر ئېچىشتا ئالدى بىلەن سۇغا تايىنىدىغان بولغاچقا، بار بولغان بوستانلىقتا سۇ يېتىشمەيۋاتقان شارائىتتا يەر ئېچىشنى مەلۇم دائىرىدە، پىلانلىق ۋە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار بۇرۇن، خوتەندىكى ھەرقايسى دەريالاردىن باشقا كىچىك ئېرىق- ئۆستەڭلەردىنمۇ ئاساسەن سۇ ئۈزۈلمەيتتى. يېزا - مەھەللىلەردىكى كىچىك كۆللەرگىچە سۇ توشۇپ تۇراتتى. ئاشۇ دەريالار يىراق - يىراقلاردىن تاشتىن - تاشقا، قاشتىن - قاشقا ئۇرۇلۇپ پاكلىنىپ، قۇياش نۇرىغا، ئىنسانىنىڭ تېنىگە ۋە ئەقلىگە پايدىلىق بولغان ھەممە تەركىبلەرگە تويۇنۇپ كېلەتتى. بىراق، بوز يەرلەرنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۇزۇن ھەم چوڭقۇر زەيكەشلەرنى قېزىپ، ئاشۇ زەي سۇلارنىڭ ئايغىنى دەريالىرىمىزغا ئۇلاپ قويۇۋىدۇق، دەريا سۈيىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتتى؛ ئىق-تىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىپ، يەرلىرىمىزگە خىمىيىلىك ئوغۇت - دورىلارنى ھەددىدىن زىيادە تۆكۈۋىدۇق، ئۇ دورىلار تۈرلۈك يوللار بىلەن دەريالارغا ئېقىپ كىردى. زاۋۇتلىرىمىزغا پاكىز سۇ ئىشلىتىپ، ئۇنى پاسكىنا سۇغا ئايلاندۇرۇپ يەنە دەريالىرىمىزغا، مۇنبەت تۇپراقلىرىمىزغا قويۇپ بەردۇق. مانا ئەمدى بىزنىڭ قانلىرىمىزغا، تەنلىرىمىزگە، ئاشقازان- ئۈچەيلىرىمىزگە بۇلغانغان سۇلار ھۇجۇم قىلىپ، بىزنى غەلىتە، ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان كېسەللەرگە گىرىپتار قىلدى. بىز تەبىئەتكىمۇ قىلدۇق. ئۆزىمىزگىمۇ قىلدۇق. ئۇنىڭ سورىقى ھېلىھەم باشلىنىۋاتىدۇ، داۋاملىشىۋاتىدۇ. سۇنىڭ بۇلغىنىشىدىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەر ۋە كېسەل ئازابىدىن قىينىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سانىنى كۆرسەتمىسەكمۇ ھەممىگە ئايان.

خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپ بۇ زېمىندىكى دەريالارنى بويلاپ سۇ قوغلىشىپ، سۇنى قەدىرلەپ، ھەتتا سۇغا چوقۇنۇپ ياشاپ كەلگەن. خەلقىمىز يەنە سۇسىز قالغاندا، قۇرغاقچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاندا، پاك ئېتىقادىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تاغ باغرىغا، دەريا بويلىرىغا توپلىشىپ كېچە - كۇندۇز ئىبادەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتكە قىلغان يامانلىقلىرى، گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللادىن سۇ تىلىگەن، قار-يامغۇر تىلىگەن. بۇ كۇنلەرنى خەلقىمىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ، قانچىلىگەن پەرھادلىرىمىزنىڭ ئەل - يۇرت بەختى ئۈچۈن تاغلارنى تېشىپ سۇ

گۇما ناھىيە ئىچىدىكى گۇما، سانجۇ، قاراسۇ، سۇلىغاز، پوسكا
دۇۋا دەرياسى قاتارلىق ئالتە دەريانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەر
سۇيىنىڭ مىقدارى پۈتۈن ۋىلايەت يەر ئۈستى سۇ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ
8.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەر ئۈستى مىقدارى 752 مىليو
كۇب مېتىر؛ خوتەن دەريا ۋادىسى كېچىكىپ كېلىدىغان كەلكۈن
ئاپىتى رايونىغا كىرىدۇ. ئۇ خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى
قاراقاش ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى قاتارلىق ئۈچ ناھىيە، بىر
شەھەردىكى يۇرۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، ئاچچىق
دەرياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر ئۈستى سۇ مىقدارى 4 مىليار
630 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت يەر ئۈستى سۇيىنىڭ
52.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي
قاپتىلىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كىچىك دەريالار قاتتىق قۇرغاق ۋە
قۇم - بوران رايونىغا كىرىدۇ. ئۇ چىرا، كېرىيە، نىيە ناھىيىسىدىكى
چىرا دەرياسى، چاقا دەرياسى، ئۇلۇقساي دەرياسى، نۇرى دەرياسى،
سايباغ دەرياسى، بوزاڭ دەرياسى، ئىماملا دەرياسى، قارا سۇ
دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، ئاتچان دەرياسى، پىشكە دەرياسى، تومىيا
دەرياسى، نىيە دەرياسى، چىچخان دەرياسى، يېيىق دەرياسى،
ياتوگغۇز دەرياسى، ئەندىر دەرياسى قاتارلىق 23 دەريا ۋە كەلكۈن سەل
جىلغىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ يەر ئۈستى سۇ مىقدارى 370
مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت يەر ئۈستى سۇ
مىقدارىنىڭ 4.2% تىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ كۇئېنلۇن تېغى شىمالىي
قاپتىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغلىق ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونى بۇ
ئاساسلىقى كېرىيە ناھىيىسى، نىيە ناھىيىسىدىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ
شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىكى بەلۋاغنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ يەر ئۈستى
سۇ مىقدارى 573 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت يەر
ئۈستى سۇ بايلىقىنىڭ 6.5% تىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن
باشقىلىرى تاشقى ئېقىن رايونلىرى، بۇ ئاساسلىقى ھىندىستانغا ئېقىپ
بارىدىغان چىپچاپ دەرياسى، چاۋنىلى دەرياسى، چاڭلۇڭ دەرياسى
قاتارلىق كىچىك دەريالارنى كۆرسىتىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەر ئۈستى سۇ بايلىقىدىن يىلىغا تەخمىنەن
بىر مىليارد 180 مىليون كۇب مېتىرى تارىم دەرياسىغا، 293
مىليون كۇب مېتىرى ھىندىستانغا كېتىدۇ (1995 - يىلقى مەلۇ
مات). قالغان قىسمى بولسا پۈتكۈل خوتەن بوستانلىقى ئۇچۇن
خىزمەت قىلىدۇ. خوتەندە نوپۇس بىرقەدەر كۆپ، يەر ئاز بولغاچقا

سۇلارنى، ساپ هاۋانى كۆرۈشى، ئۇنىڭدىن هوزۇرلىنىشى كېرەك. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىمىز بىلەن سۇنى قارىغۇلارچە ئىچىش، سۇنى بۇلغاش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىمىزنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى، نۆۋەتتە قايسى بىسىپ چۈشىدىكەن.

مۇتەخەسسىسلەر بۇ زېمىنىنىڭ ئىنتايىن قۇرغاق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇنىڭ ئىنتايىن قىسلىقىنى، سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى، سۇ بۇلغىنىشى بۇ زېمىننىڭ هەر بىر سىقىم توپىسىنى، هەر بىر تۈپ گىياهنى بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپلا قالماستىن، يەنە بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ قېنىنى، تېنىنى كېرەكتىن چىقىرىۋاتقانلىقىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىسپاتلاپ، هەممەيلەننىڭ دىققەت - ئېتىبارىنىڭ قوزغىلىشىنى، هاياتلىققا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلماقتا.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىدىكى بىر ياش ئىنژېنېر مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ سۇ بايلىقىمىزنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. سۇلار بۇلغىنىپ كېتىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە، سۇ بايلىقىنى ئىچىشنىڭ قارىغۇلارچە ئېلىپ بېرىلىشى، سۇنى ئىشلىتىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى يەنىلا بىزنىڭ سۇنى چۈشىنىش ۋە سۇنى قەدىرلەش ئېڭىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولغان. سۇ ئىشلىتىشتە بىز بۇ چاغقىچە پەقەت كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ، تۆت - بەش يىللىق پىلان تۈزۈپلا كەلدۇق. بۇزۇلۇشى، بۇلغىنىشى بىلەن كارىمىز بولمىدى. قانۇنلار، مەمۇرىي بۇيرۇقلار پايدىنى كۆزلەپ سۇ، تۇپراقنى دەپسەندە قىلغۇچىلارنىڭ بىرەر تال تۈكىنىمۇ تەۋرىتەلمىدى، هەتتا بەزىلەر ئومۇمىيلىقنى، بۇ زېمىندىكى كەلگۈسى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى، بۇ زېمىننىڭ كەلگۈسى ۋارىسلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزگە ئىلمىدى. يەر ئۈستى سۈيى نەپ بەرمىسە، قۇدۇق قېزىشقا كىرىشتى. قۇدۇقلار كۆپەيگەنسېرى، قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئاشقانسېرى، يەر ئۈستىگە چىقىۋاتقان سۇ ئازايدى، چۈنكى يەر ئۈستى سۈيى ئىنتايىن مول جايلاردا يەر ئاستى سۈيىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا بولىدۇ، يەر ئۈستى سۈيى بىلەن يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارىنى، سۈپىتىنى، ئۆز ئارا ئايلىنىشىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق باهالاپ ئاندىن يەر ئاستىغا قول سوزساق ياخشى بولىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ مەنبەسى يەنىلا يەر ئۈستىدە! خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلار يەرلەرنى، سۇنى كۆپەيتىش پىلانىنى يولغا

باشلاپ كېلىپ، جانان ۋەسلىگە يەتكەنلىكىنى تېخىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

بىزدە ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاش مەسىلىسى كېچىكمەي بولسىمۇ، ئېتىبارغا ئېلىندى. قانچىلىگەن كىشىلەرنىڭ (ھەتتا ئۆزىمىزمۇ كىچىك چاغلىرىمىزدا شۇنداق ئىدۇق) ئۇزاقتىن بۇيان لاي سۇلارنى كۆللەرگە تولدۇرۇپ، ئاشۇ كۆللەر قۇرتلاپ سېسىپ كەتسىمۇ، ئايغىنى چىقىرىۋېتىپ ئىچىپ كەلگەنلىكىنى ھەممىمىز بىلەتتۇق. جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن ئەپەندىنىڭ سەمىمىي ئىلتىپاتى بىلەن «بەخت قۇرۇلۇشى» — «قۇدۇق كولاش دولقۇنى» قوزغالدى. تارىخنىڭ بۇ قۇرلىرىنى خەلقىمىز مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

تۆۋەندىكى سانلار بىزنى ئويغا سالىدۇ. يەر شارىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 510 مىليون كۋادرات كىلومېتىر؛ يەر شارىدىكى سۇنىڭ كۆلىمى 360 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر؛ ئومۇمىي سۇ مىقدارى 140 چېتىرىليون تونىنا، تاتلىق سۇ مىقدارى ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 2.7% نى ئىگىلەيدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە مۇزلۇق 2% نى ئىگىلەيدۇ).

مۇنۇ سانلارغا قاراپ باقايلى، بىر تونىنا كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 700 تونىنىدىن 1300 تونىنىغىچە سۇ ئىشلىتىلىدۇ. بىر تونىنا گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 1400 — 2000 تونىنىغىچە سۇ ئىشلىتىلىدۇ؛ بىر تونىنا پولات تاۋلاش ئۈچۈن 20 — 40 تونىنىغىچە سۇ ئىشلىتىلىدۇ؛ بىر تونىنا نېفىت ئېلىش ئۈچۈن 30 — 50 تونىنىغىچە سۇ ئىشلىتىلىدۇ. بىر تونىنا قەغەز ئىشلەش ئۈچۈن 300 تونىنا سۇ سەرپ قىلىنىدۇ. بىر تونىنا سۇنئىي تالا ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 1200 — 1700 تونىنىغىچە سۇ سەرپ قىلىنىدۇ.

سۇ بولمىسا ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا دېگەنلەر بولامدۇ؟ مەدەنىيەت نۇرلىرى ھامان ئاشۇ سۇ دولقۇنلىرى، سۇ تامچىلىرى ئارا چاقنايدۇ. دۇنيادىكى قانچىلىگەن مەشھۇر شەھەرلەر، كۆللەر، دەريالار سۇ بولمىغاچقا، يەر يۈزىدىن مەڭگۈلۈك غايىب بولغان.

بىز يەنىمۇ زامانىۋى، يەنىمۇ مەدەنىي، يەنىمۇ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز كېرەك، جەمئىيەت سىجىل تەرەققىي قىلىشى كېرەك، كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ بۇ زېمىندا قۇياش نۇرىنى، سۇزۇك

ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، بىر قىسىم جايلاردىكى قۇدۇقلار ئاز كۈن ئۆتمەي سۇ چىقىرىش ئىقتىدارىدىن قالدى، يەنــى ئۇلار قۇدۇق قېزىشتىن ئاۋۋال قۇدۇق قېزىلماقچى بولغان جاينىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەپسىلىي ئۆلچەپ چىقمايلا قېزىش ئېلىپ بارغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەيلا يەر ئاستىدىكى بار سۇ زاپىسى تۆۋەنلەپ قۇدۇق قازغاننىڭ دېيەرلىك ئۈنۈمى بولمىدى. مەسىلەن، قاراقاش ناھىيىسىنىــڭ جاھانباغ يېزىسى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. بۇنىڭدىن نەچچە يىللار بۇرۇن بۇ يېزىنىڭ شال ئېتىزلىرىغا كۆپلىگەن قۇدۇقلار قېزىلغانىدى. كىم بىلسۇن، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، يەنى 10 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ شال ئېتىزلىرى يېتەرلىك سۇ مەنبەسىگە ئېرىشەلمەي بارغانسېرى ھۆللۈكنى يوقىتىپ ئاستا - ئاستا قاغجىرىماقتا. ئەينى ۋاقىتلاردا سۇلار شىلدىرلاپ تۇرىدىغان شال ئېتىزلىرىغا ئەمدىلىكتە بۇغداي، قوناق، كېۋەز تېرىلىشقا باشلىغاچقا، توپا - چاڭ ئۆرلەپ تۇرىدۇ. مۇبادا قۇدۇقلارنى قېزىشتىن ئاۋۋال بۇ يەرنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ ئاندىن قازغان بولساق، بۈگۈنكىدەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقماس ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە قېزىلىــۋاتقان قۇدۇقلار شۈبھىــسىز ۋاڭ جىڭچيەننىڭ كۆرسەتمىسى بويىــچە «ئىلمىــي پىــلانلاپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ» قېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنىــڭ «ئىلمىي» قېزىلغانلىقىغا ئىشەنچ قىلماق تەس. چۈنكى، بىــزدە ئەمەلىي ئىشتىن دەبدەبە سەل كۆپرەك ئەمەسمۇ؟

خوتەندە سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، مۇكەممەل سۇغىرىش ئىشلىرىنى — تۇزۇمىنى بەرپا قىلىش 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بىز قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرگە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىــق جەريانىــدا سۇدىن پايدىلىنىش ئادىتىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. بۇلار ھەر دەرىجىلىك سۇغىرىشقا ئەمەلدارلارنىڭ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن: كارۇشتى يېزىقىدىكى 72 - نومۇرلــۇق تارشا پۈتۈكــتە: «... بۇغــداي 2، 3 قېتىــم سۇغــىرىلدى (بۇ سۇلاغ خــاتىرىسى — تىزىملاش جەدۋىلى قىسقارتىۋېتىلدى)» دېيىلگەن.

160 - نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكتە: «سىز كېرا تونانى بۇ يەرگە تېرىقچىلىــق قىلىشــقا ئەۋەتــكەنىدىڭىز، سۇ ۋە ئــۇرۇق ئىشىغــا تاقالدى... بۇ جاينىڭ خان ئائىلىلىرى ھۇزۇرىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىنىش

قويۇپ ھە دەپ قۇدۇق قېزىۋاتىدۇ. مەسىلەن، خوتەن ۋىلايىتى ئۈچ يىل ئىچىدە 1360 قۇدۇق قازىدىغانلىقىنى، قەشقەر ۋىلايىتىمۇ شۇ يىل ئىچىدىلا 1200 قۇدۇق قازىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلاشتى (شىنجاڭ گېزىتىدە)، ئۇلارنىڭ روھىغا بارىكاللا! ئەپسۇس، شۇ جايلاردىكى يەر ئاستى، يەر ئۈستى سۈيى باھالاندىمۇ - يوق؟ ئۇلار قۇدۇق كولاشقا ئىشلەتكەن، قەرز ئالغان پۇللىرىنىڭ ئورنىنى قانداق تولدۇرىدۇ؟ سۇ پۇلنى قانچىلىك ئۆلچەم بويىچە يىغىۋالىدۇ؟ ئاشۇ قۇدۇقلارنىڭ سۇ چىقىرىش ئۈنۈمى زادى قانچىلىك؟ بۇ مەسىلىلەر ئۇنداق ئاددىي ئەمەس...»①

كۆپچىلىككە مەلۇم، ھالا بۈگۈنكى يىللارغا كەلگەندە يەر ئۈستى سۇ بايلىقىمىز ئىلگىرىكىدىن خوراشقا باشلىدى. يولداش ۋاڭ لېچۈەن: «خوتەن ۋىلايىتى تەشەببۇسكارلىقنى ئىگىلەيمەن دەيدىكەن، يېزا ئىگىلىكىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشى، بۇنىڭ ئۈچۈن قۇدۇق قېزىپ يەر ئاستى سۈيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى كېرەك»②دەپ ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ جىڭچيەن: «بۇ يوليورۇق خوتەننىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، بىز چوقۇم سۇ ئىنشائاتىغا ئالدىن تۇتۇش قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قۇدۇق قېزىشنى سۇ، تۇپراقنى ئېچىشتا ئالدىنقى قاتارغا قويۇپ، ئىلمىي پىلانلاپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، سۇ بايلىقى رايونلىرىنى ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك. بۇ يىلدىن باشلاپ (1998 - يىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئۈچ يىل ئىچىدە، ئاز دېگەندە 300 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ، قۇدۇق قېزىش ئۈچۈن سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش مەبلىغى، پاختا بازىسى قۇرۇش مەبلىغى، ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن قۇتقۇزۇش مەبلىغىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ، قۇدۇق قېزىش مەبلىغىنى كۆپ تەرەپلىمە توپلاپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ھەر يىلى ئاز دېگەندە 400 قۇدۇق قېزىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەردى. گەرچە ھەرقايسى ناھىيىلەر تەلەپ بويىچە قۇدۇق قازغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلمىي ھالدا قۇدۇق قېزىشقا

① ئەركىن روزى: «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار». 64 — 74 - بەتلەر.

② ۋاڭ جىڭچيەن: «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئۆزۈەتىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى بىر قانچە مەسىلە». «شىنجاڭ پارتىيە خەۋىرى»، 1998 - يىل 8 - سان، 29 - بەت.

# ئاتاڭمۇ يەر، ئاناڭمۇ يەر

مەلۇمكى، ئاتا بىلەن ئانا سەۋەبلىك كېيىنكى ئەۋلاد ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. يەر سەۋەبلىك پۈتكۈل مەۋجۇدات بارلىققا كېلىدۇ. مۇبادا ئاتا - ئانا ئەزىزلەنمىسە، ھاياتلىق رىتىمى بۇزۇلىدۇ. يەر ئەزىزلەنمىسە پۈتكۈل ھاياتلىق گۇمران بولىدۇ. ئەل سۆيگەن، يۇرت سۆيگەن پەرزەنتتە ئاتا - ئانىغا ھۆرمەت شەكىللىنىدۇ. ئاتا - ئانا سۆيۈنچ ھېس قىلىپ نۇرغۇن - نۇرغۇن بىلىملەر قاتارى ئانا يەرنى سۆيۈش، سۆيگەندىمۇ بىر چىمدىم تۇپراقنىغىچە سۆيۈشنى ئۆگىتىدۇ. ھاياتلىق رىتىمى مانا مۇشۇنداق. قەيەردە يەر قەدىرلەنسە ھاياتلىق ئاساسى مۇستەھكەملىنىدۇ.

خوتەن تىپىك دېھقانچىلىق رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تېرىلغۇ يەر بايلىقىنى ئاساس قىلىپ تارىخنى بۈگۈنگە ئۇلىدى. ئەمما، خوتەننىڭ تۇپراق ئالاھىدىلىكى، ھاۋا كىلىماتى تارىم ۋادىسىدىكى باشقا رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا روشەن پەرقلەرگە ئىگە بولغاچقا، چەكلىك دائىرىدىكى بوستانلىقلارغا مەركەزلەشكەن تېرىلغۇ يەر ئارقىلىق خوتەن زېمىنىدىكى بارلىق خەلقنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەھەتتە كۆپلىگەن توسالغۇلارغا دۇچ كەلدى.

خوتەن ئارخېئولوگىيىسىدىن مەلۇمكى، نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى قاتارلىق قەدىمىي ئىزلاردىن تېپىلغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، سايمانلىرى، ئېتىزلىرى ۋە دېھقانچىلىققا ئائىت يازما ۋەسىقىلەر بىزگە خوتەندە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىقنىڭمۇ خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز خوتەننىڭ قەدىمقى ۋە يېقىنقى زامان تېرىلغۇ يەر ئەھۋالىدىن كۆرە، يېقىنقى نەچچە ئون يىللىق يەر بايلىقىنى ئېچىش، خورىتىۋېتىش، يەنە ئېچىشتەك ئەھۋاللىرىغا نەزەر سالايلى:

ئازادلىقتىن بۇرۇن خوتەن رايونىنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىق دەرىجىدە ئىدى. نوپۇسنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىشى بىلەن تېرىلغۇ يەر قىسلىقى كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەھىمسىز قۇم - بوران ئاپىتى، شورلىشىش قاتارلىقلار خوتەننىڭ بىنەم يەرلىرىگە ھۇجۇم باشلاپ تېرىلغۇ يەر

ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ جاي سىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭىزدا. يېنىڭىزدا سۇ ۋە ئۇرۇقىا دائىر ھەرقانداق ئۆز قەلىمىڭىز بىلەن يېزىلغان خەت ياكى ئەھۋاللار تەپسىلىي بولغان بۇيرۇقنامە بولسا، تېپىپ بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشىڭىز كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا دائىر (خەت - چەك) بولمىسا، سۇ راسخوتى ۋە ئۇرۇق راسخوتىنى ئەۋەتىپ بېرىشىڭىز كېرەك. تېرىلغۇ بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ...» دېيىلگەن.

502 - نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكتە بولسا: «خان ئالىيلىرى قاتارلىقلار... راھىب ماچا بولىيانىڭ مەن قاتارلىقلارغا دوكلات قىلىشىچە سۇنى ئابۇنىيە ئارىيەتكە ئەكەلگەن. ئۇ ئارىيەتكە ئەكەلگەن سۇنى باشقىلارغا بەرگەن. سىز بۇ مۆھۈر بېسىلغان تارشىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالغاندا چوقۇم تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرەرسىز. بۇ سۇنى ئابۇنىيە ئارىيەتكە ئەكەلگەنمۇ - يوق؟ ئارىيەت ئەكەلگەن سۇنى باشقىلارغا بەردىمۇ - يوق؟ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر سۇ چىقىرىۋېتىش ئېغىزىنى تەييارلاپ بولالمىغان بولسا، ئابۇنىيەدىن زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى يوق. ئەگەر بۇنداق بولمىغان بولسا...» دېيىلگەن.

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن، شۇ چاغلاردا بىر يۈرۈش مۇكەممەللەشكەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ بارلىقى، دېھقانلار سۇ راسخوتى ۋە ئۇرۇق راسخوتى تاپشۇرۇشى، سۇلاغ قىلغاندا خاتىرە قالدۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە مەخسۇس سۇ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىدارە - ئورگانلار تەسىس قىلىنىپ، بىر تۇتاش سۇغىرىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم جايلاردا سۇغا مەسئۇل كىشىلەرنىڭمۇ تونۇشى ئۆسمەي قارىغۇلارچە خىزمەت قىلماقتا. ئۇلار دېھقان - چارۋىچىلارغا سۇنى ئاسراشنىڭ ئۇنۇمىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن سۆزلەپ چۈشەندۈرمەي، ھە دېسىلا «سۇنى جىق باشلاپسەن»، «يار ئېلىپ كېتىپتۇ»... دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن جەرىمانە ئېلىش، ئەمما ئۆزى بۇزۇپ - چاچسا كارى بولماسلىقتەك ئەھۋاللار بار.

يۇقىرىدا خوتەننىڭ سۇ بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەققىدە سان - سىپىرلىق ھەم مۇلاھىزىلىك بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇم. ئەجدادلىرىمىز «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. سۇ يەرنىڭ قېنى، يەر يېتەرلىك قانغا ئىگە بولغاندا ئاندىن ئىنسانغا، بارلىق جانلىققا يېڭى قان ئاتا قىلىدۇ.

ۋاقىتتىكى بوز يەر ئېچىشتا: بىرىنچى تۇركۇمدىكى كىشىلەر دەرەخ كۆيدۈرگەن. ئىككىنچى تۇركۇمدىكى كىشىلەر يىلتىز قومۇرغان. ئۈچىنچى تۇركۇمدىكىلەر ئېتىز ئاچقان. چىرىدا 1958 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە 30 مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەر ئېچىلغان. بۇنىڭدىن مۇستەھكەملەپ، دېھقانچىلىق ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇلغىنى ئاران 10 مىڭ مودىن ئارتۇق بولغان. كېرىيىدە 1950 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە جەمئىي 375 مىڭ 700 مو بوز يەر ئېچىلغان. ئەمما، دېھقانچىلىق ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇلغىنى ئاران 170 مىڭ مو بولغان. باشقا ناھىيىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭدىن ئانچە زور پەرقلەنمىگەن. ئىماتە بولۇش رولىنى ئوينايدىغان دەل - دەرەخ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، قۇم كۆچۈش شىددەت بىلەن كۆپىيىپ ئەسلىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى قۇم بېسىپ كەتكەن.

## ئىككىنچى، ئوتۇن ئېلىش

خوتەن رايونى ئېنېرگىيە مەنبەسى كەمچىل جاي بولغاچقا، قالايدىغان، ئىشلىتىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا لازىملىق ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىدە تەبىئىي يېپىنچىلارغا تايانغان. شۇڭا، خەلق كوممۇناسى ۋاقتىدا جامائەت ئاشخانىسى قۇرغاندا، پولات - تۆمۈر تاۋلاشتا، خىش پىشۇرۇش قاتارلىقلاردا ئوخشاشلا توغراق ھەم يۇلغۇنغا «ھۇجۇم» قىلىنغان.

ئوتۇن ئېلىشتا، ئاۋۋال يېقىندىن، كېيىن بىرنەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىن ئېلىپ كەلگەن. ھازىر نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىققىچە كەتكەن. بۇ ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋال. بۇنداق قىلىش بوستانلىقنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدىغان بارلىق توسۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ تاشلاش بولىدۇ. بەزىلەر يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، زور پايدا - مەنپەئەت ئۈچۈن زامانىۋى قاتناش قوراللىرى بىلەن زەنجىر تاپان تراكتورلارنى ئىشقا سېلىپ، بوستانلىق ئەتراپىدىكى تەبىئىي ئورمانلىققا تازا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئەڭ چوڭ، ئەڭ قەدىمىي توغراقلارنى كېسىپ ئېلىپ كەتكەن. توغراقزارلىقلار بوستانلىقتىن — دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدىن يىراقلىغانسېرى، ئۇزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالماي، بىنەم يەرلەرنى قۇم - بورانلارغا تاشلاپ بەرگەن. نەتىجىدە، چۆللىشىش - قۇملىشىش بارا - بارا مەھەللىلەرگىچە بويۇن سوزۇپ تۇرغان. بۇ ھالەت ھېلىھەم ساقلانماقتا.

قىسلىقىنى زىيادە ئاشۇرۇۋەتتى. ئەنە شۇنداق رېئاللىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان ھەر بىر خوتەنلىك تېرىلغۇ يەرنىڭ خوراپ بورانلىق» ھاۋارايىدىن كۆردى. مۇبادا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئانا تەبىئەتكە قىلغان - ئەتكەنلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەسكە ئالىدىغان بولسا، خوتەندىكى بارلىق خورىغان يەرلەرنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئالىبۇرۇن بىلگەن بولاتتى. بىز خوتەن ئېكولوگىيىسى ھەققىدە يېزىلغان تۈرلۈك ماتېرىياللارغا دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى خاتىرىلەنگەن: «نىيە ناھىيىسىدە 1966 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە 4200 مو يەرنى قۇم بېسىپ كەتكەن»، «گۇما ناھىيىسىنىڭ مۇجى يېزىسىدا ئەسلىدە 4200 مو يەر بولۇپ، 1960-يىلى ئازىيىپ 2300 مو قالغان. 1975 - يىلى يەنە ئازىيىپ 1500 مو قالغان. 1980 - يىلىغا كەلگەندە 1300 مو قالغان »... بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنى بىرمۇ بىر ئەسلىتىش بىھاجەت. ئەڭ مۇھىمى ئەنە شۇنداق ئاپەتنىڭ بىۋاستە سەۋەبچىسىنى كۆرستىش زۆرۈر. بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ سەۋەب ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

## بىرىنچى، بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش

خوتەن ۋىلايىتىدە 1958 - يىلى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى يولغا قويغاندا، مىليون مو بوز يەر ئېچىشقا، قۇملۇققا يۈرۈش قىلىشقا چاقىرىق قىلىنغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، «قۇملۇقتىن ئاشلىق ئېلىش، ئوغۇت ئېلىش شوئارى» ئوتتۇرىغا قويۇلغان. توغراق، يۇلغۇن قاتارلىق دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بىنەم يەرلەردىن ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا دەرەخلەرنى قومۇرۇشقا، ھەتتا يىلتىزلىرىنىمۇ كولاپ ئېلىۋېتىشكە توغرا كەلگەن. قۇملۇقتىن ئوغۇت ئېلىش ئۈچۈن، قۇم دۆۋىلىرى ئۈستىدىكى يانتاق، چاكاندا قاتارلىق ئۆسۈملۈك ئوت - چۆپلەرنىمۇ قويماي يىغىشقا توغرا كەلگەن. دېمەك، يىلتىزىنى كولاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يېپىنچىسىنى ئېچىپ، قۇم دۆۋىسىنىڭ ھەممىسىنى «ئازاد» قىلغان. بوز يەر ئاچقاندىن كېيىن سۇ كەم بولغاچقا، بوزدىن كەچكەن، ئۇنى تاشلىۋەتكەن، بۇنىڭ بىلەن ئېچىش ئۈچۈن دەرەخلەرنى كېسىش ئەمەس، بەلكى ئوت قويۇش، قۇملىشىش تېخىمۇ تېزلەشكەن. چىرا ناھىيىسىدە بوز يەرنى تېزرەك تۈركۈم - تۈركۈملەپ كۆيدۈرۈپ تاشلاش ئۇسۇلى قوللانغان. ئەينى

ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى بىر نەچچە مەسىلە» تېمىسىدىكى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ بۇ لايىھىسى خوتەننىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە تولىمۇ ماس كەلگەن بولۇپ، بىزنىڭ تېرىلغۇ يەر مەنبەئىينى ئېچىپ پايدىلىنىشىمىزدا مۇئەييەن رولغا ئىگە. تۆۋەندە بۇ لايىھەدىكى يەر بايلىقىنى ئېچىشقا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەڭ ئاساسلىقى سۇ بايلىقى، يەر بولۇشى كېرەك، بوستانلىق يېزا ئىگىلىكىنى مۇھىم ئالاھىدىلىك قىلغان خوتەن ۋىلايىتىدە تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئاز بولۇش خوتەننىڭ نامرات بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى... خوتەندە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 1.7 مو بولۇپ، بىر مو يەرگە ئاشلىق تېرىغاندىن باشقا ئېشىپ قالغان 7 پۇڭ يەرگە باشقا زىرائەت تېرىلىدۇ... خوتەن ۋىلايىتىدە يېزىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشتا بوستانلىقلارنى قوغداش، بوستانلىقلارنى كېڭەيتىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆپەيتىش، سۇ بايلىقىنى كۆپەيتىش جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، سۇ، تۇپراقنى يېڭىدىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سۇ، تۇپراقنى ئېچىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خوتەننىڭ بىر تۇرلۇك ناھايىتى جىددىي ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى قاتارىدا ئورۇنداش كېرەك. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئوتتۇرىغا قويغان سۇ، تۇپراقنى ئېچىش نىشانى ۋە ۋەزىپىسى: 1995-يىلدىن باشلاپ كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى بەش يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە يەرنى كىشى بېشىغا بىر مودىن كۆپەيتىش، يەنى ۋىلايەت بويىچە 1 مىليون 700 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى يېڭىدىن كۆپەيتىش، بىرىنچى قەدەمدە، يەنى 1995 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە، ئالدى بىلەن يەرنى كىشى بېشىغا يېرىم مودىن كۆپەيتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش كېرەك. ئالدىنقى 3 - يىلدا 300 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى ئاز دېگەندە 180 مىڭ مو يەر ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى قەدەمدە، يەنى 2001 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە يەرنى كىشى بېشىغا يەنە يېرىم مودىن كۆپەيتىش كېرەك.

خوتەندە سۇ، تۇپراقنى ئېچىش ئۇسۇلى ئىككى خىل: بىرى بوستانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۇزەش شەكلىدە قاقاس يەرلەرنى

## ئۈچىنچى، سۇنى توپلاپ ئىشلىتىش

دەريا - ئۆستەڭلەرنى ئۆزگەرتىش، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئېتىبار بەرمەسلىك.

مەلۇمكى، سۇلا بولسا قۇملۇقمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئەمما، سۇ بولمىسا، ھەرقانداق نەرسە قورقۇنچلۇق. خوتەندىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ چۆللىشىپ كېتىشىدە سۇ يوللىرىنى قالايمىقان ئۆزگەرتىش، ئۆز يولىدا قويماسلىق قاتارلىقلارمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەينى يىللىرى نىيە ناھىيىسى نىيە يېزىسىنىڭ غەربىدىكى ئۈچ كەنتنىڭ قۇم بېسىپ كەتكەن يەرلىرى ئەسلىدە مەھەللىنىڭ ئاۋات جايلىرى بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر ئوغلاق ئوينىسا، سەيلە قىلسا شۇ جايدا قىلىپ كەلگەنىكەن. ئۆرۈك، شاپتۇللىرى زىچ، ناھايىتى كۆپ بولغانىكەن. بۇ جاينىڭ شىمالىي تەرىپىدە تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنىڭ ئېگىز - ئېگىز قۇم دۆۋىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئارىدا نىيە دەرياسى بولغاچقا، ئۆتەلمەيدىكەن. ناھايىتى بىخەتەر كەلگەنىكەن. كېيىنكى ۋاقىتتا سۇ قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئەگرى - دونايلارنى ئوڭلاپ تۈپتۈز قىلىشقا توغرا كەلگەچكە، دەريا ئېقىنى ئۆزگەرتىلگەن. نەتىجىدە، پەقەت 15 يىل ۋاقىت جەريانىدىلا قۇم دۆۋىلىنىپ ھازىرقىدەك ھەم ئۇزۇن ھەم سېرىق ئەجدىھالار (بۇ ئېتىزلىقلاردا ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتىر، كەڭلىكى 12 كىلومېتىر، ئېگىزلىكى 20 — 30 مېتىر كېلىدىغان قۇم دۆۋىسى شەكىللەنگەن) ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇنىڭدىن روشەنكى، سۇ يوللىرىنى نامۇۋاپىق ئۆزگەرتىشمۇ غايەت زور ئاپەت ئېلىپ كەلگەن.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر بىلەن خوتەننىڭ تېرىلغۇ يەر بايلىقى كۈندىن - كۈنگە خورىغان. ئەنە شۇنداق تەكرار مەغلۇبىيەتلەردىن چۆچۈگەن خوتەنلىكلەر ئاستا - ئاستا يەر ئېچىش جەھەتتە ئويغىنىشقا باشلىدى. رەھبەرلىكنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىن بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە، بەزىبىر خىزمەتلەر تەرتىپلىك ئىشلەندى.

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جىڭچيەن خوتەنگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 86 يېزا - بازار ئىچىدىكى 51 يېزا - بازارغا بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ماكرولۇق ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ھەر تەرەپلىمە ئىگىلەش ئارقىلىق، «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا

قىلىشقىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا، ھازىرقى بوستانلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش، بوستانلىقنىڭ ئەتراپىدا بوز يەر ئاچقاندا ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنى ئاۋۋال تۇتۇپ، بىر پارچە يەر ئېچىلسا، بىرپارچە ئورمانلىق بەرپا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

سۇ، تۇپراق بايلىقىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى خوتەننىڭ بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى ئەڭ چوڭ چەكلىگۈچى ئامىل. تارىختا خوتەن ئۈزلۈكسىز تۈردە بوز يەر ئاچقان بولسىمۇ، بىراق بىر تەرەپتىن بوز يەر ئېچىپ، بىر تەرەپتىن ئاق تاشلاپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاشلىق، كېۋەز تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش قىيىن بولۇپ كەلدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى ياخشى ھەل قىلىنمىدى... بىز چوقۇم سۇ ئىنشائاتىغا ئالدىن تۇتۇش قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قۇدۇق قېزىشنى سۇ، تۇپراقنى ئېچىشتا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئىلمىي پىلانلاپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، سۇ بايلىقى رايونلىرىنى ياخشى قۇرۇشىمىز كېرەك...

قاراقاش، خوتەن ناھىيىسىگە ئوخشاش ئاھالىسى زىچ، يەر كۆلىمى ناھايىتى ئاز جايلاردا بىر كەنتتىن 40، 50 ئائىلىنى كۆچۈرۈپ، يېڭى ئېچىلغان يەرلەرگە تارقاقلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇلار كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇچ يىلغىچە ئەسلىدىكى تېرىلغۇ يېرى قايتۇرۇۋېلىنمايدۇ، ئۇلارنىڭ تامىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. يېڭىدىن ئېچىلغان يەرلەردە دەل - دەرەخ تىكىپ، ئوت - چۆپ تېرىپ، ئۈچ، تۆت يىلدىن كېيىن، ئاشلىق، كېۋەز تېرىغىلى بولغاندا ئاندىن ئەسلىدىكى تېرىلغۇ يەرلىرى قايتۇرۇۋېلىنىپ، كۆچمىگەن دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كۆپەيتىلىدۇ...»①

خوتەن ۋىلايىتىدە يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچە يەر ئېچىش، پايدىلىنىش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۈنۈمى خېلى يۇقىرى بولدى. ئەسلىدە بۇ ۋىلايەتتە شورلاشقان تېرىلغۇ يەر تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 35% ىنى تەشكىل قىلغان بولسا، بارا - بارا نىسبەت ئازىيىشقا قاراپ يۈزلەندى.

---

① «شىنجاڭ پارتىيە خەۋەرلىرى»، 1998 - يىل 8 - سانىدىن.

ئېچىش، يەنى ئارىلىقتا قالغان قاقاس يەر، تاشلاندۇق قاقاس يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش؛ يەنە بىرى، بوستانلىقنىڭ سىرتىغا قاراپ كېڭەيتىش شەكلىدىكى بوز يەر ئېچىش. سۇ، تۇپراق ئېچىشتا چوقۇم تۆتنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك: بىرىنچى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈش؛ ئىككىنچى، ئىچكى قىسىمدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن سىرتقى قىسىمدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش؛ ئۈچىنچى، پارچە - پارچە يەرلەر بىلەن كۆلەم بويىچە تۇتاش كەتكەن يەرلەرنى بىرلەشتۈرۈش؛ تۆتىنچى، سۇ، تۇپراقنى ئېچىش بىلەن پىلانلىق تۇغۇتنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، تۆتنى بىرلەشتۈرۈشتە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىش كېرەك. ناھىيە، يېزا، كەنتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئۆزگىچە، شۇڭا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، شارائىتقا يارىشا ئىش كۆرۈپ، بىر ناھىيىدە بىر تەدبىر بولۇش، بىر يېزىدا بىر تەدبىر بولۇش، ھەتتا بىر كەنتتە بىر تەدبىر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. سۇ، تۇپراقنى ئېچىشتىكى مەقسەت دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش. بۇ بىزدىن كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەت بىلەن يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بوستانلىقنىڭ ئىچكى قىسىمدا بوز يەر ئېچىش ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە، ئۇ يېزىلارغا يېقىن، ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە يوللار تەييار. يەنە كېلىپ بەزى يەرلەر ئەسلىدىنلا ئاق تاشلىۋېتىلگەن بوز يەرلەر، ئاچقان ھامان بىۋاسىتە ئاشلىق، شال، كېۋەز تېرىغىلى بولىدۇ. پۇل، ماددىي ئەشيا، كۈچ تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. ئۈنۈم تېز كۆرۈلىدۇ. ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بىراق، قۇملۇققا يۈرۈش قىلىپ، بوستانلىقنى كېڭەيتىپ، سىرتقا قارىتا كېڭەيتىش شەكلىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتە زور كۆلەمدە تۇتاشتۇرۇپ ئاچقاندىلا، ئاندىن ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئالدى بىلەن ئوت - چۆپ، ئورمان ئارقىلىق يەرنى قوغداپ، بىرىنچى يىلى بوز يەر ئېچىپ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى يىلى يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، تۆتىنچى يىلى ئاندىن ئاشلىق، كېۋەز تېرىش كېرەك. ئەگەر يېشىل توسۇق بولمىسا، يېڭىدىن ئېچىلغان بوز يەرلەر قۇم - بورانىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. تېرىقچىلىق

يېڭىۋاشتىن باھا بېرىپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ جەمئىيەتكە، ئېكولوگىيىگە ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا بولغان قىممىتىنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىگە قوشۇپ باھا بېرىپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان سىرتقى تەننەرخىنى ئىچىگە قوشۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋالغۇچىلار يېتەرلىك بەدەل تۆلەپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ سۈپىتى ۋە كۆلىمىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى قوغداشنىڭ يېڭى تىپتىكى ئىقتىسادىي مېخانىزمىنى قۇرۇپ چىقىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ۋە سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

2. تېرىلغۇ يەرلەرنى قوغداش سىياسىتى ۋە قانۇن سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش

نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى كونترول قىلىپ ئېھتىياج تەلىپىنى يېنىكلىتىش، يېزا مائارىپىنى چىڭ تۇتۇپ نوپۇسنىڭ ساپاسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، تېرىلغۇ يەردىن ئىبارەت بۇ يېزا ئىگىلىك تۈۋرۈك بايلىقىنىڭ پايدىلىنىش ئېھتىيات سىزىقىنى بېكىتىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىشلىتىشتە يەر تولۇقلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش، تېرىلغۇ يەردىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە كېڭەيتىشنى كۈچەيتىپ، تېرىلغۇ يەرلەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

3. بازار ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزۇپ ۋە ياخشىلاپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى مۇۋاپىق كۆلەمدە باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازارلىرىنى مەركەز قىلغان مەھسۇلات بازار سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى مەركەز قىلغان بازار سىستېمىسى ۋە يۆتكەپ سېتىش سودا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش بازىلىرىنى تەشكىللەش ۋە بازار قائىدە - قانۇنلىرى قاتارلىق بازار ئىقتىسادىنىڭ نورمال ئايلىنىشىنىڭ قاتتىق شەرتىنى ۋە يۇمشاق شەرتىنىڭ قوشۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بازار ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى قۇرۇپ ۋە ياخشىلاپ، يېزا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەڭ قىممەتتە ئالمىشىش پرىنسىپىغا، يېزا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەركىن ئېقىشى بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم، شۇنداقلا يېزا ئىقتىسادىنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ،

مەلۇمكى، ئالىملار يەر شارىدا بىر مېتىر قېلىنلىقتىكى يەر قاتلىمىنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن 40 مىڭ يىل كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئېغىر بولغان جايلىرىدا 100 يىل ئىچىدىلا بىر مېتىر قېلىنلىقتىكى يەر قاتلىمى يوقايدىكەن. خوتەندە ئىلگىرى يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر بىلەن خېلى كۆپ يەر قاتلىمى خورىغانىدى. يەرنىڭ خورىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېغىر ئاپەتلەردىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار بولغان خوتەن خەلقى بۈگۈنكى كۈندە تۇپراقنى — يەر بايلىقىنى ئاسراش جېڭىگە تۇنجى قەدەمنى ئالدى. خەيرلىك ئىشلار ئۈچۈن بېسىلغان ھەرقانداق قەدەمنىڭ غەلىبە بىلەن تاماملىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئەمما، خوتەن رايونىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا خىمىيىلىك ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىلىك بۇيۇملارنى ئۆلچەمدىن ئارتۇق ئىشلەتكەچكە، تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددا مىقدارى تۆۋەنلەپ، فىزىكا، خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئاجىزلاپ، تۇپراق سۈپىتى ناچارلاپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ نوپۇسنىڭ كۆپىيىش بېسىمى تۇپەيلىدىن يەنىلا خىمىيىلىك ئوغۇتنى كۆپ سېلىش ئارقىلىق مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. خوتەن رايونىدىكى كۆپ قىسىم تۇپراقلارنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن، ئاساسلىق ئوزۇقلۇق ئۈنۈملۈك ئازوتنىڭ مىقدارى 25.6ppm، فوسفورنىڭ مىقدارى 4ppm، تۇپراق تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا مىقدارى 0.845%، ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا - تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىز خوتەن رايونى ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرىنىڭ 81.5% نى ئىگىلەيدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ھوشيار بولۇش، كىچىككىنە نەتىجە بىلەن ئىشنى بولدى قىلماسلىق ھەمدە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. تېرىلغۇ يەرنىڭ قىممىتىنى يېڭىۋاشتىن تونۇش

تېرىلغۇ يەرلەردىن پايدىلىنىش قىممىتى پەقەت بازار باھاسى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىگە ئىشلەتكۈچىلەر بىۋاسىتە قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان مۇھىت ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم قاتارلىق سىرتقى ئالاھىدىلىك ئۈنۈمى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا، سىجىل تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ قىممىتىگە

ئېلىش
كېيىنكى تېرىلغاندا ئىشلەتكەن سۇلياۋ يوپۇقلار تۇپراق قاتلىمىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ - دە، مەھسۇلات مىقدارى كېمىيىدۇ. بارا - بارا تۇپراقتا شورلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، تۇپراق خورايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىزلارنىڭ پاكىز بولۇشىنى، يەنى سۇلياۋ پارچىلىرىنىڭ تۇپراق ئاستىدا قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

6. ھە دېسىلا ئورگانىك ئوغۇت بىلەن يەر تېرىشنى بارا - بار ئۆزگەرتىش
ھەرقانداق زىرائەت تېرىشتىن ئاۋۋال مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن يەر ئاغدۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىكى سەۋەب مەھەللىۋى ئوغۇت تەركىبىدىكى ھەر خىل ماددىلار بىر تەرەپتىن تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ. ئەمما، ئورگانىك ئوغۇتلار بولسا، تۇپراققا قارىغاندا مەھسۇلاتقا كۆپرەك مەنپەئەتلىك. بىراق، تېرىلغۇ يەر دائىم ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىنىۋەرسە، يەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى، شۇنداقلا - مەھسۇلاتنىڭ تەبىئىي قۇۋۋىتى دېگەندەك يۇقىرى بولمايدۇ.

بۇلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، تۇپراق ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتىلىش، ھاياتلىق كاپالىتىگە ئىنتىلىش، يېمەك - ئىچمەك، مۇھىت ساپلىقىغا ئىنتىلىشتۇر. يەر ئانا ھەم ئاتىدۇر.

# قۇملۇق قالپىقى

ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تەتقىقاتچىلىرى ئۇزۇن يىللىق كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ماھىيەتتە «قۇملۇق قالپىقى» ئىكەنلىكىنى، مۇبادا بۇ «قالپاق» ئېلىۋېتىلسە، قۇملۇق ئۆز جىلۋىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغان باھا.

مەلۇمكى، ئىلگىرى خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى كۆپ تارقالغان. مەيلى يۇلغۇن بولسۇن ۋە ياكى چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، يانتاق... لار بولسۇن خېلى كۆپ نىسبەتنى

دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلەردىنلا كىرىم قىلىش بېقىندىلىقىنى تۆۋەنلىتىش، تېرىلغۇ ئىگىدارچىلىق تۈزۈمىنى ياخشىلاپ، دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ۋە بازاردىكى گەۋدىلىك ئورنىنى تۇرغۇزۇش، تېرىلغۇ يەر بازىرىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە تولۇقلاپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مۇۋاپىق ئېقىش ۋە قىسمەن مەركەزلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مۇۋاپىق كۆلەمدە باشقۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرلەردىن سىجىل پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

4. يېزا ئىگىلىك كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش مۇھىتىنى ياخشىلاش

خوتەن رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كەمچىل، يېزا ئىگىلىك ئۈنۈمى تۆۋەن، سانائىتى ئارقىدا، يېزا ئىگىلىك بايلىقلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى كەڭ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ئاجىز بولغان ئەھۋال ئاستىدا، يېزا ئىگىلىكىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوقۇم يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىشنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئاساسي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

يېزا ئىگىلىكى ئاساسي قۇرۇلۇشى مەبلىغىنىڭ پۈتۈن رايوندىكى ئاساسي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلەغ ئىچىدىكى سالمىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۇپراقنىڭ قۇملىشىپ كېتىشى، شورلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنى قوللاش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، پەن - تېخنىكىغا مەبلەغ سېلىشنى كۈچەيتىش، تېرىلغۇ يەرلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، تېرىلغۇ يەردىن پايدىلىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش، تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش ھەمدە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. خەلق ئىگىلىكىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانىنى چىقىش قىلىپ، مىللىي دارامەت تەقسىمات گەندىزىسىنى تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى نىسپىي مەنپەئەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك بايلىقىنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگىرىپ كېتىش يۈنىلىشىنى توسۇپ، بايلىقتىن پايدىلىنىشنى پەن - تېخنىكىلاشتۇرۇپ، ئۈنۈمنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتلىق بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

5. تۇپراقنىڭ سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى

بىراق ئۇلاردىن پايدىلىنىش مىقدارى ھەقىقەتەن ئېشىپ بېرىۋاتقان بولغاچقا، ئاستا - ئاستا ئەسلى ھالىتىنى يوقاتتى. مۇتەخەسسىسلەر تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بار بولغان چارۋا تۇياق سانى بىلەن ئاشۇ چارۋىلارنى سىغدۇرۇش كۆلىمىگە ئىگە يايلاقلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، خوتەن ۋىلايىتىدە بېقىلىۋاتقان چارۋىلارنىڭ ئوتلاقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا خېلىلا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ ئىسپاتلاش قانداقتۇر مال سانىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرسىتىشلا ئەمەس، بەلكى ھازىر بار بولغان ئوتلاق كۆلىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئاز ئىكەنلىكىنى، مۇبادا تەدبىر قوللىنىپ يايلاقلارنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرمىسە، بارلىق ئوتلاقلارنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، چۆللىشىشكە قاراپ يۈزلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىش ئىدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئوتلاق باشقۇرۇش تەدبىرىمىز بىلەن باشقا ئەللەرنىڭ ئوتلاق باشقۇرۇش تەدبىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئوتلاق ئېكولوگىيىسىگە قىلغان - ئەتكەنلىرىمىزدىن ئۇيىلىمىز.

ياپونىيىدە ئوتلاق قۇرۇلۇشى بىرقەدەر مۇكەممەللىشىپ، ئوتلاقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئاساسەن ئومۇملاشقان. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوت - چۆپ يېپىنچىسىنىڭ قاپلىنىشى ۋە ئاسرىلىشى ناھايىتى ياخشى بولۇپ قاقاس، چۆل - جەزىرە، ئوت - چۆپ ئۈنمەيدىغان يەرلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ھەممە جاي ئومۇمەن ئوت- چۆپ بىلەن قاپلانغان، ئوتلاقلار پۈتۈنلەي سىم تور بىلەن قورشالغان، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە چارۋا - ماللارنىڭ ئوت - چۆپ، يەم - خەشەككە بولغان ئېھتىياجى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ قوللانغان تەدبىر - تۈزۈملىرى مۇنداق:

1. ئوتلاقلارنى ئاسراش تەدبىرى: ئوتلاقتا ھەددىدىن ئارتۇق مال بېقىشنى تىزگىنلەپ، سۈنئىي ئوتلاق ياكى تەبىئىي ئوتلاق بولسۇن، مالنىڭ بېقىلىش پىرسەنتىنى 50% دىن ئاشۇرماي، ئوتلاقلارنى رايونلارغا ئايرىپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ مۇددەتلىك بېقىپ، ئوتلاقنى دەم ئالدۇرۇپ بېقىشنى يولغا قويغان. تاغ قاپتاللىرىدىكى ئوتلاقلاردىمۇ مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىگەن. بۇ ئارقىلىق ياخشى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغان.

2. ئوتلاقلارنى باشقۇرۇش شەكلى: ئوتلاقلارنى باشقۇرۇش ئىككى خىل شەكىلدە بولۇپ، بىرى، دۆلەت بىر تۇتاش باشقۇرۇش؛

ئېگىلەيتتى. ئەمما، ھەرقايسى جايلاردا بىر مەزگىللىك قانات يايغان چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، توشقان زەدىكى كولاشلار، مال - چارۋىلارنىڭ سانىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىشلەر نەتىجىسىدە خوتەننىڭ كۆپلىگەن يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ۋەيران قىلىندى. توغراققا قىلىنغان ھۇجۇم بىر مەزگىل پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن، يېڭى نىشان يۇلغۇنغا بۇرالدى. يۇلغۇننىڭ يوپۇرمىقى، تالاسى، شېخى، غوللىرى تۇرمۇشتا كۆپلەپ ئىشلىتىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭدا توشقان زەدىكى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل پارازىت ئۆسۈملۈك ياشىغاچقا (بۇ تېبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان قىممەتلىك دورا بولۇپ، باھاسى يۇقىرى، 0.7km² يۇلغۇنلۇقتىن 3t ھۆل توشقان زەدىكى يىغىۋالغىلى بولىدۇ)، ئۇنى ئېلىش مەقسىتىدە نۇرغۇنلىغان تەبىئىي ۋە سۈنئىي يۇلغۇنزارلىق ۋەيران بولدى. بۇ ماھىيەتتە بوستانلىقنى چۆللەشتۈرۈش ئىدى. يەنە كېلىپ دېھقانلارنى چارۋىچىلىققا يۈزلەندۈرگەندىن كېيىن ھە دېسىلا مال - چارۋىلار كۆپەيتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئاشۇ مال - چارۋىلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەئى بولغان يايلاقلىرىمىزنىڭ كۆلىمى ئىلگىرىكىدىن خېلىلا كىچىكلەپ كەتتى. بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار بۇرۇن خوتەننىڭ جاي - جايلىرىدىكى مەھەللىلەرنىڭ ئوتلاق يەرلىرى بار ئىدى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ قىسقىراپ بېرىشى نەتىجىسىدە لاي ئېقىتىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئوتلاقلار تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مال - چارۋىلارنىڭ ئوزۇقىنى يىراق جاڭگاللاردىن ئېلىپ كېلىشكە توغرا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، توغراقلاردىن ئايرىلغان بوستانلىقنىڭ ئاخىرقى نىجاتكارى بولغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر مەھەللىلەرگە توشۇلۇپ، ئائىلىۋى ئوغۇت قاتارىدا مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ئەڭ ئېچىنارلىقى شۇكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەينى يىللاردا يانتاق غولىغا قوغۇن - تاۋۇز ئۇلاپ ئەنئەنىۋى باغۋەنچىلىكنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەنىدى. توغراق - يۇلغۇنلارنى قالايمىقان كېسىش، يانتاق، قومۇش، چۇچۇكبۇيا، سوكسوك... قاتارلىق تەبىئىي يېپىنچىلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىشلار سەۋەبلىك، چۆللەردىكى يانتاقلارمۇ بارا - بارا يوقاپ كەتتى. شۇڭا، بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىمىز يانتاق غولىدىن ئوزۇق ئالغان شېرىن تەملىك قوغۇنلارنى مەززە قىلىپ يېيىش بەختىدىن مەھرۇم قالدى.

خوتەننىڭ بۈگۈنكى كۈندە بار بولغان 200 دىن ئارتۇق چوڭ- كىچىك بوستانلىقنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك تەبىئىي يېپىنچىلار بار.

مالنىڭ سىغىمچانلىقىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىشنىڭ ئۈنۈمىنى 50% تىن ئاشۇرىدۇ. سۈنئىي ئوتلاقلار بىلەن چاپمىلىقلاردىكى ئوت - چۆپنىڭ تۈرى ئوخشاش بولىدۇ. سۈنئىي ئوتلاقلاردا چىملىق ئوت - چۆپنىڭ نىسبىتى كۆپ بولۇپ، بۇ ئوتلاقنىڭ چارۋا مال تەرىپىدىن دەسسىشكە بولغان چىدامىلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئوتلاق چېكىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ. يەر شەكلىگە قاراپ مال بېقىشتا، قورشالغان ئوتلاقلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن بىر پەسىلدە بىر قېتىم نۆۋەتلەشتۈرۈپ مال بېقىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا بىرىنچى قېتىم مال باققان ئورۇنغا ئىككىنچى قېتىم نۆۋەت كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا 1.5 — 2 ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. سۈنئىي ئوتلاقلار تۆت-بەش يىلدا بىر قېتىم ئاغدۇرۇلۇپ قايتا تېرىلىدۇ. ھەر يىلدىكى باھار پەسلىدە بىر قېتىم ئوغۇتلىنىدۇ. سۇغىرىش ئاساسەن يامغۇر سۈيى ئارقىلىق بولىدۇ.

7. تاغلىقلاردىكى تەبىئىي ئوتلاقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ياخشىلاش: شاڭجۇ رايونىدىكى تاغلىق تەبىئىي ئوتلاقلىرىنىڭ ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى ئاساسەن قوڭۇر باش، قوراي، ئاق ئۇچ قولاق ۋە باشقا ئارىلاشما ئۆسىدىغان ئوت - چۆپلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە پايدىلانغىلى، بۇ ئوتلاقلاردا بېقىلىدىغان چارۋا ماللارغا ئەتىگەن ۋە كەچ ئىككى ۋاخ قوشۇمچە يەم بېرىلىدۇ. ئوتلاقلار گەرچە قورشالمىغان بولسىمۇ، لېكىن پىلانلىق تۈردە رايونلاشتۇرۇپ چارۋا مال تەرتىپلىك بېقىلىدۇ. ئۇلار تاغلىق تەبىئىي ئوتلاقلارنى ياخشىلاشتا 30 نەچچە يىلدىن بېرى يەرلىك ئۇسۇل قوللانغان، يەنى ئەتىياز پەسلىدە ئورگانىك ئوغۇت بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇتقا، شۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ئوت - چۆپ ئۇرۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، توردىن ياسىغان ساندۇققا قاچىلاپ ياۋاش كالىلارغا ئارتىپ قويىدۇ، بۇ كالىلار ئوتلاش جەريانىدا ئۇرۇق ئوغۇت بىلەن بىرگە يەرگە چېچىلىدۇ. ئارقىدىن كېلىۋاتقان كالىلارنىڭ دەسسىشى بىلەن ئۇرۇق يەرگە پاتۇرۇلۇپ كۆمۈلىدۇ. كالىلار بارالمايدىغان جايغا ئادەم كۈچى ئارقىلىق تولۇقلاپ تېرىيدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنىدىكەن. بۇنىڭ ئۇسۇلى ئاددىي، ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، ئۆسۈملۈك يېپىنچىسىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 90% كە يېتىپ، چېكىنگەن ئوتلاقلارنى كۆرگىلى

يەنە بىرى، يەككىلەر باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. ياپونىيىدە ئوتلاقلارنىڭ كۆپىنچىسى يەككىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئوتلاقلار يەنىلا يەككىلەرگە ئىجارىگە بېرىلىدۇ، يەنى دۆلەت پەقەت ئوتلاقلارنى قوغدىش، قۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ يەككىلەردىن ئىجارە ھەققى ئالىدۇ.

3. شاڭجۇ رايونىدا ئوتلاقلارنىڭ سىم تور بىلەن قورشىلىش ئەھۋالى: شاڭجۇ رايونىدا بارلىق ئوتلاقلار سىم تور بىلەن قورشالغان. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئىككى بولۇپ، بىرى، ئوتلاقلارنى سىم تور بىلەن قورشاپ رايونلارغا ئايرىپ پىلانلىق ھالدا مال بېقىش. يەنە بىرى، ئوتلاقلارنى سىم تور بىلەن قورشاش ئارقىلىق ئەمگەك كۈچىنى تېجەش ۋە مالنىڭ سىغىمچانلىقىنى مۇۋاپىق تىزگىنلەشتىن ئىبارەت. ئوتلاقلارنى سىم تور بىلەن قورشىغاندا، ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئوتلاق مەيدانى مۇقىملىشىدۇ ۋە ئۆز ئارا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. سىم تور بىلەن قورشىغان ئوتلاقلارنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكىمۇ تەبىئىي شارائىتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ.

4. ئوتلاقنى قورشاشقا ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللار: قورشاش تۈۋرۈكلىرىگە ئاساسەن ياغاچ، سېمونت تۈۋرۈكى ۋە ئۈچ قىرلىق تۆمۈر قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. تىكەنلىك تور سىم ئالتە قات تارتىلىدۇ. ھەر بىر تۈۋرۈكنىڭ ئارىلىقى 10، 15 مېتىرغىچە كېلىدۇ. قورشالغان ئوتلاقلارنىڭ ھەجمى ئادەتتە 100 مودىن 1000 موغىچە بولىدۇ.

5. قورشالغان سۈنئىي ئوتلاقلارغا پۇرچاق ئائىلىسىگە تەۋە ئوت-چۆپلەر بىلەن باشاقلىقلار ئائىلىسىگە تەۋە ئوت - چۆپلەر تېرىلىدۇ. مەسىلەن: قۇندۇز ئوتى، نجىم ئوتى، قىزىل ئۈچ قۇلاق، ئاق ئۈچ قۇلاق، بېدە... قاتارلىقلار. بۇلار ئارىلاش تېرىلغاندىن كېيىن 7 — 8 يىل پايدىلىنىلىدۇ. يىللىق مو بېشى مەھسۇلاتى 1000 — 2000 جىڭغا يېتىدۇ. ئارىلاشما تېرىلغان ئوت - چۆپلەر ئىككى قېتىم ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىن مال قويۇپ بېرىلىپ ئىختىيارىي ئوتلىتىلىدۇ. سۈنئىي ئوتلاقلار يىلىغا ئىككى قېتىم ئوغۇتلىنىدۇ، يەنى باھار پەسلىدە بىر قېتىم، بىرىنچى قېتىم ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىن بىر قېتىم بولىدۇ.

6. ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىش: مەزكۇر رايوندا مەيلى تەبىئىي يېتىشتۈرۈلگەن ياكى سۈنئىي يېتىشتۈرۈلگەن ئوتلاقلار بولسۇن،

توم، ئەگمە مۇڭگۈزى بولۇپ، ئالدىغا چوقچىيىپ تۇرىدۇ. گىنتايىن سۇرلۇك بولۇپ، ئادەمنى شۈركەندۈرىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان موزاينىڭ ئېغىز قىسمى ئاق، پۇتۇن ئۇستىخىنى قوڭۇر كېلىدۇ. نەسلىنىش پەسلىدىن باشقا چاغدا ئەركەك، چىشلىرى ئايرىم ھەرىكەتلىنىدۇ. ھەر يىلى 6 ـ ئايدا موزايلايدۇ. چىشى قوتازلار دائىم توپلىشىپ يۈرىدۇ. ئەركەك قوتازلار بولسا ئىككى، ئۈچى بىرگە ئوتلايدۇ. ئون نەچچىسى بىر پادا بولۇپ، چىڭخەي ـ شىزاڭ تاشيولى بويىدىكى ئاقسايچىن ئويمانلىقىدا، كېرىيە دەرياسىنىڭ باش مەنبەسىدە ۋە نىيە ناھىيىسىنىڭ ئارقا تېغىدىكى قارلىق بويلىرىغا يېقىن جايدىكى سوغۇق ئېگىزلىك چۆل يايلاقلىرىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. يېقىنقى مەزگىللەردە كېرىيە دەرياسىنىڭ باش مەنبەسىدىكى ئۇلۇغ كۆل، ئاچچىق كۆل ئېگىزلىكىدىكى كۆل رايونىدا 100 گە يېقىن بىر توپ ياۋا قوتاز بارلىقى بايقالغان.

2. تىبەت ياۋا ئېشىكى: خوتەن چېگرىسى ئىچىدە كوئېنلۇن تېغىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 4800 مېتىر كېلىدىغان ئاقسايچىن چوغۇق ئېگىزلىك كۆپ رايونىغا تارقالغان. تىبەت ياۋا ئېشىكى قۇرغاق چۆل شارائىتتا ياشايدىغان چۆپخور ھايۋاناتلارنىڭ بىرى. يۈگۈرۈك كېلىدۇ. ناھايىتى چىدامىلىق، سائەتلىك سۈرئىتى 60 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. «ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھىرى» دەيدىغان نامى بار. تاشقى قىياپىتى خېچىرغا ئوخشايدۇ. قۇلىقى ئۇزۇن، ئۇستىخىنى ئاتتىن سەل كىچىكرەك. دۈمبىسىنىڭ تۈكى قوڭۇر، قورسىقى ۋە پۇتلىرى ئاق، دولىسىدىن قۇيرۇق تۈۋىگىچە پۇتۇن بەدىنىدە روشەن قارا سىزىقى بار. ئادەتتە بىر ئىككى ساغلام ھاڭگى ئېشەك بىر قانچە ئون مادا ئېشەك ۋە تەخەيلەرنى باشلاپ توپلىشىپ ھەرىكەتلىنىدۇ. پادا توپى بىر قانچە ئون تۇياقتىن يۈز تۇياقىچە يېتىدۇ. كۈز مەزگىلىدە ھەتتا مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق توپلىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. خوتەننىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ياۋا قوتاز تارقالغان جايلاردىمۇ تىبەت ياۋا ئېشىكىنى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

3. بۆكەن: دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىر كېلىدىغان قاقاس، يېرىم قاقاسلىق يايلاقتا ياشايدۇ. روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئەركىكىنىڭ بېشىدا بىر جۈپ ئىنچىكە ھەم ھالقىسىمان سىزىقلىق ئۇزۇن مۈڭگۈزى بار. مۈڭگۈزى قارا بولۇپ، تىك ئۆسىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 ـــ 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇرنى توم، بۇرۇن تۆشۈكى ناھايىتى چوڭ، تۈكى قويۇق قېلىن، رەڭگى توق

بولمايدىكەن.

ياپونىيىلىكلەر ئوتلاق باشقۇرۇش ۋە پايدىلىنىشتا ئەنە شۇنداق تەرتىپلەر بويىچە ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئۇلار ئوتلاق ئارقىلىق ھەم چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرالىغان ھەم ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرالىغان. بۇ ئۆزگىچىلىك ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر خۇددى ئورمانغا ئوخشاشلا تۇرلۇك تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كۇشەندىسىدۇر. شۇڭا، مەيلى يەر ئېچىشتا بولسۇن ۋە مەيلى چارۋا مال بورداقچىلىقىدا بولسۇن، «قۇملۇق قالپىقى» بولغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ۋەيران قىلماسلىقىمىز، ئۇنى ۋەيران قىلىشىمىزنىڭ بوستانلىقنى — ھاياتلىقنى ۋەيران قىلىش بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز، ئوتلاق باشقۇرۇش قانۇنلىرىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشىمىز زۆرۈر.

# ياۋايى ھايۋانلار، سىلەر نەدە؟

بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار بۇرۇن خوتەننىڭ ھەرقايسى دالا - قىشلاقلىرىدا ياۋا قوتاز، تىبەت ياۋا ئېشىكى... قاتارلىق كۆپلىگەن ياۋايى ھايۋاناتلار توپ - توپى بىلەن چېپىشىپ يۈرەتتى. ئەمما، ئورمانلىقلارنى ۋەيران قىلىش، يېپىنچا ئۆسۈملۈك بايلىقىنى تېزلىكتە خورىتىش نەتىجىسىدە، خوتەندىكى بىر قىسىم ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋاناتلار بايلىقى بارا - بارا يوقاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ئاز كەم 10 يىل بۇرۇن بار بولغان ياۋايى ھايۋاناتلار بايلىقىغا قاراپ باقايلى:

بىرىنچى، كوئېنلۇن تېغىدىكى سوغۇققا چىدامل‍ىق ياۋايى ھايۋاناتلار

1. ياۋا قوتاز: چۆپخور ھايۋان بولۇپ، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىردىن يۇقىرى تاغلىقتىكى ئالاھىدە ھايۋان. گەۋدىسى چوڭ، ھەيۋەتلىك بولۇپ، توختالىغان ياۋا قوتازنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1.7 مېتىر كېلىدۇ. تەن ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىرغا يېقىن بولۇپ، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 1000 كىلوگرام كېلىدۇ. باش قىسمىنىڭ تۈكى قارا، بەدىنىنىڭ تۈكى قوڭۇر، يالىسى ئۇزۇن بولۇپ، قورسىقىغىچە چۈشىدۇ. چوققىسىدا بىر جۈپ

جەھەتتە تاغ تېكىسىگە قارىغاندا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يەرلىك قوي بىلەن نەسىللەندۇرگەندە شالغۇت ئەۋلاد ئالغىلى بولىدۇ.

7. چىپار بۆكەن: چۆپخور ياۋايى ھايۋان. تەن قۇرۇلۇشى بۆكەنگە ئوخشايدۇ. سەزگۈر، ناھايىتى يۈگۈرۈك بولۇپ، كۆپىنچە يالغۇز ياكى ئاز توپلىشىپ ھەرىكەتلىنىدۇ. ئاساسلىقى، دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن يۇقىرى بولغان تاغلىقتىكى سۇيى، ئوت-چۆپلىرى ئەلۋەك جايلاردا ئارام ئالىدۇ. سانى ناھايىتى ئاز. نىيە ناھىيىسىنىڭ ئارقا تېغىدىكى سوغۇق ئوتلاق بەلۋاغلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

8. يىلپىز: شىنجاڭدا ھازىر ساقلىنىپ قالغان گۆشخور يىرتقۇچ ھايۋان ئىچىدىكى جۇغى ئەڭ چوڭ ياۋايى ھايۋان بولۇپ، «تاغ پادشاھى» دەپ ئاتىلىدۇ. يىلپىزنىڭ بېشى يۇمىلاق ھەم كىچىك، قۇلىقىمۇ بىر قەدەر كىچىك. قۇيرۇقى چوڭ بولۇپ، ئۆز بويى بىلەن باراۋەر كېلىدۇ. بويى ئۇزۇن، پۇتلىرى قىسقا بولۇپ، توختالغانلىرىنىڭ بويى 1.3 مېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 40 كىلوگرام كېلىدۇ. تۈكى سۇس كۈل رەڭ بولۇپ، بەدىنىدە رەتسىز قارا چېكىتلىرى بار. تۈكى قېلىن ھەم قويۇق بولۇپ، قاتتىق سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. تەبىئىيتى ۋەھشىي بولۇپ، دەرەخكە چىقالايدۇ. سۇدا ئۈزەلەيدۇ. ھەرىكىتى ئىنتايىن چاققان. ناھايىتى يۈگۈرۈك بولۇپ، سائەتلىك سۈرئىتى 80 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئاساسلىق ئوزۇقلۇق ئوبيېكتلىرى ياۋا قوي، داۋغان، ئۇلا، ياۋا توشقان، بۆرە ۋە تۈلكە قاتارلىق ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ھايۋانلاردىن ئىبارەت. ئىنسانلارغا ئۆزلۈكىدىن خىرىس قىلمايدۇ. پەقەت قاتتىق قار يېغىپ كەتكەن كۈنلەردە، راسا ئاچ قالغان پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدىلا ئۆي ھايۋانلىرىنى ئوغرىلاپ يەيدۇ. ئادەتتە كۆپىنچە يالغۇز ھەرىكەتلىنىدۇ. 2 ـ، 3 ـ ئايدىكى نەسىللىنىش ۋاقتىدا ئەركەك، چىشىلىرى بىللە بولىدۇ. يىلپىزنىڭ تېرىسى ئىنتايىن ئەتىۋار بولۇپ، تۇماق، ياقا ياسىلىدۇ. سۆڭىكىنى دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى ياخشى. كېرىيە دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تاغلىق رايون، نىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى مۇز تاغ ئەتراپىدىكى جايلاردا سانى خېلى كۆپ. 60 ـ يىللاردا نىيە ناھىيىلىك تاشقى سودا تارماقلىرى ھەر يىلى 1، 2 پارچە يىلپىز تېرىسى سېتىۋالغان. ھازىر سانى ئىنتايىن ئازلاپ كەتتى. قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشقا تېگىشلىك.

سىرىق، جەرەندىن سەل چوڭراق، بوكەن ئىنتايىـــن يۇگۈرۈك، سەزگۈر بولۇپ، ئاسانلىقچە يېقىنلاشقىلـــى بولمايدۇ. ئەركەك، چىشىسى ئايرىم توپلىشىپ ھەرىكەتلىنىدۇ. ئادەتتە بىر قانچە ئونلاپ ياكى يۈزلەپ توپلىشىپ يۈرۈشكە ئامراق. پەقەت 9 - ئايلاردىكى نەسىللىنىش پەسلىدىلا ئەركەك، چىشىلىرى ئارىلىشىپ ئوتلايدۇ. گايىدا مىڭلاپ توپلىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. خوتەن چېگرىسى ئىچىدە ئۇنىڭ تارقالغان رايونى ياۋا قوتاز ۋە تىبەت ياۋا ئېشىكى تارقالغان رايون بىلەن ئوخشاش.

4. تاغ تېكىسى: ئېگىز تاغلىقتا ياشايدىغان چۆپخور ياۋايى ھايۋان. ئەركەك، چىشىلىرىنىڭ ھەممىســـى مۈڭگۈزلۈك بولۇپ، ئەركەكلىرىنىڭ مۈڭگۈزى ئۇزۇن ھەم چوڭ. قىلىچ شەكلىدە بولۇپ، كەينىگە قايرىلىپ تۇرىدۇ. مۈڭگۈزىدە بوغۇمسىمان قاپارتمىلار بار. زاڭقىدا ساقىلى بار. تۈكى توق كۈل رەڭ بولۇپ، ئۈستىنكىنى خېلىلا چوڭ، ئېغىرلىقى 40 كىلوگرامدىن ئارتۇق كېلىـــدۇ. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغلىق بەلۋاغقا كەڭ تارقالغان. خوتەن چېگرىسى ئىچىدە يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 6000 مېتىردىن يۇقىرى كېلىدىغان تاغلىق، ئوتتۇراھال تاغلىق يايلاق، شىۋاقلىق ۋە شەرقىي كوئېنلۇن تاغلىق بەلۋاغلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. دائىم ئىككى، ئۈچتىن كىچىك توپ بولۇپ يۈرىدۇ. تىك قىيادىكى جايلاردا ھەرىكەتلىنىشكە ۋە ھاردۇق ئېلىشقا ئامراق. تارقىلىش سانى بىر قەدەر كۆپ.

5. كۆكمەت: چۆپخور ياۋايى ھايۋان. مۈڭگۈزى قىسقا توم، يېرىم يۇملاق بولۇپ، ئۇچى كەينىگە ئەگمەچ كېلىدۇ. مۈڭگۈز يۈزىدە بوغۇم يوق، ساقالسىز. تۈكى بوز، جۈغى كىچىك، نىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى كوئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇن تاغنىڭ تاغلىق ۋە يېرىم تاغلىق يايلاقلىرىغا تارقالغان. قىيا، تاش ئۈستىدە يالغۇز ھەرىكەتلىنىشكە خۇشتار، سانى ناھايىتى ئاز.

6. ئارقار: ئېگىز تاغلاردا ياشايدىغان چۆپخور ياۋايى ھايۋان. ئەركەكلىرىنىڭ مۈڭگۈزى ناھايىتى چوڭ ھەم توم بولۇپ، تولغىماچ كېلىدۇ. مۈڭگۈزىنىڭ ئۇچى سىرتقا چىققان بولۇپ، مۈڭگۈز يۈزىدە روشەن بوغۇملار بار. ساقالسىز، كۆز قارىچۇقىدا ياش خالتىسى بار. تۈكى كۈل رەڭ بولۇپ، جۈغى خېلىلا چوڭ. خوتەن چېگرىسى ئىچىدىكى كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىۋاقلىق ۋە قىيالىقلىـــرىغا كۆپ تارقالغان، ئانچە كۆپ توپلىشىپ يۈرمەيدۇ. تارقىلىشى ۋە سانى

تاغلىقتا تارقالغان. تېرىسى ئەتىۋار.

13. قىزىل تۈلكە (شىنجاڭ تۈلكىسى): يۈز ۋە دۈمبىسى قوڭۇر، قورساق قىسمى كۆل رەڭ، قۇلىقىنىڭ كەينى قوڭۇر، تۈكى قويۇق بولۇپ، تىۋىتلىك كېلىدۇ. خوتەن چېگرىسى ئىچىدە كوئېنلۈن تاغلىق يايلاقلىرى ۋە قاقاس يايلاقلارغا كەڭ تارقالغان. تېرىسى ئەتىۋار.

14. ئۈلا: خوتەن چېگرىسى ئىچىگە تارقالغانلىرىدىن ئىككى خىلى بار، بىرى تاغ ئۈلارى (ھىمالايا ئۈلارى)، جۈغى چوڭىراق، دەسلەپكى ئۈچۈرۈم بولغانلىرىنىڭ تۈكى ئاق، پەيلىرى قوڭۇر، چىپار كېلىدۇ. تۆتتىن جۈپ بولىدۇ. ئىككىنچى ئۈچۈرۈم بولغانلىرىنىڭ تۈكى قوڭۇر، پەيلىرى تاغىل كېلىدۇ. سەككىزدىن جۈپ بولىدۇ. قۇيرۇق پەيلىرى سەككىز جۈپ بولۇپ رەڭگى تاغىل كېلىدۇ. تۆش تۈكلىرى سارغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. كۆكرەك ۋە قورساق قىسمى قارامتۇل كېلىدۇ. يەنە بىر خىلى تىبەت ئۈلارى (قىزىل قورساق ئۈلا). جۈغى كىچىكرەك بولۇپ، دەسلەپتىكى ئۈچۈرۈم بولغانلىرىنىڭ تۈكى قارا، پەيلىرى ئاق، تۈكىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاقۇش بولۇپ، مېتالدەك پارقىراق كېلىدۇ. كۆكسى ۋە قورسىقى ئاق، تىبەت ئۈلارى پەقەت گۇما ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تاغلىق رايوندىلا ئۇچرايدۇ. تاغ ئۈلارى خوتەن چېگرىسى ئىچىدىكى كوئېنلۈن تېغىنىڭ شىمالىدىكى تاغلارنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولۇپ، سانى خېلى كۆپ.

15. ھىمالايا سۇغۇرى: جۈغى خېلىلا چوڭ بولۇپ، سارغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. بېشى ۋە بەدىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 500 مىللىمېتىر، خوتەن چېگرىسى ئىچىدىكى كوئېنلۈن تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 3500 — 4000 مېتىر كېلىدىغان تاغلىق يايلاقلىرى، سۇغۇق ئېگىزلىك ئوتلاقلارغا كەڭ تارقالغان. سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تېرىسى قىممەتلىك ھايۋان. لېكىن، يايلاقتا بولغان يۇزغۇنچىلىقى ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە چوما كېسەللىكىنى تارقىتىدۇ. ئادەم ۋە چارۋىلارغا زىيانلىق.

16. كەكلىك: بەدىنىنىڭ ھەممىسى قوڭۇر بولۇپ، پۇتى ۋە تۇمشۇقى قىزىل. خوتەن چېگرىسى ئىچىدىكى كوئېنلۈن تېغىنىڭ 2600 — 3000 مېتىر كېلىدىغان چۆل يايلاقلىرىغا تارقالغان بولۇپ، تولاراق سۇغا يېقىن جايلاردا ئارام ئالىدۇ. دائىم توپ - توپ بولۇپ يۈرىدۇ. سانى خېلى كۆپ.

9. كۆپە ئېيىق: ئۇ ئاقبويناقلىقى ۋە ئاقپاچاقلىقى بىلەن قوڭۇر ئېيىقتىن روشەن پەرقلىنىدۇ. قوڭۇر ئېيىق بىلەن قانداش، توختالغانلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 300 كىلوگرامغا يېتىدۇ. كۆپىنچە يالغۇز ھەرىكەتلىنىدۇ. ئىككى، ئۈچىنىڭ بىرگە يۈرگەنلىكىنى تاسادىپىي ئۇچراتقىلى بولىدۇ. سوغۇق ئېگىزلىكتىكى موغا ۋە داۋغان قاتارلىق ئۆششاق ھايۋانلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. كۆللۈك ئەتراپىدىكى يۇمران ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ يەيدۇ. قىشلىق ئۇچەككە كىرىشتىن ئىلگىرى بىر قەدەر چوڭ تىپتىكى ھايۋانلارنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ. قىش كىرگەندىن كېيىن دائىم بىر قانچىسى تاغ ياكى توپا ئۆڭكۈرلىرىدە ئۇچەككە كىرىدۇ. نىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى سوغۇق ئېگىزلىك يايلاقلارغا تارقالغان بولۇپ، يەرلىك چارۋىچىلار ئۇنى «ئادەم ئېيىقى» (رىۋايەتلەردىكى «قار ئادەم») دەيدۇ.

10. بۆرە: تەن قۇرۇلۇشى ئىتقا ئوخشايدۇ. قۇلىقى تىك تۇرىدۇ. قۇيرۇقى بىرقەدەر ئۇزۇن، پاخپايغان بولۇپ تۇرۇلمەيدۇ. كوئېنلۇن تېغى ۋە شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى بۆرىلەر ئېگىزلىك بۆرىسى دەپ ئاتىلىدۇ. تۈكلۈك بولۇپ، سۆسۈن كۈل رەڭ كېلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئىككى، ئۈچى بىرگە ياكى ئايرىم ھەرىكەتلىنىدۇ. لېكىن، خەتەرلىك ئەھۋالغا ياكى ئولجا ئوبيېكتلىرىغا يولۇققاندا گۇرۇپپىدە يىغىلىپ، شۇ زامان بىر قانچە ئونلاپ، ھەتتا يۈزلەپ توپلىشىدۇ. خوتەن چېگرىسى ئىچىدە كۆپىنچە تاغ - يايلاق ۋە ئىچكى تاغلاردا ئۇچرايدۇ.

11. چىلبۆرە: تۇمشۇقى ئۇچلۇق، بېشى بۆرىنىڭكىدىن قىسقا، جۇغمۇ كىچىك بولۇپ، تۈكى قوڭۇر كېلىدۇ. تۇرمۇش ئادىتى بۆرە بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ۋەھشىي. دائىم قوي پادىلىرىغا ۋە قوزىلارغا تۇيۇقسىز خىرىس قىلىدۇ. خوتەن چېگرىسى ئىچىدىكى شەرقىي تاغلىق بەلۋاغلارغا تارقالغان.

12. سۈلەيسۈن: تەن قۇرۇلۇشى ياۋا مۈشۈككە ئوخشايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدىن خېلىلا چوڭ. تۈكى سۇس كۈل رەڭ بولۇپ، بەدىنىدە قارا چېكىتلەر بار. قۇلىقى، دۇمبىسى قارا بولۇپ، قۇلىقىنىڭ ئۇچىدا ئۇزۇن تۈكى بار. تۇمشۇقى قىسقا، پۇتلىرى خېلى ئۇزۇن، ئالدى پۇتىنىڭ بەش بارمىقى، ئارقا پۇتىنىڭ تۆت بارمىقى بار. پۇتلىرى ئاق، قۇيرۇقى قىسقا، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى قارا بولۇپ، كۆپىنچە يالغۇز ھەرىكەتلىنىدۇ. ئۇششاق ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. نىيە ناھىيىسىنىڭ تاغ يايلاقلىرى ۋە ئىچكى

تىنما شېغىلىلىقلارغا تارقالغان.

4. تارىم توشقىنى: بۇ تارىمغا خاس بىر خىل نەسىل بولۇپ، جۇغى كىچىكرەك، تۈكى بوز كېلىدۇ، بوستانلىقنىڭ چېتىدىكى تارماق ئورمان يېپىنچا بەلۋاغلىرى ۋە دەريا بويلىرىدىكى توغراقلىق، يۇلغۇن چاتقاللىق، قوم بارخانلىرى رايونىغا تارقالغان، كۆپىيىشى تېز، سانى كۆپ.

5. ياۋا توڭگۇز: خوتەندىكى ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان. ئاساسەن دەريا، كۆل، سازلىق ۋە توغراقلىق، چاتقاللىق جايلارغا ماكانلاشقان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. كۈز پەسلىدە دائىم ئېتىزلىقلارغا كېلىپ زىرائەتلەرنى كاردىن چىقىرىدۇ. ئادەتتە كۆپىنچە يالغۇز ياكى بىر جۈپ بولۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ. كۆپىيىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك.

6. سېرىق ئاغمىخان: تۈكى سارغۇچ، باش ۋە گەۋدىسى ئۇزۇن بولۇپ 230 مىللىمېتىر، قۇيرۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 150 مىللىمېتىر كېلىدۇ. تولاراق تۈزلەڭ چۆل چاتقاللىقلارغا ۋە ئېتىزلىق، كەنت-مەھەللىلەرگە تارقالغان. يەنە بىر خىلى ئېپار چاشقىنى بولۇپ، دائىم چۆل، يايلاقلاردىكى چاتقاللىقلاردا پەيدا بولىدۇ. ئۇششاق جانىۋارلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. تېرىسى كېرەكلىك ھايۋاندۇر.

7. ئېپار چاشقىنى (سۇ چاشقىنى): تۈكى قوڭۇر، قورسىقى سارغۇچ، كۆل، كۆلچەك ۋە دەريا قىرغاقلىرىدىكى ئوتلاقلاردا ياشايدۇ. ھەر خىل ئۆسۈملۈك ۋە قومۇچ يىلتىزىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. گايىدا بېلىق تۇرىدىكى سۇ ھايۋانلىرىنىمۇ يەيدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاشقى سودا تارماقلىرى قارا شەھەر، كورلا قاتارلىق جايلاردىن كىرگۈزۈپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ سۇ ئامبارلىرى ۋە كۆللىرىگە قويۇپ بېرىپ باققاندى. كېيىن ئېكولوگىيە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، ھازىر ئاساسەن نەسلى ئۈچتى. بۇ تېرىسى بىرخىل ئەتىۋار ھايۋان بولۇپ، ئۇنى بېقىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشقا تېگىشلىك. لېكىن ئۇنىڭ سۇ ئامبارلىرى ۋە توسمىلارغا مۇئەييەن بۇزغۇنچىلىقى بار.

8. ئوتلاق تۈلكىسى: قىزىل تۈلكىنىڭ يەنە بىر خىلى. جۇغى كىچىكرەك، تۈكى سارغۇچ بولۇپ، كۆپىنچە تۈزلەڭ چۆللۈككە تارقالغان. تۆكىلەرگە ۋە ئائىلە قۇشلىرىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. تېرىسىنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ناچار.

9. قۇش تۈرلىرىدىن: بۈركۈت، تازقارا، ئاق شۇڭقار،

17. كۆل رەڭ توشقان: چىڭخەي - شىنجاڭ ئېگىزلىكىدىكى ئالاھىدە بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ئاساسلىقى 4500 مېتىردىن يۇقىرى سوغۇق بەلۋاغ يايلاقلىرىغا ۋە ئېچكى تاغلىقلارغا تارقالغان بولۇپ، سانىمۇ خېلى كۆپ.

ئىككىنچى، چۆل - جەزىرىدىكى قۇرغاقچىلىققا چىداملىق ياۋايى ھايۋاناتلار

1. ياۋا تۆگە: تۈكى سارغۇچ بولۇپ، يەرلىك تۆگىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ياۋا تۆگىنىڭ بېشى كىچىكرەك، قۇلىقى قىسقا ھەم كىچىك، بوينى ئۇزۇن، گەۋدىسى ئورۇق. پۈتلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن، ئىككى لوكىسى كىچىك بولۇپ، يۇمىلاقسىمان. قۇيرۇقى ئىنچىكە، كىچىك، تاپىنى تار، تۈكى ۋە جۇغدىيى تالا ھەم قىسقا، قۇملۇقتا ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، سائەتلىك سۈرئىتى 30 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دەريا بويىنىڭ شىمالىي ۋە نىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى قارامىرەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇملۇق، يۇلغۇنلۇق، چاتقاللىق ۋە شورلۇق جايلارغا تارقالغان. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جايلاردا گاھىدا ياۋا تۆگە پەيدا بولۇپ قالاتتى. ھازىر نەسلى قۇرۇپ كەتتى. چىڭخەي - شىنجاڭ چېگرىلىنىدىغان جايدىكى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە يەنە تاق لوكىلىق ياۋا تۆگە بار.

2. قارا تايغان بۇغا (تارىم بۇغىسى): سۆڭگىچى ئاق بولۇپ، ئاق سۆڭگەچ تايغان بۇغا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئەتىۋارلىق دورىلىق ياۋايى ھايۋاندۇر. 60 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى تەۋەككۇلدا ۋە كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ئاز مىقداردىكى ياۋايى نەسىللىرى بار ئىدى. ھازىر نەسلى قۇرۇپ كەتتى. 80 - يىللاردىكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، تارىم دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى توغراقلىق، چاتقاللىق جايلاردا يەنە 100 تۇياقچا يېقىن ياۋا تايغان بۇغا بايقالغان.

3. ئاق بوغۇز بۆكەن: توم بويۇن بۆكەن ياكى ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق جەرەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كانىيى چوڭ، تۈكى قوڭۇر بولۇپ، تۇمشۇقى ۋە قورسىقى ئاقۇش كېلىدۇ. يۈگۈرۈك، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بولۇپ، دائىم بىر قانچىسى كىچىك توپ بولۇپ كۈندۈزى ھەرىكەتلىنىدۇ، كۆپىنچە كېرىيىنىڭ شەرقىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 2500 مېتىر يۇقىرى تاغ باغرىدىكى يەلپۈگۈچسىمان

ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تۈرلەر خېلى كۆپ. بۇلار قارىماققا قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا تالان - تاراج قىلىنىماقتا. بۇنىڭ بىرى، ئۇلارنى ياشاش مۇھىتىدىن مەھرۇم قىلىش. يەنە بىرى، ئوۋ قوراللىرىنى يىغىۋالغان شارائىت ئاستىدىمۇ يەنىلا تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئوغرىلىقچە ئوۋلاش. بۇ ئىككى خىل ھالەت مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، بىز ۋە ئەۋلادلار كېيىن ھەسرەت ئىچىدە:

— ياۋايى ھايۋانلار، سىلەر نەدە؟ — دەپ نىدا قىلىشقا مەجبۇرمىز.

## خوتەندىكى دەريالار

ئەسىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى قىسىملىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خوتەندىكى 36 چوڭ - كىچىك دەريا - ئېقىنلار تارىختىن بېرى بۇ قەدىمىي زېمىننىڭ قان تومۇرى بولۇپ، خوتەن بوستانلىقىنىڭ ئېكولوگىيىسى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى. گەرچە تەبىئىي ۋە سۈنئىي سەۋەبلەر بىلەن ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدا سۇ ئۈزۈلۈش كۆرۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىق ئېقىنلار ھېلىھەم بۇ ئانا زېمىننى سۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرماقتا. تۆۋەندە خوتەندىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە تارقالغان نۇقتىلىق دەريالار ۋە سۇ قۇرۇلۇشى ئەسلىھەلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

**يۇرۇڭقاش دەرياسى** خوتەن دەرياسىنىڭ ئىككى تارمىقىنىڭ بىرى. بۇ دەريا مۇز تاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ قارلىق چوققىلىرى ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ. دەريا مەنبەسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر قانچە تاغ چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6744، 6827 ۋە 6350 مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېگىز چوققا — مۇز تاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7282 مېتىر كېلىدۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسى مۇزلۇقلاردىكى قارلارنىڭ ئېرىشى بىلەن سۈيى تولۇقلىنىپ تۇرىدىغان دەريادىن ئىبارەت. سۇ ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساسەن ئوتتۇرا، ئېگىز تاغلىق رايونلاردىكى قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشىگە ۋە يامغۇر سۈيىگە تايىنىدۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسىغا سۇ كېلىدىغان مەنبە رايونى 14575 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد

(ئىلىتقا قۇش، جاغالۋاي، قىزىل لاچىن) بوز تورغاي، ياۋا كۆك كەپتەر، سۇر چىپار تورۇلغا، ھالقا بويۇن قىرغاۋۇل، پايپاقلىق چۆل پەختىكى بار.

10. سۇ قۇشلىرى ۋە سۇ كېچىدىغان قۇشلاردىن: قارا لەيلەك، چار باش ياۋا غاز، قىزىل بويۇن ئۆردەكى، پالباش ئۆردەك، ئاقباش قىزىلئاياغ، چۆمگەك، چۆل ئۆردىكى، قىزىل تۇمشۇق چۆمگەك ئۆردىكى قاتارلىقلار بار.

بۇ ياۋايى ھايۋاناتلارنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەتنىڭ ئەتىۋارلىق ھايۋاناتلىرىدۇر. دۆلىتىمىز «ياۋايى ھايۋاناتلارنى قوغداش قانۇنى» نى ئېلان قىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن يەنە «دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋاناتلار نامىلىرى» ئېلان قىلىندى. ۋىلايىتىمىز چېگرىسى ئىچىدە دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك ھايۋاناتلىرىدىن سەككىز خىلى بار. ئۇلار: ياۋا تۆگە، ياۋا قوتاز، تىبەت ياۋا ئېشىكى، تىبەت بۆكىنى، يىلپىز، تاغ تېكىسى، بۈركۈت، قارا لەيلەكتىن ئىبارەت. ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن 14 خىلى بار. بۇلار: ئاق تۆش بۆلغۈن، كۆكمەت، ئارقار، تايغان بۇغا، سۇلەيسۇن، قوڭۇر ئېيىق، چىلبۆرە، ئاق بوغۇز بۆكەن، تىبەت يەرلىك بۆكىنى، تاغ ئۆچكىسى، تىبەت ئۇلارى، ئۇلا، تارىم توشقىنى، ئاق شۇڭقاردىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قوغداش قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ھايۋاناتلىرىدىن: قىزىل تۈلكە، ھالقا بويۇن قىرغاۋۇل، قىزىل ئۆردەك، پالباش ئۆردەك، چۆمگەك چۆل ئۆردىكى، قىزىل تۇمشۇق چۆمگەك ئۆردەك قاتارلىقلار بار.

ياۋايى ھايۋاناتلارنى قوغداشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايىتىگە چېگرىداش بولغان شەرقىي كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇن تاغدا «ئالتۇن تاغ تەبىئىي قوغداش رايونى» قۇرۇلدى. دۆلەت ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى ياۋايى ھايۋانلاردىن قوغداش جەمئىيىتى شىمالىي شىنجاڭدا «چياڭتاڭ ئېگىزلىك ياۋايى ھايۋاناتلار تەبىئىي قوغداش رايونى» قۇرۇشنى پىلانلىدى. بۇ قوغداش رايونى دۇنيادىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز، كۆلىمى ئەڭ چوڭ «ئېگىزلىك ئەتىۋارلىق ھايۋاناتلار باغچىسى» بولۇپ قالىدۇ. ئۇ خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق دۆلەتنىڭ ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋاناتلارنى قوغداش، ئۆزگەرتىش ۋە ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىشقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، خوتەننىڭ ياۋايى ھايۋاناتلار بايلىقى

توڭغۇزلۇقتىن يېڭىئېرىققىچە بولغان قىسمى ئوتتۇرا ئېقىن، يېڭىئېرىقتىن قوشلاشقىچە بولغان قىسمى تۆۋەن ئېقىن دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرى ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش نىسبىتى 9.2 مېتىر، دەريا جىلغىسى V شەكىللىك جىلغا بولۇپ، كەڭلىكى ئادەتتە 300 مېتىر كېلىدۇ. ئەڭ تار جايلىرى ئاران 30 مېتىر، دەريا قاسنىقى تىك كەسمە شەكىلدە، دەريا سۈيى لاي - قۇملارنى ئېقىتىپ كەلگەندىن باشقا، يەنە زور مىقداردا چوڭ تاشلارنى ئېقىتىپ كېلىدۇ. ئوتتۇرا ئېقىن قىسمىنىڭ ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش نىسبىتى 5 مېتىر. بۇ بۆلەككە كەلگەندە دەريا قېنى بارغانسېرى كېڭىيىپ بارىدۇ، دەريا تېگىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 300 مېتىر، ئەڭ كەڭ جايلىرى 1000 مېتىر كېلىدۇ. دەريا سۈيى ئېقىتىپ كەلگەن چوڭ تاشلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ قىسىمغا جۇغلىنىدۇ. تۆۋەن ئېقىن قىسمى تۈزلەڭ قۇملۇق بولۇپ، ئوتتۇرىچە ئوكلۇنى 0.7‰ مېتىر، دەريا قېنىنىڭ كەڭلىكى 800 مېتىردىن يۇقىرى كېلىدۇ. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن قۇم بارخانلىرى بار.

يۇرۇڭقاش دەرياسى قاراقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن خوتەن دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. خوتەن دەرياسىنى قاراقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىن ھېسابلىغاندا، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1127 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىككى دەريانىڭ قوشلاشتا قوشۇلغاندىن كېيىن شورتاغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 319 كىلومېتىر كېلىدۇ. خوتەن دەرياسى شورتادا تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. خوتەن دەرياسىنىڭ سۈيى، تارىم دەرياسى سۇ مەنبەسىنىڭ 22.5%نى تەشكىل قىلىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوكلۇن پەرقى ناھايىتى چوڭ، سۇ ئېنېرگىيە بايلىق مەنبەسى مول، نەزەرىيە جەھەتتىكى زاپىسى بىر مىليون 160 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ پايدىلىنىش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغىنى 250 مىڭ كىلوۋات.

يۇرۇڭقاش دەرياسى تارىختا «شاھ دەرياسى، قاشتېشى دەرياسى، ئاق قاشتېشى دەرياسى» دەپ ئاتالغان. يۇرۇڭقاش دەرياسى ئۆزىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك قاشتېشى بىلەن قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ قاشتېشى ئىچىدىكى داڭلىق ئاق قاشتېشى يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدۇ.

**قاراقاش دەرياسى** خوتەن دەرياسىنىڭ ئىككى تارمىقىنىڭ بىرى بولۇپ، قاراقۇرۇم تېغىدىن باشلىنىدۇ. قاراقاش دەرياسى تاغلىق رايون، تاغ - دۆڭلۈكلەر ۋە تۈزلەڭلىك رايوندىن ئىبارەت ئۈچ

280 مىليون كۇب مېتىر، سۇ مول يىللىرى 3 مىليارد 710 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكەن (1957 - يىلى)، سۇ ئاز كەلگەن يىللىرى 1 مىليارد 220 مىليون كۇب مېتىر (1963 - يىلى) بولدى. سۇ مول بولغان يىللاردىكى سۇ مىقدارى، سۇ قىس بولغان يىللاردىكى سۇنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 73.2 سېكۇنت كۇب مېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى ئېقىن مىقدارى 118 سېكۇنت كۇب مېتىر، ئەڭ ئاز ئېقىن مىقدارى 4.38 سېكۇنت كۇب مېتىر بولدى. ئۆلچەش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئەڭ يۇقىرى ئېقىن مىقدارى 1460 سېكۇنت كۇب مېتىر بولدى (توخۇغۇزلۇق سۇ رايى پونكىتى، 1978 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى).

مىڭ يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدىغان ئەڭ يۇقىرى كەلكۈن مىقدارى 2060 سېكۇنت كۇب مېتىر بولۇپ، كەلكۈن مەزگىلى 6- ئايدىن 8 - ئايغىچە. يۇقىرى كەلكۈن 7 - ئاينىڭ بېشىدىن 8 - ئاينىڭ بېشىغىچە بولغان ۋاقىتقا مەركەزلىشىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسىغا كېلىدىغان سۇنىڭ پەسىللەر بويىچە كېلىش مىقدارى تەكشى ئەمەس. ئادەتتە ئەتىياز پەسلىدە كېلىدىغان سۇ يىللىق سۇ مىقدارىنىڭ 5.5%نى، ياز پەسلىدە كېلىدىغان سۇ 79.5%نى، كۈز پەسلىدە كېلىدىغان سۇ 12.4%نى، قىش پەسلىدە كېلىدىغان سۇ 2.9%نى تەشكىل قىلىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۇ تەركىبىدە قۇم كۆپ، يىللىق ئېقىپ كېلىدىغان قۇم مىقدارى 5.16 كۇب مېتىر كىلوگرام، ئەڭ يۇقىرى قۇم مىقدارى 202 كۇب مېتىر كىلوگرام بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم ئېقىتىپ كېلىش مىقدارى 379 سېكۇنت كىلوگرام، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىتىپ كېلىدىغان قۇم مىقدارى 11 مىليون 970 مىڭ توننا چامىسىدا بولىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ توخۇغۇزلۇق سۇ رايى پونكىتىدا، ئادەتتە 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مۇز تۇتۇپ، 3 - ئاينىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە مۇز تولۇق ئېرىپ بولىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 513 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش نىسبىتى 7.6‰. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تارماق دەريا بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بىر قەدەر چوڭقۇرلىرى يەتتە، ئوتتۇرا تاغلىق رايونغا كەلگەندە بىرغول ئېقىن بولۇپ شەكىللەنگەن. ئادەت بويىچە توخۇغۇزلۇقنىڭ يۇقىرىسى يۇقىرى ئېقىن،

كىلومېتىر كېلىدۇ. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئېتىزلىقلار ۋە قۇملۇقلار بار، ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش نىسبىتى 79‰ مېتىر.

قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا مۇزلۇقلار بىر قەدەر كۆپ، يۇلغۇنلۇقنىڭ يۇقىرى قىسمىدا 10 كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق كېلىدىغان بىر مۇزلۇق بار. شەيدۇللانىڭ ئوڭ تەرىپىدە كەڭلىكى بىر كىلومېتىردىن 28 كىلومېتىرغىچە، ئۇزۇنلۇقى 130 كىلومېتىر كېلىدىغان چوڭ مۇزلۇق بار. ئېكىنزارلىق رايونىنىڭ يىللىق هۆل - يېقىن مىقدارى 200 مىللىمېتىر چامىسىدا، پاكار تاغلىق رايون ۋە تاغ ئالدى رايونلىرىنىڭ يىللىق هۆل - يېغىن مىقدارى 50 مىللىمېتىردىن 80 مىللىمېتىرغىچە كېلىدۇ. پاكار تاغلىق رايون ۋە تاغ ئالدى رايونىدىكى هۆل - يېغىننىڭ سۇ مەنبەسىنى تولۇقلاش رولى يوق. سۇ توپلىنىش دائىرىسى 21603 كۋادرات كىلومېتىر.

قاراقاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 201 مىليون كۇب مېتىر، ئۆلچەشتىن ئېرىشىلگەن سۇ ئەڭ مول بولغان يىللاردىكى ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 180 مىليون كۇب مېتىر (ئۆلۈغئاتا سۇ رايى پونكىتى، 1961 - يىلى). سۇ قىس يىللاردىكى ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 230 مىليون كۇب مېتىر (ئۆلۈغئاتا سۇ رايى پونكىتى، 1983 - يىلى). سۇ مول كەلگەن يىلدىكى سۇ بىلەن ئاز كەلگەن يىلدىكى سۇنىڭ سېلىشتۇرمىسى 1:6.2.

دەريا سۈيىنىڭ پەسىللەر ئارا كېلىشى بەكمۇ تەكشى ئەمەس. ئەتىياز پەسلىدىكى سۇ، يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 9.8% ىنى؛ ياز پەسلىدىكى سۇ 73.1% ىنى، كۈز پەسلىدىكى سۇ 13.6% ىنى، قىش پەسلىدىكى سۇ 3.5% ىنى تەشكىل قىلىدۇ. سۇ ئەڭ ئاز كېلىدىغان 1 - ئايدىكى سۇ مىقدارى يىللىق سۇ مىقدارىنىڭ 1.1% ىنى، سۇ ئەڭ كۆپ كېلىدىغان 7 - ئايدىكى سۇ مىقدارى يىللىق سۇ مىقدارىنىڭ 29.3% ىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قاراقاش دەرياسىنىڭ كۆپ يىللىق ئېقىن مىقدارى 69.8 (ئۆلۈغئاتا سۇ رايى پونكىتى)، ئەڭ يۇقىرى ئېقىن مىقدارى 115 (ئۆلۈغئاتا سۇ رايى پونكىتى، 1983 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9- كۈنى)، ئەڭ تۆۋەن ئېقىن مىقدارى 3.6 (ئۆلۈغئاتا سۇ رايى پونكىتى 1956 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى). مىڭ يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدىغان چوڭ كەلكۈن مىقدارى 1460 سېكۇنت كۇب مېتىر، كەلكۈن مەزگىلى 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولىدۇ. ئەڭ چوڭ كەلكۈن كۆپ هاللاردا 7 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 8 - ئاينىڭ

قىسمىغا بۆلۈنىدۇ. تاغلىق رايوننىڭ ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن 6500 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7013 مېتىر كېلىدۇ. تاغ - دۆڭلۈكلەر رايوننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1300 مېتىردىن 3000 مېتىرغىچە كېلىدۇ. تۈزلەڭ رايوننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1100 مېتىردىن 1300 مېتىرغىچە كېلىدۇ.

قاراقاش دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 808 كىلومېتىر كېلىدۇ. دەريا مەنبەسىدىن ئۇلۇغئاتاغىچە 569 كىلومېتىر بولۇپ، يۇقىرى ئېقىن قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دەريا مەنبەسىدىن شەيدۇللاغىچە بولغان قىسمى 359 كىلومېتىر بولۇپ، دەريا قىرغىقىنىڭ تىكلىكى 20° دىن 60° قىچە كېلىدۇ. قىسمەن جايلىرىنىڭ قېشى تىك، تاغ چوققىسى تاقىر ھەم يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، ئۇچلۇق چوققىلار ئاز، يەر شەكلى بىر قەدەر تەكشى، يىل بويى مۇز - قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش نىسبىتى 5.9‰ مېتىر، شەيدۇللادىن ئۇلۇغئاتاغىچە بولغان قىسمى 230 كىلومېتىر بولۇپ، ئېگىز چوققا، ھەيۋەتلىك تاغلاردىن تەركىب تاپقان. تاغنىڭ يانتۇلۇقى 45° ئەتراپىدا كېلىدۇ. بۇ قىسىمدا تارماق ئېقىن ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، چوڭراقلىرى 20 گە يېتىدۇ. دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قىيا تاشلار كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ، دەريا ئەگرى - دوناي، دەريا قېنى تار، دەريا جىلغىسىنىڭ تېگى كەڭلىكى 100 مېتىرغا يەتمەيدۇ، ئەڭ تار يېرى 20 مېتىر كېلىدۇ، دەريا قېنى پۈتۈنلەي قورام تاشلاردىن ئىبارەت. ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش نىسبىتى 7.8‰ مېتىر.

ئۇلۇغئاتادىن قاراقاش دەرياسى كۆۋرۈككىچە بولغان قىسمى، ئوتتۇرا ئېقىن بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 91 كىلومېتىر، دەريانىڭ ئىككى تەرىپى خوتەن ناھىيىسى بىلەن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئېكىنزارلىق رايونىدىن ئىبارەت. دەريا قېنى قورام تاش ۋە چوڭ تاشلاردىن ئىبارەت، ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش نىسبىتى 5.8‰ مېتىر.

قاراقاش دەريا كۆۋرۈكىدىن قوشلاشقىچە بولغان قىسمى تۆۋەن ئېقىن بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 128 كىلومېتىر. دەريا قېنى شېغىل تاش ۋە لاي - لاتقىلاردىن ئىبارەت. كەلكۈن مەزگىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەريادا سۇ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. دەريا جىلغىسى روشەن ئەمەس. دەريا قېنىنىڭ كەڭلىكىمۇ بىر خىل ئەمەس. ئادەتتە تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەڭ كەڭ قىسمى ئىككى

تاقىقى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق ئاپتوماتىك كونترول قىلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشتا ئورۇندالغان تاش، توپا مىقدارى 817 مىڭ كۇب مېتىر، ئادەتتىكى بېتون ۋە پولات چىۋىقلىق بېتون 326 مىڭ كۇب مېتىر. تاش بىلەن قوپۇرۇلغان قىسمى 20 مىڭ كۇب مېتىردىن ئارتۇق. پولات چىۋىقلىق بېتوندىن ياسالغان 16 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشى يىراقتىن ھەيۋەت بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

قاراقاش دەرياسى ئېلىشبېشى ئىككى قىرغاقتىكى 900 مىڭ موغا يېقىن تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىدۇ ۋە نەچچە يۈز مىڭ ئادەم ۋە چارۋىنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈشتىن ئىلگىرى، قاراقاش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى خەلق ئاممىسى توغان تۈتۈپ سۇ باشلاش ئۈچۈن، ھەر يىلى 400 مىڭدىن ئارتۇق ئىش كۈنى ۋە نۇرغۇن ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى سەرپ قىلاتتى. بۇ ياقتىن تۈغان ياسىسا، ئۇ ياقتىن كەلكۈن ئېقىتىپ كېتەتتى. بۇ ھال ئىككى قىرغاقتىكى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر يۈك بولۇپ قالغانىدى. سۇ تالىشىپ ھەر خىل ماجىرا، ھەتتا قانلىق ۋەقەلەر بولۇپ تۇراتتى.

ھازىر ھەيۋەتلىك، كۆركەم، يېڭى، باشقۇرۇلۇشى زامانىۋى بولغان ئېلىشبېشى قاراقاش دەرياسى ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. باشتۇڭ دەريا سۈيى ھازىر كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە، ئېتىزلارغا ياۋاشلىق بىلەن يېتىپ بارىدىغان بولدى.

بۇ جايدا ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان ھالدا، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە قۇرۇلۇشلار بارلىققا كەلدى. سۇ كۆلچىكى، گەمە كۆۋرۈك، راۋاق قاتارلىقلار بىر-بىرىگە تولىمۇ ماسلاشقان، ئۆستەڭ بويلىرىنى بۈك-باراقسان دەرەخلەر قاپلىغان، ھەر يىلى ئەتىياز، ياز، كۈز پەسلىدە بۇ يەرگە كېلىپ ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، شەرقىي قىرغاقتا قەدىمكى ئىبادەتخانا خارابىلىكى، غەربىي قىرغاقتا ۋاڭ ۋېينىڭ قەبرىسى بولۇپ، بۇلارمۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئىلگىرىكى قاقاس ساي ھازىر داڭلىق سەيلىگاھقا ئايلاندى.

بۇ قۇرۇلۇشنى لايىھىلەش، پىلانلاش جەھەتتە ۋىلايىتىمىزنىڭ قوش قاتلاملىق سۇ باشلاش ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشىدىكى مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى ئۆرنەك قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ شۇ جاينىڭ شارائىتىغا قاراپ، يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدا ئىشلەنگەن. قۇرۇلۇش

باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا كېلىدۇ.

قاراقاش دەرياسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم 2.2 كۇب مېتىر كىلوگرام، ئەڭ چوڭ قۇم مىقدارى 401 كۇب مېتىر كىلوگرام، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىتىپ كېلىدىغان قۇم مىقدارى 153 سېكۇنت كىلوگرام، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىتىپ كېلىدىغان قۇم مىقدارى 4 مىليون 830 مىڭ توننا.

قاراقاش دەرياسىنىڭ ئۇلۇغئاتا سۇ رايى پونكىتىدا 11 - ئاينىڭ بېشىدا مۇز توڭلايدۇ. 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇز تولۇق ئېرىپ بولىدۇ. ئۇلۇغئاتا سۇ رايى پونكىتىنى مۇز قاپلاش ۋاقتى 74 كۈندىن 131 كۈنگىچە بولىدۇ. مۇزنىڭ قېلىنلىقى 0.4 مېتىردىن 0.92 مېتىرغىچە بولىدۇ.

قاراقاش دەرياسىنىڭ سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭكىدىنمۇ مول، ئېچىش شارائىتى ياخشى، نەزەرىيىدىكى زاپاس مىقدارى 1 مىليون 470 مىڭ كىلوۋات سائەت، بۇنىڭدىن ئېچىپ پايدىلىنىش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغىنى 270 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئۇلۇغئاتا — كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇ قاچىلاش، توك تارقىتىش بويىچە ئەڭ ياخشى سۇ ئامبىرى ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

قاراقاش دەرياسى تارىختا «قارا قاشتېشى دەرياسى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ قارا تېشى بىلەن مەشھۇر.

**قاراقاش دەرياسى ئېلىشبېشى** خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 27 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، 1984 - يىلى ئىش باشلىنىپ، 1988 - يىلى پۈتكۈزۈلگەن.

بۇ ئېلىشبېشى دەريانى توسۇپ ياسالغان قوش قەۋەتلىك سۇ تۇگۈنى قۇرۇلۇشى بولۇپ، سۇ باشلاش، كەلكۈن ئۆتكۈزۈش، قۇمنى ئايرىۋېتىش قاتارلىق ئۈنۈملۈك ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمگە ئىگە. ئېلىشبېشىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى كەلكۈن ئۆتكۈزۈش، تۆۋەن قەۋىتى قۇمنى ئايرىش، ئىككىنچى قەۋىتى سۇ باشلاش شەكلىدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. كەلكۈن ئۆتكۈزىدىغان ئالتە ئارىسى بولۇپ، ئومۇمىي كەڭلىكى 67.5 مېتىر، لايىھەدىكى ئېقىن مىقدارى 500 سېكۇنت كۇب مېتىر، ئىككى تەرىپىدە ئۈچ ئارا سۇ ئۆتكۈزۈش ئورنى بار، ھەر بىرىنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر، (ئىككى ئارا قاراقاش ناھىيىسىگە، بىر ئارا خوتەن ناھىيىسىگە سۇ ئۆتكۈزىدۇ) لايىھەدىكى سۇ ئۆتكۈزۈش مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 120 ۋە 50. زاكو

31 مىڭ كۇب مېتىر بولدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ياسىلىشى بىلەن قۇم توغ ياساپ سۇ باشلاش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. ئىككى قىرغاقتىكى خەلق ئاممىسى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلدى:

يۈرۈڭقاش دەرياسى ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشى ھەيۋەتلىك ھەم كۆركەم، ساددا ھەم نەپىس ئىشلەنگەن. قۇرۇلۇشنى لايىھىلىگۈچىلەر يۈرەكلىك ھالدا يېڭىلىق ياراتتى. دۆلەت تەستىقلىغان ئومۇمىي مەبلەغ كۆلىمىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك شەرتى بىلەن، ئېلىشبېشى ئورنىدا ئىشخانا بىناسىدىن بىرى ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىناسىدىن بىرى سېلىندى. ئۆلچەملىك سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى ۋە ئانا - بالىلار سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى ياسالدى. كۆكەرتىش رايونى بەرپا قىلىندى. 200 مو مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىنىپ، 40 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق دەل - دەرەخ سېلىندى. بىرقانچە كىلومېتىر يولغا بىتون ۋە ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، بېلىق كۆلچىكى، سۇ مۇنارىسى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىقلار ياسالدى. قۇرۇلۇش بىلەن كۆڭۈل ئېچىش، كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش بىرلەشتۈرۈلگەن؛ باشقۇرۇش بىلەن مۇلازىمەت بىر گەۋدە قىلىنغان؛ جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈلگەن كۆپ ئىقتىدارلىق پائالىيەت، كۆڭۈل ئېچىش مەركىزى بەرپا قىلىندى. بۇنداق ئەھۋال شىنجاڭ بويىچە ئاز كۆرۈلىدۇ.

بۇ قۇرۇلۇش مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى مېلىكئاۋات قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر بۇ جايغا تەكشۈرۈش ۋە ساياھەت قىلىش ئۈچۈن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ. ھازىر يۈرۈڭقاش دەرياسى ئېلىشبېشى كىشىلەر ئىنتىلىدىغان كۆپ كېلىدىغان مەشھۇر سەيلىگاھلىققا ئايلاندى.

**گۇما دەرياسى** بۇ، گۇما ناھىيىسى بويىچە ئەڭ چوڭ دەريا. بۇ دەريا قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىدىن باشلانغان بولۇپ، ۋادا كۆلىمى 2180 كۋادرات كىلومېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 270 مىڭ مو.

بۇ دەريا تاغ ئېقىنلىرى خاراكتېرىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولۇپ، سۇ مەنبەسى ئېگىز تاغدىكى قار - مۇزنىڭ ئېرىشىدىن

پۈتكەن بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئىشلەش ئۈنۈمى، ئىقتىدارى ئىنتايىن ياخشى بولماقتا. بۇ قۇرۇلۇش مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە بۇ يەرگە ساياھەت قىلىش، تەكشۈرۈشكە كەلگەن چەت ئەللىك دوستلار، سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

يۇرۇڭقاش دەرياسى ئېلىشبېشى خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 26 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، قۇرۇلۇش 1988 - يىلى باشلىنىپ، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى 1990 - يىلى پۈتكەن. 1992 - يىلى تولۇق پۈتكۈزۈلگەن.

يۇرۇڭقاش دەرياسى ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشىنىڭ قۇرۇلمىسى قاراقاش دەرياسى ئېلىشبېشىغا ئوخشايدۇ. دەريانى توسۇپ ياسالغان قوش قەۋەتلىك قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت. بىراق كۆلىمى قاراقاش دەرياسى ئېلىشبېشىدىن سەل چوڭ بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىلىك قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. كەلكۈن ئۆتكۈزۈش زاكۇسى ئالتە ئارا بولۇپ، ھەر بىر ئارىنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر، لايىھەدىكى ئېقىن مىقدارى 536 سېكۇنت كۇب مېتىر، ئىككى قىرغاقتا سۇ باشلاش زاكۇسىدىن ئۈچ ئارا زاكۇ بار، ھەر بىر ئارىنىڭ كەڭلىكى 10مېتىر، بۇنىڭدىن ئىككى ئارا (ئوڭ تەرەپتە) لوپ ناھىيىسى تەۋەسىدە، بىر ئارا (سول تەرەپتە) خوتەن ناھىيىسى ۋە خوتەن شەھىرى تەرەپتە. لايىھەدىكى سۇ ئۆتكۈزۈش مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 120 سېكۇنت كۇب مېتىر ۋە 50 سېكۇنت كۇب مېتىر. زاكۇ تاقاقلىرى ئاپتوماتىك كونترول قىلىنىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسى سۇغىرىش رايونى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ چوڭ سۇغىرىش رايونى بولۇپ، سۇغىرىش كۆلىمى 900 مىڭ مودىن ئاشىدۇ. ئېلىشبېشى پۈتكۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى، سۇغىرىش رايونىدا ئۆستەڭ بولسىمۇ، ئېلىشبېشى بولمىغاچقا، توغان ياساپ سۇ باشلاشقا توغرا كېلەتتى. ھەر يىلى نەچچە يۈز مىڭ ئىش كۈنى ۋە نەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇل سەرپ قىلىناتتى.

مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، 18 مىليون 700 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىپ ۋىلايەت بويىچە كۆلىمى چوڭ ئېلىشبېشى ياسالدى. بۇ قۇرۇلۇشقا 1 مىليون 800 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى. قۇرۇلۇشتا 914 مىڭ كۇب مېتىر تاش توپا، 28 مىڭ 900 كۇب مېتىر ئادەتتىكى بېتون ۋە پولات چىۋىقلىق بېتون ئورۇندالدى. تاش بىلەن قوپۇرۇلغان قىسمى

بۇلغىنىش ۋە باشقا مۇھىت ئامىللىرىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلارنىڭ پەرىزىچە، ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى تاتلىق سۇلارنى ۋە باشقا مۇھىت بايلىقلىرىنى بۇلغىشى سەۋەبىدىن ھەر يىلى 4، 5 مىلياد ئادەمنىڭ سالامەتلىكى زىيانغا ئۇچرايدىكەن. سۇنىڭ بۇلغىنىشى بىلەن ھەر يىلى 1 مىليوندەك ئادەم قاندىكى كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ئۆلىدىكەن، ئىس - تۈتەكلەر ھەر يىلى 4 مىليون بالىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىكەن. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان جايلاردا كەلگۈسىدە 100 مىليونلىغان كىشىلەر يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، «مۇھىت مۇساپىرلىرى» غا ئايلىنىدىكەن ھەمدە بۇ مۇساپىرلار كۆپىنچە نامرات، چەت - ياقا رايونلاردىن چىقىدىكەن.

بىزدە ھازىرچە خەلق ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ تەشكىللىگەن، ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ئاممىۋى تەشكىلات يوق. باشقا ئەللەردە بۇنداق تەشكىلاتلار خېلى كۆپ. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ مۇھىتىنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە، ھەتتا ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغۇچىلارنىڭ مۇھىت مەسىلىسىدە جىددىي تەدبىر بەلگىلىشىدە مۇھىم رول ئويىنىماقتا. دۆلىتىمىزدىمۇ بۇ جەھەتتە بىر قانچە يىل مابەينىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر بولۇۋاتىدۇ. مۇھىت، ئېكولوگىيە مەسىلىلىرى ئالاھىدە كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. بىز پارتىيە - ھۆكۈمەت بەرگەن سىياسەت، تارىخىي پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر بىر شەخس مۇھىتنى قوغدىساق، مۇھىت بىلەن ئۆزلىرىمىزنىڭ چەمبەرچاس باغلىنىشىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلساق، مۇھىت بۇزغۇنچىلىقى خاراكتېرىدىكى ھەرقانداق پائالىيەتكە خاتىمە بەرسەك، خوتەن زېمىنى قاتارى پۈتكۈل يەر شارى چوقۇم خۇشاللىنىدۇ. خوتەنگە بەرىكەت - ئامەت ھەر دائىم ياغىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنداق جاكارلايمەنكى، مۇھىت ئۈچۈن سوققان خەيرلىك يۈرەكلەر مەڭگۈ ياشارغاي، مۇھىت بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىنتىلگەن ھەر بىر قەدەملەردىن مەڭگۈلۈك تۇزىماس ھايات گۈللىرى ئېچىلغاي؟!

2003 - يىل فېۋرال، قاراقاش.

كېلىدۇ. يەنە ئاز مىقداردىكى يامغۇر، بۇلاق سۈيى بىلەن تولۇقلىنىدۇ.

**سانجۇ دەرياسى** قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىدىن باشلانغان بولۇپ، گۇما ناھىيىسىدىكى ئىككىنچى چوڭ دەريا ھېسابلىنىدۇ. تاغ-جىلغا تىپىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولۇپ، سۇ مەنبەسى ئېگىز تاغدىكى قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن كېلىدۇ. يەنە ئاز مىقداردىكى بۇلاق ۋە يامغۇر سۈيىنىڭ تولۇقلىمىسىغا تايىنىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 123 كىلومېتىر. سۇ يىغىلىش كۆلىمى 914 كۋادرات كىلومېتىر. ۋادا كۆلىمى 1070 كۋادرات كىلومېتىر. سۇغىرىلىدىغان تېرىلغۇ يەر 180 مىڭ مو.

**كېرىيە دەرياسى** كۇئېنلۇن تېغىنىڭ كېرىيە تاغ ئېغىزىدىن باشلىنىدۇ. ئۇ ئاتامسۇ دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، ئاقتىماي دەرياسى، كۇراپ دەرياسى، قاشتاش دەرياسى قاتارلىق 12 تارماق ئېقىننىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 438 كىلومېتىر.

# خاتىمە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، يۇقىرىدا خوتەن بوستانلىقى ۋە ئېكولوگىيىسى ھەققىدە سېلىشتۇرما پاكىتلار ۋە بىر قاتار مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مۇھىت ھاياتلىق ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەتلىك بايلىق، ئۇنى چوقۇم بىلىش كېرەك. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھېچنېمە بىلەن كارى بولمىغانلارنى بىز كۆپ كۆرگەن. بۈگۈنكى كۈندىكى بازار رىقابىتىدە ھېچنېمە بىلەن كارىمىز بولمىسا، بۇ زېمىنغا مۇھەببىتىمىز بار دېگىنىمىز يالغان بولۇپ چىقىدۇ. بىز كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىمىز. بۇ زېمىن بىزگىلا مەنسۇپ ئەمەس. بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار. ئەڭ بىچارە، ئەڭ بىتەلەي، ئەڭ رەزىل ئادەملەرلا كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا تەۋە بولغان بايلىققا كۆز قىزارتىدۇ. ئاچكۆزلۈك بىلەن ھەممىنى بۇزۇپ تۈگىتىدۇ، ھېچنېمە قالدۇرمايدۇ.

خەلقئارادىكى مۇھىت ئاسراش مۇتەخەسسىسلىرى نۇرغۇن پاكىتلار ئاساسىدا، دۇنيادا ئۆلۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ 40% ىنى

20. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.
21. ئابلىس بورھان: «قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى» . پەن ــ ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسى، 1983 - يىل نەشرى.
22. ئابدۇللا سۇلايمان: «بۇ ــ مۇھەببەت، بۇ ــ ياشلىق» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى.
23. «لوپ ناھىيىسىنىڭ يەر-جاي ناملىرى تەزكىرىسى» .
24. «چىرا ناھىيىسىنىڭ يەر-جاي ناملىرى تەزكىرىسى» .
25. «قاراقاش ناھىيىسىنىڭ يەر-جاي ناملىرى تەزكىرىسى» .
26. «لوپ تارىخى ماتېرىياللىرى» 3 -، 4- توپلام.
27. «كېرىيە تارىخى ماتېرىياللىرى» 1 - توپلام.
28. «قاراقاش تارىخى ماتېرىياللىرى» 1 - توپلام.
29. «چىرا تارىخى ماتېرىياللىرى» 1 - توپلام.
30. «قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
31. «ئوتتخور چارۋا ماللار» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
32. «شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
33. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
34. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
35. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
36. «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2002 - يىل 6 - سان.
37. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
38. «شىنجاڭ پارتىيە خەۋىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
39. «قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
40. «شىنجاڭ گېزىتى» ، «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» ، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ، «يېشىل زېمىن» ، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ، «ئاسىيا كىندىكى» ، «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى» ، «خوتەن گېزىتى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
41. لى يىنپىڭ: «بۇددا ئىلى ــ ئۇدۇن» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1995 - يىل نەشرى.
42 نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى.
43. «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

## پايدىلانمىلار


1. ئەركىن روزى: «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى.

2. «گۆھەر زېمىن خوتەن».

3. «خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى».

4. «بېشىللىق ئۆلتىجاسى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى.

5. «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» 4 -، 5 -، 9 - قىسىملىرى.

6. ئەكبەر ۋەلى: «تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت». شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى (K). 2002 - يىل نەشرى.

7. ئىسمەت سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى.

8. «جاھاننامە» 1 -، 2 -، 3 - قىسىملىرى.

9. ئابلىس بورھان: «ھاياتلىق ۋە مۇھىت». شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.

10. داۋۇت ساۋۇت: «شىنجاڭ سودا بازارلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى.

11. «مۇھىت ۋە راك كېسەللىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى.

12. رۇ جىڭاڭ: «مۇھىت ئاسراش ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

13. ئابلەت مۇھەممەت: «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

14. مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل نەشرى.

15 «شىنجاڭنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلىرى». شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى (K) 1995 - يىل نەشرى.

16. غەيرەت دوختۇرباي: «شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلىرىنىڭ رەڭلىك ئاتلىسى». شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى (K) 2000 - يىل نەشرى.

17. مەتتۇمىن توختى، ئابدۇللا سۇلايمان: «ئۆسۈملۈك ۋە ئىنسانلار». قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.

18. «بىزنىڭ مۇھىتىنى ئاسراش بىلىملىرى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى.

19. ئابدۇقادىر يۇنۇس: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تەبىئىي جۇغراپىيىسى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.

ئۆمەر رەجەپ

# خوتەن ئېكولوگىيىسىنىڭ بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى

## خوتەننىڭ ئېكولوگىيىسىنى ياخشىلاش يولىدىكى ئىزدىنىشلەر

خوتەنلىكلەر ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا ئېكولوگىيىنى ياخشىلاش جەھەتتە ناھايىتى مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى ۋە بىر قاتار نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خوتەن خەلقى جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەپ، ئۆز يۇرتىنى جەننەتتەك قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. ئىككى دەريا ئارىلىقىغا جايلاشقان خوتەن ناھىيىسى ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەجرىبىلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئىھاتە ئورمان، ئىقتىسادىي ئورمان، ئېكولوگىيە ئورمىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت «ئۈچ ئورمان» شوئارى ئاستىدا قۇمنى تىزگىنلەپ، تۇپراقنى ساقلاش تىپىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈش، قۇم- بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش تىپىدىكى ماتېرىيال ئورمىنى ئۆستۈرۈش، تۇپراقنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش تىپىدىكى ئىقتىسادىي ئورماننى كەڭ راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئۈلگە تىكلىدى. خوتەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ئالتە يېزا - بازار ئاساسەن قاراقاش دەرياسى سۈيىدىن پايدىلىنىپ سۇغىرىش تىپىدىكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قاراقاش دەرياسى سۈيى تەركىبىدە مىنېرال ماددىلار باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا، بولۇپمۇ ياڭاق

44. «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

45. «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

46. «شىنجاڭنىڭ يەر ئۈستى سۈيى ۋە ئۇنىڭغا باھا». شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش كۆرسىتىش دەرسلىكى.

---



*ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن 1976 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قاراقاش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1999 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر قاراقاش ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ 1996 - يىلى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «مەڭگۈ تاشلاردىكى تەگرى مۇقەددەسلىكى» ناملىق ماقالىسى بىلەن تەتقىقات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 100 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالە، ئوبزورلىرى ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. «نەۋائى دۇردانىلىرى»، «تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى»(25)، «بىمەكلىكلەر مىزاجى»، «تاللانغان شىپالىق رېتسېپلار»، «دانلىق زىرائەتلەرنىڭ شىپالىق رولى»، «قۇتادغۇبىلىك»تىن جەۋھەرلەر»، «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر»، «ساتىرىك شائىر — ئەھمەد شاھ قاراقاش»، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە پەرۋىش ۋە پەرھىز» قاتارلىق 12 پارچە كىتابى نەشر قىلىنغان. «ئۇيغۇر تېبابەت تارىخى»، «مەشھۇر شەخسلەر ھېكمەتلىرى 1 — 30»، «مېغىزلارنىڭ شىپالىق رولى»، «دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش 1 — 5» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.*



ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقىلىپ، سانسىزلىغان ئادەملەر ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن. تولۇقسىز مەلۇماتتىن قارىغاندا، خوتەندە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، نەچچە تۈمەن كىشى ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. بۇ ئىشنى چوڭلار «ئاغرىق - سىلاق» دەپ ئاتىغان. 1993 - يىلى 4 - ئايدا 112 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن مومام ھەۋزىخاننىڭ دەپ بېرىشىچە، بۇ قېتىمقى «ئاغرىق - سىلاقتا ئائىلە بويىچە قىرىلىپ تۈگەپ كەتكەنلەر كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىمۇ ئاكا - سىڭىل ئىككى كىشىلا ھايات قالغان بولۇپ، قالغان 16 كىشى (چوڭى 70 ياش، كىچىكى ئۈچ ياش) ۋاپات بولغان. كىچىككىنە يۇرۇڭقاش دىيارىدا ئۆيلەر ئادەمسىز، ئېتىزلار تېرىقسىز، مال - ۋارانلار قاراقسىز قالغانىكەن. ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىپ ئۈلگۈرمىگەچكە، بىر نەچچە كىشى قەبرىستانلىقتىن كەلمەي، يەرلىك كولاش، دەپنە قىلىش بىلەن بولغانىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل كېسەللىكلەر ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، ئاھالىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى بەك ئاستا بولغان. چېچەك، خولېرا، قىزىل، جىگەر كېسىلى قاتارلىقلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يۈز بېرىپ كىشىلەرنىڭ ئارامىنى قويمىغان، كىشىلەرنى يۈرەكئالدى قىلىپ قويغان.

ئازادلىقتىن كېيىن نۇرغۇن كېسەللىكلەر ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بەزى كېسەللىكلەر مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا تۈپتىن تىزگىنلىنىپ كېتەلمىگەن. يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلى ئىچىملىك سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەت كۆل سۈيى ياكى ئۆستەڭ سۈيى ئىچىپ كەلگەچكە، بۇ خىل كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىشى ناھايىتى تېز بولغان. يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلىنىڭ تارقىلىشىدا باشقا سەۋەبلەردىن باشقا گەڭ مۇھىمى ئادەملەر ئۆستەڭ سۈيى ئىچكەندىن كېيىن، بۇ كېسەل پەيدا بولغان. ئەسلىدە تۈز ئېلىنغان ئۆستەڭلەر قەبرىستانلىقنى كېسىپ ئۆتكەن. سۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەت يالىشى نەتىجىسىدە قەبرىستانلىقتىكى كېسەل مىكروبى سۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ جىگىرىنى زەھەرلەپ كېسەل پەيدا قىلغان. ئاندىن تېزلىكتە يۇقۇپ تارقىلىپ كەتكەنىكەن.

1987 - يىلى خوتەندە يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلى تارقىلىپ نەچچە

ئۈستۈرۈشكە باب كەلگەچكە، خەلق بۇ بوستانلىقنى داڭلىق ياڭاق بازىسىغا ئايلاندۇردى.

خوتەن ناھىيىسى دۆلەت بېكىتكەن «ئۈچ شىمالىي رايون ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى» دا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىردىنبىر «ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا، 1989 - يىلى 5 - ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «يەر شارىدىكى باغ - ۋارانلاشقان 500 ناھىيىنىڭ بىرى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

خوتەندە يەنە ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان مېۋە، ئانار ئۆستۈرۈلىدۇ. ئانار — چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسى، گۇما ناھىيىسىنىڭ پىيالما يېزىلىرىدا نۇقتىلىق ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتى قۇرغاق، يەنە كېلىپ خوتەننىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندىمۇ تېخىمۇ قۇرغاق بولۇپ ئانار ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. ئەمگەكچان ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەبىئەت سىرلىرىنى ئېچىپ ۋە پايدىلىنىپ قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىغان. «ياڭاقنى كۆلگە سال، ئانارنى چۆلگە» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭ روشەن دەلىلى. ياڭاق سۇغا ئامراق دەرەخ، ئانار سۇ خالىمايدىغان مېۋىلىك دەرەخ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تاللىغان تۇپرىقىمۇ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلگەن.

ئانار، خوتەننىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىماقتا. خوتەن قىزىلگۈل ھاراقچىلىق شىركىتىنىڭ ئانار ھارىقى داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ ھەم ئىقتىسادىي قىممەت، ھەم ئىجتىمائىي قىممەت ياراتتى.

ئاناردىن ئىبارەت بۇ مېۋىلىك دەرەخ بىر تەرەپتىن ئېكولوگىيە جەھەتتە رول ئويناپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇپ، بوستانلىقنى كېڭەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن غايەت زور ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ، دېھقانلارنى ھەم سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كارخانىچىلارنى نەپكە ئىگە قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش جەھەتتە يەنە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان قۇرۇلۇشلار ئىشلەنمەكتە.

خوتەن ۋىلايىتى چەت، ياقا، نامرات ۋىلايەت بولۇشتىن باشقا، يەنە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان ۋە تارقىلىدىغان رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. تارىختىن بۇيان خوتەندە نەچچە قېتىملاپ

جەھەتتە مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى. ئۈچ لىنىيە بويىچە ئورمانلىقنى
قوغداش، قۇمنى تىزگىنلەش، قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش
شەكلى، ئىھاتە ئورمان ۋە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى قوغداش
شەكلىدىكى قۇرۇلۇش، ئورمان ئوتلاق بىلەن بىرلىشىشتەك قەۋەتلىك
ئېكولوگىيە ئورمانلىق سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلار،
خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قۇمنى تىزگىنلەش ۋە قۇمدىن
مۇداپىئە كۆرۈشتىكى ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە يۇقىرى قىزغىنلىقىنى
نامايان قىلدى، بولۇپمۇ ئۆلچەملەشكەن دېھقانچىلىق رايونىدىكى
ئورمانلىقنىڭ ئېكولوگىيىسى ۋە يېزا - كەنت يوللىرى بويىغا بىنا
قىلىنغان ئۈزۈملۈك كارىدورى، جياڭ زېمىن، جۇ رۇڭجى، لى
لەنچىڭ قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ۋە
ماختىشىغا ئېرىشتى.

مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەن مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي
شىمال رايونىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ،
ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنى غەربىي رايوننى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ بۇ خىزمەتنى
باشلىۋەتتى. 2000 - يىلى 8 - ئايدا يولداش لى لەنچىڭ خوتەننى
كۆزدىن كەچۈرگەندە ئېنىق قىلىپ: «خوتەن رايونىدا
ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى چوڭ كۆلەمدە ياخشىلاش كېرەك. مۇھىتنى
تىزگىنلەش — قۇمنى تىزگىنلەش، ئورمان بىنا قىلىش، ئوت -
چۆپ ئۆستۈرۈشنى خوتەندە سىناق قىلىپ، سىناق نۇقتىسى
دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم»
دەپ كۆرسەتتى. گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە خوتەن
ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش
ئۈچۈن، دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى 2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ
ئاخىرىدا تەتقىقاتچى، ئالىملارنى خوتەنگە ئەۋەتىپ، تەكشۈرۈپ -
تەتقىق قىلدى. تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش جەريانىدا، تەكشۈرۈش
ئۆمىكى تارىم ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ
ئەتراپىدا 5000 كىلومېتىردەك يول يۈرۈپ، پۈتۈن قۇملۇقنى
ئايلىنىپ چىقتى. گۇما، خوتەن ناھىيىسى ۋە بىڭتۇەن گۇما
(قاراتاغىز) دېھقانچىلىق مەيدانىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، نەق
مەيداندا بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلىدى. دوكلات ئاڭلاش، نەق

ئۇن كىشى ئۆلۈپ كەتتى.. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە سەھىيە، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماقلىرى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، كېسەللىك ئاپىتىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولسىمۇ، زىيان ئېچىنىشلىق بولغان. دەل شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان يولداش لى رۇيخۇەن خوتەنگە كەلگەندە، خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ھېلىمۇ كۆل سۈيى ياكى ئېقىن سۇ ئىچىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ئېچىنغان ۋە بېيجىڭگە قايتىپلا، ئۆز يېنىدىن 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغان ھەم سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى، كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ نەچچە يۈز مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ خوتەنگە ئەۋەتكەن ھەمدە بۇ پۇلنى خوتەننىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ياخشىلاش مەبلىغى قىلىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر باشلىنىش بولۇپ ھەر ساھە كىشىلەرنىڭ ياردىمى، پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن بىر نەچچە يىل بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، خوتەننىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىندى. شۇنىڭدىن بۇيانقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە خوتەندە يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلى يۈز بەرمىدى. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش لى رۇيخۇەننىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ياخشىلاش ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكنى تۈپ يىلتىزىدىن تىزگىنلەپ، خەلقنىڭ قەلبىدە ئابىدە تىكلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

يولداش لى رۇيخۇەن باشلاپ بەرگەن ئىچىملىك سۈيىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى خوتەن رايونىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. خەلق بۇ تۆھپىنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى «خوتەندە ئورمان بولمىسا بولمايدۇ. كىشىلەر ياشايدىغان مۇھىتمۇ بولمايدۇ. خوتەندە چوقۇم ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىقنى ئۇنىۋېرسال راۋاجلاندۇرۇش يولىغا مېڭىش لازىم.»

تارىختىن بۇيان خوتەن خەلقى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ناچار تەبىئىي مۇھىت بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاۋۋال ئورمان بىنا قىلىش، ئاندىن ئولتۇراقلىشىش، ئاۋۋال ئورمان بىنا قىلىپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئاندىن يەر بىنا قىلىپ، دېھقانچىلىق قىلىش

مىقدارى 4876 توننا؛ كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنى قويۇپ بېرىش مىقدارى 4200 توننا؛ پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 54.25% كە يەتتى، كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىلىش نىسبىتى 96.91% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.5 پوئىنت ئاشتى. تۇرمۇشتىكى پاسكىنا سۇنىڭ ئوكسىگېن قويۇپ بېرىش مىقدارى 3408 توننا ئىچىدە تىزگىنلەندى. ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان كونترول قىلىش رايونى بىر بولۇپ، كۆلىمى 2.54 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

مۇھىت سۈپىتىدە ياخشىلىنىش بولدى. 2002 - يىلى ۋىلايىتىمىز بويىچە ھاۋانىڭ ئېغىر بۇلغىنىشى 82.66% كە يېتىپ، يەتتە پوئىنت؛ ئوتتۇراھال بۇلغىنىشى 4.05% كە يېتىپ، ئىككى پوئىنت تۆۋەنلىدى، يېنىك بۇلغىنىشى 10.4% كە يېتىپ، ياخشى بولۇش نىسبىتى 2.89% كە يەتتى (ئاساسلىق بۇلغىغۇچى ماددا سۇسپېنزىيىلىك دانچىسىنى كۆرسىتىدۇ). بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، خوتەن رايونىنىڭ ئېكولوگىيە مۇھىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشتا زور رول ئوينىدى.

# ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە مەسىلىلەر

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ «ئۈچ شىمالىي رايون ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى» باشلانغاندىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىدا زور ئۇتۇق قازىنىلدى. خەلق ئاممىسى ھەرىكەتلىنىپ بەرپا قىلىنغان سۈنئىي ئورمان 10 مىليون 800 مىڭ گېكتار بولۇپ، «8 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق تورلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، «9 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە بىر تۈركۈم ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئىقتىسادىي ئورمان بازىسى،

مەيداننى كۆرۈش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، دېھقانلار ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا ئاساس بولىدىغان چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى ھەمدە 2000 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يولداش لى لەنچىڭغا «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەتقىقات دوكلاتى» نى سۇندى. لى لەنچىڭ، ۋېن جياباۋ قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى بۇ دوكلاتنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن مۇھىم تەستىق سالدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ شىنجاڭ خوتەن رايونىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھىسى ۋە پىلانىنى ياخشى ئىشلىشىنى تەلەپ قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە ۋە ۋېن جياباۋ، لى لەنچىڭ قاتارلىق مەركىزىي رەھبەرلىرىنىڭ تەستىق يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ: «خوتەننىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىدا ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش» توغرىسىدىكى يېڭى پىكرىگە ئاساسەن «ئورمان بىنا قىلىش، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش، مېۋە - چېۋە بازىسى قۇرۇش، زور كۆلەمدە ئېكولوگىيە دېھقانچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئويپىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەمۇرىي رەھبەرلەرنىڭ «ئورمان بىنا قىلىپ، كۆكەرتىش، نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» نى بېكىتىپ چىقتى. ئۇنۇملۇك ھالدا ئېكولوگىيە مەبلىغىنى تولۇقلاپ بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئورمانچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سىستېمىسىنى تولۇقلاپ ھەم ياخشىلاپ، ئومۇميۈزلۈك ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇردى. مەسىلەن: 2002 ـ يىلى مەخسۇس مۇھىت ئاسراش خادىمى 29، پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى بىر بولۇپ، جەمئىي بىر تەرەپ قىلىنغان پاسكىنا سۇ 3 مىليون 610 مىڭ توننا؛ مۇھىت كۆزىتىش پونكىتى بىر، مۇھىت كۆزىتىش خادىمى 15 كەيەتتى. ۋىلايەت بويىچە گۈڭگۈرت ( Ⅳ ) ئوكسىدى قويۇپ بېرىش مىقدارى 8180 توننا؛ ئىس - تۈتەك ۋە چاڭ ـ توزان قويۇپ بېرىش مىقدارى 5445 توننا؛ سانائەتتىكى چاڭ ـ توزان قويۇپ بېرىش

ماتورلۇق قاتناش قۇرالى ماڭىدىغان يېزا - كەنت يولىنىڭ بىر تەرىپىگە ئۆزۈم تىكلى يېتىشتۈرۈپ، جاھازىغا ئېلىپ ئۆزۈم كارىدورى قۇرۇش، قوشۇمچە ئورمانلىق قاتارىنىڭ كۆڭگەي تەرىپىگە ئىقتىسادىي ئورمان ۋە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش، بوز يەرنىڭ سىرتىدا قۇم - بورانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورمانلىقىنى بەرپا قىلىش ھەمدە قۇرۇپ كەتكەن ئورمانلىقنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورماننىڭ زورىيىشىنى ۋە قوغدىنىشىنى كۈچەيتىپ، ئىچكى قىسمىدىكى مۇداپىئە ئورمان تورى ۋە سىرتقى قىسمىدىكى بوستانلىقنى قوغداشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، خوتەن ۋىلايىتى دەسلەپكى قەدەمدە دېھقانچىلىق رايونىنىڭ كىچىك مۇھىتىنى ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ مۇقىم مەھسۇلاتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، يەرلىك ئىقتىسادىنى، دۆلەت ئىقتىسادى بىلەن ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

ئېكولوگىيە مۇھىت قۇرۇلۇشىدا ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدا تىزگىنلەش كۈچى يېتەرسىز بولۇش، ئورمان سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاسراشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋاللار ساقلىنىپ، «قۇم ئىلگىرىلەپ، ئادەملەر چېكىنىش» تەك ئەھۋاللار ھېلىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ئورماننى خالىغانچە بۇزۇش، ۋەيران قىلىش، بوز يەر ئېچىشتا ئېكولوگىيىگە ئەھمىيەت بەرمەي، تەبىئىي ئورمانلارنى كېسىپ بوز يەر ئېچىش ھەمدە تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەر، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر كېرەكلىك بولغان سۇغا ئېرىشەلمەي ھەم پەرۋىش قىلىنماي قۇرۇپ كەتكەن ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ناچارلىشىشىغا يۈزلىنىشى تېخى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنمىدى.

(2) ئېكولوگىيىلىك مۇھىت باشقۇرۇش خىزمىتىگە تۇتۇش قىلىش، كىرىشىش تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بۇ ھال ئورمانچىلىق ۋە يەرلىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلىدى. خوتەندىكى يەتتە

يېقىلغۇ ئورمان بازىسى — ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە بىر تۈركۈم ئورمانچىلىق، مېۋە - چېۋە يېتىشتۈرۈش - ئېچىش رايونىنى قۇرۇپ چىقتى. 1997 - يىلى پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيە رايونىدىكى تۈزلەڭلىك كۆكەرتىش ئۆلچىمىگە يەتتى. بۇ ئۆلچەم «ئۈچ شىمالىي ئىھاتە ئورمان ئۆلچىمى» بولۇپ، خوتەن رايونى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئىككى قېتىم «ئورمان بەرپا قىلىش، كۆكەرتىش» جەھەتتە «رايون، شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى. ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىدا خوتەن ۋىلايىتى ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەر، يېزا 4 - دەرىجىلىك ئورماننى ئاسراش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تورلىرىنى قۇرۇپ ۋە تولۇقلاپ چىقتى. ۋىلايەت، ناھىيە - شەھەرلىك زىيانلىق ھاشاراتلارنى تەكشۈرۈش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش، تەكشۈرۈش سىستېمىسى، ۋىلايەت، ناھىيە - شەھەر، يېزا بىرلىشىپ مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ھەر يىلى زىيانداش ھاشاراتلارنى كونترول قىلىش دائىرىسى 4 مىليون 700 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، ئورمانچىلىق مەنبەسىنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئورمانچىلىق مەنبەسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تولۇقلاپ، ئاسراش خاراكتېرىدىكى چەكلەنگەن كېسىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ئۈنۈملۈك ھالدا ئورمان مەنبەسىنىڭ بۇزۇلۇش، ۋەيران بولۇش ھادىسىسىنى چەكلىدى.

خوتەن ۋىلايىتى ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىدا ئورمان بەرپا قىلىش، قۇمنى تىزگىنلەش جەھەتلەردە بىر يۈرۈش مۇۋاپىق تېخنىكا ۋە ئۇسۇلنى تېپىپ چىقتى. «ئۈچ لىنىيە» ۋە «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش» نىڭ مەزمۇنى: 1 - لىنىيە — ئورمانلىقنىڭ سىرتىغا يېپىنچا ئۆسۈملۈك قوغداش رايونى قۇرۇش؛ 2 - لىنىيە — قۇم - بورانىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئاساسلىق ئورمان لىنىيىسى بەرپا قىلىش؛ 3 - لىنىيە — بوستانلىقتا دېھقانچىلىقنى قوغداش ئورمان لىنىيىسى بەرپا قىلىش. «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش» — يېپىنچا ئۆسۈملۈك، ئورمانلىق، تېرىلغۇ يەرنىڭ ھەر بىرى ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەشنى كۆرسىتىدۇ. دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تار ئورمانلىق كىچىك تورىنى كېڭەيتىپ، ئورمان ئېرىقىنى بويلاپ مېڭىش، ئىككى قاتار ئورمان ئارىسىدا ئېرىق بولۇش،

# ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى

## 1 خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيە مۇھىت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشى، دۆلەت زېمىن بايلىقىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى.

خوتەن ۋىلايىتى 249 مىليون 150 مىڭ گېكتار زېمىنغا ئىگە. بۇنىڭ چۆل - جەزىرە كۆلىمى %56 تىنى، تاغلىق رايون %40 تىنى، بوستانلىق ئاران %4 تىنى ئىگىلەيدۇ. چوڭ قۇملۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 400 كىلومېتىردىن ئارتۇق. قۇم - بوراننىڭ كۆپلۈكى، قۇرغاقچىلىق ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ شورلىشىپ كېتىشى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق ئىشلىرى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشىگە توسقۇن بولۇۋاتقان ئۈچ چوڭ تەبىئىي ئاپەت. بۇنىڭ ئىچىدە قۇم - بوران خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ ئاپەت. تەبىئەت ئامىلى ۋە كىشىلەرنىڭ ئورماننى ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى قالايمىقان بوز يەر ئېچىشى قۇم - بوران ھەرىكىتىنى تېخىمۇ تېزلەشتۈرۈۋەتتى.

غەربىي شىمال شامىلى ۋە شىمال شامىلىنىڭ تەسىرىدە قۇملۇق ئۆزلۈكسىز جەنۇبقا قاراپ سۈرۈلۈپ، قۇملۇق كۆلىمى كېڭىيىپ كەتتى. بوستانلىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن جەنۇب تەرەپكە 150 كىلومېتىردەك سۈرۈلدى ھەم قاراقۇرۇم تاغلىرىغا دۇچ كەلدى. گۇما، نىيە، چىرا ئۈچ ناھىيىنىڭ ناھىيە بازىرى ئۈچ قېتىم كۆچۈپ، يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ مەنبەسى تەڭپۇڭ بولماسلىق ئامىلى ۋە كىشىلەرنىڭ قۇمنى تىزگىنلەش قابىلىيىتى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن سۇ، بوستانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى بولماقتا. «سۇ — يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى» بولۇپلا قالماستىن، يەنە بوستانلىقنىڭ، ھاياتلىقنىڭ ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭمۇ جان تومۇرى. قۇمنىڭ ئىچكىرىلەپ قىستاپ كىرىشى خەلقنىڭ ياشاش مۇھىتىنى تارايتىۋەتتى، پائالىيەت زېمىنىنى قىسقارتىۋەتتى. شۇڭا، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى ئەمەلىي يۈرگۈزۈش، زور كۈچ بىلەن ئورمان بىنا قىلىش، ئوت - چۆپ

ناھىيە، بىر شەھەر ۋە يېزا ـ ئىگىلىك 14 ـ دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق ئۈچ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئالاھىدە نامرات ناھىيە ۋە تۆۋەن ـ مەيدان تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. يەرلىكنىڭ مالىيە كۈچى ناھايىتى ئاجىز. ئۆز رايونىنىڭ مالىيە چىقىمىنى قامدىشى 20% كە يەتمەيدۇ. بارلىق چىقىم دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەمىنلىشى ۋە قوللىشىغا تايىنىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە يەنە 200 مىڭدەك نامرات نوپۇس بار. ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزىگە تايىنىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. تەكرار ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى يوق. ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات ئىستېمالغا يېتىشمەيدۇ. دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى يىلسېرى ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە يېتەرلىك ئەمەس. ئاساس سېلىش قۇرۇلۇشى ئاجىز. ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى ۋە كۆچەتچىلىك قۇرۇلۇشى ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىشەلمەيدۇ. ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتىنىڭ مەسئۇلىيىتى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغان. ئىلغار كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ۋە كۆچەت تەكشۈرۈش تېخنىكىسى ئورمان بەرپا قىلىش ئېھتىياجىغا يېتىشەلمىگەن. شۇڭا، ئىلغار ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ئەلا كۆچەت تۈرلىرىنى تەمىنلەش تېخى تەلەپكە يەتمەيدۇ.

(3) ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىدا، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىش تولىمۇ تۆۋەن. تېخنىكا سەۋىيىسى ئارقىدا قالغان؛ ئورمانچىلىق تېخنىكا خادىمى كەمچىل؛ پەن ـ تېخنىكىنى كېڭەيتىش سىستېمىسى تولۇق ئەمەس؛ قاتناش ترانسپورتىنىڭ تەرەققىياتى ناچار؛ ئۆز رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك چەكلىمىگە ئۇچرىغان؛ ئۇچۇر كەمچىل؛ ئورمانچىلىق جەھەتتە قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇننى يورگۈزۈش كەمچىل؛ ئورمانلىقنى ۋەيران قىلىش، بوز يەر ئېچىشتا ئورماننى قۇربان قىلىش بەدىلىگە يەرگە ئېرىشىش، قالايمىقان ئورمان كېسىش ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت. مانا بۇ خوتەن رايونىدىكى ئېكولوگىيە مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىشى، تەبىئىي ئاپەتنىڭ كۆپ بولۇشىدىكى ئاساسىي مۇھىم سەۋەب. خوتەن ۋىلايىتىدە ھېلىمۇ قۇم ـ بورانلىق ھاۋانىڭ كۆپ بولۇشى، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشى ۋە تەبىئىي مۇھىتنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشى ئەلۋەتتە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

تاكامۇللىشىشىنىڭ ئالدىنقى ھەم ئاساسىي شەرتى. ناچار ئېكولوگىيىلىك مۇھىت نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ يىلتىزى. ھاياتلىقنى قوغداش ۋە نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھەم بۇ قۇرۇلۇشنى تېزلىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىسپاتلىدى.

خوتەن ۋىلايىتى ئاز سانلىق مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون. ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 97.1% ئىگىلەيدۇ. ئالاھىدە بولغان جۇغراپىيىۋى مۇھىت، ھاۋا كىلىماتى ھەمدە مىقدارى ۋە زىيىنى ناھايىتى كۆپ بولغان. قۇم - بوراننىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى زىيىنى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلىدى. بۇ ئەھۋال، ۋىلايەتنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇزۇن مۇددەت ئارقىدا قالدۇردى. ئىقتىسادنىڭ ئارقىدا قېلىشى، خەلقنىڭ نامراتلىقى مۇشۇ رايوندىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىدىكى بىر يوشۇرۇن ئاپەت. ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى قوللاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش — دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قوللىنىپ كەلگەن مۇھىم سىياسىتى.

شۇڭا، خوتەن رايونىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى دۆلەت بىختەرلىكىنى قوغداشتا، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، ئورتاق گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، مۇشۇ رايوننىڭ ئۇزۇن مۇددەت تىنچ بولۇشىدا، خەلقنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش ۋە ئىرىكچىلىك قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا زور سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشنىڭ كەلگۈسى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئىزچىل غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىدى ۋە ماسلاشتۇردى. خوتەن

ئۆستۈرۈپ، تۇپراقنى مۇقىملاشتۇرۇپ ۋە تۇپراق سۈپىتىنى ياخشىلاپ، قۇم - بورانى بوستانلىق سىرتىغا چېكىندۈرۈش — خوتەن ۋىلايىتىنىڭ دۆلەتنىڭ زېمىن بايلىقىنى قوغداش، ئاسراش، ھاياتلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە قوغداشقا زۆرۈر بولغان بوشلۇقنى ساقلاشنىڭ ئېھتىياجى.

**2 خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى.**

خوتەن ۋىلايىتى زېمىنىنىڭ قۇملىشىپ كېتىشى ۋە زەيلىشىپ كېتىشى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ناھايىتى تېزلىشىپ كەتتى. 1983-يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، پۈتۈن ۋىلايەتتە زەئىپلەشكەن تېرىلغۇ كۆلىمى 3 مىليون 500 مىڭ گېكتار بولغان بولسا، 1999-يىلى كېڭىيىپ 4 مىليون 900 مىڭ گېكتارغا يەتكەن. زېمىننىڭ قۇملىشىش ۋە زەئىپلىشىش ئامىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان تەبىئىي ئامىلدىن باشقا يەنە مۇھىم بولغىنى نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ يەرگە بولغان ئېھتىياجى كۈندىن - كۈنگە ئاشقان بۇ ھال، كىشىلەر ئەتراپتىكى تەبىئىي ئورمانلىقلارنى كېسىپ ۋە تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى نابۇت قىلىپ ۋە ۋەيران قىلىپ بوز يەر ئېچىش، ئوتلاقنى بۇزۇپ ئاشلىق تېرىشقا مەجبۇر بولماقتا. ھەددىدىن ئاشقان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئورماننى كېسىش ئەھۋالى قۇملۇققا 100 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرگەچكە، زېمىننىڭ قۇملىشىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، يەرلەرنىڭ زەئىپلىشىشى تېز كېڭىيىپ، تېرىلغۇ يەر بارغانسېرى ئازلاپ كەتمەكتە.

شۇڭا، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى يۈرگۈزۈش، ئورمان بىنا قىلىش، ئوتلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش — يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنىڭدەك ئىقتىسادنى سىجىل، ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى.

**3. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى.**

ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئىنسانلار ھاياتلىقىنىڭ

خوتەنگە ئەۋەتىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە شۇ ئاساستا «شىنجاڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى لايىھە»نى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويدى. بۇ لايىھە 2001 - يىلى 6- ئايدا تۈزۈپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، پىلان بويىچە زور بىر تۈركۈم خىزمەتلەر ۋە ئۇل قۇرۇلۇشى خىزمەتلىرى ئىشلەنمەكتە.

## تارىم دەرياسىغا ھاياتىي كۈچ قوشۇش يولىدا

مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن «تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، ياخشىلاش» ھەققىدە قارار چىقارغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ گوۋۇيۈەننىڭ (2001) 74 - نومۇرلۇق ھۆججىتى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ساھەلەر دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. مالىيە مىنىستىرلىكى دەرھال پىلاننى، مالىيە مەبلىغى بىلەن تەمىنلىدى. گوۋۇيۈەننىڭ پىلان، لايىھىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تۇنجى قەدەم بېسىلدى.

تارىم دەرياسى — يۇرۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تارىمغا قۇيۇلىدىغان بىر نەچچە دەريا ئېقىنىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. قاراقاش، يۇرۇڭقاش دەريالىرى قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن باشلىنىپ، خوتەن بوستانلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى تەبىئىي توغراقلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئاخىرىدا تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ئاساسلىق مەنبەلەردۇر. بۇ ئىككى دەريا جەنۇبتا باشلىنىش نۇقتىسى ئانچە يېقىن بولمىغان جايدىن ئايرىم - ئايرىم باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ ئاققانسېرى ئۆزئارا يىراقلىشىدۇ. ئۈزلۈكسىز شىمالغا قاراپ ئېقىش نەتىجىسىدە بارا - بارا يېقىنلىشىپ، تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ خوتەن چېگرىسىغا يېقىن «قوشلاش» دېگەن يېرىدە ئۆزئارا قوشۇلىدۇ. ئاندىن بىر دەريا — خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىپ ئېقىپ تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.

قاراقاش، يۇرۇڭقاش دەريالىرى خوتەن بوستانلىقىنىڭ جان تومۇرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىپايان تەبىئىي توغراقلىقنىڭ ھاياتلىق مەنبەئى، شۇنىڭدەك ئەڭ مۇھىم تارىم دەرياسىنىڭ

ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ دېھقانلار پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، كۈچىنى ئىشلەپ، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزدى.

## مەركەزنىڭ غەمخورلۇقى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەزنىڭ «غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش» سىياسىتىنىڭ تۇرتكىسىدە، غەربىي رايونلارنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى بىرىنچى قەدەمدىكى خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇش تەلەپ قىلىندى.

تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ۋە ياخشىلاش — مەركەزنىڭ بۇ سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

2001 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى زۇڭلى جۇ رۇڭجى 95- قېتىملىق زۇڭلىلار ئىش بېجىرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ۋە ياخشىلاش ئىشىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى ۋە بىر قاتار سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى تۈزدى. زۇڭلىلار ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ بۇ خاتىرىسى گوۋۇيۈەننىڭ (2001) 74 - نومۇرلۇق ھۆججىتى بولۇپ شەكىللىنىپ دەرھال تارقىتىلدى.

مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ 2000 - يىلى 8 - ئايدا خوتەننى كۆزدىن كەچۈرگەندە، خوتەننىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى ھەققىدە مەخسۇس يوليورۇق بەردى ھەمدە بۇ ئىشنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى كۆرۈپ چىقىپ تەستىق سالدى.

زۇڭلى ۋېن جىاباۋ مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ خوتەندە، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىدا، تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئېلىپ بارغان نەق مەيدان تەكشۈرۈش دوكلاتىنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ دوكلاتقا مۇھىم تەستىق سالدى ھەم يوليورۇق بەردى.

گوۋۇيۈەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق دۆلەت ئورمانچىلىق باش ئىدارىسى مەركىزىي رەھبەرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، 2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى

4) خوتەن دەرياسى ۋادىسىدا يېڭىدىن 18 جايدا سۇ ئامبىرى ياسىلىدۇ. سۇ سىغىمچانلىقى 62 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر بولىدۇ. بۇنىڭغا كېتەرلىك مەبلەغ 65 مىليون 758 مىڭ يۈەن.

5) خوتەن دەريا ۋادىسىنى ئومۇميۈزلۈك تىزگىنلەش، بۇ قۇرۇلۇشقا 600 كىلومېتىر دائىرە قاتنىشىدۇ. مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا 111 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. پۈتكۈل ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى 2006 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاخىرلىشىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش ۋە مەبلەغ ئارقىلىق ناھىيە، شەھەرلەر يىلىغا 300 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجەيدۇ. ھازىرغا قەدەر يىلىغا 250 مىليون يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەمەلىيلەشكىنى 50 مىليون يۈەن.

بۇ قۇرۇلۇشقا ھازىر تۈتۈش قىلىنغىنى خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى چوڭ غول ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇ — خوتەن ناھىيە تەۋەسىدىن خوتەن شەھىرىگە ئېقىپ كىرىدىغان تامشا ئۆستىڭى (يەرلىكلەر بۇنى تامشا يارلىقى دەپ ئاتايدۇ) مۇھىتىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى بىلەن خوتەن كوئېنلۈن سۇ ئامبىرىغا يانداش بولغان شەرق شامىلى ئۆستىڭىنى سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئىشلىنىۋاتىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشقا 24 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە قاراقاش ناھىيە شەرق شامىلى سۇ ئامبىرى توغانىنى ياساش قۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشقا 24 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپدۇ. سۇ سىغىمچانلىقى 50 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلىدۇ.

قاراقاش دەرياسى غول ئۆستىڭى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى. بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

خوتەن شەھىرىنىڭ 10 مىڭ مو پۈركۈپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى. بۇنىڭغا 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

يۇقىرىقى مەبلەغلەر ئاللىقاچان ئەمەلىيلىشىپ، قۇرۇلۇش باشلىنىپ كەتتى. جەمئىي سەرپ قىلىنغان مەبلەغ 268 مىليون يۈەن بولدى. 2003 ـ يىلى يولغا قويۇلىدىغىنى 14 تۈر بولۇپ، بۇنىڭغا 212 مىليون 552 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. بۇ — خوتەن، قاراقاش غول ئۆستەڭلىرىنى سىڭمەسلەشتۈرۈشكە، سۇ ئامبارلىرى، توغانلىرىنى مۇستەھكەملەش، دەريا ۋادىسىنى تىزگىنلەش ئىشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئاساسلىق سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش — جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، خوتەن (قاراقاش، يۇرۇڭقاش دەريالىرى)، قەشقەر (زەرەپشان دەرياسى)، ئاقسۇ (ئاقسۇ تارىم دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى)، كورلا (قارا شەھەر دەرياسى) قاتارلىق دەريا - ئېقىنلار جايلاشقان رايونلارغا چېتىلىدۇ.

تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنىڭ خوتەن بۆلىكى ئاساسەن خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 14 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق ئۈچ تۈەن - مەيدان ھەم خوتەن شەھىرى، گۇما ناھىيىسىنىڭ پىيالما يېزىسىنىڭ سۇغىرىش مەسىلىسىگە چېتىلىدىغان، دائىرىسى چوڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى پىلانغا ئاساسلانغاندا، يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى ئاللىقاچان باشلىنىپ، پىلان بويىچە 2002 - يىلدىن باشلاپ تارىم دەرياسىغا زور مىقداردا سۇ يەتكۈزۈش ۋە تەبىئىي توغراقلىقنى سۇغىرىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، خارابىلىشىشقا يۈزلەنگەن تەبىئىي توغراقلىقلار ھاياتىي كۈچى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى ھەمدە كۆچۈپ كەتكەن ئاھالىلەر قايتىپ كېلىشكە باشلىدى.

تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرىنىڭ خوتەن بۆلىكىنى ياخشىلاشقا دۆلەت 852 مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدۇ. بۇ مەبلەغ تۆت تۈر بويىچە ئىشلىتىلىدۇ: 1) ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە سىڭمەسلەشتۈرۈش، يەنى «ئۈچ ئۆستەڭ» — غول، تارماق، سۇغىرىش ئۆستەڭلىرى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلىدۇ. جەمئىي 3000 كىلومېتىر ئۆستەڭ بۇ تەلەپكە يەتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭغا كېتىدىغان مەبلەغ 393 مىليون 883 مىڭ يۈەن. بۇ ئارقىلىق سۇنى تېجەپ ئىشلىتىپ، تارىم دەرياسىغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئاساس سېلىنىدۇ.

2) سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى — تېمىتىپ سۇغىرىش، پۈركۈپ سۇغىرىش. بۇنىڭدا 35 مىڭ 600 مو يەر بۇ قۇرۇلۇشقا قاتنىشىدۇ. كېتەرلىك مەبلەغ 22 مىليون 797 مىڭ يۈەن.

3) يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىپ پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى — بۇنىڭدا يېڭىدىن 278 كۆز قۇدۇق كولىنىدۇ. بۇنىڭغا كېتەرلىك مەبلەغ 63 مىليون 410 مىڭ يۈەن.

خوتەن ناھىيىسىنىڭ توساللا يېزىسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تۇزلۇق ساي، يەنى مىلىكىئاۋات دېگەن يەردىن، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى خوتەن ناھىيىسىگە تەۋە لاگىرۇ يېزىسى تەۋەسىگىچە بولغان ئارىلىقتا 100 كىلومېتىر ئەتراپىدا، 100 مېتىر كەڭلىكتە ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى بىنا قىلىشنى پىلانلىدى ۋە 2001 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ قۇرۇلۇش باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى شەرقتە نىيە ناھىيىسىدىن غەربتىكى گۇما ناھىيىسىگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېتىردىن، كەڭلىكى 1.5 كىلومېتىرغىچە بولغان چوڭ تىپتىكى بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان ئورمان بەلۋېغى بولۇپ، 2003 ـ يىلدىن 2010 ـ يىلغىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

تېرىلغۇ يەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش، گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەت بويىچە يولغا قويغان مەملىكەت خاراكتېرلىك ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك 51 مىڭ گېكتار يەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدۇ. بۇنىڭغا 101 مىليون 747 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىدۇ.

تەبىئىي ئورمانلارنى ئۈنۈملۈك مۇھاپىزەت قىلىپ، ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى ئورمان كېسىش شاملىنى توسۇش مەقسىتىدە، خوتەن ۋىلايىتى تەبىئىي ئورمانلارنى پېچەتلەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭغا جەمئىي 19 مىليون 271 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى.

بۇ قۇرۇلۇش ئەمەلىيەتتە «ئۈچ شىمالىي رايون ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى» نىڭ 4 ـ باسقۇچى بولۇپ، بۇ — سۈنئىي ئورمان بەرپا قىلىش، ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى بىنا قىلىش، تېرىلغۇ يەرنى ئورمانغا قايتۇرش، تەبىئىي ئورمانلارنى پېچەتلەپ باشقۇرۇش، تەبىئىي ئورمانلارنى قانۇن بويىچە قوغداش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

بۇ قۇرۇلۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئورمان، ئوت ـ چۆپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى ھازىرقى %1.26 تىن %1.58 كە كۆتۈرۈپ، 0.32 فوئىنت ئاشۇرۇشتا، ئېكولوگىيىلىك ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، تۇپراقنىڭ

بۇ ئارقىلىق يىلىغا 300 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجەپ، 900 مىليون كۇب مېتىر سۇ تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.

گوۋۇيۈەن بۇ قۇرۇلۇشقا — تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، ياخشىلاش، تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 10 مىليارد 700 مىليون يۈەن ئىشلىتىشنى پىلانلىدى. بۇنىڭدىن 882 مىليون يۈەن خوتەن ۋىلايىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يۇقىرىقى قۇرۇلۇش ئارقىلىق تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپلا قالماستىن، يەنە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا غايەت زور تۆھپە قوشۇلىدۇ.

## ئېكولوگىيىلىك ئورمانچىلىق پىلانى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى تۈزگەن «شىنجاڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا لايىھە» دە، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېقىنقى بەش يىل ھەم ئون يىل ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم بولغان پىلان لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە ئورۇنلاشقا تېگىشلىك پىلان:

2010 - يىلغىچە بىنا قىلىدىغان سۈنئىي ئورمان كۆلىمى 288 مىڭ 396 گېكتار. تەبىئىي ئورمانلارنى پېچەتلەپ باشقۇرۇش كۆلىمى 183 مىڭ 529 گېكتار. تېرىلغۇ يەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش كۆلىمى 51 مىڭ گېكتار.

دۆلەتنىڭ پىلانىغا ئاساسەن، خوتەن ۋىلايىتى يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە زور كۆلەمدە ئىھاتە ئورمانلىق ۋە تۈزلەڭ رايونلار ئورمانلىقىنى بىنا قىلىشنى پىلانلىدى. بۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى تەۋەككۆل، ئىسلامئاباد يېزىسى تەۋەسىدىن غەربكە قاراپ 200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۈز مېتىر كەڭلىكتە ئورمان بەلۋېغى بىنا قىلىپ، بۇنى قاراقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۈزلۈق ئوتاغ دېگەن يېرىگىچە تۇتاشتۇرۇش، خوتەن ناھىيىسىنىڭ قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان يېڭىئاۋات يېزىسىدىن شەرققە قاراپ 180 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 50 مېتىر كەڭلىكتە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىشنى،

بىدە تېرىپ ئوتلاق بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت.
خوتەن ۋىلايىتىدە ھازىر بار بولغان تەبىئىي يايلاق كۆلىمىدىن چېكىنگەن (قۇرۇپ كەتكەن، قۇملىشىپ كەتكەن، زەيلىشىپ كەتكەن) يايلاق 7 مىليون مو بولۇپ، بۇ تەبىئىي يايلاقلارنى ئاسراشتا زوررۇر خىزمەت بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ۋىلايەت، يۇقىرى دەرىجىلىك چارۋىچىلىق تارماقلىرىدىن تو تورغۇزۇپ، تەبىئىي ئوتلاقنى ئاسراش كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. چىرا، نىيە ناھىيىلىرى بۇ ئىشنى باشلىۋەتتى. بۇنىڭدا ئاساسەن ئوتلاققا ئۆستەڭ كولاپ سۇغىرىپ تۇتقۇزۇش، يايلاقنى قاشالاپ باشقۇرۇش، سۇنئىي يامغۇر ياغدۇرۇش، چارۋا سىغىمچانلىقىنى چەكلەش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلماقچى.
ھازىر خوتەن ۋىلايىتىدە بېقىلىۋاتقان ئومۇمىي چارۋا 3 مىليون 927 مىڭ تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمى يېزا - ئىگىلىك رايونلىرىدا بېقىلىدۇ. يايلاقتا بېقىلىۋاتقان چارۋا گەرچە ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىسىمۇ، يەنىلا ئوتلاق سىغىمچانلىقىدىن كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە چارۋا سانىنى 5 مىليونغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىماقتا. ئەگەر چارۋا سانى زىيادە كۆپىيىپ كەتسە، ئوتلاقنىڭ ئېكولوگىيىسى تەبىئىي ھالدا بۇزۇلىدۇ. چۈنكى، چارۋىلار ئوتنى يەپ ئېھتىياجنى قاندۇرالمىسا يىلتىزىنى كولاپ يەيدۇ. بۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ يايلاقتىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى دورا ماتېرىيالى سۈپىتىدە كولىشى، قۇم - بوراننىڭ زىيان سېلىشى قوشۇلۇپ، يايلاقنىڭ قۇملىشىشى، قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، چارۋىچىلىقنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقىنى ئاساس قىلىشى ئەڭ ياخشى چارە.
يايلاق چارۋىچىلىقى، تاغلىق رايون چارۋىچىلىقى ۋە تۈزلەڭ رايون چارۋىچىلىقىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. تۈزلەڭ رايون ئوتلاقلىرى ئاساسەن تارىم ۋادىسىدىكى دەريا - ئېقىنلارنى ئاساس قىلىپ قوش قەۋەتلىك بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، يەنى توغراقلىق ئارىسىدا ئۆسكەن قومۇش، يانتاق، سوكسوك، چىغ قاتارلىق ئوت - چۆپلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر سۇ يېتەرلىك بولمىسا ياكى چارۋا زىيادە كۆپ بولسا، بۇ يەردىكى ئوت - چۆپلەرمۇ

قوغلىشىشقا قاراپ كېڭىيىپ كېتىش ۋەزىيىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەشتە، بوستانلىقنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاشتا كۆرۈنەرلىك ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمگە، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نوپۇس، ئىقتىساد، بايلىق ۋە مۇھىتنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە پائال، تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

## ئېكولوگىيىلىك چارۋىچىلىق — ئوتلاق قۇرۇلۇشى پىلانى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنىدا يەنە ئېكولوگىيىلىك چارۋىچىلىق — ئوتلاق قۇرۇلۇشىمۇ بار.

ھازىر خوتەن ۋىلايىتىدە بار بولغان تەبىئىي يايلاق 35 مىليون 594 مىڭ مو بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى 29 مىليون 312 مىڭ 400 مو، سۈنئىي ئوتلاق (بېدە) 620 مىڭ مو.

بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە بىنا قىلىنىش پىلانلانغان سۈنئىي ئوتلاق (بېدە) كۆلىمى 1 مىليون مو بولىدۇ. ھازىر خوتەن ۋىلايىتىدە تېرىلىۋاتقىنى خوتەننىڭ چوڭ يوپۇرماقلىق بېدىسى بولۇپ، ھازىر ئاساسلىقى بار كۆلەم بېدە ئۇرۇقى ئېلىشقا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ ھەم ئوت - چۆپ، ھەم بېدە ئۇرۇقى ئېلىشتەك قوش مەھسۇلات ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلماقتا.

دۆلەت خوتەننىڭ كەڭ يوپۇرماقلىق بېدىسىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ھەم مەھسۇلات جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ بېدە سورتىنى كېڭەيتىشنى، بېدە ئۇرۇقى بازىسىنى خوتەندە قۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇڭا 830 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، تېزلىكتە 20 مىڭ مو بېدە ئۇرۇقى بازىسىنى خوتەن شەھىرىدە بەرپا قىلىش، كەلگۈسى بەش يىلدا گۇما، خوتەن، كېرىيە ناھىيىلىرىدە بېدە ئۇرۇقى بازىسى كېڭەيتىلىپ 100 مىڭ موغا يەتكۈزۈش پىلانلاندى. خوتەندە يەنە يېقىندىن ئېچىلغان ئىقتىسادىي ئېچىش رايونلىرىدا قوش قەۋەتلىك ئوتلاق — ئورمان بازىسى سىناق قىلىنىپ نەتىجىلىك بولدى، يەنى ئورماننى شالاڭ تىكىش، ئارىسىغا

# خوتەننىڭ بىر قىسىم ماددىي بايلىقلىرى

خوتەننىڭ بايلىق مەنبەسى مول. بۇ ماددىي بايلىقلارنى ساناپ بىزىپ تۈگىتىشتىمۇ خېلىلا قىيىن. سەھىپە ئېتىبارى بىلەن پەقەت بىر قىسمىنىلا تۆۋەندە تونۇشتۇرىمىز.

## بىپايان مۇنبەت زېمىننىڭ كۆركى — قومۇش

قومۇش باشاقلىقلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، خوتەندە ئىككى خىل قومۇش بار، يەنى قومۇش ۋە بورا قومۇشى. ئۇ يىلتىزسىمان باشاقلىق ئۆسۈملۈك، ئادەتتىكى ئېگىزلىكى 150 — 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ كەڭلىكى 5 — 0.5 سانتىمېتىر، گۈل تىزمىسى يۇمىلاقسىمان بولۇپ، نەملىككە خۇشتار، شورغا چىدامىلىق، قۇرغاقچىلىققا قارشى ئىقتىدارى ۋە ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. خوتەن ۋىلايىتىدە ئاساسەن دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىر كېلىدىغان كوئېنلۇن تېغىنىڭ كەڭ ئېتىكىدىكى سىزىملىق بەلۋاغ ۋە تۈزلەڭ بوستانلىقىدىكى ھەر قايسى دەريا - ئېقىنلىرىنىڭ بويلىرىغا جايلاشقان. قومۇش، پەس چىملىق ئوتلاقلاردىكى ئاساسىي تۈركۈمنى ھاسىل قىلغۇچى تۈر. ئۇ چىغ، شالاڭ يوپۇرماقلىق يانتاق، چۇچۇكبۇيا، توغراق، يۇلغۇن قاتارلىق 10 نەچچە خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، پاكار غوللۇق دەرەخ، چاتقال ۋە يېرىم چاتقال بىلەن پەس چىملىقنىڭ تۆت كەنجە تۈرىنى، 25 ئوتلاق شەكلىنى ھاسىل قىلغان. خوتەن رايونىدىكى ئومۇمىي قومۇش كۆلىمى 5 مىليون 739 مىڭ 300 مو بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى (پادا بېقىش ياكى پىچان قۇرۇتۇش) 5 مىليون 585 مىڭ 100 مو، يىللىق قومۇش مەھسۇلات مىقدارى 788 مىڭ تونىنغا يېتىدۇ، چارۋا سىغىمچانلىقى 541 مىڭ 500 تۇياق.

قومۇش ئوتلاقنىڭ سۈپىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۈچىنچى خىل ئوتلاققا تەۋە بولۇپ، ئوتلاق سۈپىتى ئوتتۇرىھال، قومۇشنىڭ

ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي، چارۋىلار توغراق شېخى ئارقىلىق بېقىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

تۈزلەڭ رايون يايلىقى تەخمىنەن 7 مىليون مو بولۇپ، بۇ ئورمانچىلىق ئېكولوگىيىسىگە بويسۇنۇشى لازىم.

قىسقىسى ھەم ئوتلاق ئېكولوگىيىسىنى يولغا قويۇش، ھەم چارۋا نەسلىنى ياخشىلاپ، سانىغا چەك قويۇش، يايلاقنى ئاسراش ۋە نۆۋەتلەشتۈرۈپ يايلىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش لازىم.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ كەلگۈسى چەكسىز پارلاق.

2003 - يىل، فېۋرال

---



*ئۆمەر رەجەپ خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى. ئۇ 1956 - يىلى خوتەن شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 29 يىلدىن بۇيان ئوقۇتۇش مۇنبىرىدىن ئايرىلماي قالماستىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ 600 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي ئەسەر، 120 پارچە ئاخبارات ئەسىرى، 40 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇرغان. «جانان بىلەن ئېيتقان ناخشىلار» (بىرلەشمە توپلام) ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. «بۇلبۇل ناۋاسى» قاتارلىق بەش توپلامغا ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. 1999 - يىلى زىلك شەنجى مائارىپ فوندى مۇكاپاتىغا، 2000 - يىلى «ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى» (ئاپتونوم رايون) دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلەر لۇغىتى» دە تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.*

## ئېچىلىدىغان كان بايلىقى

1. خوتەن قاشتېشى خوتەن رايونىمىزنىڭ ئۆزگىچە كان مەھسۇلاتى بايلىقى بولۇپ، چىرىمتال ۋە چوڭ قورام تاش بىلەن نېيترال كىسلاتالىق گرانىت تاشنىڭ بىرلەشكەن بەلۋاغلىرىدىن چىقىدۇ، كان ئادەتتە لىنزىسىمان قەۋەت شەكلىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1 مېتىردىن 80 مېتىرغىچە، كەڭلىكى 0.1 مېتىردىن 1 مېتىر ئەتراپىغىچە كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە 500 كىلومېتىر كېلىدىغان كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئون نەچچە يېرىدىن خوتەن قاشتېشى چىقىدۇ. ھازىر قېزىلىۋاتقان قاشتېشى، غەربتە شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنىڭ 30 چاقىرىملىق جايىدىكى گازارمىدىن كەڭشۇەگىچە بولغان جايلاردا، شەرقتە كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سەيدى قورام ۋە خانيايلاقتىن قېزىلماقتا. ھەر يىلى نەچچە ئون توننا قاشتېشى قېزىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يۇرۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى ۋە كېرىيە دەرياسىدا كەلكۈندىن كېيىن نۇرغۇن ئۇششاق قاشتېشى تېپىۋالغىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋىلايەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتلىرىغا سېتىلىدۇ، بىر قىسمى شياڭگاڭ ۋە ياپونىيىگىچە سېتىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشمەكتە.

ھازىرغىچە قېزىلغان قاشتېشى مىقدارىنى قاشتېشى زاپىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ناھايىتى ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنە قېزىۋېلىشقا بولىدىغان زور مىقداردا خوتەن قاشتېشى بار.

2. خوتەن كۆمۈر زاپىسى كۆپ رايون. لېكىن، تولۇق قېزىلمىغاچقا، كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش ئىنتايىن جىددىي بولۇۋاتقان ۋىلايەت. سانائەت قىممىتىگە ئىگە كۆمۈرنىڭ ھەممىسى يۇرا سىستېمىسى يەكەن توپىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋىنىدىكى كۆمۈرلۈك يەر قاتلاملىرىدىن چىقىدۇ. بۇيا كۆمۈر كانى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، قىزىلسۇ ۋە خوتەندىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ كۆمۈر كان ھېسابلىنىدۇ. كۆمۈر زاپىسى 80 مىليون توننا بولۇپ، دائىرىسى 10 كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. كۆمۈر ئۈچ قات بولۇپ، قېلىنلىقى مۇقىم، ئومۇمىي قېلىنلىقى 20 نەچچە مېتىر كېلىدۇ. كۆمۈرنىڭ ئۈستۈن تۇپراق قاتلىمى نېپىز بولۇپ، قېزىشقا قولايلىق، تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن رايوننىڭ سىرتىدا يەنە سىرتقا سوزۇلغان توققۇز مېتىر قېلىنلىقتا

پىپەكلىگەن ۋاقتىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىسى مول، يىرىك ئاقسىل %9.22، يىرىك ماي تەركىبى %1.74، يىرىك تالا ماددىسى %32.37، يىرىك كۆل ماددىسى %6.27 بولۇپ، بۇ مەزگىلدە يىرىك ماددىسى تۆۋەن، ئوزۇقلۇق قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، چارۋىلارنىڭ ئوزۇقلۇقى قىلىشقا باب كېلىدۇ. لېكىن، پىپەكلەش مەزگىلىدىن كېيىن، يىرىك تالا مىقدارى تېز كۆپىيىپ، غولى قېتىپ، ئوزۇقلۇقى ناچارلىشىدۇ. ھازىر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قومۇش ئوتلاقلىرى ئادەتتە 7 — 8 ئايلاردا ئورۇۋېلىنىدۇ. بۇ چاغدا قومۇشلار پىشىش مەزگىلىگە كىرىدۇ، تالا مىقدارى يۇقىرى، ئېتى قاتتىق بولۇپ، قەنت ماددىسى تۆۋەنلەپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە ئوزۇقلۇقى بىر قەدەر ناچارلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر پىپەكلەش مەزگىلىدە ئورۇۋېلىنىپ پىششىقلاپ ئىشلەنسە، ئىشلىتىش قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

قومۇشنى چارۋا بېقىشقا سەرپ قىلىنغاندىن باشقا، يەنە كەڭ دېھقان - چارۋىچىلار بورا توقۇشقىمۇ ئىشلىتىدۇ. بۇندىن باشقا قومۇش ناھايىتى ياخشى قەغەز ئەشياسى بولۇپ، ئەگەر ئوبدان پايدىلانسا ئىستىقبالى ناھايىتى ياخشى.

## كان مەھسۇلاتلىرى

خوتەن رايونىدا جەمئىي 46 خىل كان مەھسۇلاتى بولۇپ، 168 جايدىن چىقىدۇ. ھازىرغىچە ئېچىلغان ۋە پايدىلىنىۋاتقان كان مەھسۇلاتلىرىدىن كۆمۈر، سېمونت رۇدىسى، خوتەن قاشتېشى، تۇزكان، سېغىز، شېغىل قاتارلىقلار بار. ئېچىشقا تېگىشلىكلەردىن نېفىت، تەبىئىي گۈڭگۈرت، پروكسېن، كەم ئۇچرايدىغان مېتال مەھسۇلاتلىرى، گەج، تۆمۈر رۇدىسى، ئاق چىرىمتال، كېپەك ئالتۇن بار، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ تېپىشقا تېگىشلىك كان مەھسۇلاتلىرىدىن: ئالماس، ھېقىق، ئالتۇن ... قاتارلىقلار بار. خوتەن ۋىلايىتىدە كان مەھسۇلاتلىرى بىر قەدەر كۆپ، ئېچىلغىنى، پايدىلىنىۋاتقىنى ئاز، ئېچىشقا ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تېپىشقا تېگىشلىكى كۆپ. شۇڭا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كان بايلىقى ناھايىتى زور ئېچىش ۋە پايدىلىنىش ئىستىقبالىغا ئىگە.

D دەرىجىلىك سىغىمزنىڭ زاپاس مىقدارى 6 مىليون 300 مىڭ توننا، دۇۋادىكى زاپىسى 1 مىليون 300 مىڭ توننا، دۇۋا سېرىق توپىسىنىڭ C1+C2 دەرىجىلىكىنىڭ زاپاس مىقدارى 890 مىڭ توننا، C+D دەرىجىلىكىنىڭ زاپاس مىقدارى 260 مىڭ توننا بولۇپ، جەمئىي زاپىسى 8 مىليون 750 مىڭ تونىنغا يېتىدۇ.

6. شىغىل بايلىقى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شىغىل بايلىقىنىڭ تارقىلىشى كەڭ، مىقدارى كۆپ، ھەر قايسى دەريا قىينىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، كەڭ چۆل - جەزىرە ۋە قۇملۇق بەلۋاغلاردا تۈگىمەس-پۈتمەس شىغىل بايلىقى بار. ھازىر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى شەھەر - بازارلىرى ۋە يېزا - كەنتلىرى يېڭى ئۆي سېلىش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ بايلىقتىن زور مىقداردا پايدىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى شىغىل زاپىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاز قىسىمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان كان مەھسۇلاتلىرى

1. نېفىت. 1978 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ يۇلچۇن دېگەن يېرىدىن نېفىت بايقىلىپ، كېيىن بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر كىچىك كۆلەملىك نېفىتلىك ئېچىلغان بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان نېفىت ئېلىنماقتا. خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسى ئەتراپىدا ئومۇميۈزلۈك نېفىت تەكشۈرۈش ۋە جىسىم تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. يېڭى ھايات ئىزاسى مەزگىلىدە چىرا ناھايىتى چوڭ ئولتۇرۇشقان زۇننا مەركىزى بولغان. سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ماتېرىياللىق تەكشۈرۈش ۋە سۇنئىي ھەمراھ لېنتا نەتىجىسىدىن قارىغاندا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى، چىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى ۋە جەنۇبتىن شىمالىي كەڭلىكى 300 كىلومېتىر ئەتراپىدىكى دائىرە ئىچىدە كۆلىمى ئىنتايىن زور بولغان بىر نېفىتلىك بولۇپ، ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

2. تەبىئىي گۈڭگۈرت كانى. يۇلچۇندىكى قىزىل باشقا دېگەن جايىنىڭ يانتۇ كەلگەن غەرب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، تۆۋەن 3 - سىستېمىنىڭ بىئو ئۇۋىندىلىق ھاك جىنسلىرى، گۈڭگۈرتلۈك سىغىز توپىلىق جىنس، سىغىز توپىلىق گەج، چىرىمتاللىق سىغىز توپىلىق جىنس ئىچىدىن چىقىدۇ. ئۈچ كان گەۋدىسى بار، ئۇ لىنزىسىمان نېپىز ھالەتتىكىسى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 900 — 250 مېتىر، قېلىنلىقى 45 — 5.0 مېتىر، جايلىشىش چوڭقۇرلۇقى 110 — 50

كۆمۈر بار. ھازىرغىچە شىمالىي تەرىپىدىكى ئۈستى ئوچۇق كاندىن ئاران 20 مىليون توننا كۆمۈر قېزىلدى، جەنۇب تەرىپىدىكى قۇدۇق ئاستى رايونىدا يەنە 50 مىليون توننا كۆمۈر بولۇپ، تېخى قېزىلمىدى. بۇ كۆمۈرلەر قېزىلغاندا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كۆمۈر جىددىيلىكىنى پەسەيتكىلى، قوشنا ۋىلايەتلەرنىمۇ تەمىنلىگىلى بولىدۇ، بۇ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۇۋا كۆمۈركانى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇھىم كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىرى، بىر قانچە ئون يىلدىن بېرى كۆمۈر قېزىلغاچقا، ھازىر كۆمۈر زاپىسى تەخمىنەن 4 مىليون توننا ئەتراپىدا قالدى.

3. سېمونت ھاك تاش كانى. خوتەننىڭ سېمونت ھاك تېشى تاش كۆمۈر، پىرىم دەۋرى يەر قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، قېلىنلىقى 10 — 14 مېتىردىن ئاشىدۇ. سۈپىتى ياخشى، تارقىلىشى كەڭ. ئۇ ئاساسلىقى دۇۋا، ئاچچىق ۋە بۇيانىڭ تاش كۆمۈر رايونىغا جايلاشقان. بۇ ئۈچ رايوندىكى رۇدا زاپىسى 95 مىليون 270 مىڭ تونىنغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دۇۋا ھاك تاش كانى C1+C2 دەرىجىلىك بولۇپ، 16 مىليون توننا كېلىدۇ. ئاچچىق ھاك تاش كانى C+D دەرىجىلىك بولۇپ، 72 مىليون توننا كېلىدۇ. بۇيا ھاك تاش كانى B+C1+C2 دەرىجىلىك بولۇپ، 7 مىليون 270 مىڭ توننا كېلىدۇ. ھازىر دۇۋا، خوتەن ناھىيە ۋە لوپ ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتلىرى پەقەت بىر ئاز قىسمىنى ئېچىپ پايدىلاندى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىستىقبالى ناھايىتى زور.

4. تۇز كان. خوتەن ۋىلايىتىدە تۇز كۆل كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان تۇز مىقدارىمۇ ناھايىتى كۆپ، ھازىرغىچە ئېچىپ پايدىلانغىنى ناھايىتى ئاز، بۇنىڭدىن پەقەت كېرىيە، لاسكۇيدىكى تۇز مەيدانلىرى ئېچىلدى. ھەر يىلى 1000 توننا تۇز ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ، تۇزدىن پايدىلىنىشنىڭ يوشۇرۇن مىقدارى ناھايىتى زور.

5. سېغىز كان. سېغىز، يۇرا دەۋرىدىكى كۆمۈر سىستېمىلىق يەر قاتلىمىدىن چىقىدۇ. ئىلگىرى 3 - دەۋرى ۋە 4 - دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى دۇۋا، بۇيا ۋە پولۇ كۆمۈر كانلىرى، تاغ ئالدى بەلۋاغلىرى، دەريا ۋادىسىنىڭ ئىككى يېنى ياكى ئازگاللار، چۆل - جەزىرىدىكى ساسلىق جايلارغا تارقالغان، سۈپىتى ياخشى. بۇيىدىكى

يامون ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى. ئوتتۇرا قەدىمكى زامان جىنشەن سىستېمىسى تۆمۈر فىلىتلىق يەر قاتلىمىدىن چىقىدۇ. كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 278 — 135 مېتىر، قېلىنلىقى 8.6 — 3.6 مېتىر كېلىدۇ. ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى پارچە - پارچە شەكىلدە بولۇپ، سۈپىتى 19.56 — 31.42 كېلىدۇ. زاپىسى 280 مىڭ توننا. 1959 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھا بېرىلگەندىن بۇيان رەسمىي ئېچىلمىدى.

قىزىل جاڭگال رومبا تۆمۈر رۇدا تۆۋەن سىلۇر سىستېمىسى ئارشاڭدىكى تانتالات - ئۇۋىنىدى تاش قاتلىمىدىن چىقىدۇ. چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان 16 كان گەۋدىسىدىن تەركىب تاپقان. شەرقتىن غەربكىچە ئۈزۈلمە ھالدا سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىردىن كېلىدۇ. تۆمۈر ياپىلاق پۈرچاق شەكىللىك، قاتلام شەكىللىك بولۇپ، كان گەۋدىسى 520 — 20 مېتىر، قېلىنلىقى 29 — 2 مېتىر كېلىدۇ. تۆمۈر تاش ئاساسەن قىزىل تۆمۈر تاش، رومبا تۆمۈر تاشتىن ئىبارەت. تەركىبىدىكى تۆمۈر %54.53، ئوتتۇرىچە %8.31، تۆمۈر تاشتىن باشقا چاسا قوغۇشۇن رۇدىسى، گۈڭگۈرت، سۈرمە رۇدىسى، سپالېترت، سېرىق تۆمۈر رۇدىسى بار. 1960 - يىلى دەسلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق C2 دەرىجىلىك رۇدا زاپىسى 12 مىليون 450 مىڭ توننا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئۇ كەلگۈسى ئىستىقبالغا ئىگە ئۈمىدلىك كان، شۇنداقلا ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە رومبا تۆمۈر تاش كانى ھېسابلىنىدۇ.

6. چىرمىتال كانى. شىنجاڭ - شىزاڭ تاش يولىنىڭ كەڭشۈە، چوڭ يۇلغۇنلۇق ئەتراپىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان كىلوچون دەرياسى ئۆزگەرگەن جىنس ئىچىدىكى گرانىت پىگمانىت تۆمۈرىدىن چىقىدۇ. كۆلىمى چوڭ، پىگمانىت تۆمۈرى كۆپ. چىرمىتال سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدە نامى بار.

كەڭشۈەدىكى چىرمىتاللىق گرانىت شەكىللىك بولۇپ، تۆمۈر ئۇزۇنلۇقى 73 — 54 مېتىر، كەڭلىكى 6.17 — 4.1 مېتىر كېلىدۇ. سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان چىرمىتالنىڭ بىر كۋادرات مېتىردىكى رۇدا نىسبىتى 25.47 — 166 كىلوگرام بولۇپ، C1+C2 دەرىجىلىك زاپىسى 4.154 توننا ئىكەنلىكى بىلىندى.

يۇلغۇنلۇقتىكى چىرمىتالنىڭ گرانىتلىق پىگماتىت تۆمۈرى 22، باھا بېرىلگىنى 9 بولۇپ، بۇ كانلارنىڭ تۆمۈرى مۇرەككەپ، كۆپىنچىسى تەرتىپسىز، تۆمۈر ئۇزۇنلۇقى 1280 — 41 مېتىر،

مېتىر كېلىدۇ. تەبىئىي گۈڭگۈرت ئورنى % 0.20 — 36.10، تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق C+B دەرىجىلىك مەدەن زاپىسى 5 مىليون 200 مىڭ توننا، تەبىئىي گۈڭگۈرت زاپىسى 900 مىڭ توننا ئىكەنلىكى بىلىندى. بۇلار 1978 - يىلى تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە قېزىلمىدى.

3. لىتىي پروكسىن ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتال كان. ئورنى شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىدىكى چوڭ يۇلغۇنلۇق، قاراقاش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا، لىتىي پروكسىن ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار كىلچۇن دەرياسىنىڭ گرانىتلىق پېگماتىت تومۇرىدىن چىقىدۇ. كان رايونى بويىچە 84 پېگماتىت تومۇرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە لىتىي پروكسىن، ئوكسىدلانغان لىتىي، ئوكسىدلانغان روبىردىي بويىچە سانائەت تەلىپىگە يەتكەن كان تومۇرى بەش. كان تومۇرلىرىدا ئاساسىي كان رودىسى لىتىي پروكسىندىن باشقا يەنە بېرىل نىئوبىي، تانتال تۆمۈر رۇدىسى، لىتىي تۆمۈر رۇدىسى ۋە كەم ئۇچرايدىغان مېتال سىزىي قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشقا بولىدىغان يۇقىرى باھالىق كان ھېسابلىنىدۇ. 1961 - يىلى تەكشۈرۈش ئارقىلىق لىتىي پروكسىن 200 مىڭ توننا، لىتىي ئوكسىدى 60 مىڭ توننا، روبىدى ئوكسىدى 40 مىڭ توننا بارلىقى بايقالدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق C دەرىجىلىك گېئولوگىيىلىك زاپاسقا جايلاشقان بۇ كان ھازىرغىچە ئېچىلمىدى.

4. گەج كان. خوتەن رايونىدا گەج كان كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇچىنچى سىستېما يەر قاتلىمىغا جايلاشقان، دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، قاتناش يولى قولايلىق بولغان پىيالما، ئاچچىقدىكى گەج كانىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، كان قاتلىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭدىن ئالتە مىڭ مېتىر ئەتراپىدا، قېلىنلىقى 25 — 13 مېتىرغا يېتىدۇ. گەج يېرىم پارقىراق، سۈپىتى ياخشى، بۇ ئىككى كاندىكى گەج زاپىسى 50 مىليوندىن 160 مىليون توننىغا يېتىدۇ. سپېكترلىق ئانالىزدىن قارىغاندا، تەركىبىدە سترونسى % 0.1 — 0.5، روبىد % 0.005، كالىي % 1، مىس % 0.005 چىققان. ھازىر ئۇنىڭ ئاز قىسمى قېزىلىپ سېمونت ماتېرىيالى قىلىنغاندىن تاشقىرى، قالغىنى تېخى تولۇق ئېچىلمىدى.

5. تۆمۈر كان. خوتەن رايونىدىكى تۆمۈر كانىنىڭ تۈرى كۆپ، ھازىر سانائەتتە ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگىلىرىدىن ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى ۋە رومبا تۆمۈر رۇدىسى بار.

2. ھېقىق. تەركىبىدە سۇ بولغان ئوكسىدلىق مىنېرال، ئاساسەن زىننەت بۇيۇمى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن 180 كىلومېتىر كېلىدىغان مازارتاغ ئەتراپىدا كۆل رەڭ يوللۇق ھېقىق بارلىقى بايقالدى. كان ھاسىل بولۇش نەزەرىيىسى ۋە يېتىلىش شارائىتىغا ئاساسەن، ئۇ يەر ھېقىق بايلىقى يېتىلىدىغان پايدىلىق مۇھىت دەپ بېكىتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قۇملۇق كەزگۈچىلەر كۆپ قېتىم ھېقىق تېپىۋالغان.

3. ئۆيۈل ئالتۇن كانى. خوتەن دائىرىسى ئىچىدە كېپەك ئالتۇننىڭ كۆپ تېپىلىشىدىكى سەۋەب، شۈبھىسىزكى ئۆيۈل ئالتۇن كانلىرىنىڭ بولغانلىقىدۇر. مۇشۇ نەزەرىيىگە ئاساسەن 1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە نىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى باش چىغان، كانساي ئەتراپىدا ئۆيۈل ئالتۇننى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندا كۆل رەڭ تاش ئىچىدىن ئالتۇن چىققان، ئەۋرىشكىلەر ئىچىدە پەرقلەرمۇ كۆرۈلگەن، لېكىن نەتىجىدە ئەسلىدىكى ئۆيۈل ئالتۇن كانى تېپىلمىدى. كان يېتىلىش نەزەرىيىسى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، بۇ ئەتراپ ئۆيۈل ئالتۇن يېتىلىش گېئولوگىيىلىك شارائىتقا تامامەن ئىگە.

## ئاساسلىق ئاشلىق سورتلىرى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، خوتەن رايونىنىڭ ئاشلىق، پاختا، مايلىقدان سورتلىرى بىر خىللا بولۇپ، ئاساسەن يەرلىك سورتلار تېرىلاتتى، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، نۇرغۇن يۇقىرى ھوسۇللۇق، كېسەلگە قارشى، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك يېڭى سورتلار كىرگۈزۈلدى ھەمدە ئەسلىدىكى كىرگۈزۈپ تېرىش، سىناق قىلىپ تېرىشتىن تەدرىجىي ھالدا ئۆزى كۆپەيتىش، ئۆزى ئىشلەش، ئۆزى ئىشلىتىش، ئۆزى قالدۇرۇش، ئۆزى تەڭشەشكە قاراپ ئۆزگەردى. يەنە بىر تۈركۈم ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈش بازىلىرى بەرپا قىلىندى. تېخنىكا قوشۇنى يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇرۇقچىلىق ئىشلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ھازىر تېرىلىۋاتقان ئاساسلىق ئاشلىق، پاختا، مايلىقدان سورتلىرىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز:

كەڭلىكى 130 ـــ 2 مېتىر، مىنېراللىشىشى تۆۋەن، سانائەتتە ئىشلىتىشكە بولىدىغان چىرىمتالنىڭ رۇدا نىسبىتى بىر كۋادرات مېتىرغا 5 ـــ 1 كىلوگرام توغرا كېلىدۇ. C2 دەرىجىلىك خام ماتېرىياللىق چىرىمتالنىڭ تاشقى زاپىسى 11 مىڭ توننىدىن ئارتۇق، ئۇنىڭغا ھەمراھ يەنە بېرىل، لىتىي پىروكسىن، ۋە نىئوبىي، تانتال رودىسى بار.

7. كېپەك ئالتۇن كانى. خوتەن دائىرىسىدە كېپەك ئالتۇن كانلىرى كەڭ تارقالغان. ھەر قايسى چوڭ دەريانىڭ پەلەمپەيلىرى، دەريا ساھىلى، قەدىمكى كونۇسسىمان كەلكۈن تىنىملىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ. بۇ جەھەتتە بىر قىسىم رايون ۋە جايلارغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن، تۇزلاقچى، پوجى ۋە يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن پەلەمپىيى بىلەن دەريا ساھىلى قاتارلىق جايلار. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ (بىر كۋادرات مېتىردا 0.5 ـــ 0.1 گرام) ، ئالتۇن تەركىبلىك قاتلام 1 ـــ 0.5 قېلىنلىقتا. جايلىشىش چوڭقۇرلۇقى 80 ـــ 3 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. تەكشۈرۈپ باھالاش ئارقىلىق ئالتۇن زاپىسىنىڭ 500 ـــ 100 كىلوگرام ئەتراپىدا ئىكەنلىكى بىلىندى.

## ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تېپىشقا تېگىشلىك كان مەھسۇلاتلىرى

1. ئالماس. ئالماس دۆلىتىمىزدە ئەڭ كەمچىل مەدەن تۈرى. دۇنيادا ئالماس چىقىدىغان دۆلەت ناھايىتى ئاز. ئالماس كەم تېپىلىدىغان قىممەتلىك كان بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئالماس تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ قاتتىق مېتال. ئۇ گۆھەر، ياقۇت قاتارلىق ئېسىل تاشلار ئىچىدىكى ئەڭ قىممىتى بولۇپ، سانائەتتە پايدىلىنىش ئورنى ناھايىتى كۆپ. خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان تۇزلاقچى دېگەن كەنتنىڭ 1+16 دەرىجىلىك پەلەمپىيىدە 1945 ـ يىلى بىر تال ئالماس تېپىلغان. 1984 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە كىشىلەر كېپەك ئالتۇن ئىزدەش جەريانىدا يەتتە دانە ئالماس تاپقان. ئۇلارنىڭ كۆپى سەككىز يۈزلۈك ۋە رومبا شەكلىدىكى 12 يۈزلۈك بولۇپ، رەڭگى ئاچ سېرىق، ئېغىرلىقى 1.452 ـــ 0.11 كرات كېلىدۇ.

1992 ـ يىلى بۇ سورتتىن 135610 مو كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان بولۇپ، ئادەتتىكى بىرلىك مەھسۇلاتى 450 كىلوگرامدىن ئاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە SC704، يېدەن 12 ـ نومۇر، خۇدەن 1- نومۇر قاتارلىق قوناق سورتلىرى كىرگۈزۈلۈپ، كەلگۈسىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان.

## ئىككىنچى، بۇغداي سورتلىرى

«جىمەي 26» : خېبېي ئۆلكىسى شىجياجۇاڭ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن ـ تەتقىقات ئورنىدىكى گوجىنكاڭ، لۇي گوچياڭ قاتارلىق يولداشلار 1982 ـ يىلى (ئەيگەنزاۋ × لوفىنلىن 10 ـ نومۇر) ( جىنفىڭ ×F1 1 ـ نومۇر) ئارقىلىق شالغۇتلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈپ چىققان بولۇپ، كۈزگى بۇغداي چىلگە سورتىغا كىرىدۇ. يىللاردىن بېرى سىناق تەرىقىسىدە تېرىپ ئۆلكە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلگەن نەتىجىدىن قارىغاندا، «جىمەي 26» نىڭ ئۆسۈش مەزگىلى 240 ـــ 235 كۈن بولۇپ، غولىنىڭ ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر. بىرلىك مەھسۇلاتى 556 ـــ 409 كىلوگرام. يېتىپ كەتمەيدۇ. 1990 ـ يىلى ئۆلكە كۆرسىتىپ، 1992 ـ يىلغىچە كۈزگە تېرىش ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە 723536 مو تېرىلدى. بۇ ۋىلايەت بويىچە كۈزگى بۇغداي كۆلىمىنىڭ %70 دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. باشقا يانداپ تېرىلغان سورتلار تاڭشەن 6898. ئىككىنچى جىمەي 1 ـــ 711 (جىمەي 26نىڭ ئاچا ـ سىڭىل سىستېمىسى)، خىڭشۈي 1 ـــ 78، بانۇڭ 2416 بولۇپ، تەخمىنەن 200 مىڭ موغا يېتىدۇ.

## ئۈچىنچى، شال سورتلىرى

1. 1 ـــ 243: بۇ سورتنى شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاشلىق زىرائەتلىرى ئورنىدىكى يولداش ساۋ شىجىڭ 1 ـــ 78 دىن سىستېمىلىق تاللاپ يېتىشتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بۇ سورتنىڭ دېنى چوڭ بولۇپ، تۇخۇمسىمان كېلىدۇ. مىڭدان ئېغىرلىقى 25 گرام بولۇپ، باشقى 32 سانتىمېتىر، غول ئېگىزلىكى 1.1 مېتىر كېلىدۇ. غولى چىڭ، يېتىپ كەتمەيدۇ. ئوغۇتقا چىدامىلىق. تۇپلىنىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۆسۈش مەزگىلى 155 كۈن بولۇپ، بۇنىڭغا ئېھتىياجلىق يىغىندى تېمپېراتۇرا 3500℃ چامىسىدا بولىدۇ. ئومۇمەن 1 ـــ 78 شال سورتى

## بىرىنچى، قوناق سورتلىرى

1. مودەن 7 - نومۇر: دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاراقاش دېھقانچىلىق تەجرىبە پونكىتى (12 يىلىڭ × B44) ئارقىلىق شالغۇتلاشتۇرۇپ، تاللاپ يېتىشتۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولۇپ، ئۆسۈش مەزگىلى 90 — 85 كۈن. بىرلىك مەھسۇلاتى 380 كىلوگرام (چىلگە سورت) 1983 - يىلدىن باشلاپ ئومۇملاشتۇرۇلدى.

2. مودەن 8621: مەزكۇر سورتنى قاراقاش تەجرىبە پونكىتى 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا 21 بيەن × R86 ئارقىلىق تاللاپ يېتىشتۇرۇپ چىققان. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ چىلگە سورتى بولغان. ئۆسۈش مەزگىلى 85 — 80 كۈن بولۇپ، ئالاھىدە بالدۇر پىشار تاق شالغۇت سورتىغا كىرىدۇ. 1980 - يىل بېشىدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە تېرىلغان. 1984 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان يەتتە يىل جەريانىدا خوتەندە جەمئىي كېڭەيتىلگەن كۆلىمى 800 مىڭ مودىن كۆپرەك بولغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا كېڭەيتىلگەن كۆلىمى 1 مىليون 200 مىڭ مو بولغان. بۇ سورتنىڭ ئادەتتىكى مو بېشى مەھسۇلاتى 350 كىلوگرامدىن يۇقىرى. تاڭسەن 6898 سورتى بىلەن كىرىشتۇرۇپ تېرىلسا كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ.

3. خېدەن 1 - نومۇر (ئەسلى ئىسمى قاراقاش 9 - نومۇر، يەنە بىر ئىسمى مودەن 9552): بۇ شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئاكادېمىيىسى قاراقاش دېھقانچىلىق تەجرىبە پونكىتى مودەن 8621 ئىشلەپچىقىرىشتا كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، يەنە يېڭىدىن تاللاپ يېتىشتۇرۇپ چىققان ئالاھىدە بالدۇر پىشىدىغان قوناق تاق شالغۇت سورتى بولۇپ، ئۆسۈش مەزگىلى 87 كۈن. 1984 - يىلدىن 1986-يىلغىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىلگە قوناق سورتلىرىنى رايون سىنىقىغا قاتناشتۇرۇش داۋامىدا، خېدەن 1 - نومۇرنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 372.11 كىلوگرامغا، ئەڭ يۇقىرى مو بېشى مەھسۇلاتى 528 كىلوگرامغا يەتكەن.

4. خېدەن 2 - نومۇر (قاراقاش 10 - نومۇر، يەنە بىر ئىسمى مودەن 202 - نومۇر): شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاراقاش دېھقانچىلىق تەجرىبە پونكىتى يېتىشتۇرۇپ چىققان. بۇ سورتنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى 99 — 98 كۈن بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىدە بۇغدايغا تاپ قالدۇرۇپ كىرىشتۇرۇپ تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

مەيدانى 1973 - يىلى 1 — 66 بىلەن 15 — 73نى چاڭلاشتۇرۇپ تاللاپ يېتىشتۈرۈپ چىققان. 1985 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سورتلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن نامى بېكىتىلگەن. بۇ سورتنىڭ ئاساسىي غولى توم، سوقتا بولۇپ، 8 .96 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئاساسىي باشاق چوڭلۇقى تەخمىنەن 10 سانتىمېتىر بولۇپ، ھەر بىر باشقىدا 170 — 80 دان بولىدۇ. ئۆسۈش مەزگىلى 135 كۈن چامىسىدا بولۇپ، مايسا مەزگىلىدىكى ئۆسۈشى ئاستا، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ئوغۇتقا چىداملىق، يېتىپ كەتمەيدۇ. ئوغۇت قۇۋۋىتى ئوتتۇرىھال يەرلەرگە تېرىلسا، ئادەتتىكى مەھسۇلاتى 500 — 400 كىلوگرامغا، ئەڭ يۇقىرى مو بېشى مەھسۇلاتى 800 كىلوگرامغا يېتىدۇ. ھەر مودا 240 — 180 مىڭ تۈپ مايسا ساقلاپ قېلىنىدۇ.

5. شىنداۋ 1 - نومۇر: بۇ سورت شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاتوم ئېنېرگىيىسى قوللىنىش تەتقىقات ئورنىنىڭ سورت بايلىقى ئورنى 1976 - يىلى نىڭشى 3 — 62 نى ئانىلىق، پەنجىڭخاۋ شالىنى ئاتىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ چېتىشتۈرۈلگان 3 - ئەۋلاد قۇرۇق ئۇرۇقنى ئېلىپ يېتىشتۈرگەن سورت بولۇپ، 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى سورتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ نامى بېكىتىلگەن. سورتنىڭ غول ئېگىزلىكى 90 — 73 سانتىمېتىر بولۇپ، تۈپلىنىش ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك. مىڭدان ئېغىرلىقى 27 — 25 گرام. ئوتتۇرا مەزگىللىك سورتقا تەۋە. ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا بولۇپ، (120 — 110 كۈن) 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن تېرىلسىمۇ ئۈششۈك تېگىشتىن ئىلگىرى پىشىدۇ. ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ئادەتتىكى مو بېشى مەھسۇلاتى 450 — 360 كىلوگرامغا، ئەڭ يۇقىرى مو بېشى مەھسۇلاتى 800 — 700 كىلوگرامغا يېتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى خوتەن ناھىيىسى بۇغداينى ئورۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ سورتنى ئېگىزغا تېرىپ خېلى ياخشى ھوسۇل ئالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاق قىلتىرىقلىق شال قاتارلىق سورتلار كىرگۈزۈلۈپ تېرىلدى.

## تۆتىنچى، كېۋەز سورتلىرى

1. شىنلۇزاۋ 1 - نومۇر: بۇ سورتنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دېھقانچىلىق 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ شايىدى تەجرىبە

تېرىلىدىغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە تېرىشقا بولىدۇ. ھەر مودا 80 — 60 مىڭ تۈپ ئاساسىي مايسا، بىۋاسىتە تېرىلغاندا 100 مىڭ تۈپ ئاساسىي مايسا ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بىرلىك مەھسۇلاتى 800 كىلوگرامغا يېتىدۇ. 1992 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 14092 مو تېرىلغان.

2. جۇڭگېڭ 129: بۇ سورت ئەسلىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ (رودو پوۋسكى 129) بولۇپ، 1959 - يىلى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكىدىن كەلتۈرۈلگەن. 1965 - يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيە ساجىڭزى دېھقانچىلىق مەيدانىدىن خوتەنگە كىرگۈزۈلگەن. شۇڭا، ساجىڭزى 129 دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، ئوتتۇرا مەزگىللىك غوللۇق تىپتىكى سورت قاتارىغا كىرىدۇ. غول ئېگىزلىكى 130 سانتىمېتىر بولۇپ، باشقى 19 — 16 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ھەر بىر باشاقتا 150 — 140 دان بولىدۇ. قىلتىرىقى ئۇزۇن، ئاق كېلىدۇ. ئۆسۈش مەزگىلى 135 كۈن بولۇپ، مىڭدان ئېغىرلىقى 27 گرام. بۇ سورت كىرگۈزۈلگەن سورتلار ئىچىدە كېڭەيتىلگەن كۆلىمى ئەڭ كۆپ، تېرىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن سورت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مول ھوسۇل بېرىش ئىقتىدارى ياخشى بولۇپ، مەھسۇلاتى يەرلىك ئاق قىلتىرىقلىق شال سورتىدىن %18 يۇقىرى. تېرىش مەۋسۇمى 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. دېنى ئوڭاي تۆكۈلىدۇ. چوڭ كۆلەملىك بىرلىك مەھسۇلاتى 400 كىلوگرامدىن يۇقىرى. يېتىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

3. ئەيفېڭ 2 - نومۇر: بۇ سورت لياۋنىڭ ئۆلكىسى يەن جىڭ دېھقانچىلىق يەن - تەتقىقات ئورنىدىن كەلتۈرۈلگەن. ۋېيگو × بېيجىڭ 5 - نومۇر ئارقىلىق شالغوتلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈپ چىقىلغان. 1970 - يىلى شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن. 1974 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كېيىن پىششىدىغان سورتقا كىرىدۇ. غول ئېگىزلىكى 78.7 سانتىمېتىر، مىڭدان ئېغىرلىقى 23.2 گرام؛ ئۆسۈش مەزگىلى 162 كۈن، ئوغۇتقا چىدامىلىق، يېتىپ كەتمەيدۇ، ئادەتتىكى مو بېشى مەھسۇلاتى 500 — 400 كىلوگرام. يۇقىرى بولغاندا 700 — 600 كىلوگرامغا يېتىدۇ. ئادەتتە ھەر مودىكى ئاساسلىق مايسا 300 — 250 مىڭ تۈپ بولىدۇ.

4. 1 — 78: ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىلىك شال ئۇرۇقچىلىق

ئارمىيە 1 ـ نومۇرغا قارىغاندا مەھسۇلاتى 12% — 4 . 9 يۇقىرى، ئۆسۈش مەزگىلى 142 كۈن. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ (1988 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلىغىچە) كېۋەزنىڭ كېسەلگە قارشىلىقىنى ئۈچ يىل تەجرىبە قىلىپ ئىسپاتلىشىدىن قارىغاندا، بۇ سورتنىڭ يىگىلەش كېسىلىگە بولغان قارشىلىقى يۇقىرى بولغان. بۇ سورتنىڭ مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ئەلا سورتتۇر.

4. شىنلۇجۇڭ 1 ـ نومۇر: بۇ سورتنى بايىنغولۇن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق پەن ـ تەتقىقات ئورنىدىكى يولداش خې زۇڭشاڭ 1974 ـ يىلى يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇ سورت 1988 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن. بۇ سورتنى شۇ يىلى خوتەن ۋىلايىتى كىرگۈزۈپ سىلىشتۇرما تەجرىبە ئېلىپ بارغان. ئۆسۈشى ياخشى، رەتلىك ھەم زىچ، ئۆسۈش مەزگىلى 156 — 152 كۈن ئارىلىقىدا بولىدۇ. تەجرىبە سىلىشتۇرما نەتىجىسىدىن قارىغاندا، شىنلۇجۇڭ 1ـ نومۇرنىڭ مو بېشى مەھسۇلات مىقدارى ئارمىيە 1 ـ نومۇردىن بىر كىلوگرام يۇقىرى. تالا ئۇزۇنلۇقى 31.5 مىللىمېتىر. 1992 ـ يىلى كەڭ كۆلەملىك تېرىلىپ 57449 موغا يەتكەن بولۇپ، بۇ ئىستىقبالغا ئىگە سورتتۇر.

## بەشىنچى، ياغلىقدان سورتلىرى

1. ياغ گازىرى: بۇ سورت 1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيە ـ شەھەرلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ سىناق تەرىقىسىدە تېرىلىپ، كېڭەيتىلگەن يېڭى سورت. ئەتىيازلىق تېرىلغۇدا ئاساسلىقى كېۋەز ۋە بالدۇر قوناق قىرلىرىغا، يازلىق تېرىلغۇدا ئاساسلىقى بۇغداي ئېڭىزىغا تېرىلىدۇ. ئېگىزلىكى 210 سانتىمېتىر. تومۇلۇقى 2.5 سانتىمېتىر بولۇپ، گۈل تاۋىقىنىڭ دىئامېتىرى 20.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئېڭىزغا تېرىغاندا بويى پاكارلىشىش، غولى تومىلىشىش، گۈل تاۋىقى چوڭىيىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. مىڭدان ئېغىرلىقى 25.83 گرام بولۇپ، ياغ چىقىش نىسبىتى 42.2% گە يېتىدۇ. ئۆسۈش مەزگىلى 97 كۈن بولۇپ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، يېڭى

پونكىتى 1969 - يىلدىن 1976 - يىلىغىچە تېيىۋۇ كىۋىزى بىلەن 722 دىن تاللاپ سىستېمىلىق يېتىشتۈرۈپ چىققان. 1978 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سورت تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ نام بېرىلگەن. 1982 - يىلى چىرا ناھىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن. ئادەتتىكى غول ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر چامىسىدا بولۇپ، غولى مۇنارسىمان، غوزا ئېغىرلىقى 5.3 گرام. ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، كېسەلگە قارشى ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ بالدۇر ئېچىلىدۇ. ئۆسۈش مەزگىلى 130 كۈن. ئۈششۈك چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئېچىلىش نىسبىتى %80 گە يېتىدۇ. چىگىتسىز بىرلىك مەھسۇلاتى 130 — 50 كىلوگرام. پاختا نىسبىتى %36 — 34. تالا ئۇزۇنلۇقى 30.5 — 29.5 مىللىمېتىر.

2. ئارمىيە 1 - نومۇر: بۇ سورتنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا - ئىگىلىك 2 - دىۋىزىيە 34 - تۇەن ئەلا سورت يېتىشتۈرۈش پونكىتى 1960 - يىلدىن 1968 - يىلىغىچە يېتىشتۈرۈپ چىققان. 1985 - يىلى يېزا ئىگىلىك 2 - دىۋىزىيە 34-تۇەندىن خوتەنگە كىرگۈزۈلگەن. بىر قانچە يىلدىن بۇيان جەمئىي تېرىلغان كۆلەم 1 مىليون 300 مىڭ مودىن ئارتۇق بولدى. بۇ سورتنىڭ غولى مۇنارسىمان بولۇپ، غول ئېگىزلىكى 90 — 70 سانتىمېتىر. غولى سوختا، چىڭ. غوزىسى تۇخۇمسىمان بولۇپ، خېلى چوڭ، ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 7 — 6.6 گرام كېلىدۇ. ئوتتۇرا مەزگىللىك سورت. بۇ سورتنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك. ئوغۇتسىزلىققا، شورغا چىداملىق. غوزىلاش، مول ھوسۇل بېرىش ئىقتىدارى ياخشى. چىگىتسىز مو بېشى مەھسۇلاتى 75 — 45 كىلوگرامغا يېتىدۇ. سۈپىتى ياخشى. ھازىر تېرىلىۋاتقان كۆلىمى كېۋەز ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن %40 نى ئىگىلەيدۇ. ھەر مودا 10000 — 8000 تۈپ مايسىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

3. شىنلۇجۇڭ 3 - نومۇر: بۇ سورتنى يەكەن تەجرىبە پونكىتى تاللاپ يېتىشتۈرۈپ چىققان. 1990 - يىلى خوتەنگە كىرگۈزۈلۈپ كەڭ كۆلەمدە سىناق تەرىقىسىدە تېرىلغان. بۇ سورتنىڭ غولى چىڭ. پاختا نىسبىتى %38.4، تالا ئۇزۇنلۇقى 31 مىللىمېتىر، شىنلۇجۇڭ 3 - نومۇر سورتىنى ئۆلگە كۆرسىتىپ تېرىش جەريانىدا كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ياخشىلىقى ئىسپاتلاندى.

كېلىدۇ. تىكەنسىزنىڭ غولى ۋە غوزىسى تىكەنسىز بولۇپ، چېچەكى ئاچ قىزىل كېلىدۇ. ئادەتتە غول ئېگىزلىكى 114 — 107 سانتىمېتىر. مىڭدان ئېغىرلىقى 40 — 35 گرام كېلىدۇ. ئۆسۈش مەزگىلى تەخمىنەن 140 كۈن بولۇپ، مارتنىڭ باشلىرىدا تېرىلىدۇ. ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا ياكى ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ. ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا، قۇۋۋەتسىز يەرگە ۋە شورغا چىدامىلىق بولۇپ، تېرىش ۋە ئۆستۈرۈش ئاددىي ھەم ئاسان. مەھسۇلات مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى. ئۇ خېلى يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ۋە دورىلىق قىممىتىگە ئىگە. زاراڭزا مېيىنىڭ لىنول كىسلاتا مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، قىزىل قان تومۇر قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇقىرى قان بېسىمىنى، تاجىسىمان يۈرەك كېسىلىنى داۋالاشتا روشەن ئۈنۈمگە ئىگە. زاراڭزا مېيىنىڭ يوت مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، سۈپىتى ياخشى. ئۇنىڭ چېچەكىدىكى سېرىق پىگمېنت مىقدارى %30 — 20، قىزىل پىگمېنت مىقدارى %0.6 — 0.3 بولۇپ دورىغا ئىشلىتىلسە قاننى جانلاندۇرۇپ، ئاغرىقنى پەسەيتىش، ھېيزنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىششىقنى ياندۇرۇش تەسىرى بار.

## ياۋايى دەرەخلەر ۋە تىكىپ ئۆستۈرۈلىدىغان دەرەخلەر

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي شىمالغا بولغان يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، يەر قىياپىتىدە ئۆزگىرىش كۆپ، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن تاغلىق، چۆللۈك، تۈزلەڭ ۋە قۇملۇق دەپ ئايرىلىدۇ. تەبىئىي ئۆسىدىغان ياۋايى دەرەخلەر ئاساسەن تاغلىق رايون، چۆل ۋە قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ. بۇ ئەتراپنىڭ كىلىماتى ناچار، ئۇزۇن مەزگىللەردىن بۇيان تەبىئىي ساقلىنىپ قالغان دەل - دەرەخنىڭ سانى ۋە سورتى ئاز. بوستان، تۈزلەڭ تەرەپلەردە تېمپېراتۇرا مۆتىدىل، تەبىئىي شارائىتى ياخشى، كۆپ خىل غوللۇق دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە كۆپىيىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، تۆۋەندە خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئاساسىي دەرەخ تۈرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر، يېنىك شورلۇق يەرلەرگە تېرىشقا بولىدۇ.
2. زىغىر: بالدۇر پىشىدىغان سورت. ئۆسۈش مەزگىلى 120 كۈن. غول ئېگىزلىكى 60 — 40 سانتىمېتىر. 5 — 3 كە قەدەر شاخلايدۇ. دېنى زىچ ھەم كۆپ بولۇپ، ھەر بىر تۈپى 29 — 21 غىچە مىدىقلايدۇ، ھەر بىر تۈپىدە 290 — 210 گە قەدەر دان تۈتىدۇ. غولى پاكار، مەزمۇت بولۇپ يېتىپ كەتمەيدۇ. ئوغۇت قۇۋۋىتى ئوتتۇرىھال تۇپراققا تېرىشقا باب كېلىدۇ. بىرلىك مەھسۇلاتى 150 — 25 كىلوگرام، مىڭدان ئېغىرلىقى 5.7 گرام.
3. ماي زىغىرى: بۇ يەرلىك سورت بولۇپ، ئاساسەن تاغ باغرىغا، كەنت ياقىسىدىكى قۇۋۋەتسىز ۋە يېنىك شورلۇق يەرلەرگە تارقاق تېرىلىدۇ. بۇ بالدۇر پىشىدىغان سورت بولۇپ، ئۆسۈش مەزگىلى 90 — 80 كۈن. ئادەتتە مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى ئاخىرلىرى تېرىلىپ، ئىيۇننىڭ ئاخىرلىرى ياكى ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ. تۈپى پاكار بولۇپ، تەخمىنەن 40 — 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ. مو بېشى مەھسۇلاتى تەخمىنەن 30 — 20 كىلوگرام. ئۇرۇق پوستى قېلىن، ماي مىقدارى تۆۋەن بولۇپ، ماي چىقىش نىسبىتى %25 — 22. زىغىر ئىسسىققا، قۇرغاقچىلىققا، قۇۋۋەتسىز يەرگە ۋە شورغا چىداملىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ماسلىشىشچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك بىر خىل مايلىقدان زىرائەتتۇر.
4. زاغۇن: بۇ يەرلىك سورت بولۇپ، ئاساسەن تاغلىق رايونلارغا تارقالغان. غول ئېگىزلىكى 70 — 60 سانتىمېتىر. ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا، ئۇرۇقى سېرىق بولۇپ، ماي مىقدارى %24. تەمى ئاچچىق. بۇ سورت ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، قۇرغاقچىلىققا، قۇۋۋەتسىز يەرگە چىداملىقلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. كۆپىنچە يازغى بۇغداي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلىدۇ. ئادەتتە ئايرىم تېرىلمايدۇ. مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى ئەمەس. ئادەتتە مو بېشى مەھسۇلاتى 20 — 15 كىلوگرام.
5. زاراڭزا: بۇ زىرائەت تىكەنلىك، تىكەنسىز بولۇپ ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ. خوتەندە تېرىش تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ مايلىق ۋە دورىلىق رولى بار. ئاساسەن دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدىكى ئېرىق بويلىرىغا ۋە قوناق، كېۋەز ئېتىزلىرىغا تېرىلىدۇ. يېزا - كەنتلەردىكى قۇۋۋەتسىز بوز يەرلەرگىمۇ بىر ياپ تېرىلىدۇ. تىكەنلىكنىڭ غولى ۋە غوزىسى تىكەنلىك بولۇپ، چېچىكى سېرىق

ئاتلىق ـ ئانىلىقى ئايرىم بولىدۇ. مېۋىسى قىزغۇچ، قىزغۇچ سېرىق كېلىدۇ. يىلتىزى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، 50 — 40 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا يىلتىز تارتىدۇ. يىلتىزنىڭ گورىزونتال تەكشىلىك يۈزى 12 — 8 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۆمرى 70 يىلدىن ئاشىدۇ. ئادەتتە بەش يىلدىن كېيىن مېۋە بېرىدۇ. جىغاننى تېرىش ياكى كۆچەت سېلىش ئارقىلىق كۆپەيتكىلى بولىدۇ. جىغان ئورمىنى بەرپا قىلىشتا، چاڭلىشىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ئاتىلىق بىلەن ئانىلىقنى تەڭشەپ سېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. جىغان مېۋىسىدە كۆپ خىل ۋىتامىن بار. ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، جىغان مېۋىسىدە ئىستېمالچىلار ياخشى كۆرىدىغان ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۇ يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە.

ئۇنىڭدىن باشقا، ياۋايى دەرەخلەر ئىچىدە يەنە تەكىماكان يۇلغۇنى، كۆپ چېچەكلىك يۇلغۇن، قۇملۇق يۇلغۇنى، ئاق چېچەكلىك يۇلغۇن، قىسقا باشاق يۇلغۇن، توكلۇك يۇلغۇن، ئاق پوستلىق چوچىگۈن، قىزىل مېۋىلىك چوچىگۈن، قارا سوكسوك، شورتاق، قامىراق يانتاق ۋە گۇما ناھىيىسى كوئېنلۈن تېغىنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 3600 — 3000 مېتىر جىلغىلىرى ئارىسىدا كىچىك يوپۇرماقلىق قېيىن قاتارلىق كەم ئۇچرايدىغان چاتقاللار بار.

## تىكىپ ئۆستۈرىدىغان دەرەخلەر

1. تېرەك. قۇياش نۇرىنى ياخشى كۆرىدۇ، مۇنبەت، نەم تۇپراقتا تېز ئۆسىدۇ. دەرەخ شەكلى ھەيۋەتلىك، شاخلىرى تۈز، دەرەخ تاجىسى يۇمىلاق، ئۇ يوپۇرماق تاشلايدىغان چوڭ چاتقال بولۇپ، ۋىلايىتىمىزدە ئورمان بەرپا قىلىشتىكى ئاساسىي دەرەخ، كۆچەت سېلىپ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق كۆپىيىدۇ.

2. ئۈجمە. ئۇجمە كۈن نۇرىنى ياخشى كۆرىدۇ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، قۇرغاقچىلىق، سوغۇققا بەرداشلىق بېرىدۇ. ئۆسۈشى تېز، يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقالغا كىرىدۇ. ئېگىزلىكى 20 — 15 مېتىر كېلىدۇ. دەرەخ تاجىسى يۇمىلاق كېلىدۇ. ئاق ئۈجمە مېۋىسى تاتلىق، يېگىلى ۋە شىرنە ياسىغىلى بولىدۇ. تېرىپ ئۆستۈرۈشكە، كۆچەت سېلىپ كۆپەيتىشكە بولىدۇ، ئۈچ خىل ئۇسۇلدا ئۇلاپ كۆپەيتىشكە بولىدۇ. كۆچەتنى ئەتىياز ۋە كۈزدە سېلىشقا بولىدۇ.

3. ئاكاتسىيە. ئۆسۈشى تېز، دەرەخ تاجىسى چوڭ، ياغىچى

## ياۋايى دەرەخلەر

1. تال توغراق: رايونىمىزنىڭ قۇملۇقلىرىغا كەڭ تارقالغان غوللۇق دەرەخ تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يىلتىزى تەرەققىي تاپقان. سوغۇققا، ئىسسىققا، تۇز - شور، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق ۋە بورانغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇمنى تىزگىنلەشتىكى ئەڭ ياخشى دەرەخ تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاساسەن قۇملۇققا ئېقىپ كىرىدىغان ھەر قايسى دەريالارنىڭ ئىككى قىرغىقى، شىمالىي قۇملۇقنىڭ ئويمانلىقلىرىدا ئۆسىدۇ. تال توغراقنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. نىيە ناھىيىسى ئەندىر يېزىسىنىڭ دەريا بويىدا ئۆسكىنىگە 240 يىل بولغان بىر تۈپ تال توغراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 32 مېتىر، غول ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 5.5 مېتىر، ھازىرمۇ بۈك - باراقسان ئۆسمەكتە. تال توغراقنىڭ كۆچەت مەزگىلىدىكى ئۆسۈشى ئاستا بولىدۇ. ئاۋۋال چېچەكلەپ ئاندىن يوپۇرماق چىقىرىدۇ، ئۇرۇقى 7 — 8 ئايلاردا پىشىدۇ، ئۇرۇقى كىچىك بولۇپ، شامال ئارقىلىق تارقىلىپ، قۇمساز، نەم جايلارغا چۈشكەندىن كېيىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. تېرىپ كۆچەت يېتىلدۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

2. ئاق توغراق. تارقىلىشى ۋە شەكلى تال توغراققا ئوخشاش، ئەمما، ئوخشىمايدىغان يېرى، ئاق توغراقنىڭ يوپۇرمىقى زىچ ئاق تۈكلۈك بولىدۇ، ئۇنىڭ شورلۇققا بەرداشلىق بېرىشى تال توغراقتىن ئاجىزراق بولىدۇ.

3. يۇلغۇن. چۆل - جەزىرە، قۇملۇق، دەريا سايلىرىدا ئۆسىدۇ. ئادەتتە تال توغراق ۋە ئاق توغراقتىن كېيىن تۇرىدىغان چاتقال ھېسابلىنىدۇ. كۈن نۇرىنى ياخشى كۆرىدۇ، قۇرغاقچىلىق، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. يۇلغۇننىڭ يىلتىزى تەرەققىي تاپقان بولۇپ، 10 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يىلتىز تارتىدۇ. يوپۇرمىقى بېلىق قاسىرىقى شەكلىدە بولۇپ، 5 - ئايدا چېچەكلەپ، 7 - ۋە 8 - ئايلاردا ئۇرۇقلايدۇ. ئۇرۇقى شامال ئارقىلىق تارىلىپ، تەبىئىي كۆپىيىدۇ. يۇلغۇننى تېرىپ كۆپەيتكىلى ۋە كۆچەت قىلىپ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

4. جىغان. خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا ئۆسىدۇ. چىرا ناھىيىسىنىڭ تاغ ئالدى بەلۋاغلىرىدىمۇ ئۆسىدۇ. ئۇ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، شورغا، قۇرغاقچىلىققا، ھۆللۈككە بەرداشلىق بېرىشى ياخشى چاتقال ھېسابلىنىدۇ. شاخلىرى كۈل رەڭ،

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قېرىنداش ئۆلكە ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ نۇرغۇن دەرەخ سورتلىرى كىرگۈزۈلدى. ھازىر ئەي بولغانلىرىدىن موڭغۇلىيە قارىغىيى، مايلىق كورنوس، كېدىر قارىغىيى، كاۋاۋچىن، پاۋلونىيە، يۇمىلاق تاجلىق قارا ياغاچ، چوڭ يوپۇرماقلىق قارا ياغاچ، جىن چاتقىلى، چوڭ چىلان، مەشئەل دەرىخى، يىپەك دەرىخى، سۆگەت يوپۇرماقلىق قارا ئۆرۈك قاتارلىق ئون نەچچە سورت بار. بۇلار خوتەننىڭ دەرەخ سورتلىرىنى كۆپەيتىپ، بۇندىن كېيىنكى دەرەخ ئۆستۇرۇش، پەن - تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن ماددىي ئاساس ياراتتى.

## مېۋە - چېۋە ماكانى — خوتەن

كۆپلىگەن تارىخىي كىتابلاردا قەدىمكى خوتەن «زىرائەت تېرىشقا باب، مېۋىلىرى كۆپ» دەپ خاتىرىلەنگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە خاس نىيە خارابىلىكىدە رەت - رەت ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، جىگدە قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەن غوللىرى ساقلىنىپ قالغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۇرۇپ قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئامۇت، جىگدە، نەشپۈت، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى ياكى ئۇرۇقى بار. بۈگۈنكى خوتەن بوستانلىقىدا ھازىرمۇ مېۋە بېرىۋاتقان 100 يىللىق ياكى بىر قانچە يۈز يىللىق مېۋىلىك دەرەخ ئەۋرىشكىلىرى ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ياڭاق، ئانار، نەشپۈت، ئۈزۈم، ئەنجۈر، چىلان قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار. قەدىمىي خوتەن يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ، سودا كارۋانلىرى بېرىش - كېلىش داۋامىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىچكى رايونلارنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرىنى خوتەنگە ئېلىپ كېلىپ ئۆستۇرگەن. شۇڭا، خوتەن بوستانلىقىنىڭ مېۋىلىك دەرەخ خىللىرىنىڭ مەنبەسى ئىنتايىن مول. 1959 - يىلى ۋە 1979 - يىلى ئىككى قېتىملىق زور كۆلەملىك مېۋىلىك دەرەخ مەنبەسىنى تەكشۇرۇش ئارقىلىق، خوتەن رايونىنىڭ مېۋىلىك دەرەخ مەنبەسى تەخمىنەن 17 خىل مېۋىلىك دەرەخ، 300 دىن ئارتۇق سورت بار

قاتتىق، ئۆرۈش سىزىقلىرى ئىنچىكە، يىلتىز تەرەققىي قىلغان ۋە تۇگۇنچەك بولىدۇ. قۇرغاقچىلىققا، شورلۇققا چىداملىقى ياخشى. دەرەخ قوۋزىقى تىك يېرىقلىق، پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق بولىدۇ. نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئەسلى ئامېرىكىدىن چىققان. كۆچەت يېتىلدۈرۈشتە، تېرىپ ئۆستۈرۈش ئاساس قىلىنىدۇ، يىلتىزدىن ئۆستۈرۈشكە، قەلەمچە قىلىپ ئۆستۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. ئارىلاش ئورمان بەرپا قىلىشقا ياخشى بولىدۇ.

4. جىگدە. خوتەننىڭ يەرلىك دەرىخى، قۇرغاق، شورلۇققا چىداملىق، يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال، تاق يوپۇرماقلىق بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. مېۋىسى سوقىچاق ھەم قىزغۇچ، ئۇنسىمان، 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ. تېرىپ كۆپەيتىشكە ياكى قەلەمچە قىلىپ تىكىپ كۆپەيتىشكە بولىدۇ.

5. يايپلاق ئارچا. ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ئۇزۇن، قۇرغاق ۋە سوغۇققا چىداملىق، ئۆسۈشى ئاستا بولىدۇ. ماتېرىيال سۈپىتى ياخشى، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى بېلىق قاسىرىقى شەكىللىك، كۆچەت مەزگىلىدىكى يوپۇرمىقى يىڭنىسىمان بولۇپ شاخلىرىدا قاتار- قاتار تۇرىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاق بولۇپ، 10 ـ ئايدا پىشىدۇ. تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. بىر مو يەرگە 15 كىلوگرام ئەتراپىدا ئۇرۇق سېلىنىدۇ، ئورمان بەرپا قىلىشتا ھەر مودا 450 — 300 تۈپ بولغىنى ياخشى.

6. كىچىك يوپۇرماقلىق ئاق موم. شورغا چىداملىق، يىلتىزى تەرەققىي تاپقان، بورانغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك. نەم، مۇنبەت، سۇغىرىش شارائىتى ياخشى، قۇمسىمان تۇپراقتا ئۆسىدۇ. پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق بولىدۇ. قارىمۇقارشى ئۆسىدۇ، كىچىك شېخىدىكى يوپۇرمىقى 11 — 7 گىچە بولىدۇ، شەكلى تۇخۇمسىمان يۇمىلاق كېلىدۇ. ئۇرۇقى تار، سوزۇنچاق بولۇپ، 10 — 9 ئايلاردا پىشىدۇ، تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈپ كۆپەيتىلىدۇ.

خوتەندە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان دەرەخلەردىن يەنە ئاق تېرەك، سېرىق سۆگەت، قارا ياغاچ، ئەرمۇدۇن، چۆلۈك، سوپۇن دەرىخى، چىنار، ئۇششاق يوپۇرماقلىق تېرەك، مىرزا تېرەك، كانادا تېرىكى، قارا تېرەك، قارا ئۈجمە، شاتۈت، مەجنۇنتال، قارا سۆگەت، يۇمىلاق تاجلىق سۆگەت، مەجنۇن ئاكاتسىيە، سۆسۈن باشاقلىق ئاكاتسىيە، چوڭ جىگدە، چوڭ يوپۇرماقلىق قارا ياغاچ، چوڭ يوپۇرماقلىق ئاق موم، ئازغان، كىلون، چوكا دەرىخى قاتارلىقلار بار.

چىرايلىق، تەمى تاتلىق، سۇيىتى ئەلا، ساقلاش ۋە يۆتكەشكە چىداملىق، ھوسۇلى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئۇرۇقسىز بولۇشقا يۈزلەنمەكتە. قەنت ماددىسى %17 — 16.

5. سەيۋە ئۈزۈم: بۇ سورت ئاق سەيۋە ۋە كۆك سەيۋە دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. مېۋىسى ئۇزۇنچاق يۇمىلاق تۇۋۇرۇكسىمان ۋە ھەرە بەللىك ئۇزۇنچاق تۇۋۇرۇك شەكىللىك كېلىدۇ. ئۆسۈشى ئوتتۇرىھال، ساپىقى ۋە دېنى چوڭ، تەمى تاتلىق، پوستى نېپىز، شەربەتلىك بولۇپ، ساقلاش ۋە يۆتكەشكە چىدامسىز، ھۆل ئىستېمال قىلىشقا مۇۋاپىق. قەنت ماددىسى %19.

6. كۆك ئۈزۈم: بۇ سورتنىڭ بالدۇر پىشىدىغانلىرىنىڭ رەڭگى ئاق، كېيىن پىشىدىغانلىرىنىڭ رەڭگى كۆك بولۇپ، قوش ساپاقلىق ياكى كۆپ ساپاقلىق، ساپىقى چوڭ، دانلىق كېلىدۇ. تەمى چۈچۈك، سۇيىتى ئوتتۇرىھال، مول ھوسۇللۇق، ھۆل ئىستېمال قىلىشقا ياكى ئاق ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەشكە بولىدۇ.

7. قارا ئۈزۈم: چىلگە قارا ئۈزۈم، كۆزەك قارا ئۈزۈم، قارا تاش ئۈزۈم ۋە چۈرۈك قارا ئۈزۈم قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. ئۆسۈشى بىر قەدەر كۈچلۈك، چىلگە قارا ئۈزۈمدىن باشقىلىرىنىڭ ساپىقى چوڭ، دانلىق، سىرتقى شەكلى چىرايلىق بولۇپ، تەمى چۈچۈك، سۇيىتى ئوتتۇرىھالدىن يۇقىرى، مول ھوسۇللۇق، قەنت ماددىسى %20 ئەتراپىدا بولۇپ، ھۆل ئىستېمال قىلىشقا ۋە قىزىل ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەشكە باب كېلىدۇ.

8. ئاتباغرى: بۇ سورت بىر خىل ئېتى چۈرۈك قىزىل ئۈزۈم بولۇپ، ھۆل ئىستېمال قىلىشقا مۇۋاپىق، ساپىقى چوڭ، دانلىق، مېۋىسى توخۇمسىمان ياكى ئېللىپس شەكىللىك، رەڭگى چىرايلىق، تەمى تاتلىق، ئۇرۇقسىز بولۇشقا يۈزلەنمەكتە. قەنت ماددىسى %23.

9. چىلگە كۆك ئۈزۈم: بۇ سورتنىڭ ساپىقى شالاڭ، دېنى چوڭ- كىچىك بولۇپ، پوستى ساغۇچ يېشىل كېلىدۇ. تەمى چۈچۈمەل، بۆلدۈرگەننىڭكىدەك تەمى بار. سۇيىتى ئوتتۇرىھال، خوتەندە ھەممىدىن بۇرۇن پىشىدىغان سورتتۇر.

10. باشقا يۇرتتىن كىرگۈزۈلگەن ئۈزۈم سورتلىرىدىن: جۇ فىڭ، مېلىي، فىرانسىيە ۋە ئامېرىكا ئۈزۈمى قاتارلىق بىر نەچچە خىل ھۆل ئىستېمال قىلىدىغان، قۇرۇتىلىدىغان ۋە ھاراق چىقىرىلىدىغان سورتلىرى بار.

ئىككىنچى، ئۈرۈك بايلىقى. ئۆرۈك قەدىمدىن بۇيان،

ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇنىڭدىن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە سورتلارنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز:

**بىرىنچى، ئۈزۈم بايلىقى.** ئۈزۈم تارىم بوستانلىقىدا ئەڭ ئىپتىدائىي دەرەخ بولۇپ، خوتەننىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. ئۆستۈرۈلگەن سورتلارنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك سورتلار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ياۋروپا، شەرقىي ئاسىيا سورتلىرى بولۇپ، جەمئىي 17 يەرلىك سورت، 30 نەچچە ئۆزگەرگەن تۈرلىرى بار.

1. خوتەن قىزىل ئۈزۈمى: خوتەن ئۈزۈم كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 58% دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ سورتنىڭ ئۆسۈشى ياخشى، ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك. مول ھوسۇللۇق، سېپى چوڭ، رەڭگى چىرايلىق، تەمى تاتلىق، سۈپىتى ئوتتۇرىھال بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مەي ـ شاراب ئىشلەيدىغان سورت بولۇپ كەلدى. قەنت ماددىسى 18 — 22%. بۇنىڭ ساغۇچ يېشىل تۈرى، سۆسۈن تۈرى، چوڭ ـ كىچىك دانلىرى ئارىلاشما تۈرى بار. كىچىك دانلىقلىرىنىڭ مېۋىسى ئۇرۇقسىز بولۇپ، ئادەتتە 30% ئەتراپىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدا مەي ـ شاراب چىقارغىلى، ئۈزۈم قۇرۇتقىلى، شىرنە قايناتقىلى ھەم ئۇنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

2. كىشمىش ئۈزۈم: بۇ قۇرۇتىلىدىغان ئەلا سورتتۇر. 1983 ـ يىلدىن باشلاپ خوتەن قۇرۇق ئۈزۈم تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ تەستىقلانغاندىن كېيىن، كىشمىش ئۈزۈم ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان سورت قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. كىشمىشنىڭ دېنى ئوتتۇرىھال بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق، رەڭگى ساغۇچ يېشىل، گۆشى چۈرۈك، تاتلىق، سۈپىتى ئوتتۇراھال، قەنت ماددىسى 20 — 22%.

3. سېرىق ئۈزۈم: بۇ سورت يوپۇرمىقى تىۋىتلىق ۋە يوپۇرمىقى تىۋىتسىز ئىككى خىلغا ئايرىلغان بولۇپ، ئۇرۇقى بىلەن قۇرۇتىلىدىغان بىر خىل ئەلا سورت بولغاچقا، تەرەققىي قىلدۇرۇپ پايدىلانماقتا. بۇنىڭ شاخلىرى بىر قەدەر مۇستەھكەم، مول ھوسۇللۇق، ساپىقى ۋە دېنى چوڭ، رەڭگى ساغۇچ ئاق، گۆشى چۈرۈك، تەمى تاتلىق، سۈپىتى ياخشى.

4. مۇناقا: بۇ سورتنىڭ ئۆسۈشى ياخشى، چوڭ پارنىكتا ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق، ھۆل ئىستېمال قىلىنىدىغان بىر خىل سورتتۇر. مېۋىسىنىڭ رەڭگى يېرىم يېشىل ۋە توق قىزىل ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ساپىقى ۋە دېنى چوڭ، تاشقى كۆرۈنۈشى

50 گرام كېلىدۇ. ئېتى توق قىزىل، ئوتتۇراھال
ئۇرۇقچىسى ئاجرالغان بولىدۇ، مېغىزى تاتلىق. قى
15%. ھۆل ئىستېمال قىلىشقا، مۇراببا ۋە شىرشىم
8. ياپىلاق جانانە: مېۋىسى ياپىلاقراق بولۇپ، يەكك
30 گرام كېلىدۇ. رەڭگىنىڭ بىر قىسمى توق قىز
ئوتتۇراھال شىرنىلىك، ئۇرۇقچىسى يېرىم ئاجرالغان
مېغىزى تاتلىق، شىرشىم ياساشقا باب.
9. مۇرنۇل ئۆرۈك: بۇ مېۋىسى كىچىك سورت ب
ئېغىرلىقى تەخمىنەن 20 گرام كېلىدۇ، رەڭگى سېرى
سىرىق بولۇپ، ئوتتۇراھال شىرنىلىك، ئۇرۇقچىس
بولىدۇ، مېغىزى تاتلىق، قەنت ماددىسى 4%
ئوتتۇراھال شىرنىلىك، ئۇرۇقچىسى ئاجرالغان بولىد
تاتلىق، قەنت ماددىسى 18.4% بولۇپ، ھۆ ئىستېمال

كېلىدۇ. تۈكلۈك ئۆرۈك تۈرىگە
11. خەششەك ئۆرۈك:
مېغىزىنىڭ تولىسى ئاچچىق، رەڭگى ۋە تېنى توق س
بولۇپ، ئۇرۇقچىسى ئاجرالغان بولىدۇ. مۇراببا ياس

ئۈچىنچى. ياڭاق بايلىقى: ئەسلىدە
ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، تۈرى كۆپ، ئۇنىڭ چىلگە
ياڭاق، باشاقسىمان ياڭاق قاتارلىق تۈرلىرى بار. يېقى
بىرى ئەلا سورتلىرى تاللىنىپ ئۇلاپ كۆپەيتىلدى.
1. خې شاڭ 10 - نومۇر: بۇ مول ھوسۇل
پىشىدىغان سورت بولۇپ، بۇنىڭغا شىن فىڭ دەپ نا
بۇ كېيىنكى ئەۋلاد ياڭاق پوستىنىڭ قېلىنلىقى 77.
بولۇپ، قەغەز ياڭاق دەرىجىسىگە يەتتى. مېغ
نىسبىتى 60.2% بولۇپ، مېغىزىدىن پۈتۈن ئالغ
2. چونخۇا 6 - نومۇر: مېۋىسى چوڭ، مول
سۈپىتى ياخشى، يەككە ئېغىرلىقى 25.2 گرام،
بولۇپ، مېغىز چىقىش نىسبىتى 53.88%
نىسبىتى 71.24%.
3. ياۋجىن 2 - نومۇر: مېۋىسى كەڭ موكا
يەككە ئېغىرلىقى 18.5 گرام كېلىدۇ، پوستىنىڭ
1 مىللىمېتىر، مېغىزىنىڭ ئېغىرلىقى 10.45 گرام
نىپىز، مېغىزىدىن ئاجرىتىش ئاسان، تەمى تاتلىق،

ئۈرۈقتىن ئۆستۈرۈپ كۆپەيتكەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان سورت سىستېمىسى ۋە سورت بارلىققا كەلگەن. خوۋانە، جانانە، ئاق ياغلىق، خوندەك، خەششەك ئۆرۈك، قارا ئۆرۈك قاتارلىق 60 ـــ 50 خىل سورت ئاساسلىق ئۆستۈرۈلگەن، تۆۋەندە بىر قانچە خىل ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە سورتلارنى تونۇشتۇرىمىز:

1. قارا خوۋانە: بۇ سورتنىڭ مېۋىسى چوڭ بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى تەخمىنەن 60 گرام كېلىدۇ. رەڭگى سېرىق، ئېتى توق سېرىق، شىرىنلىك، قۇرۇتۇشقا ۋە كونسېرۋا، مۇراببا، شىرنىسىم ياساشقا، ئىستېمال قىلىشقا باب. مېغىزى تاتلىق، خېلى مول ھوسۇللۇق، قەنت ماددىسى 18.2%.

2. قاپاق خوۋانە: چوڭ تىپتىكى گۆلە قۇرۇتىدىغان سورت بولۇپ، مېۋىسى يۇمىلاق ئۇزۇنچاق كېلىدۇ. يەككە ئېغىرلىقى تەخمىنەن 40 گرام، ئوتتۇراھال تۈكلۈك بولۇپ، رەڭگى ساغۇچ ئاق، شىرنىسىز، ئۇرۇقچىسى ئاجرالغان بولۇپ، مېغىزى تاتلىق.

3. گۆشلۈك ئۆرۈك: مېۋىسى ئوتتۇراھال چوڭ، يەككە ئېغىرلىقى تەخمىنەن 20 گرام كېلىدۇ، رەڭگى توق قىزىل، ئېتى توق سېرىق، شىرنىسىز، تۈكى يۇمشاق، قويۇق بولۇپ، ئۇرۇقچىسى ئاجرالغان، مېغىزى تاتلىق، قەنت ماددىسى 15%، قۇرۇتۇشقا مۇۋاپىق.

4. پىلەز ئۆرۈك: ھۆل ئىستېمال قىلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى سورت بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى تەخمىنەن 60 گرام كېلىدۇ. رەڭگى ساغۇچ ئاق ياكى قىزغۇچ، بىرىكمە سىزىقى چوڭقۇر، پوستى نېپىز، شىرنىلىك بولۇپ، ئۇرۇقچىسى يېرىم ئاجرالغان، يۆتكەشكە چىدامسىز، مېغىزى تاتلىق، قەنت ماددىسى 13.9%.

5. ئاق ياغلىق: رەڭگى ئاچ سېرىق. يەككە ئېغىرلىقى تەخمىنەن 30 گرام كېلىدۇ. ئېتى ئاق سېرىق، ئوتتۇراھال شىرنىلىك بولۇپ، ئۇرۇقچىسى ئاجرالغان ياكى يېرىم ئاجرالغان بولىدۇ. مېغىزى تاتلىق، قەنت ماددىسى 21.3%، ھۆل ئىستېمال قىلىشقا ئوبدان، كونسېرۋا، شىرنىسىم ياساشقا باب.

6. سېرىق ياغلىق: رەڭگى ئاچ سېرىق بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى تەخمىنەن 25 گرام كېلىدۇ. ئېتى سېرىق، شىرنىلىك، ئۇرۇقچىسى چاپلاشقاق كېلىدۇ. قەنت ماددىسى 15.2%، ھۆل ئىستېمال قىلىشقا، مۇراببا ياساشقا ئوبدان.

7. قارا جانانە: رەڭگى توق قىزىل بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى

50 — 30 گىرام كېلىدۇ. ھۆل ئىستېمال قىلىشقا ئوبدان.

6. شىنجاڭ شاپتۇلى: بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېتى ۋە ئۆكچىسى تۈز سىزىقلىق بولۇپ، ياپىلاقسىمان كېلىدۇ. يەككە ئېغىرلىقى تەخمىنەن 90 گىرام، تېشى قىزغۇچ، تۈكلۈك پوستى ئاسان سويىلىدۇ. ئېتى ساغۇچ ئاق، چۈچۈمەل، سۈيىتى ئوتتۇراھال، ئۇرۇقچىسى ئاجرالغان بولىدۇ. قەنت ماددىسى 17%. ھۆل ئىستېمال قىلىشقا ئوبدان.

7. مېغىزى تاتلىق شاپتۇل: ئالاھىدىلىكى مېغىزى تاتلىق بولۇپ، تۇخۇمسىمان ئۇچلۇق كېلىدۇ. ئېتى ئاچ سېرىق، شەربەتلىك، تاتلىق، قەنت ماددىسى 17% بولۇپ، ھۆل ئىستېمال قىلىشقا ئوبدان.

8. سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن شاپتۇل سورتلىرىدىن: چىلگە، بازلىق، كۆزلۈك شاپتۇل بولۇپ، 30 دىن ئارتۇق سورت بار. مەسىلەن: چۈشائىبي، گاڭشەنبەي، خۇاڭجىن، ياپىلاق شاپتۇل ۋە نېيچىڭ شاپتۇل قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بەشىنچى، ئالۇچا بايلىقى. خوتەندىكى ئالۇچا سورتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپا سورتىغا كىرىدۇ. جوڭگو ئالۇچىسىمۇ بار.

1. بېگەن: ئۈزۈنچاق تۇخۇمسىمان بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى 40 گىرامدىن ئارتۇق كېلىدۇ. پىشقاندىن كېيىن سۆسۈن رەڭگە كىرىدۇ. پوستى نېپىز، ئېتى ئاچ سېرىق، تەمى چۈچۈمەل، قەنت ماددىسى 17%. سۈيىتى ئوتتۇراھال ياخشى. ئۇرۇق ئاجرالغان بولىدۇ. ھۆل ئىستېمال قىلىشقا، قۇرۇتۇشقا ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق.

2. ئارخات: ياپىلاقراق بولۇپ، بېغى ئۈزۈن، يەككە ئېغىرلىقى 15 — 12 گىرام كېلىدۇ. رەڭگى توق سېرىق، ئېتى سېرىق، شەربەتلىك، پۇراقلىق، سۈيىتى ئەلا، ئۇرۇقى چاپلاش، قەنت ماددىسى 17% بولۇپ، ھۆل ئىستېمال قىلىشقا ئوبدان.

3. قارا ئۆرۈك: مېۋىسى تۇخۇمسىمان بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى 12 گىرام كېلىدۇ. كىراخماللىق، پىشقاندىن كېيىن سۆسۈن رەڭگە كىرىدۇ. ئېتى ساغۇچ كۆك، شەربەتلىك، ئېرىشچان، چۈچۈمەل، قەنت ماددىسى 13% بولۇپ، دورا ياساشقا باب.

4. ئالراھەت: شاپتۇل يوپۇرماقلىق بولۇپ، مېۋىسى ئۈزۈنچاق. ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە ماس مېۋىلەيدۇ. يەككە ئېغىرلىقى 80 گىرامدىن ئارتۇق كېلىدۇ. پىشقاندىن كېيىن توق

مېغىز چىقىش نىسبىتى 57.7%.
4. چونخۇا 2 ـ نومۇر: شەكلى يۇمىلاق، يەككە ئېغىرلىقى 2.23 گرام، پوستىنىڭ قېلىنلىقى 1.98 مىللىمېتىر، مېغىزىنى ئاجرىتىش تەس. مېغىزىنىڭ ئېغىرلىقى 11.5 گرام، تەمى تاتلىق، مېغىز چىقىرىش نىسبىتى 49.58%، ياغ چىقىرىش نىسبىتى 63.73%.

**تۆتىنچى، شاپتۇل بايلىقى.** ياپىلاق شاپتۇل، توغاچ، سېرىق شاپتۇل، مېغىزى تاتلىق شاپتۇل، يىسا شاپتۇل قاتارلىقلار بار بولۇپ، سورت تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. تۆۋەندە بىر قانچە ئاساسلىق سورتلارنى تونۇشتۇرىمىز:
1. مياڭسال بىر چوڭ سورت سىستېمىسى بولۇپ، شەربەتلىك شاپتۇل تۈرىگە كىرىدۇ. پوستى نېپىز، رەڭگى كۆك، شەربەتلىك، ئېتىنىڭ ئۇرۇقچىغا يېقىن قىسمى قىزىل، يۇراقلىق بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى تەخمىنەن 180 گرام كېلىدۇ. كۆپىنچىسىنىڭ ئۇرۇقچىسى ئاجرالغان بولىدۇ. قەنت ماددىسى 15% بولۇپ، ھۆل ئىستېمال قىلىشقا ئوبدان.
2. ئەششاپتۇل: كېيىن پەيدا بولغان ساقلاشقا چىدامىلىق بىر خىل سورت بولۇپ، رەڭگى ساغۇچ كۆك، ئۇرۇقچىسى چاپلاش، ئېتى ساغۇچ ئاق، سەل چۇرۇك، ئوتتۇراھال شەربەتلىك بولۇپ، تەمى تاتلىق، قەنت ماددىسى 13%.
3. سېرىق شاپتۇل: بىر خىل سېرىق ئەتلىك سورت بولۇپ، ئېرىشچان كېلىدىغانلىرى ھۆل ئىستېمال قىلىشقا، ئېتى چۇرۇكلىرى كونسېرۋا ياساشقا مۇۋاپىق. يەككە ئېغىرلىقى تەخمىنەن 200 — 100 گرام كېلىدۇ، قەنت ماددىسى 14% — 11.
4. توغاچ: ئالاھىدىلىكى تاشقى پوستى تۈكسىز بولۇپ، بىر چوڭ سورت سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان. شىنجاڭ توغىچى ۋە ئادەتتىكى توغاچتىن ئىبارەت بولۇپ، تۈرى كۆپ، يۇمىلاق ياكى ياپىلاق كېلىدۇ. رەڭگى ئاق، كۆك، قىزىل بولۇپ، ئېتى يۇمشاق ياكى چۇرۇك، يەككە ئېغىرلىقى 100 — 60 گرام كېلىدۇ. قەنت ماددىسى 24%.
5. تەكە: سېرىق تەكە ۋە كۆك تەكە دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. بۇ بىر خىل چىلگە سورت بولۇپ، پوستى نېپىز، شەربەتلىك، تەمى تاتلىق، سۈپىتى ئەلا سورت، قەنت ماددىسى 15%. يېتەرسىزلىكى مېۋىسى كىچىك، يەككە ئېغىرلىقى

ـەممىسى يەرلىك ئالما ئىدى.

قىشلىق قىزىل ئالما، يازلىق قىزىل ئالما، يازلىق ئاق ئالما، قىشلىق ئاق ئالما قاتارلىقلار بار بولۇپ، تاۋارلىق قىممىتىنى ئاساسەن يوقاتقان.

1. قىشلىق قىزىل ئالما: شەكلى يۇمىلاق بولۇپ، سىرتى قىزىل، يەككە ئېغىرلىقى 190 گرام كېلىدۇ. ئېتى قىزىل، تاتلىق، پۇراقلىق، قەنت ماددىسى 12%.

2. يازلىق قىزىل ئالما: شەكلى سوزۇنچاق بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى 146 گرام كېلىدۇ. سىرتى سۇس قىزىل، ئېتى قىزىل، تاتلىق، پۇراقلىق، قەنت ماددىسى 14%.

3. يازلىق ئاق ئالما: سوقىچاق بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى 155 گرام. رەڭگى ساغۇچ ئاق، ئېتى ئاق، تاتلىق، سەل پۇراقلىق، قەنت ماددىسى 10%.

4. قىشلىق ئاق ئالما: يۇمىلاق بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى 177 گرام كېلىدۇ، تېگى سۇس كۆك، كۈنگەي تەرىپى قىزىل. ئېتى ئاق، تاتلىق، قەنت ماددىسى 12%.

5. ساڭگۇچ ئالما: سوقىچاق بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى تەخمىنەن 30 گرام كېلىدۇ. سىرتى سۇس قىزىل، ئېتى ئاقۇش كۆك، گۆشى چىڭ، تاتلىق، مول ھوسۇللۇق بولۇپ، ئىيۇننىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ. شېخىنىڭ ئۇچى ئىنچىكە بولۇپ تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ.

6. سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن سورتلاردىن «گوگۇاڭ»، «قىزىل مارشال»، «سېرىق مارشال»، يىندۇشاڭ، فۇشى قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق تۈرلىرى بار.

توققۇزىنچى، باشقا مېۋىلىك دەرەخ بايلىقى. بەزىلىرى ئەتىۋارلىق مېۋىلىك دەرەخكە تەۋە بولۇپ، ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش قىممىتىگە ئىگە.

1. ئەنجۈر: ياپىلاقسىمان بىر خىللا سورت بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى 77 گرام كېلىدۇ. رەڭگى ئاقۇش سېرىق، ئېتى ئاق سېرىق، تاتلىق، ئۇجمە تەمى بار. قەنت ماددىسى 13.5% بولۇپ، بىر يىلدا ئىككى قېتىم پىشىدۇ. ئۇچىنچى قېتىملىق مېۋىسى پىشمايدۇ. ھۆل ئىستېمال قىلىشقا، مۇراببا ياساشقا ئوبدان.

بىيە: شەكلى ئۇزۇنچاق، يۇمىلاق بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى 148 گرام، تېگى ئاق سېرىق، بەگىنىڭ تۈۋى كۆپۈپ چىققان بولۇپ،

سۈسۈن رەڭگە كىرىدۇ. ئىچى توق سېرىق، شەربەتلىك، قەنت ماددىسى 15٪ بولۇپ، كونسېرۋا ياساشقا ھەم ھۆل ئىستېمال قىلىشقا باب كېلىدۇ.

**ئالتىنچى، ئانار بايلىقى.** ئانارنىڭ تاتلىق ۋە ئاچچىق دەپ ئىككى خىل سورتى ھەمدە ناخۇش ئانار دېيىلىدىغان بىر خىلى بار.

تاتلىق ئانار: شەكلى شارسىمان بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى 380 گرامدىن ئارتۇق كېلىدۇ. پوستى سىرلىق، رەڭگى قىزغۇچ، تۇگۇنچىسى ئالتە، دانلىق، شىرنىلىك، تاتلىق بولۇپ، سۇيىتى ياخشى، قەنت ماددىسى 17.5٪. ھۆل ئىستېمال قىلىشقا، شەربەت ياساشقا باب.

**يەتتىنچى، نەشپۈت بايلىقى.** ئاساسلىق ئۆستۈرۈلگەنلىرىدىن ئاق نەشپۈت ۋە چەت ئەل نەشپۈتى بار.

1. سانجۇ نەشپۈتى: گۇمىدا 300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە دەپ خاتىرىلەنگەن. شەكلى تۇخۇمسىمان بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى 78 گرام كېلىدۇ. رەڭگى ساغۇچ كۆك، ئىچى ئاق، گۆشى چۈرۈك، سۇيىتى ياخشى.

2. قىزىل نەشپۈت: چىلگە سورت بولۇپ، شەكلى تۇخۇمسىمان، تەكشى، مېۋە يۈزى قىزىل ۋە قىزىل سىزىقچە بار، پوستى نېپىز، گۆشى چۈرۈك، قەنت ماددىسى 11٪.

3. ئاق نەشپۈت: ئېللىپس شەكىلدە بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى 126 گرام كېلىدۇ. ئىچى ئاق، گۆشى چۈرۈك، بالدۇر پىشىدۇ.

4. ئامۇت: قاپاقسىمان بولۇپ، ئوتتۇرا مەزگىلدە پىشىدۇ. رەڭگى ساغۇچ كۆك بولۇپ، ئىچى ئاق سېرىق، گۆشى يۇمشاق، شەربەتلىك، تەمى تاتلىق، قەنت ماددىسى 14٪.

5. نوگاي ئامۇت: قاپاقسىمان چوڭ بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى 277 گرام كېلىدۇ. يۈزىدە قىزىل سىزىقچە بار. كۆركەم، ئىچى ئاق، شەربەتلىك، قەنت ماددىسى 16٪.

6. قاپاق ئامۇت: ئېللىپس شەكىللىك بولۇپ، چوڭ، يەككە ئېغىرلىقى 377 گرام كېلىدۇ. رەڭگى ساغۇچ كۆك، ئىچى ئاق، پىشقاندىن كېيىن شەربەتلىك، تاتلىق بولىدۇ.

سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن سورتلار: ئاساسلىق ئۆستۈرۈلگىنى داڭسەن ئاق نەشپۈت، ئۇنىڭدىن باشقا يالى نەشپۈتى قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق سورت بار.

**سەككىزىنچى، ئالما بايلىقى.** ئەسلى بار ئالمىلارنىڭ

ئۇششاق ئۇرۇق 8 ـ نومۇر تاۋۇزىنى ئاتىلىق قىلىپ چاتلاشتۇرۇپ، سىستېمىلىق تاللاپ يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئاساسىي پېلىكى سوقا، قوشۇمچە پېلىكى يوق. ئۇچى ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ. ئاتىلىق چېچىكى كىچىكرەك بولىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق ئانىلىق چېچىكىنىڭ بوغۇم چىقىرىش ئورنى يەتتىنچى بوغۇمدا بولىدۇ. پۈتۈن تۈپ بويىچە 4 — 5 كە قەدەر ئانىلىق چېچەك چىقارغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ. ئوتتۇرىچە تاۋۇز چۈشۈش ئورنى توققۇزىنچى بوغۇمدا بولىدۇ. ئېتى سۇس قىزىل بولۇپ، گۆشى چۈرۈك، ئوتتۇرىچە يەككە ئېغىرلىقى 3.6 كىلوگرام، قەنت ماددىسى 10.7%، يۇقىرىلىرىنىڭ 13% گە يېتىدۇ. ئۆسۈش مەزگىلى ئوچۇق، يەرگە تېرىلىدىغانلارنىڭ 88 كۈن، سۇلياۋ يوپۇق بىلەن تېرىلىدىغانلارنىڭ 70 كۈن بولىدۇ. بۇ سورت نەملىككە، ساقلاشقا، يۆتكەشكە، كېسەلگە بىر قەدەر چىداملىق بولۇپ، ئادەتتە مو بېشى مەھسۇلاتى 3500 — 4500 كىلوگرام بولىدۇ.

3. جىڭشا (3301): بۇ سورتنى شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى بىلەن سانجى باغۋەنچىلىك مەيدانى ھەمكارلىشىپ، 1976 ـ يىلى ياپونىيە داخې مىرازىنىسىنى ئانىلىق، ئامېرىكا جۇبىلىنى ئىككىنچى ئۇرۇقداش قىلىپ چاتلاشتۇرۇپ تاللاپ يېتىشتۈرۈپ چىققان بولۇپ، ئادەتتىكى چىلگە سورت، غول پېلىكى ئۇزۇن بولۇپ ئىككى مېتىردىن ئارتۇق. ئۆسۈشى بىر قەدەر ياخشى. قويۇق تېرىشقا باب. بىرىنچى ئانىلىق چېچىكى 7 — 9 بوغۇمدا بولىدۇ. ئانىلىق چېچىكى يەككە چېچەك بولۇپ، ھەر بىر تۈپتە ئاز بولغاندا بىر تاۋۇز چۈشىدۇ. تاۋۇز شەكلى يۇمىلاقسىمان، تاۋۇز تېگىنىڭ رەڭگى سۇس كۆك، 14 تال قارامتۇل تار سىزىقچىسى بولىدۇ. ئېتى ساغۇچ، چۈرۈك، سۇلۇق. ئوتتۇرىچە يەككە ئېغىرلىقى 3.3 كىلوگرام كېلىدۇ. قەنت ماددىسى 12%. ئۆسۈش مەزگىلى 70 — 75 كۈن، ئادەتتە مو بېشى مەھسۇلاتى 3000 كىلوگرام.

4. يى شىۋەن: بۇ سورتنى تۇرپان ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۈزۈم، قوغۇن ـ تاۋۇز تەتقىقات ئورنى 1977 ـ يىلى گەنسۇ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ياپونىيىدىن كىرگۈزگەن شالغۇت بىرىنچى ئەۋلاد يى چۈي ئۇرۇقىنى ئۆزىگە چاتلاشتۇرۇپ ئايرىپ، نىشانلىق تاللاپ يېتىشتۈرۈپ چىققان. غول پېلەكنىڭ ئاينىشى ئاجىز، ئاساسىي پېلەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 250 — 300 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بىرىنچى ئانىلىق چېچىكى ئاساسىي پېلەكنىڭ

رەڭگى يېشىل كېلىدۇ. تېرىسىدە قويۇق تۇكچىلەر بار. ئېتى ساغۇچ ئاق، شەربەتسىز، تەمى چۇچۇمەل، پۇراقلىق بولۇپ، قەنت ماددىسى 15.5%. شىرشىم ياساشقا، دورىگە ئىشلىتىشكە ياكى پولۇغا تېتىتقۇ قىلىشقا مۇۋاپىق.

چىلان: بۇرۇنقى چىلاننىڭ ئۇرۇقى چوڭ، گۆشى ئاز ئىدى. ھازىر ئىچكى رايونلاردىن كىرگۈزۈپ ئۆستۈرۈلگەن سورتلاردىن يۆلىڭ ئۇرۇقسىز كىچىك چىلان، خويىزاۋ شەنشى چىلىنى، جەنخۇاڭ چوڭ چىلىنى قاتارلىقلار بار.

4. بادام: بۇرۇنقى بادامنىڭ ئېتى قېلىن، مېغىزى كىچىك ئىدى. ھازىر شەكلى نېپىز بادام ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، ئافغانىستاندىن كىرگۈزۈلگەن.

5. جىنەستە: تۇكلۇك جىنەستە ۋە چوڭ جىنەستىدىن ئىبارەت بولۇپ، ناھايىتى ئاز ئۆستۈرۈلىدۇ.

# تاۋۇز سورتلىرى

خوتەن رايونىدا ئەلا سورتلۇق قوغۇن - تاۋۇزلار ناھايىتى كۆپ. تۆۋەندە تاۋۇزنىڭ ئاساسلىق بىر قانچە تۈرىنىلا تونۇشتۇرىمىز:

1. خۇڭيۇ 2 - نومۇر: بۇ بىر خىل ئوبدان پېلەك تارتىپ ئۆسىدىغان سورت بولۇپ، ئاساسىي پېلىكى توم، سوقتا، پېلەك تارتىش ئىقتىدارى ياخشى، ئۆسۈش مەزگىلى 100 — 85 كۈن. يەككە ئېغىرلىقى 7 — 5 كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 23 كىلوگرام كېلىدۇ. يەككە تۈپنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى 13 — 10 كىلوگرام. شەكلى ئۇزۇنچاق يۇملاق، شاپىقى قاتتىق. قېلىنلىقى 1.2 — 1 سانتىمېتىر بولۇپ، ساقلاش ۋە يۆتكەشكە چىدامىلىق، گۆشى قىزىل، سۇلۇق، چۈرۈك، تاتلىق. تەمى ياخشى، قەنت مىقدارى 12% — 10.5. كېسەلگە قارشى ئىقتىدارى كۈچلۈك. ئادەتتە ھەر مودا تەخمىنەن 800 تۈپ مايسا قالدۇرۇلىدۇ. ئىككى پېلەك ياكى ئۈچ پېلەك قالدۇرۇپ تارىسا ياخشى بولىدۇ. ئىككىنچى قېتىم چېچەكلەپ تاۋۇز چۈشۈپ 40 كۈندىن كېيىن پىشىدۇ.

2. ۋۇسازاۋ تاۋۇزى (1 — 5 — 74): بۇ سورتنى بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - دىۋىزىيە دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنى 1974 - يىلى ئەنئو سانىنى ئانىلىق، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى

7. جىن خۇاباۋ (لەنجۇ 2): بۇ سورتنىڭ غولى بەك ئاينىيدۇ. شەكلى ئۇزۇنچاق، ئېتى قىزىل، گۆشى قومدەك چۇرۇك، تەمى تاتلىق، سۇلۇق بولۇپ، قەنت ماددىسى %12.5 ــ 10. يەككە ئېغىرلىقى 5 ــ 4 كىلوگرام كېلىدۇ. ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك. ساقلاش ۋە يۆتكەشكە چىدامىلىق. ئۆسۈش مەزگىلى 110 ــ 100 كۈن. بۇ سورت چاڭلاشتۇرۇلغان بىرىنچى ئەۋلاد بولۇپ، ئۇرۇقىنى قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

# قۇملۇقتىكى «مېھرىگىياھ» — توشقان زەدىكى

خوتەننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى توشقان زەدىكىنىڭ قۇملۇقتىكى «مېھرىگىياھ» دېگەن نامى بار. توشقان زەدىكى كۆپ يىللىق تەبىيارتاپ سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، قۇملۇقتىكى سوك - سوك، يۇلغۇن، جىگدە ۋە ئەمەن يىلتىزلىرىدا تەبىيارتاپ ھالدا ئۆسىدۇ، قۇمساق تۇپراقتا كۈن نۇرى كۆرمىسىمۇ 0.5 سانتىمېتىردىن 0.75 سانتىمېتىرغىچە ئۆسەلەيدۇ، يەر ئاستىدا ئۆسكەن ۋاقتىدا يوپۇرمىقى بولمايدۇ، فوتوسىنتېزلانمايدۇ. شۇڭا، ياپراقسىز سىدام بولىدۇ، يەر يۈزىگە چىققاندىن كېيىن تەڭگىسىمان يوپۇرماقلىرى ئەتلىك، قارامتۇل بولۇپ خۇددى بېلىق تەڭگىسىدەك بىر - بىرىنى يېپىشىپ تىزىلىدۇ. تۆۋەن قىسمىدىكىلىرى توخۇمسىمان، يۇقىرى قىسمىدىكىلىرى تىمىنە شەكلىدە بولۇپ، خۇددى قەدىمكى سەركەردىلەرنىڭ ساۋۇتىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن قەدىمدە «قارا سەركەردە» دەپ نام ئالغان. توشقان زەدىكى باشاقسىمان توقماققا ئوخشايدۇ، گۈل تاجىسى قوڭۇرسىمان، گۈل تاجى ياپراقلىرى سۆسۈن رەڭلىك، كاناي قىسمى ساغۇچ ئاق رەڭلىك بولىدۇ. غوزا مېۋىسى سوقىچاق بولۇپ، ئىككىگە يېرىلىدۇ، يەر يۈزىگە چىققاندىن كېيىن، ئوخشاش بىر تۈپنىڭ ئۈستىدە بىرلا ۋاقىتتا ئېچىلغان گۈلى ۋە غۇنچىسى بولىدۇ. ئەمدىلا ئېچىلغان گۈلى ئاق رەڭدە بولۇپ، كېيىن خۇشپۇراقلىق سۆسۈن رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. يېتىلگەن توشقان زەدىكىنى ۋاقتىدا يىغىۋالمىغاندا، ئىچى پۇرلىشىپ قالىدۇ.

بىر دۆۋە قۇم بارخىنىدا بىر ئورەك توشقان زەدىكى ئۆسىدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش ئورەك بولىدىغانلىقى بايقالدى، ئادەتتە بىر

بەشىنچى بوغۇمىدا پەيدا بولىدۇ. ھەر 5 — 4 بوغۇمدا كېيىنكى ئانىلىق چېچىكى پەيدا بولىدۇ. ئوتتۇرىچە تاۋۇز چۇشۇش ئورنى ئاساسىي پېلەكنىڭ 10 ـ بوغۇمىدا بولىدۇ، ھەر بىر تۈپتە 6 — 2 گىچە تاۋۇز چۈشىدۇ. شەكلى شارسىمان بولۇپ، رەڭگى سۇس كۆك، ئېتى توق قىزىل، گۆشى يۇمران، ئوتتۇرىسىنىڭ قەنت ماددىسى ‎%12.19، ئەتراپىنىڭ قەنت ماددىسى ‎%10.17، يەككە ئېغىرلىقى تەخمىنەن ئۈچ كىلوگرام كېلىدۇ. شاپىقى نېپىز ھەم چۇرۇك، يۆتكەشكە چىدامسىز. ئۆسۈش مەزگىلى 75 — 70 كۈن، سۇلياۋ يوپۇق بىلەن تېرىلسا 66 كۈندە پىشىدۇ. ئادەتتە مو بېشى مەھسۇلاتى 4000 — 3000 كىلوگرام بولىدۇ.

5. خۇجۇ 1 ـ نومۇر (74 — 77): بۇ سورتنى تۇرپان ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى، تۇرپان ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۈزۈم، مېۋە ـ چېۋە تەتقىقات ئورنى تاللاپ يېتىشتۇرۇپ چىققان ئوتتۇرا مەزگىللىك سورت بولۇپ، ئۆسۈش مەزگىلى 85 كۈن، پېلىكى سوقىتا، ناھايىتى ئوبدان ئۆسىدۇ. ئاساسىي پېلەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 350 — 300 سانتىمېتىر. بىرىنچى ئانىلىق چېچىكى ئاساسىي پېلەكنىڭ 8 ـ بوغۇمىدا بولىدۇ. ھەر ئالتە بوغۇمدىن كېيىن بىر ئانىلىق چېچىكى ئېچىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تاۋۇز چۈشۈش بوغۇم ئورنى 13.5 بوغۇمدا بولۇپ، ئېتى توق قىزىل، گۆشى يۇمشاق، چۇرۇك، تېتىملىق، قەنت ماددىسى ئوتتۇرىسىنىڭ ‎%11.65، ئەتراپىنىڭ ‎%9.68، يەككە ئېغىرلىقى تەخمىنەن تۆت كىلوگرام كېلىدۇ. شاپىقى قېلىن، قاتتىق، يۆتكەشكە خېلى چىداملىق، ئادەتتە مو بېشى مەھسۇلاتى 5000 — 4000 كىلوگرام بولىدۇ.

6. شىنيۇ 2 ـ نومۇر: بۇ سورت ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىللىك سورت بولۇپ، ئۆسۈش مەزگىلى 100 — 86 كۈن. ئۆسۈشى ياخشى، شەكلى ئۇزۇنچاق ياكى تۇخۇمسىمان كېلىدۇ. ئېتى ئاچ قىزىل ياكى قىزىل بولۇپ، گۆشى يۇمران ھەم تېتىملىق، قەنت ماددىسى ‎%12 — 10.5، يەككە ئېغىرلىقى 6 — 3.5 كىلوگرام كېلىدۇ، يۆتكەشكە خېلى چىداملىق، ھەر مودا 900 يۈز تۈپ مايسىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئىككى ياكى ئۈچتىن پېلەك قالدۇرۇپ تارىسا ياخشى. قۇم تۇپراق يەرلەرگە تېرىشقا باب. چېچەكلەپ تەخمىنەن 40 كۈندىن كېيىن پىشىدۇ. بۇ سورت چاڭلاشتۇرۇلغان بىرىنچى ئەۋلاد بولۇپ، ئۇرۇقنى قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

ادىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك شارائىتىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، «توشقان زەدىكىنى سۇنئىي ئۆستۈرۈش» ، «شورلۇق يەرلەرگە ئۆستۈرۈش» قاتارلىق ئىككى تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسىگە ېرىشتى، شۇنداقلا توشقان زەدىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ئۇلار توشقان زەدىكىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 40 مىللىمېتىرغا يەتمىگەن قۇرغاق قۇملۇق رايونلىرىدىمۇ ئۆسەلەيدىغانلىقىنى، بۇنداق بولۇش توشقان زەدىكى ئۆسىدىغان يۇلغۇن قاتارلىق چاتقاللىق يىلتىزىنىڭ كۈچلۈك ماسلىشىش خاراكتېرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ئىسپاتلاپ بەردى.

توشقان زەدىكىنىڭ ئۇرۇقى قېپىدىن ئاجراپ يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، شارائىت قۇرغاق بولغاچقا، ئۇزۇنغىچە چىرىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى شامال تەرەپ - تەرەپلەرگە ئۇچۇرۇپ يۈرۈش جەريانىدا، يۇلغۇن قاتارلىق ئۆزى تەييارتاپ ئۆسىدىغان چاتقاللارنىڭ يىلتىز ھۇجەيرىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرىكىپ توشقان زەدىكى ئۈنۈپ چىقىدۇ. چاتقاللارنىڭ ئوق يىلتىزى ئارقىلىق يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى سۈنى سۈمۈرۈپ، توشقان زەدىكى پۆپۈكى يېتىلىشكە باشلايدۇ. پۆپەكلەر يېتەرلىك ئۇزۇنلۇق ۋە سۇ سۈمۈرگەنسېرى توملىشىپ، يىلتىزىمۇ چوڭقىيىشقا باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى پۆپەك سامان شەكىللىك بىخقا ئايلىنىدۇ. ئەمما، توشقان زەدىكى شۇ يىلى ئۆسۈپ شۇ يىلى پىشىپ چىقىدۇ. شۇڭا، كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، توشقان زەدىكى بىر يىللىق ئۆسۈملۈكتۇر. ئەگەر كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ پۆپۈكى ۋە تەييارتاپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، توشقان زەدىكىنى سۇنئىي ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس يارىتىپ بەردى.

توشقان زەدىكى يىغىۋېلىش ۋاقتىغا ئاساسەن، ئەتىيازلىق توشقان زەدىكى ۋە كۈزلۈك توشقان زەدىكى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇرۇن، ۋىلايىتىمىزدە پەقەت ئەتىيازلىق توشقان زەدىكلا يىغىۋېلىناتتى. ئەتىيازلىق توشقان زەدىكى ھەر يىلى تۆتىنچى ئايدىن باشلاپ قېزىۋېلىنىپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئېتى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كۈزدە ئۆسكەن توشقان زەدىكى 9 -، 10 - ئايلاردا قېزىۋېلىنىدۇ. ئۇ ئەتىيازلىق توشقان زەدىكىدىن - كىچىكرەك بولۇپ، سۇ تەركىبى ئەتىيازلىق توشقان زەدىكى بىلەن ئوخشاش، كۈزنىڭ ئاخىرى، قىشنىڭ باشلىرىدا

ئورەكتە پەقەت بىر توپلا ئۆسۈپ، قايتا پۆپۈك يىلتىز ۋە يان يىلتىز چىقارمايدۇ.

توشقان زەدىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 15 سانتىمېتىردىن 100 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. بۇنىڭ تەڭگىسىمان گۆشلۈك غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە قېزىۋېلىنىدۇ، يەردىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن بۇرۇن قېزىۋالغانلىرىنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا توشقان زەدىكنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولى بارلىقىنى بىلگەن. «دورا ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» دا: «بۇ دورا ئاجىزلارنى قۇۋۋەتلەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا قىزىش ۋە تولغاشنى قايتۇرىدۇ، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، جىنسىي ئاجىزلىقنى كۈچەيتىدۇ. ئاياللارنىڭ ئۇچەي قېتىشما كېسەللىرىگە شىپالىق بولۇپ، كەچتە ئىستېمال قىلىنسا شىپالىق رولى ياخشى بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «داڭلىق دورىلار كاتولوگى» دە: «دوۋساقتىكى يەلنى ھەيدەيدۇ، بەل ئاغرىش، تولغاق كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. ئۇندىن باشقا يەنە پۇت - قولغا ماغدۇر كىرگۈزۈپ، كىشىنى خوش چىراي قىلىدۇ، ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ، ئايالارنىڭ ماتكىسىدىن قان كېتىش كېسىلىنى داۋالايدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاساسلىقى قان، يىرىڭنى ھەيدەيدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. ۋىلايىتىمىزدىكى تېۋىپلار توشقان زەدىكنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش دورىسى قاتارىغا كىرگۈزگەن.

توشقان زەدىكى قۇۋۋەتلەندۈرۈش دورىسى بولۇپ، خاراكتېرى مۆتىدىل، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك، تەبىئىيتى ئىسسىققا مايىل، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئىچىنى سۈرۈۋەتمەيدۇ.

خوتەننىڭ يەر مەيدانى بىپايان بولۇپ، كۆپ قىسمى قۇملۇق، بۇنىڭ ئىچىدە توشقان زەدىكى ئۆسەلەيدىغان قاقاس چاتقاللىق بىر مىليون 578 مىڭ 300 مو كېلىدۇ. كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، نىيە ناھىيىسىنىڭ سالغۇزەك يېزىسى، ئەندىر يېزىسىدىن كۆپ چىقىدۇ، سۈپىتى ياخشى. ۋىلايەت بويىچە 1959 - يىلدىن 1988- يىلغىچە ئىككى مىليون 145 مىڭ 600 كىلوگرام توشقان زەدىكى يىغىۋېلىندى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يىلىغا 100 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق توشقان زەدىكى يىغىۋېلىنماقتا.

دورا مەنبەسىنى كېڭەيتىش، توشقان زەدىكىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك دورا شىركىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 1973 - يىلدىن بېرى، توشقان زەدىكىنىڭ ئۆسۈش

تېرىش دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى مۇھىم يولغا ئايلاندى.

زىرىنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى ئۇزۇن ئەمەس، 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تېرىلىپ، 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يىغىۋېلىنىدۇ، ئۆسۈش مەزگىلى 90 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، شور تۇپراقلاردىن باشقا، ئادەتتىكى تۇپراقلارنىڭ ھەممىسىدە ياخشى ئۆسىدۇ، قۇمساق تۇپراققا تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. ھاشارات ۋە كېسەللىك زىيىنىغا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. خوتەننىڭ تۇپرىقى، ئىسسىقلىق شارائىتى زىرە ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى ماس كېلىدۇ. شۇڭا، خوتەن زىرىسىنىڭ دېنى تولۇق ۋە تەكشى بولۇپ، خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئېتىز ئورنىغا تېرىلىدىغان ياكى كىرىشتۈرۈپ تېرىلىدىغان زىرىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 50 — 100 كىلوگىرامغىچە بولىدۇ. ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بىرلىك ھوسۇلى 150 كىلوگىرامدىن ئاشىدۇ. خوتەندە زىرىنى ئاق يەرگە تېرىش ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، ئادەتتە كېۋەزلىككە، بۇغدايلىققا ۋە سەي - كۆكتات يەرلىرىگە كىرىشتۈرۈپ تېرىلىدۇ، ھەتتا ئېتىز قىرلىرىغا تېرىلىدۇ. بۇ تېرىلغۇ يەر بىر قەدەر قىس بولغان خوتەنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەر تېجەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى دېھقانلار بۇغداينى ئورۇپ بولغاندىن كېيىن، قوناق تېرىماستىن، ئېتىز ئورنىغا زىرە ۋە سەۋزە تېرىپ، پەقەت مۇشۇنىڭدىنلا مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلغان. خوتەن ناھىيە سېغىزكۆل يېزىسىنىڭ بىر كىچىك كەنتىدىكى 11 ئائىلىلىك دېھقان پەقەت زىرە تېرىشقىلا تايىنىپ، ھەر بىر ئائىلە ئىككى مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلغان. تۆت ئائىلىنىڭ كىرىمى ئون مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن، ھەر بىر ئائىلە زىرىدىن ئىبارەت بىر تۈردىنلا بەش - ئالتە مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان.

ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، بازار ئارقىلىق تەڭشەش ۋە بازار رىقابىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. دېھقانلار ئەمەلىيەت جەريانىدا، زىرىدىن ياخشى كىرىم قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، زىرە تېرىلىدىغان يەر كۆلىمىنى كېڭەيتتى. ھازىر ۋىلايەت بويىچە زىرە كۆلىمى 70 مىڭ مودىن

كوْن نوْرى ئاجىز، تېمپېراتوْرا توْۋەن، كوْن قىسقا بولغانلىقتىن، كوْزلوْك توشقان زەدىكنى قوْروْتوْش تەسكە توختايدوْ. سىرتقا قويغاندا سوغوْقتىن سوْپىتى ئوْزگىرىپ كېتىدوْ، ئوْيىنىڭ ئىچىدە ئاسانلىقچە قوْروْماي بوْزوْلوْپ كېتىپ سوْپەت ئوْلچىمىگە تەستىر يېتىدوْ. 1981 ـ يىلى كوْزدە، خوتەن ۋىلايەتلىك دور شىركىتى نىيە ناھىيىسىنىڭ سالغوْزەك يېزىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، كوْزلوْك توشقان زەدىكى ئەۋرىشكىسىنى يىغىۋېلىپ، كوْزلوْك توشقان زەدىكنى توْزلاپ بىر تەرەپ قىلىش سىنىقىنى ئېلىپ بارغان. ۋىلايەتلىك دورا تەكشوْروْش ئورنى تەكشوْروْش ئارقىلىق، توْزلوْق توشقان زەدىكنىڭ دورا ئوْنوْمى ئوْزگەرمەيدىغانلىقىنى، شوْنداقلا بوْنىڭ ئەتىيازلىق توشقان زەدىكى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى، بوْ سىناق زور موْۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

توشقان زەدىكى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدوْروْش ئوْچوْن، خوتەن خەلقى دورا مەنبەسىنى، توشقان زەدىكى تايىنىپ ئوْسىدىغان يوْلغوْن ۋە چاتقاللارنى ئەستايىدىل قوغداپ، ئوْلارنى قالايمىقان كېسىشنى مەنئى قىلىپ، يوْقىرى مەھسوْلاتلىق توشقان زەدىكى بازىسىنى قوْروْش ئوْچوْن تىرىشماقتا.

## دورا ۋە تەبىئىي تەم تەڭشىگوْچ — خوتەن زىرىسى

ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىلا، خوتەندە زىرە تېرىلىشقا باشلىغان. تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىسسىقلىق شارائىتى، زىرىنىڭ ئوْسوْپ يېتىلىشىگە ناھايىتى باب كېلىدوْ. ھەر خىل كوْكتات، مېۋە-چېۋە ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىگە ئوخشاش زىرە تەخمىنەن خەن دەۋرىدە ئوتتوْرا توْزلەڭلىككە تارقالغان. بىراق خوتەن ئوْدا زىرە تېرىيدىغان ئاساسلىق رايون بولوْپ كەلگەن. خەلقىمىزنىڭ ئاساسلىق گوْش يېمەكلىكلىرىدىن زىخ كاۋىپى، تونوْر كاۋىپى ۋە شورپا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە زىرە تەم تەڭشىگوْچ قىلىنىدوْ، بوْنىڭدىن باشقا زىرە ئوْيغوْر تېبابىتىدە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدوْ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، زىرە تاشقى سودىدا ئاساسلىق ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك قوشوْمچە مەھسوْلاتقا ئايلىنىپ، زىرە

ئاساسى ئوزۇقلۇق ئوخشاش بولمىسا، ئىچىدىغان چاي تەركىبىمۇ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: كاۋاپ، پولو قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغاندا، ئاسان ھەزىم قىلدۇرىدىغان دورا چاي ئىچىلىدۇ، ئەگەر كۆكتاتلارنى ئاساس قىلغان سۇيۇق ئاش خىلىدىكى يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلىنسا، ئىسسىقلىقنى ئاشۇرىدىغان دورا چاي ئىچىلىدۇ. دورا چاي تەييارلاشقىمۇ تەتقىق قىلىشتا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن بىلىم بار. قىش كۈنلىرى مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دورا چاي ئىچسىڭىز، بىر دەمدىلا ئىسسىق بېسىپ تەرلەپ كېتىسىز. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە بۇنداق چاينى ئىچسىڭىز ئۆزىڭىزنى ھوزۇر، سالقىن ھېس قىلىسىز. گۆش، كاۋاپ ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن، دورا چاي ئىچىلسە ماي تۇيغۇسىنى باسىدۇ.

قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل بولۇشتىن بۇرۇن، كىشىلەر ئاش - ناننىڭ غېمىدە بولغاچقا، ھەر كۈنى ئويلايدىغىنى قورساق مەسىلىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كونا جەمئىيەتتە بىر دانە قويغا بىر خىش چاي تېگىشكىلى بولمايتتى. دورىلىق چاي تەركىبىدىكى داۋاملىق ئىشلىتىدىغان دورىلاردىن قارامۇچ، قوۋزاق دالچىن قاتارلىقلارنىمۇ سودىگەرلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كېلەتتى، باھاسىمۇ ئىنتايىن قىممەت ئىدى. شۇڭلاشقا، ئىلگىرى قانغۇدەك بەھوزۇر دورا چاي ئىچىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئاز ساندىكى كىشىلەر بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن دورىلىق چاينى ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ ئىچەلەيدىغان بولدى. چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزىسىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ھەر ئايدىكى دورا چاي چىقىمى 10 يۈەندىن ئاشىدىكەن. ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا، 1993 - يىلى 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە، خوتەن ۋىلايىتى يىياڭدىن كىرگۈزۈلگەن قارا چاي 34000 كىلوگرامدىن ئاشقان.

خەلقىمىزنىڭ دورا چېيى ھەم بىر تۈرلۈك چاي مەدەنىيىتى، ھەم بىر تۈرلۈك دورا مەدەنىيىتى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ كەڭ رايونلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ چاي، دورا مەدەنىيىتى بىلەن ئىنتايىن

ئاشىدۇ. (ئاق يەرگە تېرىلىدىغان زىرە يەنىلا ناھايىتى ئاز) ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 4000 تونندىن ئارتۇق. زىرە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە سېتىلىدۇ، بىر قىسمى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىمۇ سېتىلىدۇ.

# خۇشپۇراقلىق خوتەن دورا چېيى

خوتەن خەلقى ئىنتايىن مېھماندوست، دوست - يارەنلىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ۋە مېھمان چاقىرىپ چاي ئىچىشنى بەكمۇ ياقتۇرىدۇ. چاي ئىچكەچ مۇڭدىشىدۇ. ئۇلار: «بىر كۈن ئاچ يۈرۈشكە رازىمىزكى، بىر كۈن چاي ئىچمىسەك بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، بۇنداق دېيىش كۆپتۇرۇۋېتكەنلىك ئەمەس. داڭلىق تېۋىپ، پروفېسسور مەرھۇم ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجى مۇنداق دېگەنىدى: «خوتەن خەلقى خېلى بۇرۇنلا دورىلىق چاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. دورىلىق چاي ئادەتتە قارا چاي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىلىدۇ، يەنى دورا چاي سوقۇپ تەييارلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئازراق قارا چاي ئارىلاشتۇرۇپ دەملەپ ئىچىلىدۇ. بىر كىلو قايناقسۇغا 5 — 3 گرام دورا چاي سالسا كۇپايە قىلىدۇ».

دورىلىق چاي ئۇچۇن ئادەتتە ئىسسىقلىقنى ئاشۇرىدىغان، ئاشقازاننى ياخشىلاپ، ئىشتەينى ئاچىدىغان دورىلاردىن: قارامۇچ، قوۋزاق دارچىن، زىرە، چىلان، چۇچۇكبۇيا، قەلەمپۇر، ئالقات، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، بۇ دورىلار ھەر قايسى پەسىللەرنىڭ ئىسسىق، سوغۇق، نەم، قۇرغان بولۇشتەك ئەھۋالىغا ئاساسەن تەڭشەپ تەييارلىنىدۇ. قىش، ئەتىياز پەسلى سوغۇق، نەم بولغاچقا، ئىسسىق ساقلايدىغان، ئىشتەينى ئاچىدىغان دورا ئىشلىتىلىدۇ، ياز ۋە كۈز پەسلى قۇرغاق، ئىسسىق بولغاچقا، ھۆللۈك پەيدا قىلىدىغان دورا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ پەسىلگە قاراپ ئۆزگەرتىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەر بىر كىشىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا ۋە يېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ تەڭشەپ بېرىلىدۇ.

ئابدۇرىشات مۇساجان

# تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تەبىئىي بوستانلىق — دەريا بويى يېزىسى

دەريا بويى يېزىسى كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان تەبىئىي بوستانلىق بولۇپ، مەن بۇ جايغا تۇنجى قېتىم 1986-يىلى 11-ئايدا بارغان. ئۇ چاغدا مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بارغان ھەم تۇرغان ۋاقتىم ئىنتايىن قىسقا بولغاچقا، بىرەر تېما ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈشكە ئىمكانىيەت بولمىغانىدى. پەقەت دەريا بويى كەنتى توغرىسىدا دەسلەپكى ئەمەلىي چۈشەنچىگە ئىرىشكەن ئىدىم. 1997-يىلى 10-ئايدا يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار دەريا بويى يېزىسىغا ناھىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تۇرمۇش ئۆگەنگىلى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىرگە بېرىپ، بىر ئايدىن ئارتۇق تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش بىلەن بولدۇم. مەن بۇ چاغدا ئاساسلىقى، دەريا بويى يېزىسىنىڭ خەلق فولكلورى، جۈملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى، مۇراسىم (توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ) ئادەتلىرى، يېمەك - ئىچمەك ئادىتى، تىل ئادىتى... قاتارلىقلار بىلەن دەريا بويى بوستانلىقىنىڭ تارىخىي تەزكىرىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم ۋە بىر قوللۇق ماتېرىياللارغا ئېرىشتىم. 2002-يىلى كۈزدە «قۇملۇق ئەركىسى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى» گە قاتنىشىپ، 10-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 9-كۈنىگىچە كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. بۇ قېتىم ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردۈم.

تۆۋەندە مەن ئوقۇرمەنلەرنى دەريا بويى يېزىسىنىڭ ئومۇمىي

قويۇق مۇناسىۋەتكە ئىگە، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پەن، مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ بىرى. شۇڭا، بىز ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىلغار پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوللىنىشقا بىرلەشتۇرۇپ، خوتەن دورا چېپىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، دورا چاينى خەلق ئاممىسىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بۇ بىر تۇرلۇك ئىجادىي خاراكتېرلىك خىزمەت بولۇپ، زور ئەھمىيەت ئىگە. ئىشىنىمىزكى، خوتەننىڭ دورا چېيى چوقۇم پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلىنىدۇ.

(دۇشەنيۇ، يى گوسۇڭ، جۇرۇڭخۇا قاتارلىقلارنىڭ ماقالىلىرى ئاساسىدا «گۆھەر زېمىن — خوتەن» ناملىق كىتاب ‹ 1995 - يىل نەشرى› دىن تاللاپ تۈزۈلدى).



زەدىكى مەھسۇلاتلىرىنى قەنت - ناۋات، چاي، گۆلە-قاق، سەرەڭگە... دېگەندەك نەرسىلەرگە تېگىشىدىكەن. رەختنى كەنت باھالاپ بېرىدىكەن. رەختنىڭ پۇلىغىمۇ تېرە-يۇڭ تۆلەيدىكەن. ئاشلىقنى نورما بويىچە كەنت تەمىنلەيدىكەن.

ئىشەك كارۋىنى ئەتىگەندە بىر سائەتتىن چىقىپ ماڭسا، چۈشكە يەنە بىر سائەتتىن چىقىپ بارىدىكەن. كەچتە يەنە بىر سائەتتىن يېتىپ بارالايدىكەن. تېرىم دېگەن يايلاقتا چارۋىچىلار نىسبەتەن زىچراق بولۇپ، بىر ئائىلە بىلەن يەنە بىر ئائىلىنىڭ ئارىلىقى پىيادە 2-3 سائەتلىك يول ئىكەن. باشقا ئائىلىلەرنىڭ ئەڭ يېقىن قوشنىسى يېرىم كۈنلۈك يول ئىكەن. ئىشەك كارۋىنى ئۆي - ئۆيدە توختاپ تاماق يەپ، قونۇپ ماڭىدىكەن ھەم ئۆي ئىگىسىگە قورۇق يەل-يېمىش، قەنت - ناۋات، چاي، پىياز، سەۋزە قاتارلىق نەرسىلەردىن بىر چاڭگالدىن سوۋغات قىلىپ ماڭىدىكەن. كېرىيەگە قايتىشىدا ئۆي ئىگىلىرى يۇڭ، تېرە، ئارغامچا (ئارقان) دېگەندەك نەرسىلەرنى يوللۇق تۇتىدىكەن. يول دەريانىڭ غەربىي بويىدا بولۇپ، بىر بۆلۈك ئائىلىلەر دەريانىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سائىتىمىسىغا قىش كۈنلىرى مۇز كۆتۈرگەندە بارغىلى بولىدىكەن. بۇ ئائىلىلەر ئىشەك كارۋىنىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا، دەريادىن ئۆتۈپ، يول بويىدا ساقلاپ تۇرىدىكەن ۋە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ سوۋغا - سالىمىنى قوبۇل قىلىدىكەن. ئىشەك كارۋىنى كېرىيەگە قايتىشىدىمۇ ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ كۈتۈپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يوللۇقىنى تۇتىدىكەن. كېرىيەدىن ئىككى ئىشەككە سوۋغا - سالام ئېلىۋالسا، قايتاشىدا 4، 5 ئىشەك يوللۇق يىغىپ چىقىدىكەن.

ئۇلار يول ئۈستىدە ئادەم يوق بىرەر ئۆيگە چۈشسە، ئۆز ئۆيىدەك بىلىپ، بۇ ئائىلىنىڭ ئۇنىدا كۆمەچ ياكى پوكو كۆمۈپ يەپ، چاي قاينىتىپ ئىچىپ، بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى ئۆينى چىرايلىق يىغىشتۇرۇپ قويۇپ كېتىۋېرىدىكەن. ئۆي ئىگىسى كەلگەندە ئادەم ئىزىغا قاراپلا «پالانچى كېلىپ كېتىپتۇ» دەپ بىلىۋالىدىكەن ۋە خۇشال بولىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئۆينىڭ تۆت بۇرجىكىگە تۆت تۈۋرۈك قاداپ، توغراق ياغىچىنى تىكلەپ تام قىلىپ، ئۈستىگە بالا سېلىپ، توغراق شېخى ۋە يۇلغۇن بىلەن ياپقان ئۆيلەر بولۇپ، تېمى چاپلانمايدىكەن. ئۆگزىسى كۆمۈلمەيدىكەن. بۇ خىل ئۆيلەرنى «ساتما» دەپ ئاتايدىكەن. ئۆچىقى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، يىل بويى ئوت

ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، ئۆزۈم ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى تولۇقراق ئوتتۇرىغا قويۇپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

# مەن ئاڭلىغان دەريا بويى

مەن كىچىككىمدىنلا دەريا بويى توغرىسىدا كۆپ پاراڭلارنى ئاڭلىغان ھەم ئاڭلاشقا ھېرىسمەن ئىدىم. ئۇ چاغلاردا دەريا بويى بىر كەنت بولۇپ، قاچۇن گوڭشېغا قاراشلىق ئىدى. قاچۇن گوڭشې تەمىنات سودا كوپېراتىپى دەريا بويى كەنتىنى سانائەت تاۋارلىرى، يېمەك - ئىچمەك (ئاشلىق ۋە مايدىن باشقا) بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش ھەم بۇ كەنتنىڭ يۇڭ، تېرە، توشقان زەدىكى مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا مەسئۇل ئىدى. بۇ كوپېراتىپتىن توختى سىدىق، ئاۋۇت ئېزىز، سەيپۇللا ئېزىز قاتارلىق كىشىلەر دەريا بويى كەنتىگە يىلدا 2، 3 قېتىمدىن بېرىپ - كېلەتتى. ئۇلار بېجەن مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىسمايىل ئاخۇن ئىشەكچىنىڭ ئېشەك كارۋىنىنى كىرا قىلىپ، ئۇنىمۇ بىرگە ئېلىپ باراتتى. كېيىنرەك سەيپۇللا ئېزىز ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ بېرىپ، بىر نەچچە يىل دەريا بويى كەنتىدە دۇكان ئاچقانىدى. بىز ئۇلار بىلەن قوشنا بولغاچقا، ئىسمايىل ئاخۇن بىلەن ئائىلىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دەريا بويى ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنى كۆپ ئاڭلايتتۇق.

ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، دەريا بويى خەلقى تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، راستچىل، ساددا، مېھماندوست، ئادەم خۇمار كىشىلەر بولۇپ، ھېچكىم ئۆيىگە قۇلۇپ سالمايدىكەن. ئوغرى يوق ئىكەن. ساتمىلىرىغا كۆڭتەي بولۇپ كەتكەن توغراقتىن قانات چىقىرىپ، ئىشىك قىلىپ ئىشلىتىدىكەن. ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى ياكى ئەگۈنى يوق بولۇپ، بىر يەرگە كەتسە مال-چارۋىلارنىڭ كىرىپ پاراكەندە قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا ھويلا ئىشىكىنى يۇلغۇن ياكى توغراق شېخى بىلەن چىتلاپ قويۇپ كېتىدىكەن. كارۋانلارنىڭ يول ئۈستىدە چۈشۈرۈپ قويغان نەرسىلىرىنى تېپىۋالغانلار ئۇ نەرسىنى شۇ يەردىكى توغراق ياكى يۇلغۇن شېخىغا ئېسىپ قويىدىكەن. ئۆز ئىگىسى كېلىپ ئېلىپ كەتمىگۈچە ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلمايدىكەن.

ئۇلار پۇل ئىشلەتمەيدىكەن ياكى ساقلىمايدىكەن. مالغا مال ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلىدىكەن. ئۆزلىرىنىڭ يۇڭ، تېرە، توشقان

كەتكەن جەسەتلەر، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ... شۇ پېتى تۇرغۇدەك. قويچىنىڭ بالىسى كۆزنگە چىرايلىق كۆرۈنگەن بىر نەرسىنى يانچۇقىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇلار شەھەرنى بىر قۇر ئايلىنىپ بولۇپ، قايتايلى دەپ قارىسا، ھېلىلا ئۇچۇق تۇرغان شەھەر قوۋۇقى چىڭ ئېتىلىپ قاپتۇ. تۆت ئەتراپ ئېگىز سېپىل. دادىسى بىر نەرسىنى پەملەپ، بالىسىنىڭ بىرەر نەرسە ئالغان - ئالمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، شۇ نەرسىنى ئۆز جايىغا قويۇپ كېلىپ قارىسا قوۋۇق بۇرۇنقىدەكلا ئۇچۇق تۇرارمىش. ئەسلى بۇ تىلسىم قىلىنىۋېتىلگەن شەھەر ئىكەن. ئۇلار بۇ يەردىن ئامان قايتىپ چىقىپتۇ.

بىر قېتىم ئۈچ يىگىت «توشقان زەدىكى كولايمىز» دەپ ئەڭ يىراق قۇملۇققا بېرىپ، بىر يەردىن بىر قەبرە بايقاپتۇ. ئېچىپ قارىسا بۇزۇلمىغان جەسەت بار ئىكەن. بۇرنىدىن قان سىرغىغان پېتى تۇرۇپتۇ. قارىسا بويىنىغا تىزىق-تىزىق مارجان ئېسىلغان، قوللىرىدا ئالتۇن ئۈزۈك. ئۇلار جەسەتنىڭ مارجان، ئۈزۈكلىرىنى ئېلىۋېلىپ، قايتىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز قاراڭغۇ چۈشۈپ، يۇلتۇزلار چاقناپ، كېچە بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشتىن قورقۇپ كېتىپ، دەرھال ئالغان نەرسىلىرىنى جەسەتنىڭ قولىغا بۇرۇنقىدەك سېلىپ قويغانىكەن، ئالەم ئاستا-ئاستا سۈزۈلۈپ، تاڭ ئېتىپ قوياش يېگىۋاشتىن چىققانمىش.

يەنە ئىككى قويچى يوقاپ كەتكەن قويلىرىنى ئىزدەپ قۇملۇقتا كېتىپ بېرىپ، بوراندا قېلىپ يولدىن ئېزىپ بىر قەدىمىي شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار كېچىنى مۇشۇ يەردە تاڭ ئاتقۇزۇشنى پىلانلاپ، بىر كونا ئۆيگە كىرىپ يېتىشقانىكەن. بېشىنى يەرگە قويىسىلا ئەتراپتىن نەغمە-ناۋا، تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى ماختاپ ۋارقىراشلىرى، خېرىدارلارنىڭ باھا تالىشىشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان، توخۇلارنىڭ قاقىلداشقان ۋە چىللىغان، ئاتلارنىڭ كىشنەشكەن، قويلارنىڭ مەرىگەن... ئارىلاشما ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپتۇ. بېشىنى كۆتۈرسىلا بۇ ئاۋاز يوقايدىكەن، بېشىنى قويسىلا يەنە بۇ ئاۋاز ئاڭلىنىدىكەن. ئۇلار بىر كېچىنى تەستە تاڭ ئاتقۇزۇپ، ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا ئۇ شەھەر يوق، ئۆزلىرى قۇم دۆڭنىڭ يېنىدا ياتقان ئىمىش.

يەنە ئىككى قويچى بايلىق تېپىش ئۈچۈن بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە بېرىپ، بىر يەرنى كولىغانىكەن، بىر تۇڭلۇك ئېچىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئارغامچا بىلەن ئۆينىڭ ئىچىگە چۈشۈپ،

ئۆچمەيدىكەن. قىش كۈنلىرى ئوچاقنىڭ ئەتراپىغا جاي سېلىپ، دۈمبىسىنى ئوتقا قاقلاپ ياتىدىكەن.

يۇلغۇن-تېرەكلەرنىڭ شاخ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇپ ساقلايدىكەن. ياز كۈنلىرى ئۇنى قۇمغا كۆمۈپ ساقلايدىكەن. تومۇز ئىسسىقتا، ئاخشىمى قاپاقتا سۇ چىڭقاپ، قۇمغا كۆمۈپ قويۇپ، سەگىتىپ ئىچىدىكەن، قۇمغا كۆمۈلگەن سۇ بىر كېچىدە مۇزدەك سەگىپ كېتىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تامىقى پوكو (قوناق ئۇنىنى يۇغۇرۇپ، مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتا پوم قىلىپ، قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرىدىغان نان) بولۇپ، ھال كۈنى ياخشىراقلىرى ۋە تاپالىغانلىرى مېھمان كەلسە بۇغداي ئۇنىدا كۆمەچ كۆمىدىكەن. جىگدە ياكى چامغۇر تاپالىسا (كارۋانلار ئالغاچ كەلگەن بولسا) ئۇماچ ياكى سۇيۇق ئاش ئېتىپ ئىچىدىكەن. باشقا سەيلىك تاماق يېمەيدىكەن. كارۋانلار ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان سەي-كوكتاتلاردا تاماق ئېتىپ يېسە، ئۇلار «مال-چارۋىلارنىڭ رىسقىنى يەۋالىدىكەنسىلەر» دەپ مازاق قىلىدىكەن. ھۆل مېۋە-چېۋە، قوغۇن-تاۋۇز دېگەنلەرنى يۆتكەش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا، كەنتكە (ئۇلار كېرىيە بوستانلىقىنى «كەنتە» دەپ ئاتايدۇ) ياز كۈنلىرى چىقىپ باقمىغان كىشىلەردىن، بۇ خىل نەرسىلەرنى يەپ باقمىغانلار كۆپ ئىكەن. توغۇلۇپ 70، 80 ياشقا كىرىپمۇ كېرىيە بوستانلىقىغا چىقىپ باقمىغان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن.

باشقا كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، 60-يىللارنىڭ بېشىدا (ئېھتىمال جۇڭگو — ھىندىستان ئۇرۇشى يۈز بەرگەن چاغ بولسا كېرەك) بۇ يەردىن ئايروپىلان ئۇچۇپ ئۆتسە، قىسمەن كىشىلەر «بېشىمغا چۈشمىسۇن» دەپ توغراقلىققا كىرىۋالغانىكەنمىش.

كىنو ئەترىتى تۇنجى قېتىم دەريا بويىغا كېلىپ كىنو قويۇپ بەرگەندە، كىنو ئېكرانىدا ئاتلىق قوشۇن باستۇرۇپ كەلسە، ئاتلارنىڭ دەسسىۋېتىشىدىن قورقۇپ، ھەممە كىشى قېچىپ كەتكەنىمىش.

تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە زەنجىر تاپان تىراكتور بىلەن ئۇن يۆتكەپ كەلگەندە، بەزىلەر «قورسىقى ئاچقاندۇ، بېقىپ قويايلى» دەپ، تىراكتورنىڭ ئالدىغا توغراق شېخى تاشلاپ بەرگەنىمىش.

يەنە رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاتا-بالا ئىككى قويچى يوقاپ كەتكەن قويلىرىنى ئىزلەپ قۇملۇقتا كېتىپ بارسا، بىر شەھەر ئۇچراپتۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرىپ قارىسا، ئۆيلىرىدە ئۇخلاپ قالغاندەك يېتىشىپ

ئائىلە بۇغداي ئۇنى ئىشلىتىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ بوپتۇ. بىر ئائىلىدە بىزگە سەۋزە سېلىنمىغان پولۇ ئېتىپ بەرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن كۆمەچ ۋە گۆش يەپ قايتىپ چىقتۇق.

بۇ چاغدا ناھىيە مەركىزىدىن 390 كىلومېتىر (يول مۇساپىسى بويىچە) يىراقلىقتىكى «شالدىراڭنىڭ تىلى» دېگەن يەردىمۇ ئائىلىلىك بارلىقىنى، بۇ يەردىن ئىككى كۈن پىيادە ماڭسا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسىگە چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم.

بىز بارغان چاغدا، دەريانىڭ سۈيى سوقما دېگەن يەرگە كەلگەندە (ناھىيە مەركىزىدىن يول مۇساپىسى بويىچە 210 كىلومېتىر) سىڭىپ تۈگەيدىكەن. ئۇنىڭ ئايىغىدىكى كىشىلەر قۇدۇق سۈيى ئىچىدىكەن. دەريا سۈيى كەلكۈن ۋاقتى ۋە قىش پەسلىدە ئاياغقىچە يېتىپ بارالايدىكەن.

بىز تېرىمدىكى بىر ساتىمدا چۈشلۈك تاماق يەپ ئولتۇرغاندا 45 ياشلاردىكى بىر چارۋىچى بىزدىن:

— ساچىر خانىم جۇڭگوغا كەلسە، بەك دەۋ-دۇۋە قىلىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ كەلگىنىنىڭ بىزگە نېمە پايدىسى بار؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— سىلى قەيەرلىك؟ — دەپ سورىدۇم مەن ئۇنىڭ سوئالىدىن تولىمۇ ھەيران بولۇپ.

— دەيۋۇيلاغ («دەريا بويلۇق» دېمەكچى).

— بۇ ئىشلارنى سىلەمۇ بىلەمسىلەر؟

— بىز بىلمەيدىغان ئىش يوق. كۈندە رادىئو ئاڭلايمىز. جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمىز.

— رادىئو ھەممە ئۆيدە بارمۇ؟

— بار. بەزى ئۆيدە ئىككىدىن بار. لويۇڭ (ئۈن ئالغۇ) مۇ ھەممە ئۆيدە بار.

دېمەك، ئۇلار ھەرگىزمۇ «تاشقى دۇنيادىن بىخەۋەر ئادەملەر ئەمەس»، بەلكى رادىئو، ئۈن ئالغۇلار ئارقىلىق دۇنيادىكى ئىشلاردىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن.

بۇ كەنتتە ئەزەلدىن ئۆيگە قۇلۇپ ئىشلىتىلمەيدىغانلىقى، ئادەملەرنىڭ ئىز تونۇشقا ماھىر ئىكەنلىكى راست ئىكەن. ئادەملەرنىڭ ئىزىلا ئەمەس، مال-چارۋىلارنىڭ ئىزىنىمۇ تولۇق تونۇيدىكەن. ئوغرىلىرى ياتىبغىر ئەمەس، بەلكى ئادەم خۇمار، كىشىلەر بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتىدىغان، پاراڭلىشىشقا خۇشتار كىشىلەر ئىكەن.

قاراڭغۇدا سىلاشتۇرۇپ ئاختۇرۇپ، بىر كۆن ھەميان تېپىۋاپتۇ. ھەمرىھى ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. ئۇلار ھەميانىنى ئاختۇرۇپ كۆرسە، ئىچىدىن قىمارۋازنىڭ 4 تال ئوشۇقى چىقىپتۇ.
بۇلار راس بولغان ئىشلارمۇ ياكى توقۇلغان گەپلەرمۇ بىر نېمە دېمەك تەس. مەن ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇ ئىشلارنىڭ راست-يالغانلىقىنى، شۇ كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەن بولسامۇ، ئىگىسىنى تاپالمىدىم. يوقىرىقىلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ۋاقەلەرنى دەريا بويىلۇقلارمۇ ئاڭلىغان بولسىمۇ، كىمنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

# مەن تۇنجى كۆرگەن دەريا بويى

مەن 1986-يىلى 9-ئايدا چارۋىچىلىقتا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمغا تەرجىمان بولۇپ، دەريا بويى كەنتىگە تۇنجى قېتىم بارغانىدىم. بۇ چاغدا يول ئۈستىدە ئىككى كۈن قونۇپ، تىرىمغىچە بېرىپ، قايتقانىدۇق. شۇنداقتىمۇ كۆرگەن، بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىم قاچۇن گۆڭشې تەمىنات سودا كوپىراتىپىدىكى كىشىلەرنىڭ سۆزلەپ بەرگىنى بىلەن ئوخشاش چىقتى. پەقەت دەريانىڭ شەرقىدە ماشىنا ماڭىدىغان يول پەيدا بولۇپتۇ. بۇرۇنقى كارۋان يولى يەنىلا دەريانىڭ غەربىدە ئىكەن. 1982-يىلى چارۋىلار شەخسلەرگە سېتىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ھەم بۇ يەرگە چار بازارچى، تىجارەتچىلەرنىڭ كېلىپ تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار پۇل ئىشلىتىشكە كۆنۈپتۇ. لېكىن ئۆيىدە نەق پۇل ساقلىمايدىكەن. ئوزۇق-تۈلۈك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى تىجارەتچىلەردىن نىسى ئالىدىكەن. ئەتىيازدا ۋە كۈزدە تىجارەتچىلەرگە يۇڭ، تىۋىت، توشقان زەدىكى سېتىپ بېرىپ نېسىنى ئۈزلىشىدىكەن. تىجارەتچىلەر يىل بويى نېسىگە مال تارقىتىپ، كۈزدە 10-، 11-ئايدا، ئەتىيازدا 4-، 5-ئايدا نېسى يىغىدىكەن. چارۋىچىلار تىجارەتچىلەرگە تىۋىت ياكى يۇڭ ۋە ياكى توشقان زەدىكى بېرىشنى ۋەدە قىلغان بولسا، يىغقان نەرسىلىرىنى چوقۇم شۇ تىجارەتچىگە ساتىدىكەن. باشقىلار قىممەت ئالماقچى بولسىمۇ، ئۇلارغا بەرمەيدىكەن. پەقەت ئالدىن قەرز قىلمىغانلارلا خالىغان كىشىگە ساتىدىكەن. بۇ يىللاردا ئاساسەن ھەممە

كەلگەندە توك تارقىتىدىغان دىزېل ماتور، فىلىم قويۇپ بېرىدىغانغا سىن قويغۇ بار بولۇپتۇ.

2) ناھىيە بازىرىغا ھەپتە قارادا ماشىنا قاتناپ تۇرىدىكەن. سەي-كۆكتات، يەل-يېمىشلار تېپىلىدىغان بولۇپتۇ، ئاش-تاماق ئېتىپ يېيىش كۆپىيىپتۇ. بېلىق يېيىشنى ئۆگىنىپتۇ (ئۆزى تۇتىدىغانلار بەك ئاز بولسىمۇ).

3) قىشلايدىغان ئۆيى ۋە مېھمانخانىسىنى كىرپىچ پەدىسىدە ۋادەكلەپ، چاپلاپ، سۇۋاپ، ئۆگزىسىنى كۆمۈپ ئولتۇرىدىغان بولۇپتۇ. ئۆي-ئۆيدە گىلەم بار، يوتقان-كۆرپىلىرى كۆپ، ئوزۇق-تۈلۈكى زاپاس ھالەت شەكىللىنىپتۇ. قىز-چوكانلىرى كىرپىيەدە نېمە مودا بولسا، شۇنى كىيىدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ.

4) «سىرتتىن كەلگەن قورۇق ئاياغلار كۆپىيىپ قالغانلىق» سەۋەبىدىن، مۇھىم نەرسىلەر سېلىنىدىغان ساندۇقلارغا قۇلۇپ سېلىشنى ئۆگىنىپتۇ.

5) مېھمان كەلسىلا مال سويىدىغان، تۇرمۇشى ياخشىراقلىرى كاۋاپ، شورپا سېلىپ مېھمان ئۇزىتىدىغان ۋە گۆش يوللۇق تۇتىدىغان، ئادەتتىكىراقلىرى قېيمىلىق كۆمەچ كۆمۈپ مېھمان قىلىدىغان باياشاتلىق بارلىققا كەپتۇ.

بىز بۇ قېتىم سەپىرىمىزدە يوك بېسىلغان ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى مەتتۇرسۇن تۇردى، مەكتەپ مۇدىرى مەتتوختى غوجا، 2-رايون سودا سارىيىنىڭ دەريا بويىدا تۇرۇشلۇق پىركازچىكى مەتيۇسۇپ ۋە 6 نەپەر ئىشلەمچى، 4 نەپەر يەككە تىجارەتچى بىرگە يولغا چىقتۇق. دەريا بويى يېزىسى تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، يول بويى ساتما بارلىكى يەردە توختاپ، چارۋىچىلار بىلەن قىسقىچە بولسىمۇ ئەھۋاللىشىپ ماڭدۇق. ساتمىسى دەريانىڭ غەربىي تەرىپىدىكى چارۋىچىلار يول بويىغا چىقىپ بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ماشىنا توختىغاندا، ئۇسسىغان بولساق ياكى تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسا، چارۋىچىلارنىڭ ساتمىسىغا كىرىپ ئوزۇقلىنىپ ماڭدۇق. تاماققا چۈشكەنلىكى ئائىلىلەر ئوغلاق سويۇپ، بىزنى مېھمان قىلىشتى. زۇرۇرىيىتى يوق ساتمىلاردا ماشىنىدىن چۈشمەيلا ئەھۋاللىشىپ، يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. يەككە تىجارەتچىلەر ۋە پىركازچىك مەتيۇسۇپ چارۋىچىلارغا لازىملىق نەرسىلەرنى بېرىپ ماڭدى. لېكىن، ھېچقايسىسى پۇل بەرمىدى ۋە پۇل ئالمىدى. سودا پۈتۈنلەي نېسى بولۇپ ماڭدى.

لېكىن، چارۋىچىلىقتىن باشقا ھېچقانداق كەسىپنى بىلمەيدىكەن. تىرىكچىلىك قىلمايدىكەن. قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ يوق ئىكەن. لازىمەتلىكلەرنىڭ ھەممىنى ناھىيە بازىرىدىن كەلتۈرىدىكەن.

بۇ كەنتتە مۇنتىزىم مەكتەپ يوق. ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى ئېشەككە مىنىپ، ئائىلىمۇ ئائىلە ئايلىنىپ يۈرۈپ دەرس ئۆتىدىكەن. بىر نەپەر چارۋا دوختۇرى چولڭ ماي توڭىدا ئەتتۈرگەن ئۇلاغنى يېدۈپ يۈرۈپ، ئائىلىمۇ ئائىلە بېرىپ، چارۋىلارنى ۋاننىغا سېلىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. ئادەم داۋالايدىغان دوختۇرخانا ۋە دوختۇر يوق ئىكەن. كېسەللەر ناھىيە بازىرىغا چىقىپ، مۇغاللا دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىدىكەن. ناھىيىلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن يىلدا بىر - ئىككى قېتىم ئادەم كېلىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.

ئاھالە بەك تارقاق بولغاچقا، يىغىن ئاچالمايدىكەن. سايلام ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلارنى توي-تۆكۈندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارىدىكەن. ئاشلىقنى جاي يېزىسى تەمىنلەيدىكەن. ئۇلار چارۋا بېجى، يايلاق ئىجارىسى، ئوت ئۇچى، باشقۇرۇش راسخودى قاتارلىق ھەقلەرنى تۆلەيدىكەن، باشقا ھەق تۆلىمەيدىكەن.

بۇ يەردە ئاساسلىقى ئۆچكە، قوي بېقىلىدىكەن. بىر ئائىلىدە بىردىن ئېشەك بار ئىكەن. كالا يوق ئىكەن. بىر نەچچە ئائىلىدە ئات ۋە تۆگە بار ئىكەن. توخۇ نىسبەتەن ئاز ئىكەن. بىر نەچچە ئائىلىلەرلا باقىدىكەن.

# مەن تونجى تەكشۈرگەن دەريا بويى

مەن 1997 - يىلى يازغۇچى ئابدىراخمان قاھار بىلەن بىرگە بۇ يەرگە كېلىپ، بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرمۇش ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. مەن بۇ جەرياندا دەريا بويى كەنتتىكىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، مۇراسىم ئادەتلىرى، تىل ئادىتى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان فولىكلورى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم.

1986-يىلدىن 1997-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، دەريا بويى يېزىسىدا كۆپ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپتۇ.

1) كەنت يېزا بولۇپ قۇرۇلۇپ، دوختۇرخانا، مەكتەپ، ئاشلىق پونكىتى، چارۋا پونكىتى، ساقچىخانا، دۇكان قۇرۇلۇپتۇ. مېھمان

توختىماي كەتسەم، ئاتايەن كەينىمدىن ئات بىلەن توختىغان ئۆيگە بېرىپ، مېنى تىللاپ قوياپ كەتتى.

— نېمىشقا؟ — سورىدىم مەن.

— «مېنى ئەدەم قاتارىدا كۆرمىدەڭمۇ؟ مېنى ياراتمىغۇدەي بولداڭما؟ مەن بىچىن چاي قايىنتىپ بېرەلمەمتىم؟ قانداق هارامدىن بوغان سەن؟» دەپ بىر تىللىغىلى تۇرۇۋېتى، ئالدىراپتىم، خاپا بومالڭ دېسەممۇ ئۇنىماي، بى سائەتتەي تىللىدى. شۇنىڭ ياڭقىسى ساتىمدا ئەدەم بوسا توختاپ ماڭمتقان بولدام.

مەن يۇقىرىقى ئەهۋاللارنى دەريا بويى خەلقىنىڭ مېهمان دوستلۇقىنىڭ ئىپادىسى، مېهمان كۈتۈشتىكى ئۆزگىچە ئالاهىدىلىك ۋە مېهمانلارغا بولغان هۆرمىتىنىڭ نامايەندىسى بولسا كېرەك، دەپ قارىدىم. بۇ خىل ئادەت كېرىيەنىڭ باشقا جايلىرىدا يوق. بۇ دەريا بويىنىڭ ئۆزگىچىلىكى.

دەريا بويى خەلقىنىڭ تىل ئادىتى كېرىيەنىڭ تىل ئادىتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، هېچقانداق پەرق يوق ئىكەن. مەيلى فونېتىكا، لېكسىكا ياكى گراماتىكا جەهەتتىن بولمىسۇن، كېرىيە شېۋىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى. مەن بۇ يەردە پەقەت «شەشكىن» (8-، 9-ئايلاردىكى پىچان ئورۇش ۋە قاقتا سېلىش مەزگىلى)، «چاۋال» (شالاڭ ئۆسكەن قومۇش) دېگەن ئىككى تېرمىنىنىلا تاپالىدىم. قومۇش پىچىنىنى «ساپا» دەيدىغانلىقىنى بىلدىم (كېرىيە شېۋىسىدە «پاسا-قوناق شېخى» دېگەن مەنىدە). مەن بۇ جەهەتتە خېلى كۆپ ئىزدەنگەن بولسامۇ، هېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ كېرىيەنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، راۋابچى، سازەندىلەر كېرىيە خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىدىكەن. ئۆزگىچە ناخشا - قوشاق تېپىلمىدى. هېكايە، چۆچەك، رىۋايەت بىلىدىغانلار ئاساسەن يوق ئىكەن. مەن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپمۇ، بىرەر چۆچەك ياكى رىۋايەت بىلىدىغانلارنى تاپالمىدىم.

توي قىلىش، ئات قويىدى (بۆشۈك تويى)، خەتمە توي، جۇۋان توي ئۆتكۈزۈش، ئۆلۈم ئۇزىتىش، نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرىدە پەقەت جۇغراپىيىلىك شارائىت تۈپەيلى كېلىپ چىققان قىسمەن ئۆزگىچىلىكنى هېساب قىلمىغاندا، كېرىيەدىكىدىن هېچقانداق ئۆزگىچىلىك يوق. ئەسلى بۇنداق خىلۋەت جايدا كونا تىل قالدۇقلىرى ۋە ئۆزگىچە تىل ئادىتى، ئۆزگىچە مەدەنىيەت قاتلىمى ساقلىنىپ قېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ جەهەتتە كېرىيە بىلەن ئوخشاش

گەرچە يېزا مەركىزىگە ئىككى قونۇپ ئاران يېتىپ بارغان بولساقمۇ، لېكىن بۇ بىزگە تۇرمۇش ئۆگىنىش ۋە ئەھۋال ئىگىلەشكە ياخشى پۇرسەت بولدى. مېنى ئىككى ئىش بەك ھەيران قىلدى. بىرى: ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى كېرىيە بوستانلىقىدىكى باشقا يېزا بازارلارنىڭكىدىن خېلىلا چىڭ، ئەر-ئايال، قېرى-ياش ھەممىسى دېگۈدەك 5 ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان بولسىمۇ، لېكىن تىجارەتچىلەردىن تاماكا ئالغۇچىلار نىسبەتەن كۆپ بولدى. شۇ چاغدا مۇغاللا تاماكا كارخانىسى ئىشلەپ چىقارغان بىر بولىقى 2 يۈەنلىك تاماكىنى 4 يۈەندىن، بىر تاختا گېزىتنى بىر يۈەندىن ئېلىشتى. ياش باللار ئاتا-ئانىسىدىن يوشۇرۇن سېتىۋېلىشتى. بۇ خىل ئەھۋالنى مەن بۇ يەرنىڭ ئادەم ئاز، زېرىكىشلىك مۇھىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا كېرەك، دەپ قارىدىم.

ئىككىنچىسى، بىز چۈشۈپ تاماق يېگەن ئۆيلەردە مېھمانلار تەبىئىي ھالدا ئورۇن تەرتىپى بويىچە ئولتۇرۇپ قالىمىز، يەنى: ئەڭ تۆردە ئابدىراخمان قاھار بىلەن مەتتۇرسۇن تۇردى، ئۇلارنىڭ ئىككى يېنىدا مەتتوختى غوجا بىلەن مەن. بىزنىڭ تۆۋىنىمىزدە مەتيۇسۇپ بىلەن ماشىنا شوپۇرى مەتقاسىم. ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە تىجارەتچىلەر ياش پەرقى بويىچە تىزىلىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە قاياقتىندۇر پەيدا بولۇشقان يەرلىكلەر (كېيىندا 4-5) تىزىلدى. كۆمۈلگەن كۆمەچلەر ئوشتۇلغاندا، تۆرگە چوڭ پارچىلىرى، تۆۋىنىدە كىچىك پارچىلىرى قويۇلدى. ئابدىراخمان قاھار بىلەن مەتتۇرسۇن تۇردىغا ئوغلاق ياكى قوينىڭ ئىككى پۇتى بىلەن بۆرىكى بىلەن پۈتۈن قويۇلدى، مېنىڭ ۋە مەتتوختى غوجىنىڭ ئالدىغا ئالدى پۇتى پۈتۈن قويۇلدى. بىزنىڭ تۆۋىنىمىزدىكىلەرگە مەلۇم مىقدار جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈپ قويۇلۇپ، ئاخىرىسىغا كىچىك بىر پارچىدىنلا قويۇلدى. ئۆي ئىگىسى ھېچ نېمە يېمەي، مېھمانلارنى تاماققا زورلاپ، پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇپ، بىز چالا غاجىلاپ تاشلىغان ئۇستىخانلارنى پىچىقى بىلەن قىرىپ يەپ ئولتۇردى. بۇ خىل ئەھۋال بىز يېزىنىڭ باشقا جايلىرىغا بارغاندىمۇ ئۇدا تەكرارلاندى.

مەن دەريا بويىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە بەكرەك قىزىققاچقا، شوپۇر مەتقاسىمنى يولدا ئازراق توختاشقا دەۋەت قىلسام، ئۇ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ئۇلار ئالدىمىزغا چىقىپ تۇسا، بىز توختىماي كەتسەك خاپا بولۇتۇ، بى قېتىم مەن يولغا ئەندەرەپ، بىشنىنىڭ ئىشكايلىسىدا

بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. ئامبال ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، دەريانىڭ شەرقىنى ھەممە تەكىگە، غەرب تەرىپىنى يۇمىلاق باراققا بېتىپ، يەر خېتى كېسىپ بېرىپتۇ. ئىككىنچى يىلى ئۇلار تاغ ئوتاغلىرىدىكى چارۋىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، چارۋىچىلىرى ۋە خوتۇن-بالىلىرىنى ئېلىپ، كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ يولغا چىقىپتۇ. ياخشى ماكاننى تاللاپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاشلىق تۈلۈكىنى ئاتا-ئانىسى ۋە بىر تۇغقانلىرى ئېشەك كارۋانلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ جاينىڭ داڭقى پۈتۈن كېرىيەگە تارايتۇ ۋە «دەريا بويى» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ تۇغقانلارنىڭ مال-چارۋىلىرى بار ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، ئۇلاردىن يايلاق سېتىۋېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقانلار كۆپىيىپ، مال-چارۋىلار تېز ئاۋۇپ ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەريانىڭ بويىغا كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن قالماقلار باستۇرۇپ كېلىپ (رىۋايەتتە «قالماق» دېيىلگەن. (راست قالماق ياكى باشقا مىللەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا باشقا مەلۇمات ياكى رىۋايەت يوق). بۇ يەرنىڭ تەقدىرىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپتۇ. بۇ يەرگە ئېغىر ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئېلىپ كەپتۇ. قالماقلارنىڭ باستۇرۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئىككى جەمەتنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئاقساقال دەرھال قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. ھەممە تەكە قان تۆكۈلۈش، ئۆلۈم-يېتىم بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قالماقلار بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، چىرايلىق داستىخان سېلىپ، دېگىنىنى بېرىپ يولغا سېلىشنى تەشەببۇس قىلىپتۇ. يۇمىلاق باراق بولسا ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلىپتۇ. بۇ ئىككىسى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇشۇپ، بىر قارارغا كېلىشەلمەپتۇ. ھەممە تەكە دېگىنى بويىچە قالماقلارغا داستىخان سېلىپ، مال سويۇپ مېھمان قىپتۇ. لېكىن، قالماقلار ئەسكىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ-تالاپتۇ، قىز-چوكانلارنى ئاياغ-ئاستى قىپتۇ. تەكە جەمەتىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپتۇ. قالماقلار باراق جەمەتىدىكىلەرنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار قەتئىي رەت قىلىپ، ئاخىر ئۇرۇش يۈز بېرىپتۇ. قالماقلار تولۇق

بولۇشىدا، بۇ كەنتتە ئولتۇراقلاشقان باراق جەمەتى ئۆزلىرىنى جاي كەنتىدىن سانايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى جاي كەنتىدە. تەكە جەمەتى ئۆزلىرىنى قالۇق كەنتىدىن سانايدۇ ھەم ئۇلارنىڭمۇ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى قالۇق كەنتىدە بولۇپ، بۇ ئىككى كەنت ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدە. ئۇلارنىڭ جاي ۋە قالۇق كەنتى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، قۇدىلىشىش ئىشلىرىمۇ كۆپ، تارىختىن بېرى دەريا بويىدىن ئوقۇيدىغانلار ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ ئوقۇپ، ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كېتىدىكەن. كېسەل بولغانلار ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ داۋالىنىدىكەن، يەنە كېلىپ دەريا بويىدىن كۆچۈپ چىقىپ كېتىپ، كېيىن يەنە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارمۇ، كېرىيەدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن قۇدىلىشىش سەۋەبىدىن يېڭىدىن كەلگەن ئەر-ئاياللارمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ناھىيە بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسى، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن كېرىيە بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىشقا سەۋەب بولغان.

دەريا بويىدا ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش تارىخى ئۇستىدە نۇرغۇن ئىزدىنىپ، ياشانغان ۋە ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ بوستانلىقتا ياشاپ كەلگەن 20 نەچچە كىشى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن بىر ئاز، بۇنىڭدىن بىر ئاز ئىگىلىگەن ھېكايىلەرنى بىر - بىرى بىلەن باغلاپ، بۇ جايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتنى رەتلەپ چىقتىم.

بۇرۇنقى زاماندا، كېرىيەنىڭ جاي كەنتىدە يۇمىلاق باراق، قالۇق كەنتىدە ھەمە تەكە دېگەن ئىككى نەپەر ياش ئوۋچىلار ئۆتكەنىكەن. ئۇلار يېقىن دوستلاردىن بولۇپ، ھەمىشە بىرگە ئوۋ قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئىككىسى ئوۋ ئوۋلاشتا بەسلىشىپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ سۈيى ئۈزۈلىدىغان جايغىچە بېرىشماقچى بولۇپتۇ ۋە تەييارلىق قىلىپ، ئاتلىرىغا مىنىپ، قارچۇغا، ئوۋ ئىتلىرىنى ئېلىپ، بىرلىكتە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەن يەردە يېتىپ، ئوۋ ئولجىلىرىنى يېمەكلىك قىلىپ، ئوۋ ئوۋلىغاچ بىر ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپمۇ دەريانىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا يېتىپ بارالماپتۇ. قارىسا دەريانىڭ ئىككى قاسنىقى قويۇق قومۇشلۇق ۋە يۇلغۇنلۇق، بۇك-باراقسان توغراقلىق، سۈيى مول ئىنتايىن ياخشى يايلاق ئىكەن. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، مال-چارۋىلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، ئوۋچىلىق قىلغاچ چارۋا بېقىپ ئولتۇراقلىشىشنى بېكىتىپتۇ ۋە قايتىپ چىقىپ، ناھىيە ئامبىلىدىن بۇ يايلاقنى ئۆزلىرىگە سېتىپ

قىپتۇ. لېكىن، تەكىنىڭ ئوغلى يۇمىلاق باراقنىڭ قىزىنى ئېلىپ قېچىپ توي قىلىۋاپتۇ. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان يۇمىلاق باراق ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە، يۇمىلاق باراق مال-چارۋىلىرىنى قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈلەشتۇرۇپ بېرىپ، جاي كەنتىگە كۆچۈپ كەتكەن دېيىلىدۇ. يۇمىلاق باراق ئۆلۈش ئالدىدا پەرزەنتلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا تەكە جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئەۋلادمۇئەۋلاد قۇدىلاشماسلىقنى ۋەسىيەت قىپتۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئىككى جەمەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقانلار يىلمۇيىل ئازىيىپ بېرىپتۇ. چارۋىدارلار بۇ جايدا ئولتۇراقلاشماي، چارۋىچىلىرىلا ئولتۇراقلىشىپ چارۋا باقىدىغان، ياكى چارۋىلىرىنى بېقىپ بېرىش بەدىلىگە بايلىقىنى ھەقسىز پايدىلىنىۋېلىشقا بېرىدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ. ئىككى جەمەتتىكىلەرنىڭ ئۆزئارا قۇدىلاشماسلىقى تاكى 50-يىللارغىچە داۋاملاشقان. ئازادلىقتىن كېيىن، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە بارغان كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىشلىشى ۋە تەنقىدى بىلەن بۇ ئازارچىلىققا خاتىمە بېرىلگەن، شۇنداقتىمۇ تارىختا ئىككى جەمەتنىڭ قىز-يىگىتلىرى يوشۇرۇن مۇھەببەتلىشىپ، قېچىپ توي قىلىش ياكى ئاتا-ئانىسىغا بېسىم ئىشلىتىپ توي قىلىش ئىشلىرى كۆرۈلۈپ تۇرغان. تەكىلەرنىڭ سىرت بىلەن قۇدىلىشىپ، سىرتقا كۆچۈپ كېتىشى كۆپرەك بولۇپ، ھازىرقى ئومۇمىي نوپۇسى باراقلارنىڭكىدىن ئاز. باراقلاردا نەۋرىنى نەۋرىگە چېتىش ئەھۋالى تەكىلەرنىڭكىدىن كۆپ.

تونۇغاز باستىدا ئولتۇرۇشلۇق قادىرئاخۇن ئاق ساقال (تەكە) نىڭ دادىسى روزاخۇن ئاق ساقال؛ بوۋىسى تۇرسۇن ئاخۇن تەكە بولۇپ، تۇرسۇن ئاخۇن تەكە بورۇنقى زاماندا (قايسى يىللار ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس) دەريا بويى كەنتىگە (تەكە تامغا بولسا كېرەك) ئاق ساقال بولغان. تۇرسۇن ئاخۇن تەكەنىڭ دادىسى توختىكان تەكە 5 بىر تۇغقان بولۇپ، تارىختا «بەش تەكە» دەپ ئاتالغان. قادىر ئاخۇن دەريا بويى توغرىسىدىكى رىۋايەتتىكى ھەممە تەكەنى بوۋىسىنىڭ بوۋىسى دەپ تەرىپلەيدۇ، يەنى ئۆزىنى ھەممە تەكەنىڭ 4-ئەۋلادى دەپ سانايدۇ. مەن تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ پاكىت ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇنداق ھېسابلىغاندا، دەريا بويىنىڭ تارىخى 150 يىلغا بارىدۇ. قادىرئاخۇن ئاق ساقال ھەممە

قورۇللانغان بولغاچقا، ئۇرۇشتا قالماقلار غالىب كېلىپتۇ. يۇمىلاق باراق قېچىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىپتۇ. قالماقلار يۇمىلاق باراقنىڭ ئايالىنى تۇتۇۋېلىپ، ئېرىنى تېپىشقا قىستاۋاتقاندا، يۇمىلاق باراق دۆڭ ئارىسىدىن ئەگىپ يۈرۈپ، نەق مەيدانغا كەپتۇ ۋە دۆڭ كەينىدە مۆكۈپ تۇرۇپ، قالماقلارنىڭ كاتتىۋېشىنى ئۆزىنىڭ ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئاتماقچى بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئايالى كۆرۈپ قېلىپ، ئېرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قالماقلارنىڭ كاتتىۋېشىنى ئۆز گەۋدىسى بىلەن توسۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئوق چىقىرىشىغا شارائىت بەرمەپتۇ. يۇمىلاق باراق ئايالىنى نېرى تۇرۇشقا ئىشارەت قىلىۋاتقاندا، قالماقلار ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى تۇتۇشقا ئاتلىنىپتۇ. يۇمىلاق باراق قېچىپتۇ. قالماقلار ئاتلىق قوغلاپتۇ. قالماقلار يۇمىلاق باراقنى تۇتۇۋالاي دېگەندە، ئۇنىڭ قارا ئىتى پەيدا بولۇپ، قالماقلارغا خىرىس قىلىپ، ئاتلىرىنى ئۈركىتىپ، ئۇلارنى توسۇپ قاپتۇ. يۇمىلاق باراق دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپ، سۇنىڭ ئېقىنتىشى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئۇ دەريادىن چىقىپ، قالماقلار كەتكەندىن كېيىن، ئايالىنى قىيىن-قىستاققا ئالغان جايغا كېلىپ قارىسا، قالماقلار ئۇنىڭ ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى توغراقنىڭ شېخىغا ئېلىپ قويۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا، بۇ دۆڭ «ئىلدۆڭ» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ دەرد-ئەلەم تۈپەيلى، يۇمىلاق باراقنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

قالماقلار بۇ يەردىكى مال-چارۋىلارنى بۇلاپ، كەلگەن يولى بىلەن قايتىشىپتۇ. يول بويى قېچىپ كەتكەن، ھېرىپ قالغان ماللار بىلەن كارى بولماي تاشلاپ قويۇپ كېتىشىپتۇ. بۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭمۇ كۆپ قىسمى ئۇرۇش ۋەھىمىسى ۋە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن كېرىيەگە قېچىپ كېتىپتۇ. يۇمىلاق باراق قېپقالغان ئازغىنا ئادەملىرىگە توپتىن قېپقالغان قويلارنى تېپىپ، قوي قالغان جايلاردا ماكان تۇتۇپ ياشاشنى ئېيتىپتۇ. ئۇلارمۇ ھەم شۇنداق قىپتۇ. شۇڭا، بىر نەچچە جاي «قوي قالغان»، «ئەچكى قالغان»، «ئەچكى ئۆلگەن»، «كالا ئۆلگەن»، «تۆگە قالغان»، «تۆگە ئۆلگەن» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەممە تەكە يۇمىلاق باراققا قىز سوراپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەسلىدە ھەممە تەكىنىڭ ئوغلى بىلەن يۇمىلاق باراقنىڭ قىزى ئىچ-پەغ تارتىشىپ يۈرگەنىكەن. يۇمىلاق باراق ھەممە تەكىنى «ئاسىي» دەپ ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلىشىشنى قەتئىي رەت

بارلىق ئاھالە پائالىيەت بولىدىغان ئۆيگە يىغىلىپ بولىدۇ، توي ئىككى كۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرىنچى كۈنى قىز تەرەپتە، ئىككىنچى كۈنى ئوغۇل تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئۆيلىرى بەك ئۇزاق بولسا، قىز كۆچۈرۈش، كۆرسىتىش ئادەتلىرى شەكلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئوغۇل تەرەپنىڭ تويى ۋە مېھمانلار ۋە ئۆي ئىگىلىرى يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بەزى تويلار 2-3 كۈن داۋاملىشىدۇ.

مېيىت ئۇزىتىشقا، يەرلىك كولاش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا قېرىپ كوڭتەي بولۇپ كەتكەن توغراقنى يېرىپ، ئوقۇر ياساپ، ئىككى بېشىغا تاختاي مىخلاپ، يەرلىكنى شەكىل ئۈچۈن ئىچ يەرلىك ۋە تاش يەرلىك دەپ كولاپ، «ئىچ يەرلىك» كە جەسەتنى ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە تەييار قىلىنغان توغراق كوڭتىيىنى يېپىپ كۆمىدۇ. مېيىتنىڭ پارىسىنى (3 نەزرىسىنى) ناماز كۈنى بېرىۋېتىدۇ. باشقا ئادەتلىرى كېرىيەدىكى بىلەن ئوخشاش ئۆتكۈزۈلىدۇ.

كېيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدىمۇ ئۆزگىچىلىك يوق. چۈنكى، ئۇلار كىيىم-كېچەكلىرىنى پۈتۈنلەي كېرىيەدىن كەلتۈرىدۇ ۋە كېرىيەدىن ئېلىپ كەلگەنلەردىن سېتىۋالىدۇ. ئەرلىرى ئۇزۇن چاپان، يەكتەك، ئاياللىرى پەلتو كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىز-يىگىتلىرى كېرىيەدە مودا بولغان كىيىملەرنى كىيىشكە خۇشتار، شۇنداقتىمۇ بۇ جايدا كېرىيەنىڭ ئاياللار كىيىدىغان ياقىلىق كۆڭلەك (جۇۋانچە كۆڭلەك) قاتارلىق ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرى نىسبەتەن كۆپ ساقلىنىپ قالغان. ئاياللار پەرىجە، ئاق ياغلىق، كىچىك تەلپەك كىيىش، ئەرلەر تونچى يەكتەك ... قاتارلىق ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيىش ئادىتى ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىپ قالغان.

ئوچاق ساتما ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا چاسا شەكىللىك قىلىپ كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى ئاساسەن تەڭ قىلىپ 70-120 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، 10 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە سېغىز لايغا كۆل ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ. ئوچاقنىڭ پەگە تەرىپى ئوچاق تېگى بىلەن تەكشى چىقىرىلىپ، ئوتۇن شۇ تەرەپتىن سېلىنىدۇ. ئۆگزىنىڭ ئوچاق ئۈدۈلى ئوچۇق قويۇلىدۇ. ئوچاق تېگىگە پاكىز قۇم قويۇلۇپ، ئوت قۇم ئۈستىگە قالىنىدۇ. كۆمەچ، پوكولارنى قىزىق قۇمغا كۆمۈپ پىشۇرىدۇ. ئادەتتە چاينىمۇ مۇشۇ ئوچاقتا قاينىتىدۇ. تاماق ئېتىشكە سىرتقا ئايرىم ئوچاق تەييارلاپ، قازان ئاسىدۇ. ئوچاقتا توغراق ئوتۇنىدىن باشقا ئوتۇن سېلىنمايدۇ. باشقا ئوتۇن سېلىنسا، كۆمۈلگەن

تەكىنىڭ 7- ياكى 8-ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، باراق جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئەجدادىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ تارىخىنى ئەڭ قىسقا بولغاندا 350 يىلغا ئاپارغىلى بولىدۇ. لېكىن، يىلنامە توغرىسىدا زادى ئېنىق پاكىتقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، دەريا بويلۇقلار يىل ساناپ ئادەتلەنمىگەن، ئۆزلىرىنىڭ يېشىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدۇ.

يېقىنقى مەزگىللەرگىچە چارۋىدارلار يىلدا بىر قېتىم ئۆزى بېرىپ ياكى ئادەم ئەۋەتىپ، توختاملىرىنى نەقلەشتۈرىدىغان، چارۋىلىرىنى كېرىيەدە تۈرۈپلا سېتىپ، چارۋىلىرىغا چارۋا ئالغانلاردىن خەت ئەۋەتىپ، چارۋا بېرىشنى بۇيرۇيدىغان ئەھۋال داۋاملىشىپ كەلگەن. مەسىلەن: سوقمىدا ئولتۇرۇشلۇق چارۋىچى توختانىكام خارەت (باراق) نىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان بايلىقى تۆگە چۈشكەكتىن سۇ ئۈچىغىچە بولۇپ، كېيىن ئاياغقا سۇ بارماي، يايلاقلار قۇرۇپ كەتكەچكە، 1950-يىلى كېپەك غوجىنىڭ سوقمىدىكى يايلىقىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئىجارە ھەققىگە قارىتا ئۇنىڭ 500 تۇياق قويىنى يېغىپ بەرگەن. دەريا بويىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن قاچۇن گۆچىشىنىڭ كەنتى بولۇپ قېلىشىدىمۇ، بۇ يەردە بېقىۋاتقان چارۋىلارنىڭ كۆپ قىسمى جاي كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق باراقلارنىڭ ۋە قالۇق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق تەكىلەرنىڭ بولغانلىقى ۋە دەريا بويىدا ئولتۇراقلاشقانلارمۇ ئۆزىنى جايلىق ۋە قالۇقلۇق سانىغانلىقىدىن بولغان. مۇسادىرە قىلىنغان مال-چاۋىلار قاچۇن گۆچىشىغا تەۋە بولغان. 1959-يىلى كوپېراتسىيە قۇرۇلغان. 1960-يىلى كوممۇنا قۇرۇلۇپ، ئىككى ئاي داۋاملاشقان. بۇ خىلۋەت ماكانمۇ «تەركىپ ئايرىش»، «ئىستىل تۈزىتىش»، «بىرگە زەربە بېرىپ ئۈچنى تەنقىدلەش»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قاتارلىق بوران-چاپقۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن خالىي قالمىغان. بۇ جايدىمۇ كۆرەش، پىپەن، تارتىپ چىقىرىش، قالپاق كىيدۈرۈش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلغان. يېزا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، بۇرۇنقى قاچۇن گۆچىشى جاي يېزىسى ۋە مۇغاللا بازىرى بولۇپ، ئىككىگە ئايرىلغاندىن كېيىن، دەريا بويى كەنتى جاي يېزىسىغا قاراشلىق بولغان. 1989-يىلى يېزا بولۇپ قۇرۇلغان.

ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ئىنتايىن تارقاق بولغاچقا، تۇي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارغا ھەپتە-ئون كۈن بۇرۇن باغاق تارقىتىلىدۇ. پائالىيەتتىن بىر كۈن بۇرۇن چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش

كۈنىگىچە «قۇملۇق ئەركىسى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى» گە قاتنىشىپ، دەريا بويى يېزىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. 1997-يىلدىن 2002-يىلغىچە بولغان 5 يىلدا دەريا بويى يېزىسىدا يەنە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپتۇ:

1) «جىنخۇئجى» شىركىتى يېزا مەركىزىگە زامانىۋى ياتاقلىق مەكتەپ، دوختۇرخانا سېلىپ بېرىپتۇ. ئوقۇتقۇچى 18 نەپەرگە، دوختۇر 8 نەپەرگە يېتىپتۇ.

2) شەخسلەرنىڭ چوڭ-كىچىك ماشىنىسى 60 تىن، موتسىكلىتى 90 دىن ئېشىپتۇ.

3) يېزا مەركىزىدىكى سودا دۇكانلىرى 8 گە، ئاشخانا، ناۋايخانا 4 كە يېتىپتۇ.

4) كىشىلەر بىر يەرگە كەتسە ئۆيلىرىگە قۇلۇپ سالىدىغان بولۇپتۇ.

5) مېھمان كەلسە، بولۇپمۇ سىرتتىن كەلگەن مېھمانلارغا مال سويمايدىغان، سويسىمۇ يېزا رەھبەرلىرىنىڭ زورى بىلەن سويىدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ.

6) قوناق ئۇنى ئىستېمالدىن قاپتۇ. تونۇر سېلىپ نان يېقىپ يەيدىغانلار كۆپىيىپتۇ.

7) كۆپ سانلىق ئۆيلەردە مەش ئومۇملىشىپتۇ. قىشلايدىغان ئۆيى ۋە مېھمانخانىسىغا مەش قويۇلۇپتۇ ياكى تام مەش (ئۇلار تام مەشنى «كالىڭ» دەيدىكەن) چىقىرىلىپتۇ. ھەممە ئائىلىلەردە ئاش-تاماق ئېتىدىغانغا ئايرىم مورىلىق ئوچاق ۋە خەنزۇچە ئوچاق چىقىرىلىپتۇ.

8) توشقان زەدىكى كولاش ۋە سېتىش يەرلىك سىياسەتنىڭ كۈچلۈك رىجىمغا ئېلىنىپتۇ.

9) توغراق كېسىش مەنئى قىلىنىپتۇ.

10) پىلانلىق تۇغۇت ۋە نىكاھ ئىشلىرىدا، سىياسەت قاتتىق يولغا قويۇلىدىغان بولۇپتۇ.

11) جەرىمانە ئېلىش ئومۇملىشىپتۇ.

بىز بۇ قېتىم دەريا بويى يېزىسى تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، بىرەر چارۋىچىمۇ ئالدىمىزغا چىقمىدى. دەريانىڭ غەربىدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىدۇق. بىزگە ھەمراھ بولۇپ ماڭغان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى يۈسۈپجان «پالانچىنىڭ ئۆيىدە چۈشلۈك تاماق يەيلى، پوكۇنچىنىڭ

كۆمەچ ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. ئاش-تاماقتا ئاق تۇز ئىشلەتمەيدۇ، يەرلىك قارا تۇز (شور تۇز) ئىشلىتىدۇ.

تاماق جەھەتتە، سەي-كۆكتات تاپالىسا ھەر خىل تائاملارنى ئېتىپ يەيدۇ. بولمىسا نان ئورنىدا كۆمەچ ياكى پوكو كۆمۈپ يەيدۇ. ئوماچ، سۇيۇق ئاش، پولۇ قاتارلىقلارنى كۆپرەك ئېتىپ يەيدۇ. كاۋاپ تۈرلىرىدىن زىخ كاۋاپ، قاقلىما كاۋاپ، تال بورداق، ياغ بېغىر، قېرىن كاۋىپى قاتارلىقلارنى ئېتىپ يەيدۇ. گۆشنى شورپا قىلىپ يېيىشكە ئامراق. جىگدىدە شەربەت چىقىرىپ، شەربەتنى قاينىتىپ، ئۇن چېلىپ (شەربەت ئېشى) ئېتىپ ئىچىدۇ. كۆمەچ-پېتىر كۆمەچ، ئۆلەك (بولاق) كۆمەچ، سوقتا (قىيمىلىق) كۆمەچ دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. پوكو-پوكو ۋە قىيمىلىق پوكو بولۇپ ئىككى خىل. تونۇر سېلىپ نان يېقىپ يەيدىغانلار ئىنتايىن ئاز.

چارۋىلىرىنى يايلاقتا ئەركىن قويۇپ بېرىپ، 5، 6 كۈندە بىر قېتىم يوقلاپ قويىدۇ. 4 -، 5 - ئايلاردا ۋە 10 -، 11 - ئايلاردا توشقان زەدىكى كولايدۇ ھەم شۇ پەسىللەردە قويلىرىنى قىرقىيدۇ. ئۆچكىلىرىدىن تىۋىت ئالىدۇ. 9 -، 10 - ئايلاردا قومۇش ئورۇپ، پىچان تەييارلايدۇ. توغراق شېخىدىن قاقتا سالىدۇ. سۇ نۆۋىتى كەلگەندە تۇقايلىرىغا سۇ سالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەمگەك يوق.

سىرتتىن كەلگەن زەدەك قازغۇچىلار بۇ يەرگە توشقان زەدىكى مەزگىلىدىن 1.2 ئاي بۇرۇن كېلىپ، يايلاق ئىگىلىرىگە ھەقسىز ئىشلەپ بېرىش بەدىلىگە يايلاقتىن زەدەك كولىۋالىدۇ. ئەتىيازدا يايلاقلارنى چىتلاپ (قاشالاپ) بېرىش، ئۆي سېلىپ بېرىش، قوي قىرقىش ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرسە، كۈزدە پىچان ئورۇش، قاقتا سېلىش ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدۇ. يايلىقىدىن توشقان زەدىكى چىقمايدىغان (ئاساسەن باش تەرەپتىكى) چارۋىچىلار «مانچە يۈزدە پىچانغا بىر قوي ياكى ئۆچكە بېرىش» توختامى تۈزۈپ، ئىشلەمچى سالىدۇ.

## مەن ئىككىنچى قېتىم تەكشۈرگەن دەريا بويى

2002 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 9 -

كەلىڭ توقاي، يوغان توغراق، چولاق مازا قاتارلىق جايلارغا كەلگەندە تازا غولداپ، 20-30 مېتىر كەڭلىكتە بىر مېتىر ئەتراپىدا چوڭقۇرلۇقتا ئېقىن ياساپ ئاقىدۇ. سۇ 9 -، 10- ئايلاردا ۋە 4 -، 5 - ئايلاردا دەريا بويى يېزىسىنىڭ يېزا مەركىزىگە 10 نەچچە كىلومېتىر قالغاندا سىڭىپ تۈگەيدۇ. قىش پەسلىدە ۋە كەلكۈن مەزگىلىدە ئاياغ تەرەپكىچە يېتىپ بارىدۇ. دەريا ئېقىنى يېزا مەركىزىگە كەلگەندىن كېيىن ئىككىگە ئايرىلىدۇ. غەرب تەرەپتىكى ئېقىن باراق تام، شەرق تەرەپتىكى ئېقىن تەكە تام دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى ئېقىن يەنە بىر قانچە كىچىك تارامىلارغا بۆلۈنۈپ ئاقىدۇ. غول ئېقىن سۇ كۆپ كەلگەن يىللىرى ئاياغ تەرەپتە يەنە بىرلىشىدۇ. تەكە تامنىڭ ئېقىنى بىر قەدەر ئۇزۇن، دەريا سۈيى تەكە تام ۋە باراق تامغا نۆۋەتلەشتۈرۈپ سېلىنىدۇ.

دەريا قېنى ھەر يىلى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىرىش ياساپ تۇرغاچقا، بەزى جايلاردا سۇ يولىنى چېقىپ كېتىپ، يولنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. يېزا مەركىزىگىچە بولغان يول مۇساپىسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: مەن 1986-يىلى تېرىمغا كەلگۈچە ماشىنىنىڭ مۇساپە ئۆلچەش سائىتى مۇساپىنى 243 كىلومېتىر ھېسابلىغانىدى. 1997-يىلى يېزا مەركىزىگىچە 234 كىلومېتىر بولۇپ چىقتى. بۇ قېتىم 224 كىلومېتىر چىقتى.

60-يىللاردىن بۇرۇن، دەريا ئېقىنى بىر غول ئېقىن بولۇپ، يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن. 60-يىللاردىن باشلاپ تەكە تام ۋە باراق تام ئېقىنى غول ئېقىنغا ئۆزگىرىپ، ئەسلىدىكى غول ئېقىن تارماق ئېقىن بولۇپ قالغان.

**بوستانلىق ئەھۋالى.** دەريا بويى كەنتىنىڭ باش قىسمى (كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يېڭى باغ يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان يوغان توغراق دېگەن جايدىن تېرىم دېگەن جايغا كەلگۈچە) ئاساسەن قومۇشلۇق ۋە يۇلغۇنلۇق. قومۇش بىلەن يۇلغۇن ئارىلاش ئۆسكەن جايلىرى كۆپ ئەمەس. يۇلغۇن ياكى قومۇش ئاساسەن بىر ياپ ئۆسىدۇ. توغراقلىق ئاندا-ساندا ئۇچرايدۇ. لېكىن، سانى ۋە كۆلەم جەھەتتىن ئانچە كۆپ ئەمەس. چارۋىچىلارنىڭ ساتمىسى ئاساسەن توغراق ئاستىغا سېلىنىدۇ. تېرىمغا يېتىپ بارغۇچە 3 جايدىكى قۇمدۆڭ دەريا لېۋىگىچە سوزۇلۇپ كېلىدۇ. ماشىنا مېڭىش ئەڭ قىيىن بولغان يەرمۇ دەل مۇشۇ 3 چولق قۇم. باشقا جايلار زەيكەش، شورتاڭ يەرلەر بولۇپ، بەزى جايدا قۇم بارخانلىرى دەريا لېۋىدىكى

ئۆيدە كەچلىك تاماق يەيلى، پوكۇنچىنىڭ ساتىمىسىدا توختاپ ئەھۋال ئىگىلەيلى» دەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ ماڭدى. باشقا ساتىمىدا توختىغاندىن كېيىنمۇ، يۇسۇپجان «چاي قايىنىتىپ بېرىلىڭ» دەپ ئورۇنلاشتۇرمىسا، بىركىم ئۆزلۈكىدىن بىزنى مېھمان قىلمىدى. ئەھۋال ئىگىلەشكە توختىغان ساتىملاردا ئۆزىمىزنىڭ سۇيىنى ئىچىپ، ئەھۋاللىشىپ مېڭىۋەردۇق. بىر كىم «بىزنىڭ ئۆيدە بىر نەرسە يېمىدىڭلار» دەپ خاپا بولمىدى. دەريا بويى يېزىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە بارغاندا، ھەر ھالدا تەلەپ قىلمىساقمۇ كۆمەچ كۆمۈپ بەرگەنلەر چىقتى. گۆش يېمەكچى بولساق، ئۆلتۈرگۈدەك مېلى بارلار بىلەن سۆزلىشىپ، مال ئۆلتۈرگۈزۈپ، گۆشنى كېرىيەدىكى بازار نەرخىدە ئېلىپ يېدۇق. پىشۇرۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلساق، سېتىۋالغان گۆشنىڭ ئۈچتىن بىرىنىلا بىز يېيەلىدۇق. قالغانلىرى ئاپشاركىدەك پۇراپ، نەلەردىندۇ پەيدا بولۇشقان يەرلىكلەر ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ گېلىغا كىرىپ كەتتى. مانا بۇ مەن ھېس قىلغان روھىي جەھەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت، مېھماندوستلۇقتىكى ئەڭ زور ئۆزگىرىش مەن تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ۋە خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش.

## كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

قاراقۇرۇم تېغىنىڭ باش قىسمىدىكى قارلىق تاغلاردا قار سۇيىدىن ھاسىل بولۇپ باشلىنىدىغان كېرىيە دەرياسى «نۇرمەمەت زاكو» ۋە «ئوتتۇرا زاكو» لار ئارقىلىق ئۆستەڭلەرگە باشلىنىپ، كېرىيە بوستانلىقىنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدىكى بۇلاق سۇلىرى يۇقىرىقى ئىككى زاكو ئارقىلىق پۈتۈنلەي تۇتۇپ قېلىنىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدىن باشقا چاغلاردا ئوتتۇرا زاكونىڭ ئايىغىغا سۇ ئۆتمەيدۇ. ئارال يېزىسىنىڭ بەشتوغراق كەنتىنىڭ ئاياغ تەرەپلىرىدىن باشلاپ، دەريادا سەزمە سۇ ھاسىل بولۇپ، ياغىلاقتا كەلگەندە نەچچە ئون تاشلىق سۇ ھاسىل بولىدۇ. بۇ سۇلار يېڭىباغ يېزىسىنىڭ ئازاتلىق ئۆستىڭىگە باشلىنىپ، يېڭىباغ يېزىسىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ياغىلاقتىن باشلاپ سەزمە سۇ يەنە كۆپىيىپ، يېڭىباغ يېزىسىنىڭ يۇمىلاق دېگەن شاللىق رايونىغا قۇرۇلغان ئىتتىپاق ئۆستىڭىگە ۋە يېڭىباغ كۆۋرۈكىدىن باشلانغان سەزمە سۇغا بوستان شاللىق رايونىدىن قوشۇلغان سۇلار قوشۇلۇپ، يەنە نەچچە ئون تاشلىق سۇ ھاسىل بولۇپ، ئاياغقا ئاقىدۇ. بۇ سۇ

كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 1160 مېتىر ئېگىز. ئەسلى كۆلىمى تەخمىنەن 15 مىڭ مو ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇستۇن كۆل ۋە ئاستىن كۆل دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان زور قۇم دۆۋىسى بىر ئارال ھاسىل قىلىپ، كۆلنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. كۆلنىڭ ئىچىدە قويۇق قومۇش ئۆسىدۇ. كۆل بويىنىڭ ئۇ يەر بۇ يېرىدە توغراق ئۆسكەن. كۆل ئەتراپى قويۇق يۇلغۇنلۇق بولۇپ، توشقان زەدىكى چىقىدۇ. 2001 - يىلدىكى زور كەلكۈندە تەتۈ كۆلىنىڭ غەربىي توسمىنى كەلكۈن بۇزۇپ تاشلىغاچقا، ھازىر كۆلدىكى سۇ يۈزى ئاران ئون نەچچە موغىلا يېتىدۇ. بۇ كۆلمۇ بۇزۇلۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان.

كېرىيە دەرياسى ئېقىنىنىڭ ئەڭ ئايىغىدا، يەنى شالدىراڭنىڭ تېلى دېگەن جايدا بىر كۆل بولۇپ، («سۇ ئۇچى»، «يۇمىلاق قودۇق»، «شالدىراڭنىڭ تېلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، بۇلار شۇ جايدىكى توقايلارنىڭ نامى بولۇپ، بۇ توقايلار مۇشۇ كۆل بويىغا جايلاشقان). بۇ كۆلنىڭ كۆلىمى تەتۈ كۆلىنىڭكىدىنمۇ چوڭ ئىكەن. كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرقى سۈيى مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلۇپ، ئېقىن ئاخىرلىشىدىكەن. بىزگە بۇ جايغا بېرىش شارائىتى بولمىغاچقا، تەپسىلىي تەكشۈرەلمىدۇق. سابىق يېزا باشلىقى، ھازىرقى دائىمىي رەئىس ئابدۇللا كېرەمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇ 1966-يىلى بىر قېتىم بۇ يەرگە بارغان بولۇپ، ئۇ چاغدا بۇ كۆلدە خېلى كۆپ سۇ بار بولۇپ، سۈيى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن. شۇندىن بېرى بۇ كۆلگە بىر كىم بېرىپ باقماپتۇ. كۆلنىڭ ھازىرمۇ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىنى بىر كىم دەپ بېرەلمىدى. بۇندىن 50-60 يىل ئىلگىرى بۇ كۆل ئەتراپىدىمۇ ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كېيىن ئاياغقا سۇ بارماسلىقى، يايلاق ۋە ئوت-چۆپلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى سەۋەبلىك بۇ يەردىكى ئاھالىلەر باش تەرەپكە كۆچۈپ چىققان.

بۇلارنىڭ باشقا چوڭ كۆلەملىك كۆل ياكى پەسىللىك كۆللەر ھازىر مەۋجۇت ئەمەس. پەقەت كىچىك كۆلمەنلەر بار بولۇپ، كەلكۈن ۋاقتىدا چىڭقالغان سۇ 10 - ، 11-ئايلارغىچە ساقلىنىدۇ. بىز تولدامى دېگەن جايدىكى ئېقىن ئىچىدىكى بىر كۆلمەنگە باردۇق ۋە بۇ يەردە ئارام ئالغاچ بېلىق تۇتتۇق. كۆلمەننىڭ ھازىر سۇ بار قىسمى 40-50 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىر ئەتراپىدا. بىز بۇ كۆلمەندىن ئەۋرىشكە ئۈچۈن 4-5 تال بېلىق تۇتۇپ، رەسىمگە تارتىۋالغاندىن كېيىن قويۇۋەتتۇق. بۇ خىلدىكى كۆلمەنلەر نىسبەتەن

يولنىڭ بويىغىچە سوزۇلۇپ كېلىدۇ. بەزى يەرلەردە قومۇلۇق دەريا لېۋىدىن 2ـ3 كىلومېتىر يىراقلىققا كېتىدۇ. دەريانىڭ ئىككى يېنىدىكى بوستانلىق ئارقانسىمان سوزۇلغان بولۇپ، بەزى جايلىرىنىڭ كەڭلىكى بىر كىلومېتىر ئەتراپىدا، بەزى جايلىرىنىڭ كەڭلىكى ئون نەچچە كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئارىلىقتا بوستانلىق ئۈزۈلۈپ قالىدىغان زور قومۇلۇق يوق. بۇ يەرلەردىن يەنە چۇچۇك بۇيا(سېرىق بۇيا)، چىغ، چىگە(لوپنور كەندىرى)، بىسىلغاق(باسقاق) قاتارلىق ئوت-چۆپلەرمۇ ئۆسىدۇ. لېكىن، بىر ياپ ئەمەس.

سوقما دېگەن يەردىن باشلاپ، تېرىم، دىۋىلغۇ، لايداڭ، قاپاق تاللىق ... قاتارلىق جايلار بىر ياپ توغراقلىق. ئېقىن بويلىرى ۋە كونا ئېقىنلاردا يۇلغۇن، قومۇش، سېرىق بۇيا، باسقاق، بۇيا، چىغ، چىگە، چىگىلىك قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. باراق تامدىكى قاپاق تاللىقنىڭ شىمالىدىن باشلاپ تاكى دەريا ئېقىنىنىڭ ئاخىرقى نوقتىسىغىچە يۇلغۇنلۇق. بۇ يەرلەردىن توشقان زەدىكى كۆپ چىقىدۇ. ئېقىنلاردا قومۇش، سېرىق بۇيا، باسقاق ئۆسىدۇ. توغراقلىق ئاندا-ساندا ئۇچرايدۇ. تەكە تامدا توڭغاز باستى، تەتۇ كۆل، ئات ئاتلىغاق، ئات يايلىغان، قازان سىنغان قاتارلىق توقايلار ئاساسەن توغراقلىق بولۇپ، ئاياغ قىسمىدا توغراق ئاز، يۇلغۇن كۆپ. كۆل بويلىرى، كونا ۋە يېڭى ئېقىنلاردا قومۇش، يۇلغۇن ئۆسىدۇ. يۇلغۇنلۇقلاردىن توشقان زەدىكى چىقىدۇ.

بوستانلىقنىڭ غەربىي تەرىپىدە قۇرۇپ كەتكەن ۋە ياشىرىپ تۇرغان توغراقلىق، يۇلغۇنلۇقلار ناھايىتى كۆپ. بۇنداق جاڭگاللار بەزى جايلاردا نەچچە ئون كىلومېتىرغىچە سوزۇلىدۇ. شەرقىي تەرىپىدە بۇنداق جايلار ئاز.

**كۆل ئەھۋالى.** يېزا تەۋەسىدە جەزە قويغاننىڭ كۆلى، داشكۆل، لايداڭ، زەيلىك، شېخىل، تەتۇكۆل، ئوتتۇرا كۆلمەن، يومىلاق قۇدۇق قاتارلىق كۆللەر بولۇپ، تەتۇ كۆل، داش كۆل ۋە يومۇلاق قۇدۇقتىكى كۆللەردىن باشقىسى پەسىللىك كۆللەر ئىكەن. ھازىر بۇ كۆللەرنىڭ كۆپىنچىسى سۇنىڭ كېمىيىپ كېتىشى ۋە لاتقا توشۇپ كېتىش تۈپەيلىدىن قۇرۇپ كەتكەن ياكى يايلاققا ئۆزگىرىپ كەتكەن. داش كۆلنىڭ كۆلىمى بىر نەچچە موغىلا قالغان بولۇپ، داش سۇ ھېلىمۇ يىل بويى كۆزۈلمەيدۇ.

تەتۇ كۆلنىڭ كۆرنى ھازىرقى توڭغاز باستىدا بولۇپ، شىمالىي پاراللېل "20°01، 38°، شەرقىي مېرىدىئان "18°53'31 قا توغرا

كولىسا سۇ چىقىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ زەيلىرى تەپچىرەپ چىققان جايلارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇنداق جايلارنى 1، 2 مېتىر كولىسىلا سۇ چىقىدۇ. گىياھ ئۈنمىگەن قۇملۇقلاردىن سۇ تېپىش قىيىن. بۇ خىل يەرلەرنىڭ يەر ئاستى سۈيى بەك چوڭقۇر.

**ھاۋارايى ئەھۋالى.** دەريا بويى يېزىسى قۇرغاق قۇملۇق رايون كېلىماتىغا تەۋە بولۇپ، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، قۇم - بوران كۆپ، ھاۋاسى قۇرغاق. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى زور. قىشتا سوغۇق قاتتىق، يازدا ئىسسىق قاتتىق. 4 پەسىل پەرقى ئىنتايىن روشەن، كۈن نۇرى تىك چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى زور. بۇ جايدا بەزى يىللىرى يىل بويى، ھەتتا ئۇدا بىر نەچچە يىل ھۆل - يېغىن ياغمايدۇ. ھۆل - يېغىن كۆپ بولغان يىللىرىدىمۇ ئاران بىر نەچچە قېتىم ئاز مىقداردا ياغىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن بۇرۇن بىر نەچچە قېتىم قېلىن قار يېغىپ، قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىردىن ئاشقان، شۇندىن بېرى قاتتىق قار يېغىپ باقمىغان. ئەڭ جىق ياققاندا ئاران 5، 10 سانتىمېتىرغا يېتىپ، 2، 3 كۈندىلا ئېرىپ تۈگىگەن. ئەزەلدىن (ھايات كىشىلەرنىڭ بىلىشىچە) بوران-چاپقۇنلۇق ياكى قاتتىق گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر يېغىپ باقمىغان. ئەڭ قاتتىق يامغۇرمۇ قېلىن كۆمۈلگەن ئۆگزىلەردىن ئۆتەلمەيدۇ. يامغۇر كۈز پەسلىدە، قار باش قىش پەسلىدە كۆپرەك ياغىدۇ. ئەتىياز پەسلى ئەڭ قۇرغاق پەسىل ھېسابلىنىدۇ.

ئەتىياز ۋە ياز پەسلى (3-ئايدىن باشلاپ 7-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە) بوران پەسلى بولۇپ، بوران ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە سېرىق بوران، ياز پەسلىدە قارا بوران كۆپ چىقىدۇ. چاڭ-توزانلىق ۋاقىت ئەتىياز پەسلىدە كۆپ بولىدۇ. لېكىن، دەل-دەرەخلەرنى قومۇرۇۋەتكۈدەك، ئۆيلەرنى بۇزۇۋەتكۈدەك قاتتىق بوران چىقمايدۇ. 8-ئايدىن باشلاپ بوران ئازىيىپ، 9-ئايدىن ئىككىنچى يىلى 2-ئايغىچە ئاساسەن بوران چىقمايدۇ. ئاندا-ساندا شامال چىقىدۇ. 10-، 11-ئايلار ئەڭ ياخشى كىلىماتلىق پەسىل بولۇپ، كۈن تولۇق ئوچۇق بولىدۇ. چاڭ-توزاڭ بولمايدۇ. بۇلۇتلۇق كۈنلەر يوق دېيەرلىك. تېمپېراتۇرا نىسبەتەن نورمال بولىدۇ. بىز تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بىر ئاي جەريانىدا ھاۋا باشتىن - ئاخىر ئىنتايىن ئوچۇق بولدى. 2002-يىلى 10-ئاينىڭ 18-كۈنى (بىز يۇمىلاق قۇم قەدىمىي شەھىرىگە يولغا چىققان كۈنى) شىنجاڭ ۋاقتى كۈندۈز سائەت 11 دە

كۆپرەك ئىكەن. بەزىلىرىنىڭ كۆلىمى نەچچە ئون مو كېلىدىكەن. لېكىن، بىز ھەممىنى تەكشۈرۈپ بولالمىدۇق. بۇ خىل كۆلمەنلەر دەريا بويى يېزىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى توغراقلىقلاردا نىسبەتەن كۆپ، ئاياغ قىسمىدا ئاز ئىكەن. باش قىسمىدا يوق ئىكەن. ئاھالىلەر كۆلمەننىڭ سۈيىنى ئاساسەن ئىچمەيدىكەن. چارۋا سوغىرىش، كىر-قات يۇيۇشقا ئىشلىتىدىكەن. ئاياغ قىسمىدىكى ئاھالە ئولتۇراقلاشمىغان جايلاردىكى كۆلمەننىڭ سۈيىنى توشقان زەدىكى كولىغۇچىلار ئىچىشكە ئىشلىتىدىكەن، سۈيى تاتلىق ئىكەن. بىز يۇمىلاق قۇم قەدىمى شەھەر خارابىسىگە ماڭغاندا، يالغۇز توغراقتىكى بىر كۆلمەننىڭ سۈيىدىن 5 تۇڭ ئېلىۋېلىپ، ئىچىشكە ۋە يۈز يۇيۇشقا ئىشلەتتۇق.

**يەر ئاستى سۈيى.** دەريا بويى يېزىسىنىڭ باش تەرىپىنىڭ يەر ئاستى سۇ يۈزى نىسبەتەن ئېگىز بولۇپ، 1-2 مېتىر كولىسىلا سۇ چىقىدۇ. لېكىن، باش قىسمىدىكى ئېقىندىن قىشمۇياز سۇ ئۈزۈلمىگەچكە قۇدۇق كولانمايدۇ. يېزا مەركىزى ئەتراپىدا قۇدۇق كولىنىپ، ئېقىن سۈيى ئۈزۈلگەن چاغلاردا قۇدۇق سۈيى ئىچىلىدۇ. بۇ جايلاردىن ۋە باش تەرەپتىن چىقىدىغان يەر ئاستى سۈيى تۇزلۇق. ئاياغ تەرەپنىڭ يەر ئاستى سۇ يۈزى نىسبەتەن چوڭقۇر. 2، 3 مېتىر، ھەتتا 4، 5 مېتىر كولىمىغۇچە سۇ چىقمايدۇ. ئېقىن ئىچىگە كولانغان قۇدۇقلارنىڭ سۈيى تاتلىق، سىرتقا كولانغان قۇدۇقلارنىڭ سۈيى تۇزلۇق. ئاياغ تەرەپتىكى چارۋىچىلارنىڭ ئىككىدىن قۇدۇقى بولۇپ، بىرى ئۆي ئەتراپىدا، سۈيىنى تازىلىق ئىشلىرىغا ۋە چارۋا سوغىرىشقا ئىشلىتىدۇ. ئېقىن ئىچىدە بىر قۇدۇقى بولۇپ، ئىچىشكە ئىشلىتىدۇ. ئېقىن ئىچىدىكى قۇدۇق ھەر يىلى سۇ كەلگەندە تىنىپ كېتىدۇ. سۇ توختىغاندا يەنە باشقا جايدىن بىرى كولىنىدۇ. نىسبەتەن چوڭقۇر كولانغان قۇدۇقلارنىڭ تۆت تېمى توغراق بالداقلىرى ئارقىلىق باغلىنىپ مۇستەھكەملىنىدۇ. قۇدۇققا بىر تال توغراق ياغىچىدىن پەلەمپەي ياسىلىپ سېلىپ قويۇلىدۇ. بۇ «فۇندىپاي» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇدۇقلار ئاساسەن چاسا شەكىللىك قېزىلىدۇ. قۇدۇق قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، يىغىلغان سۇ تۈگىگۈچە سۈيىنى ئۇسسۇپ سىرتقا تۆكۈۋېتىدۇ، يەنى «قۇدۇقنى چايقاش» دەپ ئاتايدۇ.

يېزا تەۋەسىدە بۇلاق يوق. شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىكى قۇملۇقلاردىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن (شامال ئۇچۇرۇپ، سىغىز قىسمىغىچە ئېچىلىپ قالغان جايلار) 2، 4 مېتىر

قىسمىدا يۇلغۇنلار ياشىرىپ تۇراتتى. تېخى قۇرۇپ كەتمىگەن، ياشىرىپ تۇرغان توغراق ۋە يۇلغۇنلارمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. قۇم بارخانلىرى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ، بەك قالايمىقان، توغراق، يۇلغۇنلارنىڭ (مەيلى قۇرۇپ كەتكىنى ياكى ياشىرىپ تۇرغىنى بولسۇن) تارقىلىشى ۋە ئۆسۈش ئەھۋالىمۇ ئېقىن بويىغا ماس كەلمەيتتى. بۇ خىل تەبىئىي ھالەتكە قاراپ، بۇ جاينىڭ ئېقىن ئىزى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولمايتتى.

بىز پىيادە ئىككى سائەتتەك يول يۈرۈپ، يەنە بىر ئېگىز قۇمغا دۈچ كەلدۇق. بۇ قۇمدىن ئۆتۈپ، پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەن قەدىمىي توغراقلىققا يېتىپ كەلدۇق. بۇ جاينىڭ زېمىنى 1-ئېگىز قۇمدىن كېيىنكى چوڭقۇرلۇقتىن خېلىلا ئېگىز ئىدى. يول باشلىغۇچى بىزنى بىر قۇم دۆڭنىڭ كەينىدىكى قەدىمىي ئىزغا ئېلىپ كەلدى. بۇ نەچچە ئون ئېغىز ئۆيلۈك چوڭ قورۇ بولسا كېرەك. پەقەت ئۆيلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرىلا قاپتۇ. تېمىنىڭ قۇم ئاستىدىكى قىسمىلا ساق قاپتۇ. ئۆينىڭ غەربىي تەرىپىدە شامال ئېچىپ، سىغىزغىچە ئويۇۋەتكەن بىر ئازگال ئىچىدە كوزا پارچىلىرى ۋە ئېتىز ئىزى بار بولۇپ، ئېرىق ۋە قىر ئىزلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە يېقىنلا يەردە يەنە بىر ئائىلىلىك ئۆينىڭ خارابىسى بار ئىكەن. بۇ خارابىلەرنىڭ ئورنى شىمالىي پاراللېل "38°32'05 بولۇپ، ئەتراپى قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن دەرەخلىك. دەرەخلەرنىڭ يەر يۈزىگە چىقىپ تۇرغان قىسمى ئادەمنىڭ پۇتىدەك، بىلەكتەك توملۇقتا، ئادەم بويى 1، 2 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، شاخلىرىنىڭ تۈۋى توم، قىسقا، ئۇچى ئۇچلۇق، خۇددى يوغان تىكەنگىلا ئوخشايدۇ. بىز بۇلارنىڭ زادى قانداق دەرەخ ئىكەنلىكىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىدۇق. شېخىنىڭ شەكلى توغراقنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. بىز بۇ يەردىن ئايرىلىپ، ئۇزۇن ماڭمايلا ئالىموپ بىزنى قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن ۋە يىقىلغان بىر توپ دەرەخ يېنىغا باشلاپ كېلىپ، «مانا بۇ ئۈژمە» دەپ تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ شاخ تۈزۈلۈشى ۋە ئۆسۈش شەكلىگە قاراپلا ئۈژمە دەرىخى ئىكەنلىكىگە ئاسانلا ھۆكۈم قىلغىلى بولاتتى.

بىز قەدىمىي ئىزدىن شىمالغا قاراپ بىر سائەتتەك يول يۈرۈپ، قارا دۆڭ قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە يېتىپ كەلدۇق. قارا دۆڭ قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ ئورنى شىمالىي پاراللېل "38°32'33، شەرقىي مېرىدىئان "81°50'01 بولۇپ، ئەتراپىدا 10-15 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قارا دۆڭلەر (يۇلغۇن يىلتىزىدىن ھاسىل بولغان،

تېمپېراتۇرا 30℃، كەچ سائەت 10 دىكى تېمپېراتۇرا 12℃ بول
(ھاۋا ئەتىگىنى نىسبەتەن سوغۇق ئىدى، ئەپسۇس سەۋەنلىكىمى
تۈپەيلى ئەتىگەنلىك تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەشنى ئۇنتۇپتۇق).
قىش كۈنلىرى تېمپېراتۇرا نىسبەتەن تۆۋەن، ھاۋا سوغۇ
بولسىمۇ، ئەمما ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولىدۇ. تۇمانلىق ياك
بۇلۇتلۇق كۈنلەر ئاساسەن بولمايدۇ. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى كۆ
بولىدۇ.

**قەدىمىي ئېقىن ۋە قەدىمىي بوستانلىقلار.** بىز 10-ئاينى
11-كۈنى ئەتىگەن قاپاق تاللىقتا ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇللا نىيازنى
ئۆيىدىن قارا دۆڭ قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە قاراپ يولغا چىقىپ،
ئالىموپىنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق ۋە ئۇنى يول باشلىغۇچىلىققا ئېلىپ،
ماشىنا بىلەن غەربىي شىمال يۆنىلىشتە چىرمىشىپ كەتكەن باراقسان
يۇلغۇنلۇقتىكى چىغىر يول بىلەن بىر سائەتتىن كۆپرەك يۈرۈپ، بىر
ئېقىنغا چۈشتۇق. بۇ سۇ كەلمىگىنىگە 40 يىلدىن ئاشقان كونا ئېقىن
بولۇپ، 2001-يىلدىكى زور كەلكۈندە سۇ كەلگەن ۋە بۇ يىلمۇ سۇ
ئاققانىكەن. شۇڭا، ماشىنا ماڭالايدىغان شارائىت ھازىرلىنىپتۇ.
بولمىسا ئالىموپىنىڭ ئۆيىدىن باشلاپ تۆگە بىلەن يول يۈرۈشكە توغرا
كېلەتتىكەن. ئېقىن ئىچىدە ماشىنا ئىزى بار بولۇپ، بىز ئىزنى
بويلاپ غەربكە قىيپاشراق شىمالغا قاراپ ئىككىي سائەتتەك يول
يۈردۇق. ئېقىنىنىڭ باش تەرىپى توغراقلىق ۋە يۇلغۇنلۇق ئىدى.
ئاياغقا ماڭغانچە ياشىرىپ تۇرغان توغراق ۋە يۇلغۇنلار ئازلاپ، بىز
نىشانغا يېقىنلاشقاندا يېشىللىق ئۈزۈلۈپ ئاخىرلاشتى. دەريانىڭ ئىككى
قىنىدا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن توغراقلار ۋە يۇلغۇنلارنىڭ
كۆرگىلى بولاتتى. ئېقىن ئىچى گىياھ ئۈنمىگەن قاقاسلىق،
چاك-چاك يېرىلغان سېغىزلىق ئىدى. بىز ماشىنا بىلەن 27
كىلومېتىر يول يۈرۈپ، شىمالىي پاراللېل "18 '31 °38، شەرقىي
مېرىدىئان "37 '51 °81 قا كەلگەندە، ماشىنىنى قالدۇرۇپ، يۇك
تاقلارنى يۈدۈپ، غەرب تەرەپكە قاراپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە پىيادە
يول ئالدۇق. بىز ماشىنا توختاتقان جايدىكى ئېگىز قۇمنىڭ غەربى
يەنە چوڭقۇر قۇملۇق بولۇپ، بىر قارىماققا ئېقىن ئىزىدەك
كۆرۈنەتتى. لېكىن، بۇ جاي دائىرىسى كەڭ، پاكار قۇم دۆۋىلىرى
بىلەن تولغان، شالاڭراق ئۆسكەن، قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن
توغراقلىق ۋە يۇلغۇنلۇق ئىدى. بەزى جايلاردا بەقەم (يۇلغۇن
يىلتىزى) دىن ھاسىل بولغان زور دۆڭلۈكلەر بولۇپ، ئۈستى

بىز ئەتراپلىق كۆرۈپ، 10-ئاينىڭ 17-كۈنى 12 تۆگىلىك، 7 كىشىلىك كارۋان ئەترىتى بولۇپ تەشكىللىنىپ، شىنجاڭ ۋاقتى سائەت 3 تە «يالغۇز توغراق» (شىمالىي پاراللېل 38°38′42″، شەرقىي مېرىدىئان 81°57′04″) دېگەن جايدىن غەربىي شىمال يۆلىنىش بويىچە يومىلاق قۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە قاراپ يول ئالدۇق. تۇنجى كۈنى يولنى پەرق ئېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە قاراڭغۇ چۈشكىچە يول يۈردۇق. يول بويى كۆپ قىسمى قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ئاندا-ساندا ياشىرىپ تۇرغان توغراقلىرى ۋە ياشىرىپ تۇرغان يۇلغۇنلىرى بار قەدىمىي جاڭگالدىن ئايرىلمىدۇق. بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى يەنە يېرىم كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، جاڭگال ئۈزۈلۈپ، ئاندا-ساندا قۇرۇپ كەتكەن توغراق ۋەقۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇن ئۇچراپ تۇرىدىغان قۇملۇقتا 3 سائەتتەك يول يۈرگەندىن كېيىن، گىياھ ئۈنمەس تاقىر قۇملۇققا چۈشۈپ، كەچ كىرگۈچە يول يۈردۇق ۋە ئاندا-ساندا قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇنى بار بىر جايغا چۈشتۇق. ئەتىسى يەنە گىياھ ئۈنمەس تاقىر قۇملۇقتا يېرىم كۈن يول يۈرۈپ، چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ ۋاقتى سائەت 3 لەردە يومىلاق قۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە يېتىپ كېلىپ، خارابىدىن 500 مېتىردەك نېرىغا بارگاھ تىكلىدۇق. چۈنكى، بارگاھ ئەتراپىدىن بەقەم ئوتۇن (يۇلغۇن يىلتىزى) تاپقىلى بولاتتى.

بۇ جەرياندىكى مۇساپىنىڭ يەر شەكلى غەربىي تەرەپ ئېگىز، شەرقى پەس بولۇپ، 3 پەلەمپەيسىمان قۇملۇققا ئايرىلىدۇ. بىرىنچى پەلەمپەي (شەرق تەرەپ) تەخمىنەن 10 كىلومېتىر بولۇپ، قۇم بارخانلىرى نىسبەتەن پەس، ياشىرىپ تۇرغان ۋە قۇرۇپ كەتكەن توغراق ۋە يۇلغۇنلار نىسبەتەن كۆپ، ھېلىمۇ چارۋىچىلىق قىلسا بولىدىغان دەرىجىدە. ئىككىنچى پەلەمپەي تەخمىنەن 14 كىلومېتىر بولۇپ، قارا دۆڭلىرى كۆپ، ياشىرىپ تۇرغان ۋە قۇرۇپ كەتكەن توغراق، يۇلغۇنلار نىسبەتەن ئاز. ئۈچىنچى پەلەمپەي تەخمىنەن 18 كىلومېتىر بولۇپ، ياشىرىپ تۇرغان توغراق ۋە يۇلغۇنلار يوق. قۇرۇپ كەتكەن توغراق ۋە يۇلغۇنلارمۇ ئىنتايىن ئاز. شىمالىي پاراللېل 38°42′55″، شەرقىي مېرىدىئان 81° 50′45″ تا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىر قەدىمى چوڭ ئېقىن ئىزى بولۇپ، ئېقىن چوڭقۇر ئويۇلۇپ كەتكەن. قاش بىلەن تېگىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچىسەك قاش دېڭىز يۈزىدىن 1185 مېتىر، ئېقىننىڭ تېگى دېڭىز يۈزىدىن 1173 مېتىر چىقتى. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، ئېقىننىڭ

ئەتراپىنى شامال يالاپ كولىنۇەتكەن دۆڭلەر بولۇپ، شەكلى خۇددى تۇماق قىلىپىگە ئوخشايدۇ. يىراقتىن قاراشتا رەڭگى قارا كۆرۈنىدۇ. يەرلىك كىشىلەر بۇ خىل دۆڭلەرنى «قارا دۆڭ» دەپ ئاتايدۇ) كۆپ بولۇپ، خارابىدىن يىراقتىكىلىرىنىڭ ئۈستىدە يۇلغۇن شاللاڭ ياشىرىپ تۇراتتى.

مەن قارا دۆڭ خارابىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئېگىز قارا دۆڭگە چىقىپ، دۇربۇن بىلەن ئەتراپنى كۆزەتتىم. قۇرۇغان توغراق ۋە يۇلغۇنلۇق جاڭگاللىق چېتىگە كۆز يەتمەيتتى. غەرب تەرىپىنىڭ دوربۇن بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان جايىنى تاقىر قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇراتتى. بۇ جاينىڭ ئىلگىرى بىپايان بوستانلىق ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

دۇربۇن بىلەن بايامقى قەدىمىي ئىز خارابىسىنى كۆزەتكىنىمدە، قەدىمىي ئىز خارابىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى قۇرۇغان دەرەخلەرنىڭ ئورمان بەلبېغى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتتىم. بەلۋاغ قەدىمىي ئىز خارابىسىنىڭ يېنىدىن باشلىنىپ بىر كىلومېتىرچە غەربكە سوزۇلغاندىن كېيىن، جەنۇبقا بۇرۇلۇپ (غەربكە قىيپاشراق) رەتسىز ئورمانلىقتا تۇتۇشۇپ كېتەتتى. بىر قارىماققا سۈنئىي ئورمان بەلبېغىدەك، بىر قارىسا ئېقىن بويىدا ھاسىل بولغان بەلۋاغدەك كۆرۈنەتتى.

خارابە قوۋۇقىنىڭ يېنىدىكى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە سېلىنغان ئەخلەتلەر ئارىسىدىن تېپىلغان بىر تال ئۈزۈم تېلى نوتىسى ھەم يۆگۈمچى، بىر تال جىگدە ئۇرۇقى، بىر تۇپ شال باشىقى، كۇۋۇشقا سېلىنغان لاي ئارىسىدىن شال پالىكى، شال، بۇغداي سامىنى قاتارلىقلار تېپىلدى. قەدىمىي ئىزلار ۋە خارابىدىن قوي مايىقى، تۆگە مايىقى، ئىت پوقى قاتارلىقلارنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدىكەن.

بىز بۇ يەردە ئىككى سائەتتەك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ماشىنا قالغان جايغا ئۇدۇللاپ يول ئالدۇق. ئۇزۇن ماڭمايلا ئېچىلىپ قالغان ئېتىز ئىزىغا كەلدۇق. بۇ يەر سىغىزلىق بولۇپ، ئېتىز قىرلىرى ۋە ئارەك-چۈنەكلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بىز يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ، بۇيەر تەبىئىي ئورمان ۋە تەبىئىي ئوت-چۆپكە تايىنىپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان تەبىئىي بوستانلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، مەركىزىي شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلىرى بولغان چوڭ دائىرىدىكى بوستانلىق ئىكەن، دېگەن يەكۈنگە كەلدۇق.

ئېگىز، يالغۇز توغراق دېڭىز يۈزىدىن 1150 مېتىر ئېگىز، يۇمىلاق قۇم بىلەن يالغۇز توغراقنىڭ مۇساپىسى تەخمىنەن 42 كىلومېتىر) بولغاچقا، دەريا ئېقىنى داۋاملىق شەرققە قاراپ ئېقىن ئۆزگەرتىپ تۇرغان. دەريانىڭ ئېقىن ئۆزگەرتىشىگە ئەگىشىپ، بوستانلىقمۇ داۋاملىق شەرققە سۈرۈلگەن. بەلكىم ئىلگىرى بۇ رايوندا ياشىغان خەلقلەرمۇ بوستانلىقلارنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، تەدرىجىي شەرققە ياكى ئېقىن قوغلىشىپ جەنۇبقا كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن. بوستانلىقنىڭ شەرققە سۈرۈلۈشى ۋە يۇمىلاق قۇم، قارا دۆڭ خارابىسىدىكى ئوخشاشلىق ھەمدە بۇ قەدىمىي شەھەرلەر بىلەن ھازىرقى دەريا بويى يېزىسىدىكى ئورتاقلىقلارغا قاراپ «دەريا بويلۇقلار يۇمىلاق قۇم قەدىمىي شەھىرى، قارا دۆڭ قەدىمىي شەھىرىدە ياشىغانلارنىڭ ئەۋلادىمۇ قانداق؟» دېگەن قاراشنى پەيدا قىلىدۇ، يەنى قەدىمىي بوستانلىقلارنىڭ قۇرۇش نىسبىتى غەربتىن شەرققە قاراپ ئازلاپ بارىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ياشىرىپ تۇرغان توغراق ۋە يۇلغۇنلار شەرققە بارغانسىرى يوقلۇقتىن پەيدا بولۇپ، ئازلىقتىن كۆپىيىپ بارىدۇ. توغراق ياغىچىدىن تۈۋرۈك ۋە چېتىق قىلىپ، قومۇش ۋادەك ئۆي سېلىش؛ ئۆي قۇرۇلمىسىنى ھويلا، ئايۋان، دالان، ساراي، قازناق قىلىپ يۈرۈشلەشتۈرۈپ سېلىش ئەھۋاللىرى قەدىمىي خارابە ۋە دەريا بويىغا ئورتاق. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش ۋە چارۋا مالدا ئۆچكىنى ئاساس قىلىشمۇ يەنىلا ئورتاق. (جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە، بۇ ئىككى خارابىدىن تېپىلغان ئۇستىخانلاردىن ئۆچكىنىڭ ئۇستىخىنى ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن) لېكىن، بۇ جەھەتتە ئېنىق بىر نېمە دېيىشكە ماددىي پاكىت تېخى يېتەرلىك ئەمەس.

**جانلىقلار.** دەريا بويى يېزىسىدا بېقىلىدىغان چارۋا - ماللاردىن ئۆچكە ئەڭ كۆپ. ئۇندىن قالسا قوي. چوڭ ھايۋانلاردىن ئېشەك ئەڭ كۆپ. ئۇندىن قالسا تۆگە، ئۇنىڭدىن قالسا ئات، خېچىر. پەقەت بىرلا ئائىلىدە ئىككى تۇياق كالا بېقىلىدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن كالا نىسبەتەن كۆپ ئىكەن. كوپېراتسىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، كالىلارنىڭ ھەممىسى پايغا سېلىنىپ، كوپېراتسىيىگە ئىشلىتىلىپ، ئۆلۈپ تۈگىگەن. شۇندىن بېرى بىر كىم كالا بېقىپ باقمىغان. ئۆي قۇشلىرىدىن توخۇ، كەپتەر بېقىلىدۇ. ئۆي ھايۋانلىرىدىن مۈشۈك، ئىت بېقىلىدۇ. ئىتنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز.

ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، تۈلكە، ياۋا توشقان، ياۋا تۆگە

تىك سىزىق چوڭقۇرلۇقى 12 مېتىر چىقتى. ئىككى قاشتا قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن قېرى توغراقلار خېلىلا زىچ، ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپىدىمۇ قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن توغراقلىق بولۇپ، ئاندا-ساندا ياشىرىپ تۇرغان توغراق ۋە يۇلغۇنلار كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئېقىننىڭ بېشى نەدىن كېلىپ، ئايىغى نەدە توختايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى. دەريا بويى يېزىسىنىڭ باسقاق ئېغىل دېگەن يېرىدىن دەندان ئۆيلۈك قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە ماڭىدىغان نىشان بويىچە (غەربكە) قاراپ 5.4 كىلومېتىر ماڭغاندا بىر قەدىمىي ئېقىن ئىزىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ ئېقىننىڭ بېشى ھازىرقى دەريا ئېقىنىغا تۇتىشىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. پەقەت بىز بۇ ئېقىننىڭ بېشى ئاشۇ ئېقىن بولسا كېرەك دېگەننى قىياس قىلالىدۇق.

شىمالىي پاراللېل 38°57′11″، شەرقىي مېرىدىئان 81°36′02″ تا يەنە بىر قەدىمىي ئېقىن ئىزى بولۇپ، ئەتراپى قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇنلۇق. بىز بۇ يەردىن بىر تەرىپى ئۇچۇپ كەتكەن قارا ساپال جامدىن بىرنى تېپىۋالدۇق ۋە بۇ ئەتراپتىن نۇرغۇن ساپال بۇيۇمى پارچىلىرىنى ئۇچراتتۇق.

ئارىلىقتا يەنە بىر قانچە كىچىك ئېقىن ئىزلىرىنى بايقىدۇق. بۇ ئېقىنلارنىڭ ھەممىسى سېغىزلىق بولۇپ، بەزىلىرى خېلىلا ئېگىز، بەزىلىرى پەس بولسىمۇ، ھەممىسى دېگۈدەك جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. لېكىن ئېقىننىڭ بېشى ۋە ئايىغى قۇم بېسىپ كەتكەچكە ئۇزۇن مۇساپىسىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى.

يۇمىلاق قۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ ئورنى شىمالىي پاراللېل 6,″38°52′23، شەرقىي مېرىدىئان 05,″81°34′9 تا بولۇپ، يۇمىلاق شەھەر خارابە ئەتراپى 2.1 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان. دۆڭلەرنىڭ تېگى سېغىزلىق ۋە قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇنلۇق بولۇپ، توغراق نىسبەتەن ئاز. بۇ خارابىگە قاچانلاردىدۇر غەربىي جەنۇب تەرەپتىن كەلگەن سۇيى بېسىپ كىرىپ، شىمال تەرەپتىن بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن بولۇپ، شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىنى چوڭقۇر ئويۇۋەتكەن. دۇربۇن بىلەن ئەتراپىنى كۆزەتكەندە، جەنۇب تەرەپتە قۇرۇپ كەتكەن توغراقلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. غەرب ۋە شىمال تەرىپىدىن قۇم بارخانلىرىدىن باشقا نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، قۇملۇقنىڭ غەربىي ئېگىز، شەرقى پەس، (يۇمىلاق قۇم خارابىسى دېڭىز يۈزىدىن 1173 مېتىر

تۈۋىدىن باشلاپ ئۇچىغىچە چېچەكلەپ، ئۇرۇقلايدۇ. ئۇرۇقى ئىنتايىن كىچىك، بېغىر رەڭلىك، يۇمىلاق بولىدۇ. يەر يۈزىگە ئۆسۈپ چىققانلىرىنىڭ دورىلىق قىممىتى بولمايدۇ. 4-، 5-ئايلاردا يەر يۈزىگە ئۆسۈپ چىقىشتىن بۇرۇن قېزىلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. يېڭى قېزىلغانلىرىنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل (ئۇسۇڭنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش. ئۆزىمۇ يوپۇرمىقى ئېلىۋېتىلگەن ئۇسۇڭغا ئوخشايدۇ) بولۇپ، كۈن نۇرى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن قارىداشقا باشلاپ، بېغىر رەڭگە كىرىدۇ. قۇرۇتۇلغىنىنىڭ تاش پوستى قىنمىق، ئىچكى قىسمى سۇسراق بېغىر رەڭدە بولىدۇ. ئەتىيازدا قېزىلغان ئۈۋىلاردىن يەنە كۈزگىچە قايتا باشلىنىدۇ. قېزىش جەريانىدا ئوق يىلتىزى ياكى قازىنى زەخمىلەنسە، پۈتۈن سېسىپ كېتىدۇ. قازىنى ئېلىۋېتىلسە يوقاپ كېتىدۇ. دەريا بويى يېزىسىدا يازنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغاچقا، يەر يۈزىگە ئۆسۈپ چىققان توشقان زەدىكى 7-8-ئايلاردا ئۇچىدىن باشلاپ سېسىپ كېتىپ، ئۇرۇق بەرمەيدۇ. قۇملۇقتا ئۆسكەن يۇلغۇنلۇقلاردىن كۆپ ۋە يوغان چىقىدۇ. ئەڭ چوڭلىرىنىڭ دىئامېتىرى 20-25 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قۇملۇق زەدىكىنىڭ سۈپىتى ياخشى، دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ.

توشقان زەدىكىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكىسى ھۆلگە مايىل سوغۇق، قۇرۇتۇلغىنى ھۆلگە مايىل ئىسسىق بولۇپ، تەمى ئاچچىقراق تاتلىق. زەھەرسىز. بۆرەكنى ئىسسىتىپ، مۇسپىلىكنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئۈچەينى نەملەشتۈرۈپ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ. باھنى ئۇرغۇتۇش، قاننى تازىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. قەۋزىيەت، جىنسىي ئاجىزلىق، ئاياللار كېسەللىكلىرى ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان توشقان زەدىكىنى چايغا سېلىپ (پارچىلاپ، قايتا - قايتا سېلىپ ياكى ئېكەكدەپ ئۈۋۈتۈپ) دەملەپ ئىچىشكىمۇ، قوناق ھارىقىغا چىلاپ ئىچىشكىمۇ بولىدۇ. قايسى خىل ئۇسۇلدا ئىستېمال قىلىنىسىمۇ شىپالىق رولى ئوخشاش.

2. توغراق. توغراق شىنجاڭنىڭ قۇملۇق رايونلىرىدا ئۆسىدىغان ئۆمرى ئۇزۇن، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، ياغاچ ماتېرىياللىقى ياخشى دەرەخ بولۇپ، دەريا بويى بوستانلىقىدا 35% كۆلەمنى ئىگىلەيدۇ. توغراق قۇم توغراق ۋە قاپاق توغراق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. قۇم توغراقنىڭ يوپۇرمىقى سوقىچاقراق، يوپۇرماق ئەتراپى ھەرە چىشىمان بولىدۇ. قاپاق توغراقنىڭ ئۈستى

قاتارلىقلار بار. ياۋا توشقان نىسبەتەن كۆپ. 20ـ30 يىلنىڭ ئالدىدا، بۆرە، ياۋا توڭغۇزلارمۇ بار بولۇپ، ھازىر ئاساسەن يوق. ياۋا ئېشەكنىڭ بارلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. لېكىن، كۆرۈپ باققانلار يوق.

ئۇچار قۇشلاردىن كىرىيە بوستانلىقىدا بار بولغان قىلىيوغا، قاغا، ھۆپۈپ، پاختەك، سېرىق قۇچقاچ، قارا قۇچقاچ، سۇندۇك، توقۇچاق (تۆمۈر تۇمشۇق)، مەشو، ياۋا ئۆردەك، ياۋا غاز قاتارلىقلار بار. لېكىن، سانى خېلىلا ئاز. ئەتىياز ۋە كۈزدە ئاققۇ، تۇرنا دېگەندەك قۇشلار بۇ يەردىكى كۆل ۋە ئېقىندا تۇرۇپ ئۆتىدۇ.

كۆل ۋە ئېقىنلاردا ئاق بېلىق، مۇكا باش بېلىق، پاقا باش بېلىق ۋە پاقا بار. ئاق بېلىق نىسبەتەن كۆپ. باشقا سۇدا ياشايدىغان ھاشارات ۋە قۇرتلار بايقالمىدى.

قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئۆمۈلىگۈچى ھايۋاناتلاردىن كىلە، سالما، پاتمىچۇق قاتارلىقلار بار. چاشقان نىسبەتەن كۆپ. ھاشاراتلاردىن پاشا نىسبەتەن كۆپ. توغراقلارغا زىلخا چۈشىدۇ. ياز پەسلىدە كۆمۈت ئاۋۇيدۇ. قومۇشلارغا پىت چۈشىدۇ. چارۋىلاردا كانا نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، قوي چۈشكەن جايلاردا ھەممىشە ئادەملەرگىمۇ يامىشىدۇ.

يىڭناغۇچ، كىچىك سېرىق ھەرە، تېزەك قوڭغۇزى قاتارلىقلارمۇ بار. بىز يۈملاق قۇم قەدىمى شەھەر خارابىسىگە كېتىۋېتىپ، گىياھسىز دەشتى قۇملۇقتىمۇ يۇقىرىقى ھاشاراتلارنى ئۇچراتتۇق. تىرىك ئۇچۇشۇپ يۈرگەن بۇ ھاشاراتلاردىن بىز تولىمۇ ھەيران قېلىشتۇق ۋە بۇنىڭدىن بۇ دەشتى قۇملۇقتا تېخى ھاياتلىقنىڭ ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

## دەريا بويىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى

**1. توشقان زەدىكى.** توشقان زەدىكى دەريا بويىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنىڭ بىرى. توشقان زەدىكى يۇلغۇن يىلتىزىدىن ئوزۇقلىنىدىغان تەييارتاپ ئۆسۈملۈك بولۇپ، يۇلغۇنلۇقلاردا ئۆسىدۇ. بىر تال ئوق يىلتىز يۇلغۇن يىلتىزىدىن ئۆسۈپ چىقىپ، قازان ھاسىل قىلىدۇ. توشقان زەدىكىنىڭ قازىنىنىڭ بەزىسى مۇشتەك شەكلىدە، بەزىسى ئاپتاپپەرەسنىڭ بېشى شەكلىدە بولىدۇ. قازاننىڭ ئەتراپىدا كۆز بولۇپ، توشقان زەدىكى شۇ كۆزلەردىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. توشقان زەدىكىنىڭ قازىنى ئادەتتە يەر يۈزىدىن 50ــ130 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولىدۇ. قىزىلمىغان زەدەك 6ـ، 7ـ ئايلاردا يەر يۈزىگە كۆكلەپ چىقىپ، 8ـ، 9ـ ئايلاردا

بولىدۇ. يىلتىز قولى ياغاچسىمان، يوغان بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ تەمى تاتلىق، تەبىئىيتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. يۈرەكنىڭ ئىسسىقىنى ئالىدۇ. ئۆت ئىسسىقىنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ. تالنى ساغلاملاشتۇرۇپ، قۇۋۋەت قوشىدۇ. ئۆپكىنى نەملەشتۇرۇپ، يۆتەلنى توختىتىدۇ. مۇرەككەپ رېتسېپلىق دورىلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. خام يىلتىزىنى قاينىتىپ ئىچكەندە، يۆتەلنى توختىتىش، ئىسسىقنى قايتۇرۇش رولى ياخشى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يانتاقتىن تەرەنجۇبىل (يانتاق شېكىرى)، يۇلغۇندىن يۇلغۇن شېكىرى ئېلىنىپ، قىممەتلىك دورا قاتارىدا ئىشلىتىلىدۇ.

## ئارزۇيۇمدىكى دەريا بويى

دەريا بويى يېزىنىڭ كېرىيە بىلەن بولغان مۇساپىسى ئۇزۇن. قاتنىشى قولايسىز. ئاھالىلىرى چاچقۇن. بۇ يەردىكى ئاھالىلەر گەرچە يېڭى مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش، كىيىم مەدەنىيىتى، تىل ئادىتى، ئۆرۈپ-ئادەت ... قاتارلىق جەھەتلەردە كېرىيە بوستانلىقى بىلەن تەڭ دېگۈدەك تەرەققىي قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى، ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت، كىشىلىك تۇرمۇش، غايە-ئېتىقاد، تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دۇنيا قاراش، ئەقىدە-ئىخلاس، پەرزەنت تەربىيىسى، ئائىلە قارىشى ... قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە يەنىلا ئۆزگىچە مەدەنىيەت، ئۆزگىچە روھ، ئۆزگىچە قاراشلار ساقلىنىپ قالغان. بۇلار جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، جۈملىدىن ئۇيغۇرشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىكى تىرىك ئەۋرىشكە بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى. لېكىن، بۇ جاينىڭ سىرتقا قارىتا كەڭ ئېچىۋېتىلىشى، ساياھەتچى، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ تۇشمۇتۇشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشى، سانسىز رەھبەرلەرنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن «خىزمەت تەكشۈرۈش» كە كېلىپ، يەپ - ئىچىشلىرى، زەدەك قازغۇچىلار ۋە بايلىق ئىزلىگۈچىلەرنىڭ كۆپىيىشى... قاتارلىق ئىجتىمائىي ئامىللار بۇ ساپ مەدەنىيەتلىك خىلۋەت ماكاننىڭ مەدەنىيىتىگە ئارىلاشما، ئەبجەش مەدەنىيەتنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ

يوپۇرماقلىرى تەڭگە سىمان، چۆرىسى ھەرە چىشسىمان، ئاستىن يوپۇرماقلىرى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش سوزۇنچاق بولىدۇ.

ياشراق توغراقلارنىڭ غولىنى تەشسە سۇزۇك رەڭسىز سۇيۇقلۇق تامچىلاپ ئېقىپ چىقىدۇ. بۇ سۇيۇقلۇقنىڭ تەمى ئىنتايىن سېسىق. زەخىملەنگەن جايدىن ئېقىپ چىققان سۇيۇقلۇق توغراق غولىدا شورسىمان قېتىشما ھاسىل قىلىدۇ. بۇ «ئاق توغرۇغا» دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىكلەر ئۇنى سوپۇن ئورنىدا كىر يۇيۇشقا ئىشلىتىدۇ. نىسبەتەن قېرى، ئىچى كوڭتايلىشىپ كەتكەن توغراقلارنىڭ غولىنى تەشسە قېنىق دەملەنگەن قەھۋە رەڭگىدىكى سۇيۇقلۇق فونتان كەبى ئېتىلىپ چىقىدۇ. بۇ سۇيۇقلۇقنىڭ تەممۇ ئىنتايىن سېسىق. توغراقنىڭ زەخىملەنگەن جايىدىن سىزىپ چىققان بۇ سۇيۇقلۇقمۇ توغراق غولىدا قارامتۇل قېتىشما ھاسىل قىلىدۇ. بۇ «قارا توغرىغا» دەپ ئاتىلىدۇ. (ئۇيغۇر تېبابىتىدە «توغراق يېلىمى» دەپ ئاتىلىدۇ) كېرىيەلىكلەر ئاق ۋە قارا توغرۇغنى سودا ئورنىدا ئاش-تاماققا ئىشلىتىدۇ. توغرۇغا ئىشلىتىلگەن ئاش-تاماق مەيدىدىكى سوغۇق يەلنى (ئاشقازان ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، ئاشقازان كىسلاتاسى ئېشىپ كېتىش كېسەللىكلىرىنى) داۋالايدۇ. توغرىغىنىڭ تەمى تۇزلۇق، قېرىق. تەبىئىيتى سوغۇق، زەھەرسىز. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ. ئاغرىق توختىتىدۇ. گال ئاغرىش، ئېغىز، چىش ئىششىپ ئاغرىش، بويۇن لىمفا سىلى، ئاشقازان ئاغرىشتا توغرۇغا ئېرىتمىسى ياكى توغرۇغا تالقىنى يەككە ئىشلىتىلىدۇ.

يەرلىكلەر توغراقنىڭ كۆك يوپۇرمىقىنى قۇرۇتۇپ قاقتا سېلىپ، قىش كۈنلىرى يەم-بوغۇز ئورنىدا چارۋا بورداشقا ئىشلىتىدۇ. توغراق ئوتۇنى كېرىيە ناۋايچىلىقىدىكى ئەڭ ياخشى يېقىلغۇ ھېسابلىنىدۇ.

3. چۇچۇك بويا. چۇچۇك بويا («سېرىق بۇيا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 30ـ80 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. قۇملۇق ۋە قۇمۇشلۇقلاردىكى قۇمساڭغۇ زەيكەش جايلاردا ئۆسىدۇ. دەريا بويى يېزىسىدا بىر ياپ چۇچۇك بويىلىق يوق دېيەرلىك. قومۇشلۇقلاردا قومۇش بىلەن ئارىلىشىپ ئۆسىدۇ. ئېقىن بويلىرىدىكى قۇملۇقلاردا كۆپ ئۆسىدۇ. چۇچۇك بويىنىڭ يىلتىزى دورا بولۇپ، پوستى قارامتۇل قوڭۇر

ئوتتۇرا زاكو، لەڭگەر سۇ ئامبىرى قاتارلىق سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى بۇ يەرگە كېلىدىغان سۇ مەنبەسىنى قىسىپ، ئاياغ تەرەپنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. دەريا بويىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يايلاقلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن سۇنىڭ تۇتۇلۇشى ئاياغ تەرەپنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى تېزلەتكەن ۋە تېخىمۇ زورايتقان. بوستان شاللىق رايونىدا سىمىيلىك دورىلار بىلەن بۇلغانغان شاللىق سۇلىرىنىڭ دەرياغا چۈشۈپ، سۇنى بۇلغىشى سۇ جانلىقلىرى سانىنىڭ ھەسسىلەپ ئازىيىپ كېتىشى ۋە تۈرىنىڭ ئىنتايىن ئازلاپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان؛

نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى (1986-يىلىدىكى نوپۇسى 724، ئائىلە 140 ئىدى. 2002-يىلىدىكى نوپۇسى 1324، ئائىلە 236 گە يەتكەن)، توغراقلارنىڭ كۆپلەپ كېسىلىپ، ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىلىشتەك ۋەيرانچىلىقنى پەيدا قىلغان. چارۋا سانىنىڭ كۆپىيىشىنى تېزلىتىپ، توغراقلارنىڭ كېسىلىپ ۋەيران قىلىنىش قەدىمىنى تېخىمۇ تىزلەتكەن. (چارۋىچىلار چوڭ توغراقلارنىڭ غول شاخلىرىنى، كىچىكرەك توغراقلارنىڭ غولىنى قاپ بەلدىن كېسىپ يىقىتىپ، مال بېقىشقا ئادەتلەنگەن) ھەم بۇ رايوندا ئوتلاق قىسىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دەريا بويىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 649 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭدىن سۇغىرىش كۆلىمى 1 مىليون 229 مىڭ مو. پايدىلانغىلى بولىدىغان بوستانلىق 836 مىڭ مو بولۇپ، 1950-يىللاردىكىگە قارىغاندا بوستانلىقنىڭ قۇرۇپ كېتىش نىسبىتى %40—%30 گە يەتكەن. بۇ تەخمىنىي سان بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مۆلچەرى).

مېنىڭچە، بۇ يەردىكى تەبىئىي بوستانلىقلارنى ۋە ساپ، ئۆزگىچە مەدەنىيەت قاتلىمىنى قوغداپ قېلىش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن، دەريا بويى بوستانلىقىنى «تەبىئىي قوغداش رايونى» قىلىپ بېكىتىپ، قانۇن ۋە كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق قوغداش كېرەك. ھازىرقى «كىرىپ - چىقىش ئەركىن بولۇش، كىرگەنلەرنى چىڭ تۇتماسلىق، تۇشقان زەدىكى يۆتكەشنىلا مەنئى قىلىش» تەك بىر تەرەپلىمە، تەبىئەتنى، مۇھىتنى قوغداش روھى بولمىغان تۈزۈلمىنى ھەممىنى ئۈنۈۋېرسال باشقۇرىدىغان، ئۈنۈۋېرسال قوغدايدىغان تۈزۈلمىگە ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇ تەبىئىي، ئىپتىدائىي، خىلۋەت بوستانلىقنى ئەسلى ھالىتىدە ساقلاپ قېلىش، ئۆزگىچە مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە ۋە تەبىئىي شارائىتقا

مەنئۇيىتىنى بۇلغىغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى بۇزۇپ، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىغان ۋە ئۇلارنى بىزار قىلغان. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە بۇزۇلۇشىنى تېزلىتىۋەتكەن. چارۋىچىلارنىڭ ئۆيى ئەتراپىدىن كېرەكسىز بۇيۇملار، سۇ، يېمەك-ئىچمەك قۇتىلىرىنى قەدەمدە بىر ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بىز يۇمىلاق قۇم ۋە قارا دۆڭ خارابىلىرىگە بارغۇچىلىكمۇ يول بويى بۇ خىل نەرسىلەرنى كۆپ ئۇچراتتۇق (بىز باشتىن - ئاخىر ئۆز ئەخلەتلىرىمىزنى ئۆزىمىز قايتۇرۇپ كېتىش پرىنسىپىمىزغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ھەتتا تاماكا قالدۇقلىرىنىمۇ قايتۇرۇپ چىققان بولساقمۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ ئەخلىتىنى تېرىپ چىقىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى).

تۇشقان زەدىكى كولىغۇچىلارنىڭ يۇلغۇن يىلتىزلىرىنى قالايمىقان قېزىپ، بوستانلىقلارنى ۋەيران قىلىۋېتىشىغىلا ئەمەس، بەلكى زەدەك كولىغۇچىلار ۋە ئىشلەمچىلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئاھالىلەرنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى بۇزۇپ، ئوغرى-يالغان كۆپىيىپ، ئائىلىسىگە شەھەر ئاھالىلىرىگە ئوخشاشلا قۇلۇپ سېلىشقا ئادەتلىنىشكە مەجبۇر قىلغانلىقى؛ كېيەن ئوغرىلىرىنىڭ قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىگە خالىغانچە بېرىپ، بايلىق ئىزلەپ، خارابىلەرنى بۇزغاننى ئاز دەپ، خارابىلەرگە ئوت قويۇپ، خالىغىنىنى قىلغانلىقى؛ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان «تەكشۈرگۈچىلەر» ۋە «رەھبەرلەر» نىڭ تۇشمۇتۇشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، تالاي قورۇق ۋەدىلەرنى بېرىپ، پۇقرالارنى ئالداپ، يەپ-ئىچىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك لېۋىنى سۈرتۈۋېتىپلا كېتىپ قېلىشى بىلەن پۇقرالارنىڭ مېھماندوستلۇق قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ چېچىلىپ، ئۇلارنى بىزار قىلىشى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ جايغا جان كۆيدۈرۈپ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن رەھبەرلەرمۇ ئاز ئەمەس، لېكىن قىسمەن كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىك نامىدىن پايدىلىنىپ، بۇ يەرگە ئويۇن - تاماشا قىلىش ئۈچۈنلا كېلىپ، ئۈنى-بۇنى تەلەپ قىلىپ، ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قويۇپ، يەرلىك رەھبەرلەر ۋە پۇقرالارنى بىزار قىلغانلىقى ھەر قانداق كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ.

ئېكولوگىيە جەھەتتە بولسا، 60-يىللاردا كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا ياسالغان نۇر مەممەت زاكو، ئۇندىن كېيىن ياسالغان

ئابدۇقادىر تۇرسۇن

# قاراقۇرۇم تەبىئىي سۇ ئامبىرى — ئىبراھىمكۆل

كېرىيە بوستانلىقىنىڭ جان تومۇرى ۋە قان تومۇرى دەپ ئاتالغان كېرىيە دەرياسىنىڭ يىل بويى ئۈزۈلمەيدىغان زۇمرەت ئېقىنى — كوئېنلۇن تاغلىرىدىكى قېلىن قار ۋە مەڭگۈلۈك مۇز چوققىلىرىدىن ئېرىگەن ئېرىندى سۇ.

بۇ «ئۈزۈلمەس ئېقىن»غا بۇ ناھىيىدىكى 190 نەچچە مىڭ ئاھالە، 300 نەچچە مىڭ مولۇق تېرىلغۇ يەر، 400 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ۋە تۈمەن مىڭلىغان دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، ئوت-چۆپ، ئۇچار قۇش، جان - جانىۋارلار، ئىشقىلىپ مۇشۇ ۋادىدىكى جىمىكى ھاياتلىقنىڭ ھايات - ماماتى، تەقدىر تەلىپى باغلانغان، مۇشۇ دەريانىڭ ئاشۇ سۇيىسىز بۇ يەردە ھېچ قانداق ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. كوئېنلۇندىن تەكلىماكان قۇملۇقىغا قاراپ تارتىلغان چوڭ - كىچىك دەريا ئېقىنلىرى خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى قان - تومۇرلاردا جۇش ئۇرۇپ ئايلىنىۋاتقان ھاياتلىق قېنىغا ئوخشاش بۇ رايونغا جان ئاتا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئېقىن مىقدارى بەزى پەسىل، ئاي، كۈنلەردە ئۇلۇغ، بەزى پەسىل ئاي، كۈنلەردە ئاز بولسىمۇ، كىشىنى ئەڭ ئۈمىدلەندۈرىدىغىنى شۇكى: يىل بويى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە، كېچە - كۈندۈز، بىر مىنۇت - سېكۇنت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. مانا بۇ — بۇ يەردىكى ھەممە جان ئىگىسىنىڭ ئەڭ زور بەختى ۋە ئامىتى.

سۇنىڭ بۇ خىل ئۈزۈلمەسلىكىنىڭ مۇقەددەم ئەۋۋىلى قاچان باشلانغان؟ ئۈزۈلۈپ قالغان چاغلىرى — ئاي - كۈنلىرىمۇ بولغانمۇ؟ بۇ توغرىدا تارىخ سەھىپىلىرىدە ھېچنېمە يوق. بىراق ئەقىل بىلەن

ماسلاشقان تۈرمۇش مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساقلاپ قېلىش رېئال ئەھمىيەتكە، ئىنتايىن زور ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە.

2002 ـ يىل ئۆكتەبىر ـ نويابىر، كېرىيە

---

*ئابدۇرىشات مۇساجان (مۇرات) 1963 ـ يىلى كېرىيە ناھىيە تاناي بېشى مەھەللىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايىدا خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرجىمە ئىشخانىسىغا تەقسىم قىلىنغان. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان. ناھىيىلىك يەر ناملىرى ئىشخانىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرىدا تەرجىمان بولغان. ھازىر ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ.*

*ئۇ 1985 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئۈچ پارچە شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى، 20 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ۋە بىر بۆلۈك نەسرى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. خەلق فولكلور تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە يازغان 10 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالىلىرى ھەر قايسى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. بۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارغا ئۇنىڭ «خوتەن قىلتىپىشى» قاتارلىق ئىككى پارچە ئىلمىي ئەسىرى كىرگۈزۈلدى.*

*ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش مەمۇرىي تەپتىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، كېرىيە ناھىيىلىك يازغۇچى، ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە بىلىش كاتىپى.*



«سىگمەيدۇ» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

بۇ، قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان تاغلاردىكى ئېرىندى سۇلارنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان تەبىئىي كۆل بولۇپ، سۇ مىقدارى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، يازدا سۇ يۈزى كۆتۈرۈلسە، باشقا پەسىللەردە پەسلەپ، كۆل يۈزى كىچىكلەيدۇ. زور كەلكۈن مەزگىلىدىكى سۇنىڭ ئېقىن مىقدارى 30 كۇب سانتىمېتىرغا يېتىدىكەن. تولۇق بولمىغان ھېسابلاشلارغا قارىغاندا، «ئىبراھىمكۆل» نىڭ يىللاردىن بۇيانقى سۇ مىقدارى 5 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر بولغان (خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسى بىلەن سابىق كېرىيە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 1971 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى «ئىبراھىمكۆلىنى تەكشۈرۈش، ئۆلچەش توغرىسىدىكى دوكلاتى» دىن ئېلىندى).

«ئىبراھىمكۆل» سۈيى پۈتمەس - تۈگىمەس شۇنداق بىر سۇ ئامبارىكى: ئۇ گويا ئاپتوماتىك باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىغا ئىگە زامانىۋىلاشقان سۇ ئامبىرىغا ئوخشاش، يازدا ئېرىندى سۇلارنى يېتەرلىك چىڭقىۋالغاندىن باشقا، يەنە يېتەرلىك چىقىرىپ بېرىدۇ. قىشتا مۇۋاپىق چىقىرىدۇ. قۇرغاقچىلىق ۋاقىتلىرىدىمۇ كىشىلەرنى ھەرگىز نائۇمىد قىلماي، ھاياتلىق تامچىسىنى ئەسلا ئۈزۈپ قويمايدۇ. بۇ كۆل ئەۋەتكەن ئېقىن ئۆزىدىن 400 — 500 كىلومېتىر شىمالدىكى جايلارغىچە يېتىپ بېرىپ، ئۆز قەترىسىدىن، ھەتتا تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى توغراق - يۇلغۇنلارغىچە بەھرىمەن قىلالايدۇ.

«ئىبراھىمكۆل» دىن باشلىنىدىغان دەريا - ئېقىنلىرى پەقەت بىرلا بولماستىن، چوڭ - كىچىك تارماق ئېقىنلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ ئېقىنلار ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى تارچۇق، چوڭقۇر جىرالار بولغاچقا، ئېقىۋاتقان سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئېگىز تاغلارنىڭ ھەيۋەتلىك گەۋدىسى توسۇپ تۇرىدۇ. ئېقىنلارنىڭ تېگى بەزىلىرى ئۇيۇل تاشلىق، بەزى يەرلىرى تاش - شېغىللارنىڭ قېلىن قاتلاملىرى بولغانلىقتىن، سىڭىپ كېتىش ئەھۋالىمۇ ئېغىر ئەمەس. سىڭىپ كەتكەنلىرى بولسا مەلۇم جايلارغا كەلگەندە ئېتىلىپ چىقىپ، يەنە چوڭ ئېقىنلارغا قوشۇلىدۇ. «ئىبراھىمكۆل» 9 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بىر قەۋەت مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا، بۇ مۇز كۆل سۈيىنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى توسۇيدىغان بىر قەۋەت تەبىئىي

ئىدراك قىلىپ كۆرگەندە، توختىمىغان بولسا كېرەك. ئەگەر توختاپ قالغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەردە ھاياتلىق بولمىغان بولاتتى. ئۇزۇلمەسلىكنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى شۇكى: ئۇلۇغ تەبىئەت كېرىيە خەلقىگە ئاتا قىلغان بىر تەبىئىي سۇ ئامبىرىنىڭ يىل بويى ئۈزۈلدۈرمەي ھەر قايسى دەريا ئېقىنلىرىغا سۇ چىقىرىپ بېرىپ تۇرغانلىقىدا!

بۇ تەبىئىي سۇ ئامبىرى قارا قۇرۇم تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 5400 ـــ 5500 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان سەلتەنەتلىك چوققىسىدا بۇلۇتلار بىلەن قوچاقلىشىپ، خۇددى بىر يېشىل مەرۋايىت كۆزلۈك ئۈزۈكتەك يالتىراپ تۇرىدۇ. بۇ كۆلنى كىشىلەر «ئىبراھىمكۆل» (جانلىق تىلدا ئۇرايىمكۆل) دەپ ئاتايدۇ.

ھەر خىل تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، «ئىبراھىمكۆل» شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ تەخمىنەن 15 ـــ 20 كىلومېتىر ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئورنى شىمالىي پاراللېل °35'15، شەرقىي مېرىدىئان °18'45 غا توغرا كېلىدۇ. كېرىيە ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 250 كىلومېتىر كېلىدۇ. «ئىبراھىمكۆل» نىڭ تىبەتچە ئىسمىنىڭ بار - يوقلۇقى نامەلۇم. مەرھۇم ئىبراھىم بەگنىڭ بىزگە ئېنىقلاپ بەرگىنى ـــ بۇ كۆل كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاساسلىق غول ئېقىنى بولغان «لۇش» دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىكەنلىكى ۋە كېرىيە بوستانلىقىغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان ئاساسىي مەنبە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت.

سېخىي تەبىئەت بۇ كۆلنى بەكمۇ ئوبدان جايلاشتۇرغان بولۇپ، شەرق، غەرب ئىككى تەرىپى قارلىق چوققا، مۇز تاغلار بىلەن ئورالغان، شىمال تەرىپى يانتولۇقى ئانچە تىك بولمىغان قىيپاش دۆڭ، جەنۇبىدا بولسا، سۇ ئايرىغۇچ چوققا چوقچىيىپ تۇرىدۇ. كۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدا تار بىر چىقىش ئېغىزى بولۇپ، بۇ دەل «لۇش» دەرياسىنىڭ سۇ كىرىش سۇتگۈچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېغىزنىڭ ئاستى يۈز كەڭلىكى 50 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، كەڭلىكىنىڭ ئەڭ كەڭ جايى بەش كىلومېتىر بولۇپ، يەر شەكلى جەھەتتىن ئېيتقاندا، جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس. ئۇزۇنغا يانتولۇقى ئىككى - ئۈچ بولۇپ، پەرق ئانچە چوڭ ئەمەس، تۆت ئەتراپىدىكى قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان چوققىلار دېگۈدەك گرانىت تاشلىق بولۇپ، بۇ چوققىلار ھەم ئېگىز، ھەم قىيلىن بولغاچقا، سۇنىڭ سىڭىش نىسبىتى ئەڭ ئاز، ھەتتا

ئەۋەتكەن بۇ ئابى ھاياتتىن ئۆز مەنپەئەتلىرى يولىدا گۇگۇشلۇق پايدىلانغان. يېقىنقى زامانلاردىن ئالىدىغان بولساق، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن كېرىيىنىڭ غەيرەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر ھاكىمى مۇسا بەگ تەكلىماكانغا دادىل يۈرۈش قىلىپ بوز يەر ئېچىپ، ئاھالە كۆچۈرۈپ بىر مۇنچە چۆل - جەزىرىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئاۋاتلاشتۇرغان. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى قاراقىر، يېڭىۋاغ قاتارلىق يېزىلىرى مۇسا بەگ تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن.

مۇسا بەگ بوز يەر ئېچىپ يېڭى كەنت ۋە تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى بەرپا قىلىپلا قالماي، يېڭى سۇ مەنبەلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، كېرىيىنىڭ سۇيىنى كۆپەيتىش، تېخىمۇ كۆپ بوستانلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىش مەقسىتىدە، ئۆز قېرىندىشى ئىبراھىم بەگ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى قارا قۇرۇم تاغلىرىغا بىر قانچە نۆۋەت ئەۋەتكەن. ئىبراھىم بەگ ۋە ئۇنىڭ ئەترىتى ئادەمزات ئايىغى ئىز باسمىغان تاغلاردا مىڭ بىر مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، دەريا - ئېقىنلارنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، ئاخىر سۇ مەنبەلىرىنى ئېنىقلاپ چىققان، «ئىبراھىمكۆل» شۇ ۋاقىتتىقىچە نامسىز تەبىئىي كۆل ئىدى. كېيىن ئىبراھىم بەگنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، پۈتۈن كېرىيە خەلقىگە تونۇشلۇق بولغان. ئىبراھىم بەگ، «ئىبراھىمكۆلى» دىن چىقىۋاتقان سۇنىڭ نەگە ئېقىپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، كۆلنىڭ سۇ چىقىرىش ئېغىزىدىن بىر نەچچە تاغار ياغاچ كۆمۈرى ۋە ئالما قاتارلىقلارنى قويۇپ بېرىپ، ھەر قايسى چوڭ-كىچىك دەريا ئېقىنلىرىنىڭ تۆۋەن قىسمىدا كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشتەك ئاددىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، «ئىبراھىمكۆلى» دىن چىقىۋاتقان سۇنىڭ كېرىيە دەرياسىغا قۇيۇلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. دەرۋەقە، ئۇ چاغلاردا بۈگۈنكىدەك ئۆلچەش، سىزىش، تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋە تېخنىكا يوق ئىدى، شۇنىڭدەك مەنچىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچى چىرىك ھاكىمىيەت بۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىش قىلىدىغانلارنىڭ پېيىنى قىرقاتتى. مۇسا بەگ، ئىبراھىم بەگ قاتارلىقلارنىڭ كېرىيىنىڭ سۇيىنى كۆپەيتىش يولىدىكى ھەرىكەتلىرى گەرچە چوڭ نەتىجە بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ، ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يۇرتى ۋە خەلقىنىڭ غەم - قايغۇسى، مەنپەئەتى يولىدا ئېلىپ بېرىلغان دادىل ئىزدىنىشتۇر. ھېچ بولمىغاندا، ئۇلار

يېپىنچىلىق رولىنى ئوينايدۇ.
«ئىبراھىمكۆل» نىڭ ھاۋارايى ئىنتايىن ئۆزگىرىشچان، تېمپېراتۇرىسى تۇراقسىز، كېرىيە بوستانلىقى بىلەن تېمپېراتۇرا، كىلىمات پەرقى خېلى زور. 1971 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ئىبراھىمكۆل» رايونىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە 0.0°، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 13.8° بولغان. شۇ كۈنى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 23.7°، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 9.9° بولغان. ئىلمىي ماتېرىياللاردا ئانالىز قىلىنىشىچە، كېرىيە ناھىيىسى بىلەن «ئىبراھىمكۆل» نىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى نۆلدىن تۆۋەن 24° - ۋە 24° بولىدىكەن. «ئىبراھىمكۆل» نىڭ ئەڭ سوغۇق مەزگىلدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 35° بولىدىكەن. لېكىن، كۆلنىڭ سۈيى كۆپ ۋە چوڭقۇر بولغانلىقتىن، مۇشۇنداق تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىمۇ پۈتۈنلەي ئۇيۇل مۇزغا ئايلىنىپ كەتمەيدىكەن.
«ئىبراھىمكۆل» ھەر خىل سۇ قۇشلىرىنىڭ جەننەت ماكانىدۇر. غاز، ھاڭغىرت، ئاققۇ، ياۋا ئۆردەك قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى بۇ يەردە خاتىرجەم ماكانلىشىپ كۆپىيىدىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە: سۇ ئۈستىگە توزىغان سۇ قۇشلىرىنىڭ پەي - تۈكلىرى كۆلنىڭ بەزى جايلىرىدا بىر قانچە مېتىر قېلىنلىقتىكى سۇ ئۈستى ماموق كۆرپىنى ھاسىل قىلغان، ھەتتا ئادەم ماڭسىمۇ كۆتۈرىدىكەن. بۇنىڭ بىر ئاز ئاشۇرۇپ قىلىنغان تەسۋىر ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ يەر زامان-زامانلاردىن بېرى سۇ قۇشلىرىنىڭ تەبىئىي ئۇۋىسى بولۇپ كەلگەنلىكى ناھايىتى روشەن.
ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانچە ئون ئەسىرلەر داۋامىدا ياراتقان بوستانلىقلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ماكان ۋە جاھانلىرىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىغا يەم بولۇپ كەتمەي، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى داۋام قىلىشى ۋە كېڭىيىپ گۈللىنىشى — مانا شۇ قار - مۇز بىلەن قاپلانغان ئاتا تاغلار ۋە «ئىبراھىمكۆل» دەك نۇرغۇن تەبىئىي سۇ ئامبارلىرىنىڭ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەردىكى ئەمگەكچى خەلق تەبىئەتنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا شۈكۈر - قانائەت قىلىپ ياتماي، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ سۇدىن ئىبارەت بۇ ھاياتلىق ئەڭگۈشتەرلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى ئاللىقاچان بىلگەن. ئۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە باتۇر قوللىرى بىلەن نۇرغۇن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ياساپ، كوئېنلۇن تېغى

ليۇ جىڭخۇا

# ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر ماكانى — خوتەن

خەلقئارا تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى 1985 - يىلى شىنجاڭنى دۇنيا بويىچە تۆت چوڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر رايونى قاتارىغا كىرگۈزدى. يەنە كېلىپ، شىنجاڭدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن كىشىلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە مەركەزلەشكەن. مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تۆتىنچى قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش داۋامىدا، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خوتەن ۋىلايىتىدە 100 ياشتىن ئاشقان ياشانغان كىشىلەردىن 114 نەپەر ئادەم بارلىقى ئېنىقلانغان. بۇ 114 نەپەركىشى ئىچىدە، ئىككى نەپەر قىرغىزدىن باشقا قالغان 112 كىشىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر. 100 ياشتىن يۇقىرى كىشى ئىچىدە ئەرلەر 89 نەپەر، ئاياللار 25 نەپەر بولۇپ، ئەرلەر ئاياللاردىن كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ چوڭ كىشى لوپ ناھىيە ناۋا يېزا قۇمباغ كەنتلىك دېھقان ئىدايەت توختى بولۇپ، بۇ يىل 135 ياشقا كىرگەن. ئۇ 1859- يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تۇغۇلغان، ھازىرمۇ ساغلام تۇرۇۋاتىدۇ. جايلىشىش جەھەتتىن قارىغاندا، خوتەن شەھىرى ۋە شەھەرگە قاراشلىق يېزا - بازارلاردا 100 ياشتىن ئاشقان كىشىلەر يوق. باشقا ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە بار. پەقەت ئىككى نەپەر 100 ياشتىن يۇقىرى كىشى ناھىيە بازىرىدا ياشايدۇ. قالغانلارنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياشايدۇ. شۇغۇللىنىدىغان كەسپىدىن قارىغاندا، دېھقان 107 نەپەر، چارۋىچى يەتتە نەپەر. 100 ياشتىن ئاشقان بۇ كىشىلەر ئىچىدە 12 كىشى خارەتچىلىك، مىسكەرلىك، ماتا توقۇش، گىلەم توقۇش، ياغاچ تاۋاق ياساش ۋە نان يېقىش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللانغان. كونا جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ

كېيىنكىلەر ئۈچۈن بىر چىغىر يول ئېچىپ بەردى.

خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئۈمىد - ئارزۇلىرى پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا رېئاللىققا ئايلاندى. قارا قۇرۇم تېغىدىكى سۇ مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر قانچە قېتىم ئېلىپ بېرىلدى ۋە مۇھىم ئىلمىي ماتېرىياللار توپلاندى. ئاشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا كۆپلىگەن سۇ ئىنشائاتلىرى ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن سۇدىن پايدىلىنىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، بوستانلىقلارنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش ئارقىلىق، خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ياخشىلاندى. ئۆتكەن ئەسىردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلىنىپ، روھىناتى خاتىرجەملىك تاپتى. كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بەخت - سائادەت يارىتىدىغان ۋە تەۋەررۈك بولىدىغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى قالدۇرۇلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش چاقىرىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش داۋامىدا، قارا قۇرۇم تېغىدىكى سانسىزلىغان تەبىئىي سۇ ئامبارلىرى، جۈملىدىن «ئىبراھىمكۆل» ئۆز قوينىدىكى سۇدىن ئىبارەت ئىسىل بايلىقىنى بۇ ئۇلۇغۋار ئىش يولىدا خەلققە تەقدىم قىلغۇسى.



شارائىت يارىتىلغان. ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى چۆل - جەزىرىلەردە ئۇۋچىلىق بىلەن ئۆتكەن، 100 ياشتىن ئاشقان بىر بوۋاي: «مەن ئۆمرۈمنى توغراقلىقتا ئۆتكۈزدۈم، كېچىلىرى توغراقلىق ئارىسىدا ئۇخلىدىم، نۇرغۇن توغراقلار نەچچە 100 يىل، ھەتتا 1000 يىللاپ ھايات كەچۈرىدۇ، مەن مۇشۇ جايدىن ئوزۇق ئالدىم» دېگەن. سۇ بوستانلىقنىڭ جېنى، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ ھايات كەچۈرۈشىنىڭ مەنبەسى. بۇ جايدا كىشىلەر كوئېنلۇن تېغىدىن كەلگەن قار سۈيىنى ئىچىدۇ، سۇنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى، تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئىچىدىغان سۇنىڭ تەركىبىدە ماگنىي، مانگان، تۆمۈر، سىنىك، كالتسىي قاتارلىقلار تولۇق بولۇپ، ئادەمنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئىنتايىن پايدىلىق. بۇنىڭ ئىچىدە، مانگان قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئېلېمېنت بولۇپ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ. بۇ بىر نۇقتىنى ياشانغانلارنىڭ چېچىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. خوتەن خەلقى ئادەتتە سوغۇق سۇ ئىچىدۇ. پەقەت ئۆيگە مېھمان كەلگەندە چاي دەملەپ چاي ئىچىدۇ. ئۆتكەندە تەكشۈرۈلگەن 100 ياشتىن ئاشقان كىشىلەر ئىچىدە، پەقەت بىر كىشى سوغۇق سۇ ئىچمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئېرىق - ئۆستەڭ سۇلىرى كەلكۈن مەزگىلىدە دۇغ بولغاچقا، سۈزۈلدۈرۈپ ئىچكەندىن باشقا، قالغان پەسىللەرنىڭ ھەممىسىدە ئىنتايىن سۈزۈك بولۇپ، بۇلاق سۈيىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئىنتايىن تەملىك، بۇنداق سۇنى ئىچكەندە، تۈرلۈك مىكرو ئېلېمېنتلار زىيانغا ئۇچرىمايدۇ.

100 ياشتىن ئاشقان كىشىلەر يېزىدا ياشىغان بولۇپ، دائىم ئەمگەك قىلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، بۇلار ئارىسىدا 10 نەچچە كىشى ئۆتمۈشتە پومېشچىكلارغا يىللىقچى بولغان. 100 ياشتىن ئاشقان نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ چامىسى يېتىدىغان ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. سىرتلارغا پىيادە بارىدۇ. پىيادە يول يۈرۈشنى سالامەتلىككە پايدىلىق دەپ ھېسابلايدۇ. خوتەن ناھىيىسىدىكى 108 ياشلىق قايىم ئاخۇن: «مەن ياش ۋاقتىمدا ھاممال بولغان، ھىندىستانغا 33 قېتىم، تۇرپانغا ئۈچ قېتىم بارغان، ھەممىسىدە پىيادە بارغان» دەيدۇ. بەزىلىرى ياش ۋاقتىدا تاغقا چىقىپلا قالماستىن، قېرىلىق يېشىغا قەدەم قويغاندىن كېيىنمۇ تاغقا چىققان. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانى گۈلمەرەمخان كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ

مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش شارائىتى بولمىغاچقا، 100 ياشتىن ئاشقان كىشىلەر ئىچىدە ساۋاتسىزلار 107 نەپەرنى تەشكىل قىلىدۇ. ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە ئادەم بىر (دىنىي زات)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتىغا ئىگە ئادەم بىر، باشلانغۇچ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئادەم تۆت، خەت تونۇيالايدىغان ئادەم بىر.

تەبىئىي شارائىتتىن قارىغاندا، خوتەن قۇرغاق رايون بولۇپ، ھۆل - يېغىن ئاز ياغىدۇ، بوران كۆپ چىقىدۇ. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق خوتەندە نېمە ئۈچۈن 100 ياشتىن ئاشقان كىشىلەر كۆپ؟ بىز جەمئىيەتشۇناسلىق، مۇھىتشۇناسلىق، ئېرسىيەت ئىلمى، پسىخولوگىيە ئىلمى ۋە ئۇزۇقلۇق ئىلمى جەھەتتىن بۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالايمىز.

گەرچە، خوتەننى ئېگىز تاغ ۋە قۇملۇقلار ئوراپ تۇرسىمۇ، لېكىن خوتەن بوستانلىقىنىڭ مۇھىتى بىر قەدەر ئەۋزەللىككە ئىگە. قار - يامغۇر ئاز ياغسىمۇ، كوئېنلۇن تېغىدىكى يىغىندى قارلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇ ئارقىلىق ئېتىزلار سۇغىرىلىدۇ. ئېرىق، ئۆستەڭلەر بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، زۇمرەت سۇلار ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدۇ، يەر ئۈستى سۈيى بىر قەدەر مول، بۇنىڭدىن باشقا، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش خوتەن خەلقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. كىشىلەر كۆچەت تىكىشنى ساۋابلىق ئىش ھېسابلايدۇ. خوتەننىڭ كىشىدە قالدۇرىدىغان گەۋدىلىك تەسىرى شۇكى، خوتەن دەل - دەرەخ دېڭىزىغا ئوخشايدۇ. دېھقان ئۆيلىرى بۈك - باراقسان دەرەخ ئارىسىغا جايلاشقان. خوتەنگە كەلگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر خوتەننى «ئورمانلىق باغچىسى» دەپ تەرىپلەشكەن.

1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 1 مىليون 130 مىڭ مو ئورمان بىنا قىلىندى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىگە بىر موغا يېقىن ئورمان توغرا كېلىدۇ. خوتەن ناھىيىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇھىت تەرەققىيات مەھكىمىسى تەرىپىدىن «يەرشارى بويىچە 500 ياخشى» ئورۇن قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. مەملىكەت بويىچە 1900 دىن ئارتۇق ناھىيە ئىچىدە، بۇ ناھىيە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. دەل - دەرەخ كۆپ بولغاچقا، قۇم-بورانىنىڭ زىيىنىنى ئازايتىپ، كىشىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىغا پايدىلىق

سىلىپ ئوماچ ئېتىدۇ. نۇرغۇن ياشانغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆزۈم ۋە ياڭاق قوشۇپ [illegible]ان يېپىشكە ئامراق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. كىشىلەرنىڭ غىزالىنىشى ئادىتى ئوخشىمايدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، بەزىلەر قىزىق تاماققا ئامراق بولسا، بەزىلەر قىزىق تاماققا ئۆچ، بەزىلەر گۆش ۋە گۆشگىردىگە ئامراق، بەزىلەر ھەسەل ۋە گۈلقەنتكە ئامراق، بەزىلەر قېتىققا، بەزىلەر كەپتەر گۆشىگە ئامراق. بەزىلەر بىر ئۆمۈر دورا ئىچمەيدۇ، بەزىلەر ئىشتىھانى ئاچىدىغان تېۋىپ دورىلىرىنى يەيدۇ. بۇ پەرقلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرمايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ غىزالىنىشى قانۇنىيەتلىك بولۇپ، ئادەتتە تاماق تاللىمايدۇ، قوناق تامىقىنى ئاساس قىلىدۇ، بۇغداي تامىقى بىلەن قوناق تامىقىنى ماسلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. گۆش، تۇخۇمنى ئۈزمەيدۇ. ياشانغانلارنىڭ ناچار تۇرمۇش ئادىتى يوق. 100 ياشتىن ئاشقان بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ياش ۋاقتىدا، بىر ئىككى يىل تاماكا چەككەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆمۈر بويى تاماكا ۋە ھاراققا يېقىن كەلمىگەن.

مىجەز جەھەتتىن ئوچۇق - يورۇق بولۇش ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. خوتەن ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى خۇشال تۇتۇش روھىي ھالىتى نامايان قىلىنغان. مەشرەپلەردە ياشانغانلار ياشلارنىڭ ئارقىسىدا قالمايدۇ. ئۇلار سازغا تەڭكەش قىلىپ، ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئوينايدۇ. بەزىدە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشا ئوقۇيدۇ. ياشانغانلار ئادەتتە ئوچۇق كۆڭۈل، مۇلايىم بولۇپ، قوشنىلىرى بىلەن ۋە ئائىلىسىدە ناھايىتى ئىناق ئۆتىدۇ. 100 ياشتىن ئاشقان كىشىلەر ئىچىدە، بىر گاچا ئايالنىڭ كىشىلەرگە ئارىلاشماي يەككە - يېگانە ئۆتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسىنىڭ خېلى ئوبدان نىكاھ تارىخى بار. ئۇلار ئەر- خوتۇن بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ ئىناق ئۆتكەن، كۆپ قىسىملىرى باللىرى ۋە نەۋرىلىرى بىلەن بىرگە تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن. ئادەم ھاياتىدا ھەر خىل كۆڭۈلسىز ئىشلاردىن خالىي بولۇش تەس، لېكىن ئۇلار بۇنداق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، بۇنى جايىدا بىر تەرەپ قىلغان. بەزى كىشىلەر ئۆمۈربويى باشقىلار بىلەن قىزىرىشىپ قالمىغان، ئاچچىقلانمىغان، تۇغقانلىرى ياكى جۆرىلىرى ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە پۈتۈپ، ئۆزىنى يوقىتىپ

ئۈزۈن ئۈمۈر كۆرۈش سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە، تاغقا چىقىشنى مۇھىم بىر سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا دېھقانلار قىش پەسلىدىن ئۆزگە ۋاقىتلاردا يالىڭاياغ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەمنىڭ تاپىنىدا نۇرغۇن پەللىلەر بولۇپ، دائىم سۈركىلىشكە ئۇچراپ تۇرسا، ساغلاملىققا ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەن. يالىڭاياغ يول يۈرۈش، ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئۇۋۇچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا بالدۇر ئۇخلاپ، بالدۇر تۇرۇش ئادىتى بار. تەكشۈرۈلگەن ياشانغان كىشىلەر ئىچىدە، ئىككى كىشى كېيىن ئۇخلاپ ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرىدىكەن، پەقەت بىر كىشىلا ئۇيقۇغا ئامراق ئىكەن. قالغان كىشىلەر ئادەتتە ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرىدىكەن. چولپان بىلەن تەڭ تۇرۇپ بولىدىكەن. بۇ دىنىي ئېتىقاد بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، بامدات ناماز مۇشۇ چاغدا ئوقۇلغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر ئەتىگەن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

100 ياشتىن ئاشقان بۇ كىشىلەر ئاش ـ تاماق جەھەتتە ناھايىتى تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك ئىكەن، ئەتىگەنلىك ناشتىنى قولدىن بەرمەيدىكەن. ئايال ئۇزۇن ئۈمۈر كۆرۈش چولپانى مەينىساخان ئەخمەت: «مەيلى ئوبدان بولسۇن، ناچار بولسۇن، ئالدى بىلەن قورسىقىمغا بىر نەرسە يەپ، ئاندىن ئىش قىلىمەن، ئاچ قورساق ئىشنىڭ يېنىغا يولىمايمەن» دەيدۇ. ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئەتىگىنى مىس چۆگۈندە چاي قاينىتىپ، دورا چاي دەملەپ، چاي بىلەن ناشتا قىلىدىكەن، بۇنداق دورا چاي ناھايىتى داتلىق بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر چايغا نان چىلاپ يەيدۇ. بەزىلەر ياڭاقنى ئېزىپ ياڭاق چېيى قىلىپ نان يەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئاممىسى ئىلگىرى ئىستېمال قىلىدىغان ئوتياش تۈرلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى، ئاساسلىقى سەۋزە، پىياز، چامغۇر، يۇمران بەسەيدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ناھايىتى مول، خوتەننىڭ مېۋە ـ چېۋە ماكانى دېگەن نامى بار. مېۋە ـ چېۋىنىڭ خىللىرى ناھايىتى كۆپ، سانى ئىنتايىن مول، كىشىلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك مېۋە ـ چېۋىگە ئېغىز تېگىپ تۇرىدۇ. قوغۇن ـ تاۋۇز، ئۈزۈملەرنى ئىككىنچى يىلى ئەتىيازغىچە ساقلاپ ئىستېمال قىلىدۇ، ئۆرۈك غورا بولغان مەزگىللەردە ئوماچ ياكى ئۇگرە ئاشقا غورا سېلىپ ئىچىدۇ. قىش كىرگەندىن كېيىن، گۈلە

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلنار بارات
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## — مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى№348 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى رېنشياڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230×880مم، 1/32،
باسما تاۋىقى: 12.3125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003-يىل 8-ئاي 1-نەشرى
2003-يىل 8-ئاي 1-بېسىلىشى
تىراژى: 3800 — 0001

ISBN 7—228—08242—7
ئومۇمىي باھاسى (ئالتە پارچە): 98.50 يۈەن

قويمىغان. بۇنداق روھىي ھالەت ساغلاملىققا پايدىلىق.

خوتەندە، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەرنى ھەر مىللەت خەلقى ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەتلەيدۇ، كۆپ قىسىم يېزا - بازارلاردا ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى. ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر تارىخ ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى تىرىك لۇغەت ھېسابلىنىدۇ. گۇما ناھىيىسىدىكى 110 ياشلىق قاسىم ئاخۇن ئۆز كەنتىنىڭ تارىخىنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىغان بولۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئېنىق سۆزلەپ بېرەلەيدىكەن. بەزى ياشانغان كىشىلەر دەرەخ سايىسىگە بىر قانچە ياشلارنى توپلاپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىدۇ، كىشىلەر بۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ، بۇ كىشىلەر خوتەندىكى زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ تارىخىي شاھىدلىرىدۇر.



# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

- ☆ يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
- ☆ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
- ☆ مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت
- ☆ يېپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
- ☆ ئەدەبىيات - سەنئەت
- ☆ ھېكايەتلەر
- ☆ خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
- ☆ خەلق چۆچەكلىرى (تاللانما)
- ☆ خەلق داستانلىرى
- ☆ ئەپسانە - رىۋايەتلەر
- ☆ خوتەندە ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەر
- ☆ خوتەن يەر - جاي ناملىرى
- ☆ چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن
- ☆ خوتەن كىتابلىرى ئۇچۇرى
- ☆ خوتەن كارخانىچىلىرى

ISBN 7-228-08242-7
9 787228 082421

ISBN 7-228-08242-7
（民文）总定价（共六册）：98.50元